

غۇلام ئۆمەر
باياۋاندىكى گۇلخان
(3)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# 3 - قـــســـم

# يـاش بـــلـەن
# نەمـدەلـگـەن تۇپراق

# بىرىنچى باب

تىرىشىش، تەلەپكار كىشىنى بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ. جەددى جەھەت باياۋاننى كەزمەك، مەقسەت جامالىنى كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. مۇشەققەت تۈلپارىغا مىنمەي تۇرۇپ مەنپەئەت ھوسۇلىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

—«كەلىلە ۋە دىمىنە»دىن.

## 1

غەربىي شىمال تەرەپتىكى دەريا باغرىدىن غۇر - غۇر شامال سوقاتتى. بەزەن مۇزدەك سوغۇق شامال يۈزلەرنى چېقىپ ئۆتسە، بەزىدە ئىسسىق شامال پەيدا بولۇپمۇ قالاتتى. باشباھار كۈنلىرىنىڭ باشلىنىدىغان ۋاقتىدىكى بۇنداق شامالنى «توك كۆتۈرىدۇ» دېيىشەتتى. قار ئاستىدا قىش بويى ياتقان بۇغداي ئېتىزلىرى ئەمدى رۇخسارىنى ئاچقان بولۇپ، ئىللىشقا باشلىغان باھار ئاپتىۋىغا ئۆزىنى قاقلاپ تىپ ـ تىنچ سوزۇلۇپ يېتىشاتتى. قاردىن ۋە مۇزدىن پۈتۈنلەي ئادالانغان ئېتىزلار يېڭى ئاچقان بوزدەك تاپ ـ تاقىر ھەم غېرىپسىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. كۈزگى بۇغداينىڭ بۇلتۇر يەر ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان مايسىسى قىشچە ئۈششۈپ، سارغىيىپ، تۇپراققا چاپلىشىپ قالغان، تېخى قايتىدىن كۆكەرمىگەنىدى، ئېتىزلارنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز بىر قەۋەت تۇپراق تەركىبىدىكى سۇيى پارغا ئايلىنىپ كەتكەچكە ئۈۋىتىلىدىغان بولغان بولسىمۇ، ئاستىدا ئازراق توك بارلىقى

بىلىنەتتى.

ئەمما باھارنىڭ كېلىشىنى ئەڭ ئاۋۋال مەلۇم قىلىدىغان كۆكاتلاردىن ئېرىق بويلىرىدا بولىدىغان چىم ۋە قىياقلار مۇشۇ مەزگىلدىلا يېشىل رەڭلىك بىخلىرىنى بۈلتۈردىن قالغان، خازان بولغان پايىسى ئارىسىدىن چىقىرىپ، دۇنياغا باھار كېلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىسا، دەرەخلەردىن سۆگەت ۋە مەجنۇنتاللارنىڭ نوتا شاخلىرى يېشىل رەڭگە كىرگەنىدى. بىخلىرى بولسا كۆرۈنەرلىك دومبايغانىدى.

كەپسىز ياش باللار تۈزلەڭ مەيداندەك بولۇپ قالغان توڭ ئېتىزلاردا قىش بويى ئوينىيالمىغان «توپ تاياق»، «ئاق سۆڭەك» ئويۇنلىرىنى ھازىرغىچە داۋام قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئويۇنلىرى ۋە «كوسىك» ئويۇنى تاكى ئايدىڭ كېچىلەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە سوزۇلاتتى.

بارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مۇئەللىملىرى، يېتىپ كەلگۈسى كۆچەت قويۇش مەۋسۇمىنى كۈتىۋېلىش، ئارقىدىن كېلىدىغان نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ ئارقىدىنلا يېتىپ كېلىدىغان «12- ئاپرېل» ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا كىرىشكەنىدى. ئۇلار ئۈچۈن 1936- يىلىنىڭ باھارى تولىمۇ جىددىيلىك ئىچىدە باشلانماقتا ئىدى. باھاردىلا بولىدىغان بىر قاتار ئىشلارنى ئۆز تەرتىپى، سان ـ سۈپىتى بىلەن قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئۇشلاش، مۇكەممەل كۈنتەرتىپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك ئىدى.

****

نورۇز بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغانىدى، سۆگەت ۋە مەجنۇنتاللار باھارنىڭ جىلۋىسىنى گوستاڭلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغانىدى. قىش بويى ئوچاق ئالدىدىن قوپمىغان توڭغاق مۇشۇكلەر ئەمدى ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان تام تۈۋلىرىدە ئاپتاپقا قاقلانغاچ، تەققى ـ تۇرقىنى باھارغا ماسلاشتۇرماقچى بولغاندەك ئىخلاس بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيىدىغان بولدى. يېزا باللىرى پۇتلىرىنى غاجايدىغان ياكى قىستايدىغان ئۆتۈك، چورۇقلارنى سېلىپ تاشلاپ، يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ئەتراپتىن «بۇت ـ بۇت»نىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ

تۇراتتى. سۇ يۇگۇرگەن سۆگەت تاللىرىدىن خالىساڭ «بۇت ـ بۇت»، خالىساڭ ئاددىي سۇناي ياكى بولمىسا يەنە باشقا ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئوينىساڭ بولاتتى.

بۇ يىلمۇ 24 كەنتتىكى مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ھەرىكەتلەندۇرۇلۇپ كەڭ ـ كۆلەمدە كۆچەت قويۇلدى. بەزى ۋەخپى يەرلەر ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇلماقچىدى. ئاممىۋى جايلار، يول، ئۆستەڭ بويلىرىغا كۆچەت قويغاندىن باشقا شەخسلەرنىڭ ئورمان قويۇشىغىمۇ ياردەم بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بەزەن ئەمگەك كۈچى ئاز ئائىلىلەر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە قارايدىغان بىرەر يۈز تۈپ دەرىخى بولىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋام ئىچىدە مەكتەپ ۋە ئەپەندىلەرنىڭ ئىناۋىتى كۈنسېرى ئۆسەتتى. «ھەممە — مەكتەپ ئۈچۈن» دېگەن تونۇش پۈتۈن يۇرتتا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققانىدى. ھەسەتخورلار ھەرقاچان بولىدىغان بولسىمۇ ئۇلار ناھايىتى ئاز ساندا ۋە ئاجىز ئورۇندا تۇرغاچقا بۇنداق ئاممىۋى خاراكتېر ئالغان ھەرىكەت ھەم قىزغىنلىققا قارشى تۇرالمايتتى.

تەۋپىق يېزا مەكتەپلىرىنى ئارىلاپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. كۆچەت قويۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى زۆرۈر ئىش نورۇز بايرىمىدا بولىدىغان پائالىيەتلەر ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش ئىدى. ئۇ يېزا مەكتەپلىرىگە ئاشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشلار بىلەن بارغانىدى.

ئۇ مەشھەدكە كېلىپ چوڭ كوچا بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئالدىدىن راخمان ساراڭ چىقىپ قالدى ۋە ئاتنىڭ ئالدىدىلا غۇلىچىنى كېرىپ تۇرۇۋالدى.

— راخمان ئاكا، نېمە قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق سەممىي ھالدا، — ئىشىڭىز بارمۇ؟

—بار! — دېدى راخمان بىنورمال كۈلكە بىلەن.

تەۋپىق ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاتنى دېۋىتىپلا ئۆتۈپ كېتەلمىگەچكە ئاتتىن چۈشتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ راھماننىڭ كۆڭلىنىمۇ ئايىدى.

— ھە، گېپىڭىز بولسا قىلىڭە، — دېدى راخمان بىلەن يانداشىپ مېڭىپ. ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئارقىغا قىلىۋالغان قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى. ئات بولسا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەگىشىپ كېلەتتى.

—بۇ خەقنى ئادەم قىلماقمۇ تەس ئىكەن، — دەپ ئاغرىنغىلى تۇردى

راخمان، — ئوتتۇز يىلدىن بېرى بەرگەن تەربىيەم نەگە كەتتىكىن؟ بەغەرەزلەر! مەن بولمىسام نېمىنىمۇ تېپىپ يېيەلمەيدۇ!

بازار كوچىسىدا كېتىۋاتقانلار تەۋپىق بىلەن راخمان سارالىڭنىڭ يېقىن ئاغىنىلەردەك مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قېلىشتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى «يا راخمان سارالڭ يالغان سارالڭ بولغان بولسا ئەمدى ئۆزىنى ئاشكارىلاپتۇ، يا بولمىسا مەمتىلى ئەپەندى ئاينىپتۇ» دېگەندەك كۇسۇلدىشىپ ئۆتەتتى.

راخمان بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى داۋام قىلاتتى:

—بۇ خەققە سۇنى ئۆزەم مەجبىت[1] قىلىپ بەردىم، شۇنداق قىلسامۇ يەنە ئەپلەپ ياقىلاشنى بىلمەيدۇ. مانا بۇگۈنكى كۇنلۇكتە بازاردىن بىر ئوتلام سۇ تاپقىلى بولمايدۇ!... ئاتۇش بازىرىدىن سۇ تاپقىلى بولمايدۇ دېگەن نېمە سەت گەپ؟!...

— مەيلى سىز غەم قىلماڭ، ئۇلارغا لازىم بولغاندا ئۆزلىرى باش قاتۇرىدۇ.

— شۇ، شۇ! باش قاتۇرىدۇ. مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتامدۇ، ئەلۋەتتە ئۇ خەقمۇ نان يەيدىغان بەندە بولغاندىكىن باش قاتۇرسۇن، نېمە بولاتتى...

ئۇلار تاكى قۇمباغقا كەلگۈچە پاراڭلىشىپ كېلىشتى. تەۋپىق ئۇيۇشمىغا كىرمەكچىدى. شۇڭا سىلىققىنە:

— راخمىنىكا، مېنىڭ ئازراق ئىشىم تۇرىدۇ، خاپا بولمىسىڭىز باشقا بىر كۈنى يەنە پاراڭلاشساق قانداق؟ — دېدى.

ـ بولىدۇ، بولمامدىغان! سىلىدەك غوجامنىڭ گېپىنى يىرغىلى سارالڭمۇ مەن، — دېدى راخمان ھەم نورمالسىز كۈلگەچ باشقا تەرەپكە كەتتى. تەۋپىقمۇ ئۇيۇشما تەرەپكە بۇرۇلدى.

ئۇ ئۇيۇشمىغان كىرىپ مۇھەممەد قارى زەكىگە بايرام پائالىيىتىگە ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى، بۇ نەرسىلەرنىڭ تۈرى ۋە مىقدارىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ تەپسىلىي يېزىپ

---

[1] مەجبىت قىلماق — (مەۋجۇد سۆزىدىن) مەۋجۇت قىلماق، ھەل قىلماق، ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەك، ئاپىرىدە قىلماق (ئاتۇش شىۋىسى) — ئاپتور.

كەلگەندى.

—ئىسلىماخۇنغا كۆرستىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن دەرھال سېتىۋال ئوغلۇم، — دېدى تاپىلاپ.

ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغاندا، نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قۇمباغ مەسچىتىگە نامازغا كەلدى. ئۇنىڭ راخمان ساراڭ بىلەن «ئاپاق- چاپاق» دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر بىرمۇنچە توقۇلمىلار بىلەن بېيىپ پۈتۈن مەشھەدكە يېيىلىپ بولغانىدى. مەسچىتتىمۇ مۇشۇ ھەقتە ھەرخىل مۇلاھىزىلەر بولۇۋاتاتتى. بەزى ئىچى قارىلار بۇنى زەھىرىنى تىقىۋېلىشنىڭ پۇرستى بىلىپ مەسخىرىلىك سۆزلەرنىمۇ قىلىشقا باشلىغانىدى.

— ئەپەندى تولا كالىلا ئىشلىتىۋېرىپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىغاندۇ؟ — دەيتتى بەزىلەر.

—ئەپەندى بەك كۆڭۈلچەك جۇمۇ، ساراڭنىمۇ نېرى تۇر دېمەي پاراڭلىشىپ يۈرگىنىنى!

—راخمان ساقايغان ئوخشايدۇ...

— كىم بىلىدۇ، ئەپەندى ئېلىشىپ قالدىمۇ...، — بەزى قىتىغۇرلارنىڭ توپىدا قەستەن چېقىۋالىدىغان سۆزلەرمۇ ئېيتىلاتتى، ئەمما ئۇلار چىگراق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ئەپەندى دېگەنلەر ئەسلىدە ئوڭمىدى؟ ئەسلىدىمۇ سەل چەلەڭگۇش خەق بۇ...

ئۇ شاۋ- شاۋلار تەۋپىقنىڭ مەسچىد هويلىسىغا كىرىشى بىلەنلا شۇرلاشقا ئايلىنىپ كەتتى. تېخى ناماز باشلانمىغاچقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرۋازا تەرەپكە قارىشىپ تۇرۇشقانىدى. تەۋپىق ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئۆزىگە تىكىلگىنىنى بىلگەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى.

— ئەمدى، ئاغىنىڭىزنى باشلاپ كەلمەپسىزغۇ؟ — دېدى «مۆتىۋەر»لەردىن بىرى.

— ئۆزىڭىزگە يارىشا ئىش قىلىسىڭىزچۇ... — دېدى ئۇنىڭغا كۆيۈنگۈچىلەردىن بىرى ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن زورۇقۇپ، ھەتتا

ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ چېھرىسىدىمۇ بۇ پىكىرنى توغرا تېپىش ئالامەتلىرى بار ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى تەۋپىق ئۆزىگە خاس كۈلۈمسىرىشى بىلەن، — ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ ئاۋارە بولغىنىڭلارغا تەشەككۈر. ئىناۋەت ھەققىدە ئويلىغىنىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ قارىشى بويىچە بوپتۇ. كىم بىلەن مۇئامىلە قىلىشىم كۆڭلۈمنىڭ مەيلى: سۆيسە سۆيىمەن يەر بىلەن يەكسان بولسا، سۆيمىسە سۆيمەم مىسىرغا سۇلتان بولسا!

ئەتراپ تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن پەقەت شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئارقىلىرىغا ئۆرۈلۈشتى. بۇ چاغدا ئىمام سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بولغانىدى.

ئەقلى - ھۇشى نورمال ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جاۋابى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشقانىدى.

****

12- مارت نورۇز بايرىمى بۇ يىل قۇربان ھېيت بىلەن قاتار كەلدى. ئاۋۋال قۇربان ھېيت بولدى. قۇربان ھېيتنىڭ شات- خۇراملىقى تارقىمايلا نورۇز بايرىمى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قېتىمقى نورۇز بايرىمى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى ھەر تەرەپلىمە ئۆسكەن، مەخسۇس تەربىيىلىنىۋاتقان 500 نەپەر تەنھەرىكەتچى بايرامغا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك زوق ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئەتىگەندىلا 40 نەپەر ئىزچى مەشھەدتىن «ياغاچ ئاياغ» بولۇپ يولغا چىقتى. مەكتەپلەردىن تاللانغان پارات قوشۇنى ھەر خىل شەكىلدە ياسىنىپ، ھەربىرى قولىغا ئىككىدىن بايراقچە ئېلىپ جەمەتلە تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. تەختىھۇون يېزىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى يانتۇ سايلىق تەنھەرىكەتچىلەر ۋە تاماشا كۆرۈشكە چىققان كىشىلەر بىلەن تولدى. كۆپ ئۆتمەي بىرمۇنچە تەنھەرىكەتچىلەر تاقىقا ياماشقىلى تۇردى، ئۇلار تاغ يوتىلىرىدا چىقىپ كېتىۋېتىپ تاغ ئېتىكىدىكىلەر بىلەن بايراق ئىشارىسى ئارقىلىق سۆزلىشەتتى.

سابىت بۈگۈن گۈلزادىنى باشلاپ كەلگەنىدى. گۈلزادە بۇنداق ئادەم كۆپ بولىدىغان سورۇنلاردا كۆزگە چېلىقىپ يۈرۈشتىن تارتىنغان بولسىمۇ سابىت ئۇنى بېرىشقا كۆندۈرگەنىدى.

— خوتۇن ـ قىزلارغا ئۈلگە بول، پائالىيەتكە قاتناش، — دېدى ئۇ.

— بوپتۇ، مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، شۇڭا ئاتام بىلەن كۆرۈشكىلى بولسىمۇ باراي، — دېدى گۈلزادە ئاخىرى، — مەلىكىزاد خېنىممۇ بارارمۇ؟

— بىكار بولسىلا جەزمەن بارىدۇ.

لېكىن مەلىكىزاد بۇ قىزىق ئويۇنلارنى كۆرگىلى كېلەلمىدى. يىلنىڭ باشلىرىدا سىدىقبەگ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. شۇڭا قۇرەيش خېنىم ئۆيدە يالغۇز ئىدى. ئۇلار تېخى ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەتمىگەنىدى. بىرىنچىدىن قۇرەيش خېنىم يالغۇز قالغانلىقى، ئىككىنچىدىن ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە كۆچۈپ كېتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، مەلىكىزادنىڭ كۆپ ۋاقتى ھاممىسىغا ھەمراھ بولۇش بىلەن ئۆتەتتى.

سابىت گۈلزادىنى باشلاپ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. گۈلزادە غەمگۈزارىغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەتراپتا ئادەم كۆپ بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ھەممىسى ئەر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچنېمە دېيەلمىدى. ھەتتا ئەھۋال سوراشقىمۇ تىلى كەلمەي قالدى.

— ۋۇي، مېنىڭ كېلىن قىزىم كەپ قاپتۇغۇ، — دېدى تەۋپىق ئۇنى خۇددى بالىسىنى ئەركىلەتكەندەك ئەركىلىتىپ، — قانداقراق؟ سالامەتلىكچۇ؟ سابىت بوزەك ئېتىپ قويمىغاندۇر؟

— تېچلىق... — ئۇ سابىتنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، كېتىشكە ئىشارە قىلدى.

سابىت ئۇستازىغا خىجىللىق بىلەن قاراپ قويۇپ، ئايالىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ تاغ چوققىلىرىغا چىقىۋالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايراقلىرىنى ئاللىقانداق پۇلاڭلىتىشلىرىنى، پەستىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈشتى. سايدا يېنىك ئاتلىتىكىدىن ماھارەت كۆرسىتىش بولۇۋاتاتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە «12- ئاپرېل»دا

بولـىدىغان ۋىلايەت بويىچە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مانۋېرى ئىدى. بۈگۈن بۇ يەردە بولـىدىغان ئادەم دېڭىزىدىن پايدىلىنىش خىيالىدا بازارلىق سېتىقچىلار ھەر خىل يايما غالتەكلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە چىققانىدى. شۇڭا ساي بازار كۆنىدەكلا قىزىپ كەتكەنىدى. باھارنىڭ ئىللىق سالقىنىدا سېتىقچىلارنىڭ كەسىپىي سۆزلىرى، قىزىقچىلىق ئارىلاشقان مېلىنى ماختاشلىرى يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى. ئارقىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەڭگىۋار مارشلىرى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرەتتى.

نورۇز بايرىمى پائالىيىتى كەچكىچە داۋام قىلدى. كەچتە ئۆيۈشما بىناسى ئالدىدا گازۋاي لامپىلار يېقىلىپ، بايراملىق ئويۇن قويۇلدى. رۇشتى مەكتەپتىن تاللانغان سەنئەت ئەترىتى يامان ئىللەتلەر قامچىلانغان بىر پەردىلىك كومېدىيە، «غېرىپ - سەنەم»دىن ئارىيە ئورۇنلىدى. قىزلارنى سەھنىگە چىقىرىشقا بولمىغاچقا قاسىم ئايالچە ياسىنىپ قىز رولىدا چىقىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار «غېرىپ - سەنەم»دىن ئارىيەنى ناھىيىلىك[1] سانائى نەپىسە ئۇيۇنغان «غېرىپ - سەنەم» درامىسىغا تەقلىد قىلغانىدى.

قاسىمنىڭ قىز رولىنى شۇنچىلىك قاملاشتۇرغىنى گۈلزادىنىمۇ زوقىنى كەلتۈردى. ئەسلىدە ئۇ ئۇنى راستتىنلا قىز بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. ھەتتا «سەھنىگە چىققىنى ئۇچۇن دادىسىدىن تاياق يېمىسە بولاتتىغۇ» دەپ ئەندىشىمۇ قىلغانىدى. سابىت ئۇنىڭغا قىز ئەمەس ئوغۇلبالا ئىكەنلىكىنى، مەمتىلى ئەپەندى بېقىۋالغان ئىزچى شۇ ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ھەيران قالدى.

— توۋا، مەن ئۇنى قىز بالا دەپتىكەنمەن، ئەجەپ ئوخشىتىپتۇ - يا.

— ھازىر خەلقىمىز خۇراپات پاتقىقىغا پېتىقلىق، شۇڭا قىزلارنى سەھنىگە چىقىرىشقا ئامال يوق. كەلگۈسىدە قىزلاردىن نى - نى داڭلىق ئارتىسلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا درامىلارنى قالتىس ئىشلەيدىغان بولىمىز. بىزدىمۇ كىنو ئارتىسلىرى بولىدۇ، بىلەمسەن، بۇ پارلاق ئەتىنى ئىككىمىز بىللە بەرپا

---

[1] پەيزىۋات ناھىيىسى — ئاپتور.

قىلىشقا قاتنىشىمىز ھەم بىللە كۆرىمىز. بەلكىم بىزنىڭ ئوغۇل- قىزلىرىمىز مەشھۇر چولپانلاردىن بولۇپ چىقار...، — سابىت بىلەن گۈلزادە قايتىپ كېلىۋېتىپ شۇ ھەقتە سۆزلىشىپ مېڭىشتى.

— مېنىڭچە بولسا بىزنىڭ باللىرىمىز ئەپەندى بولسۇن، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى گۈلزادە. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەپەندىلەر ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەر ئىدى.

— ئەپەندى بولۇشمۇ كېرەك، بىراق، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەپەندى بولمايدۇ ـ دە، باشقا ئىشلارغىمۇ ئادەملەر كېرەك.

— مەيلى، باشقىنى باشقىلار قىلسۇن.

سابىت ئايالىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ رايىغا باقتى. ئۇ بۇ ۋىجىككىنە ۋۇجۇتتا يېنىپ تۇرغان سۆيگۈنى ھەممىدىن تولۇق چۈشىنەتتى. ئەتراپنى تۈن پەردىسى يېپىپ تۇرغاچقا ئۇ ئىككىلەنمەيلا گۈلزادىنىڭ قولىنى تۇتتۇۋالدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتچان يۈرىكى گۈلزادىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يېنىپ تۇرغان ئوتنىڭ كىم ئۈچۈنلىكىنى تۇيغانىدى.

— شۇڭ بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ئويلاپ كۆرسەم، سەن توغرا دەپسەن، باللىرىمىز ئەپەندى بولسا بولغىدەك، — دېدى سابىت.

## 2

ئاپرېل قۇياشى ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندىلا ئەسكىسار[1] سازلىقىدا نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىمىلدىشىپ يۈرەتتى. جەنۇب تەرەپتە قىزىل دەرياسى شارقىرايتتى. ئەسكىسار سازلىقى باھارغا

[1] ئەسكىسار — (ئەسكى ھىسار سۆزىدىن) - «كونا قەلئە» مەنىسىدە. ئىلگىرى بۇ يەردە شەھەر بولغان) — قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان جاي. قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا — ئاپتور.

يارىشا يېشىل مەخمەلدىن ئۈستىگە يوپۇق ئارتقان بولۇپ، يىراقتىن تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئاللىقانداق جايلاردا تۇرۇپ قالغان زەي سۇلار تاڭ قۇياشى نۇرىدا زەر رەڭدە پارقىرايتتى. ئاشۇ يېشىل مەخمەل ئۈستىدە زەر رەڭدە پارقىراپ تۇرغان سۇلار ئوردىنىدەك ياكى تۈگمىلەردەك كۆرۈنسە، تاڭ سەھەردىلا بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەرنىڭ سەپلىرى يېشىل مۇندىرغا كالوۋتۇن باسقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ناھىيە ۋە يېزىلاردىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە تاماشا كۆرۈشنى ئىختىيار قىلىپ كېلىشكەن شەھەر پۇقرالىرى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى ئىدى.

ۋاقىتلىق سەھنە شىمال تەرەپتە بولۇپ، قىزىل دەرياسى تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەرگە بىرقانچە ئورۇندۇق قويۇلغان. ئورۇندۇقلاردا مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ شىتابىدىن قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز، سەمىتاجى، ئېبىبىرخوف(ئۇ رىبالكىننىڭ ئورنىغا ئالماشقان رۇس مۇشاۋۇر ئىدى)، قاسىمبەگ (تەرجىمان) قاتارلىقلار، قەشقەر ۋالىسى ۋاڭ باۋچيەن، ساقچى ئەمەلدارلىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن مەسئۇل كىشىلەر، ئابدىغوپۇر داموللا قاتارلىق ھۆكۈمەتكە ئىشەنچلىك بولغان «مۆتىۋەر»لەر، سانايى نەپىسىدىن توختاجى قاتارلىقلار، مىللەت باغچىسىدىن ئوبۇلقاسىم(ئوبۇلقاسىم مىللەت باغچىسىغا ئالماشقانىدى) قاتارلىقلار ئولتۇرۇشاتتى. ئىككى تەرەپتە ۋە ئارقىدا بىرىنچى پولكىنىڭ جەڭچىلىرى يېرىم دائىرە ھالىتىدە تولۇق قوراللانغان ھالدا تۇراتتى.

كۆپ ئۆتمەي يەنە بىر قوشۇن ئەسكىسارغا يېتىپ كەلدى. قوشۇن ئالدىدا قوماندان ئاتلىق كېلەتتى. ئات ئۈستىدە ئانچە قولاشماستىن ئولتۇرغان ليۇ بىڭ بولۇپ، ئۇ يېڭىشەھەردىن ئەمدىلا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىككى نەپەر خاس مۇھاپىزەتچىسى بىلەن سەھنە تەرەپكە كەلدى. قالغان ئەسكەرلىرى مەيداننىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە قېلىشتى.

— مامۇت، ئاكا، ياخشىمۇ؟ — دېدى ليۇ بىڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئالدى بىلەن مەھمۇد مۇھىتىغا سالام قىلىپ ھىجىيىپ. ئارقىدىن ئۇ ۋاڭ باۋچيەن بىلەن كۆرۈشتى. باشقىلارغا خۇشياقماسلىق بىلەن باش لىڭشىتىپ، قوللىرىنى كۆكسىدە جۈپتەكلەپ سالام قىلدى.

ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن بۇزۇلغان تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى. كۆپچىلىك كۈسۈرلاپ پاراڭ سېلىشقاچ مەيداندا مۇسابىقىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇۋاتقان بىرقانچەيلەننىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرۇشاتتى. مەيدان پۈتۈنلەي ئادەملەر بىلەن قورشىلىپ بولغانىدى. ئالدىنقى رەتتە تەنھەرىكەتچىلەر، ئارقىدا باشقا ئوقۇغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەسكەرلەر، دېھقانلار، شەھەر پۇقرالىرى ئارىلىشىپ كەتكەن تاماشىبىنلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى بوشلۇقتا ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى، ئەمەلدارلارنىڭ پوچتىلىرى ئۇ يەر- بۇ يەردە تۇراتتى. بەزى سېتىقچىلارنىڭ سايىۋەنلىرىمۇ بۇ ئەتراپقا تىكلىنىپ ئۈلگۈرگەنىدى. پۈتۈن سازلىقنى پەس ئەمما ئۆزئارا قوشۇلۇپ شاۋ-شاۋغا ئايلىنىپ كەتكەن پاراڭ ئاۋازى جانلاندۇرۇپ تۇراتتى.

تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى رەسمىي باشلاش ئالدىدا ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى تەربىيىچىلەرنىڭ كوماندىسى ئاستىدا چاسا سەپ بولۇپ باشلىقلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىشتى. ئۇلار جەڭگىۋار مارشلارنى ياڭرىتىپ، قەدەم تىۋىشلىرىدىن ھەيۋەتلىك سادا ياڭرىتىپ بىر ھازا مەش دەسسىگەندىن كېيىن، مۇسابىقىنى باشلاشقا مەھمۇد مۇھىتىدىن ئىجازەت سورىدى.

مەھمۇد مۇھىتى ھەرقاچان ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ھەر ساھە ئاممىسى يىغىلغان سورۇنلاردا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىمەي قالمايتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كالتە سېرىق ساقاللىق كەڭ يۈزى ھاياجاندىن دەم قىزىرىپ، دەم تاتىراتتى. ئۇ ھەربىيلەرگە خاس لاتاپەتكە، سۈر-ھەيۋىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە شائىرلاردەك ھېسسىياتچان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان يوغان- يوغان نۇرلۇق كۆزلىرى ئالدىغا مىختەك تىكىلگەن بولۇپ، ياشقا تولغاندەك پارقىرايتتى. بۇ بىر جۈپ كۆز مەيدانغا يىغىلغان خالايىقنىمۇ، ئەسكەرلەرنىمۇ كۆرمەيتتى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە دەرەخلىرى غىل - پال كۆرۈنىۋاتقان يېزا تەرەپكە تىكىلگىنىمۇ يوق. بۇ كۆزلەر مەيداندا رەتلىك سەپ بولۇپ تىزىلغان، بىر خىل كېيىنگەن تەنھەرىكەتچىلەرگە تىكىلگەنىدى. بۇ تىكىلىشتە بىر خىل بېسىپ بولمايدىغان ئاتىلارچە مېھىر- مۇھەببەتمۇ، ئۇستازنىڭ كۆيۈمچانلىقىمۇ،

باغۋەندەك ئۆزى ئەجىر ۋە مېھنەت سىڭدۈرۈپ پەرۋىش قىلىپ، ئاسراپ ئۆستۈرۈۋاتقان مېۋىلىرىگە ھەم زوقلىنىپ، ھەم پەخىرلىنىپ، ھەم ئۈمىدلىنىپ قاراشمۇ بار ئىدى. مانا شۇنداق مۆرەككەپ ھېسسىياتلار ئارىلىشىپ كەتكەن قاراشنى ئىپادىلەۋاتقان كۆزلەرگە كۆپ ھاللاردا ھاياجان يېشى، زوقلىنىش يېشى، سۆيۈنۈش يېشى كېلىشى مۇقەررەر. بەلكى بۇنداق ياش كىشىلەرنى ئۆپكىدەپ يىغلىتىۋېتىشكە ئېلىپ باراتتى. ئەمما مەھمۇد مۇھتى ھەربىي بولغىنى ئۈچۈنلا ياشلىرى تېشىغا ئېقىپ چىقماي، ئايانچلىق پارقىرىغىنىچە چاناقلىرىدا تۇرۇپ قالغانىدى.

— ئەي مۆمىن پۇقرالار، قېرىنداشلار، بىز بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى، ئۈچ يىل، ھەتتا ئىككى يىل ئىلگىرى قانداق ئىدۇق؟ ئۆزىمىز ئوقۇيالمىغانمىز، باللىرىمىز ئوقۇيالمايتتى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ھايۋاندەك «ئىشلەش — يېيىش — ئىشلەش»نى دەۋر قىلغان ھالدا ئۆتكۈزەتتى. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە دېگەنلەردىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دۇنيادا مۇشۇنداق بىر ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلار يوق ھېسابتا ئىدى. مانا ھازىر بىز بىلىۋاتىمىز، شۇنچە پات پۇرسەتتىلا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدۇق! — ئۇنى ئاللىقانداق ئىچكى تەلپۈنۈش بوغۇپ سۆزدىن توختىتىپ قويدى. شۇڭا سەل تۇرۇۋېلىپ، ئاۋۋالقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياڭراق، تېخىمۇ كۈچلۈك ئاۋازدا داۋام قىلدى (بۇ چاغدا سىجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمىز دەپ ئاياق تەرەپتىن بۇياققا سۈرۈلۈۋاتقان كىشىلەرمۇ، جاي- جايدا چىپپىدە توختاشتى)، — بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت قانداق يارالدى؟ ئەۋلى خۇدانىڭ بۇيرۇقى ئاندىن قالسا ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولدى. بىز قان تۆكتۇق، كۆرەش قىلدۇق، قېرىنداشلار! دەريا - دەريا قانلار ئاققۇزدۇق. مانا بۇ شۇنىڭ خاسىيىتى، ھەرگىزمۇ خوجايىنلارنىڭ رەھىمى كېلىپ قىلىۋەتكەن ئىلتىپاتى ئەمەس! — ئۇ ئەتراپقا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆزىگە چاقىرىق جۈملىلىرىنى قوشۇپ قويدى، — شۇڭلاشقا كۈرەشنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار، كۈرەش بىلەن قولغا كەلگەن — جېنىمىز بەدىلىگە قولغا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە، مەكتەپنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار، قېرىنداشلار! بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز دەل

مۇشۇنىڭدىن، بىزنىڭ ساۋادلىق بولۇپ كېتىشىمىزدىن قورقىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوقۇش كېرەكلىكىنى بىلىڭلار، مانا بۇ بالىلارنى، — قولى بىلەن مەيداننى كۆرسەتتى، — ئۆزىمىزنىڭ بالىلىرىنى سۆيۈڭلار... — ئۇ بەك هاياجانلىنىپ كەتكەچكە سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سەل سۈكۈتتىن كېيىن قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئەپەندىلەرگە رەھمەت! — دەپ توۋلىدى ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ.

— سىجاڭغا رەھمەت! — دېگەن جاۋاپ سادا دەريا تاشقىنلىرىدەك شىددەت ۋە رېتىمسىز ھالدا مەيداننى بىر ئالدى.

مەھمۇد مۇھىتى شاۋقۇننىڭ بېسىلىشىنى كۈتمەيلا باشلاشقا ئىشارە قىلدى.

مەيداندا بىردەمدىلا مۇسابىقە باشلىنىپ، كەيپىيات جانلىنىپ كەتتى.

مەيداننىڭ چۆرىسىنى ئايلاندۇرۇپ يۈگۈرۈش لېنىيىسى ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بەلگە قىلىپ ھاك چېچىلغانىدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز سەكرەش، يىراققا سەكرەش، دېسكا ئېتىش، چويۇن توپ ئېتىش، ياغاچ ئاياغ بىلەن مېڭىش، چاقپىلەكتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈش، بالا ھاپاچ قىلىپ يۈگۈرۈش، چېلىشىش... قاتارلىق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى قىزىپ كەتتى. بۈگۈنكى بىرمۇنچە ئۆزگىچە تۈرلەرنى پەقەت ئاتۇش تەنھەرىكەتچىرىلا ئورۇنلىغان بولغاچقا باشقىلارغا ئالاھىدە قىزىق تۇيۇلدى.

بولۇپمۇ تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى مەيداننىڭ سىرتقى ھالقىسىنى ئايلىنىپ يۈگۈرەۋاتقانلار ئىدى.

ئاتۇش كوماندىسى مەيدانغا چۈشكەندە، تەۋپىق ھەربىر ئوقۇغۇچىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنىڭ راۋۇسلىقى، روھىنىڭ قانداقلىقى،... قاتارلىقلارغا قارايتتى. ھەربىر تەنھەرىكەتچىنى ئىلھاملاندۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۆزىنىڭ ئامراق ئوغلىنى پەپىلىگەندەك پەپىلەيتتى.

— سەن ھازىر بىر يۇرتىنىڭ ۋەكىلىسەن، ئوغلۇم، — دەيتتى ئۇ، — بۇ ئەينى ۋاقىتتا سېنىڭ  شەرەپ قازىنىشىڭ يۇرتىڭمۇ شەرىپى دېگەن سۆز. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا سەن مىللەت ئۈچۈن شان شەرەپ قازانغۇچى ياكى مىللەتنىڭ ئابرويىنى تۆككۈچى ئورۇندىسەن. بىلدىڭمۇ؟ ئەمدى قانداق

تىرىشىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈڭ ئويلا، بار، ئوغلۇم....
ئون مىڭ مېتىرلىق يۈگۈرۈش باشلانغاندا ئۇ ئەكبەر ھۇدۇكھاجىنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك باشلىنىش نۇقتىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ بۇ «ئەتىۋار»لىقىنى ھەم ئەركىلەتتى، ھەم پەپىلىدى، ھەم روھلاندۇردى، ھەم ئاگاھلاندۇردى.
— ئۆتكەن يىلى سېنتەبردە كونىشەھەر ناھىيىسى بىرىنچىلىكنى ئالغان، سېنىڭ رەقىبىڭ ئابلىمىت ئانچە ئاسان يەڭگىلى بولىدىغانلاردىن ئەمەس، ھۇشۇڭ بىلەن بول، ئوغلۇم. ھامان بىر كۈنى سەن مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خەلقئارالىق مۇسابىقىلەرگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭنى ئويلا. كىشى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى مۇقەددەس نەرسىلەرگە باغلىغاندا مۆجىزىلەرنى يارىتىشى مۇمكىن...
ھەممىنىڭ دىققىتى ئون مىڭ مېتىرغا يۈگۈرگۈچىلەرگە ئاغدۇرۇلدى. ئۇلار يۈگۈرەشكە تەييار بولۇپ، گويا كىرىچى تارتىلغان يادىكى ئوقتەك تەييار بولۇپ تۇرغاندا ھەممىنىڭ يۈرىكى ئۇلار بىلەن تەڭ جىددىيلەشتى. ئۇلار ساداقتىن قويۇۋېتىلگەن ئوقتەك ياكى چۈلۈۋۈرنى ئۈزۈپ قاچقان توسۇن ئاتتەك يۈلقۇنۇپ چىققاندا تاماشىبىنلار بىر مەرتە نەسەپلىرىنى راستلىۋېلىشتى. تەنھەرىكەتچىلەر ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئالغا يۈلقۇناتتى. بۇ ئەڭ كۆچلۈك ئىككى كوماندىنىڭ چېمپىيونلۇقنى تالىشىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى بولغاچقا ھەممىنىڭ دىققىتى شۇلاردا ئىدى.
تېنىمسىز مجەز تەۋپىق ھاياجىنىنى باسالماستىن ئۇلار بىلەن بىللە يۈگۈرۈشكە باشلاپ، كېيىن ئۆزىنى توختىتىۋالدى. ئەمما ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئەكبەرگە مەدەت بېرىپ، گاھ ئۇياقتا، گاھ بۇياقتا ئۆتۈپ تۇردى.
— ئوغلۇم ئەكبەر! خۇدا مەدەت بەرسۇن، ئاخىرىغىچە ئالدىنى بەرمە!
ئۇنىڭ قەدىمى ئىختىيارسىز يۈگۈرۈش سىزىقىنى بويلاپ ماڭاتتى. ئاغزىدا بولسا ھەدەپ ئەكبەرگە مەدەت بېرەتتى. تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا تەنھەرىكەتچىلەر ھەم ئۇلارنىڭ تەربىيىچىلىرى ئۆز مەكتەپدىشىنى، ئۆز شاگىرتىنى، ئۆز يۇرتلۇقىنى شان- شەرەپنى قولدىن بەرمەسلىككە ئۈندەپ چۇقان سېلىشاتتى. ئۇچىنچى ئايلىنىشتىن باشلاپلا

يۇگۇرەۋاتقانلارنىڭ ئارىلىقى كۆرۈنەرلىك ئۇزىراشقا باشلىدى. ئەكبەر يەنىلا ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. بىراق ئۇنىڭغا ھەر مىنۇت يېتىشىۋېلىش ۋە ئېشىپ كېتىش خەۋپى تۇغدۇرۇپ بىر يېنىدا ئابلىمىت، يەنە بىر يېنىدا ناسىراخۇن كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئەكبەردىن ئارىلىقى يېرىم قەدەم، بەزىدە بىر قەدەم ئارقىدا ئىدى. باشقا مۇسابىقىداشلار ئۇن قەدەم، ئونبەش قەدەم ئارقىغا تاشلانغانىدى. ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ چىرايىدا ھارغىنلىققا ئوخشىمايدىغان بىر ئىپادە ھۆكۈم سۈرەتتى. بىرى ئۆزى ئېرىشىشكە نىيەت قىلغان شان ـ شەرەپنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تەشۋىش ئاۋۋالرنى يەتكۈزمەسلىك ئىدى. يەنە بىرى ئىلگىرى بىر قېتىم شان- شەرەپكە نائىل بولغاچقا، شۇ ئورۇننى تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن جان- جەھلى بىلەن تىرىشاتتى. ناسىرخۇن خېلىدىن بېرى جاپالىق مەشىق قىلىشتىن قېچىپ، بازاردا ئۇششاق سودا- سېتىقچىلارغا ئارىلىشىپ، سالاچىلىق قىلىپ، بىرنەچچە يارماقلا قىزىقىپ يۈرگەچكە، بۇگۈن دەسلەپكى بىر نەچچە ئايلىنىشتا خېلى ياخشى نەتىجە ئالدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، چاپسانلا ھېرىپ قالدى ۋە تەدرىجىي ئالدىنقى ئىككىيلەندىن ئارىلىقى يىراقلىشىپ كەتتى.

ئەمدى چىمپىيونلۇقنى تالىشىش ئەكبەر بىلەن ئابلىمىت ئارىسىدىلا بولاتتى. باشقىلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنىدى. تاماشىبىنلارمۇ ئارقىدىكىلەرگە دىققەت قىلماي ئالدىدىكى ئىككىسى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھازىر ھايات، راھەت، ھارغىنلىق... قاتارلىقلارنى ئەمەس، شان- شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشنىلا ئويلايتتى. بۇنداق روھى جىددىيلىك تاماشىبىنلارغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە جىددىيلىشىپ، تەڭ «كۈچىشەتتى».

مەھمۇد مۇھىتى كۆزىنى ئۇزمەي ئۇلارغا قارايتتى. ئۇنىڭ ھەم سۈرلۈك، ھەم مېھرىبان چىرايىدا بىر خىل سۆيۈنۈش ئىپادىسى بار ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم يۇگۇرەۋاتقانلار ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ چىرايىغا، قەدەم ئېلىشلىرىغا زەڭ سالاتتى. ئۇنىڭدا گويا ئۇزىنى باللىرى يۇگۇرەۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان باللىرىنى يېقىلىپ چۈشمىگىدى دېگەن ئەنسىرەش ئىچىدە ئۇزىتىپ، يەنە شۇنداق تەشۋىش ئىچىدە

كۆتۈۋالاتتى.

ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايلىنىشتا ئەكبەرنىڭ سۈرئىتى سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئاستىلاپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ھامان ئالدىنقى ئورۇننى ساقلاپ كېلەتتى. ئابلىمىت يەنىلا تەھدىت بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قەدەم، گاھىدا ھەتتا يېرىم قەدەم ئارقىدىن سوقۇشۇپلا كېلىۋاتاتتى. قولغا كېلەيلا دەپ قالغان شان - شەرەپنىڭ قولدىن كېتىش ئېھتىمالى ئەكبەرنى قانچىلىك ئەنسىرەتسە، ئۇنىڭ ئۇستازىنى تېخىمۇ بەكرەك ئەنسىرىتەتتى. شۇڭا ئاخىرقى ئىككى ئايلىنىشتا ئەكبەرنىڭ قېشىدا بىللە يۈگۈرەشكە باشلىدى. ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئەكبەر، ئوغلۇم، غەيرەت قىل، يەنە ئىككى،... يەنە بىر،... يېرىملا ئايلانساق... — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئەكبەر تەرگە چۆمۈلگەن، شۇنداقلا ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان بولسىمۇ، قېشىدا ئۆزى بىلەن بىللە يۈگۈرەۋاتقان ئۇستازىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا غايىپتىن بىر كۈچ كېلىپ قوشۇلغاندەك بولدى. بۇ كۈچ — نومۇس كۈچى ئىدى. ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزىنىڭ ئارقىدا قالغان مەنزىرىسى كېلىپلا تۇرۇۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن بىللە يۈگۈرەپ ھالى قالمىغان ئۇستازىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن، تەر بىلەن ھۆللەنگەن چىرايىغا قانداق قاراش دۇنيادىكى ئەڭ مۇشكۇل ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. بۇ مۇشكۇللۇككە قالغاندىن كۆرە ھالىدىن كېتىپ يىقىلىش ياخشىراق ئىدى. شۇڭا ئەكبەر ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىش ئۈچۈن جەزمىسى بىلەن ھەرىكەت قىلدى.

مانا شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ئىككى يۈز مېتىر ئارىلىق قالغاندا ئابلىمىت بىردىنلا ئاستىلاپ ئىككى قەدەمچە ئارقىدا قالدى. ئەكبەر ئەمدى شەكسىز چېمپىيون بولالايتتى. ئۇ ئاخىرقى پەللىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپلا يىقىلىپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن ئىدىيۇ، بىراق، بىللە يۈگۈرەپ كېلىۋاتقان ئۇستازى ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئەتراپتىن ھۇررا سادالىرى ياڭراپ كەتتى. بۇ شاۋقۇن ئىچىدىن ئەكبەر پەقەت:

— يارايسەن ئوغلۇم! يارايسەن شۇڭقارىم... — دېگەنىنىلا ئاڭلايتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىلا شىۋىرلايتتى. نىھايەت ئۇستاز- شاگىرت ئىككىسى

قۇچاقلىشىپ، ھاسىرىشىپ ئۇزاققىچە تۇرۇشتى.

— مەنمۇ سىېنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى كۆچلۈك بىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ يېنىدىلا. تەۋپىق ئاۋازنى شۇئان تونىدى. بۇ مەھمۇد مۇھىتى ئىدى. تەۋپىق قۇچىقىدىكى ئەكبەرنى قويۇۋەتتى، مەھمۇد مۇھىتى ئەكبەرنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى .

— يارايسەن، ئوغۇلبالا دېگەن شۇ، — دېدى ئۇ ماختاپ. ئاندىن تەۋپىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ، — قارىغا، سىزنى، نېمە بولۇپ كەتتىڭىز، تەرلىرىڭىزنى سۈرتىۋېلىڭ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ۋە ئۇنىڭ قولىنى قوشقوللاپ سىقىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — مۇشۇنداق ئەزىمەتلەرنى تەربىيىلىگىنىڭىز ئۈچۈن سىزگىمۇ رەھمەت!

— مەن ئۆزۈمنى رەھمەتنى قوبۇل قىلىشقا ھەقلىق دەپ قارىمايمەن، سىجاڭ، — دېدى تەۋپىق ھەم مەمنۇنىيەت، ھەم كەمتەرلىك بىلەن.

— سىزنىڭ تۈزۈتلۈك بولغىنىڭىز خوپ، بىزنىڭمۇ بۇ خىزمەتلىرىڭىزنى كۆرۈپ يەتمىگەنمىز خوپ، — دېدى سىجاڭ كۈلۈپ، ئاندىن ئۇنى باشلاپ «سەھنە» تەرەپكە بۇرۇلدى. تەۋپىق ئەكبەرگە دەرھال ئولتۇرۇۋالماي بىردەم مېڭىپ يۈرۈشنى تاپىلاپ، سىجاڭ بىلەن ماڭدى.

— ئەمدى بىز بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ، مۇسابىقىنىڭ داۋامىنى كۆرۈڭ، بەك جاپاكەش ئادەمكەنسىز، — دېدى سىجاڭ تەۋپىقنى قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

تەۋپىق كۈلۈپ قويۇپ باشقا تەرەپكە قارىدى ۋە يانىدا يېرىم دائىرە بولۇپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئابدۇنىيازنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالماقچى بولدى.

— كۆرۈشەلمەيۋاتقان بىر دوستۇمنى كۆرۈپ قالدىم، ئەيىبكە بۇيرىمىسىڭىز شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيمىكىن، — دېدى ئۇ سىجاڭغا پەس ئاۋازدا.

— سىز- زە، تىنىم تاپمايدىغان ئادەم- دە. مەيلى، بېرىڭ، ئۇنىڭسىز سىزنى خۇشال قىلغىلى بولمايدۇ، ھەقىچان، — سىجاڭ ئۇنىڭ كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى دەرھال قىياس قىلدى.

تەۋپىق ئابدۇنىيازنىڭ قېشىغا باردى.

— مەن سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ھېلىغىچە كۆرمەپتىمەن، — دېدى ئۇ ئابدۇنىيازنىڭ قولىنى سىقىپ.
— مەن سىزنى خېلى بۇرۇنلا كۆرگەنىدىم. ئەمما بىزەۋتە قىلماي دېدىم. ھېلى سىجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈشەي دەپ يەنە يالتىيىپ قالدىم. ئىككىڭلارنىڭ گېپى بولسا ئارىلىققا قىسىلىۋالماي دەپ ئويلىغانىدىم، — ئابدۇنىياز ئىككىيلەن سەل چەتكىرەك چىقىشتى، شۇ چاغدا ئابدۇنىياز سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئەمدى ھەر بىرىڭلارنىڭ دانا سۆھبەتلىرىدە بولالمايدىغان بولدۇم، ئوقۇشۇم تۈگىدى، يەنە يەكەنگە قايتىمەن، — دېدى.
— قاچان ماڭىسىز؟ — مەمتىلى ئەپەندى مەيداندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ سورىدى.
— ئىشقىلىپ بىر ھەپتىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىرىسىدە ماڭىمەن. بەلكىم مۇشۇ پېتى كۆرۈشەلمەسمىز...
— نېمىشقا ئۇنداق نائۈمىد بولىسىز؟ — دېدى تەۋپىق مەيدان تەرەپتىن كۆزىنى يۆتكەپ ئابدۇنىيازغا تىكىلىپ، — سىز شۇ كەتكەنچە كەلمەمتىڭىز؟ كېلىپ تۇرارسىز؟
— ئىختىيار مەندە ئەمەستە، ئەسكەر دېگەن كېلىمەن دەپ كېلىپ، كېتىمەن دەپ كېتەلمەيدۇ ـ دە...
— يا بولمىسا ئەمىلىڭىز ئۆسۈپ قايتىپ كېلەرسىز، يا بولمىسا خىزمىتىڭىز بۇياققا يۆتكىلەر... — تەۋپىق ئابدۇنىيازغا تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن چاقچاق باشلىۋىدى، ئابدۇنىيازنىڭ مەيۈس ھالدا باش چايقاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.
— كىم بىلىدۇ، بىز يەنە بىر كۆرۈشەلەمدۇق... ئاڭغىچە نېمە بولىدۇ، نېمە ئەمەس...
شۇ چاغدا تەۋپىقنى چاقىرغىلى بىر ئوقۇغۇچى كەلدى.
— بۇ يەردىن كەتكۈچە يەنە بىر كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئۇ ئابدۇنىيازغا ۋە ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

# 3

مۇسابىقە ئاخىرلاشتى. ئەمدى خۇلاسە چىقىرىلىپ، مۇكاپات تارقىتىلاتتى. تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ھەم كوللېكتىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتى، ھەم يەككە تۈرلەر بويىچىمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. مۇسابىقە ئاخىرىدىكى مۇكاپاتلاش يىغىنى تەنتەنىلىك بولدى. مۇكاپات تارقىتىش كومىسسىيىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇد مۇھىتى ئىدى. تىزىملىكنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئېلان قىلدى.

مۇكاپات تارقىتىش تەرتىۋى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇندىن باشلاندى. شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامى چاقىرىلىشقا باشلىدى.

— ئەكبەر ھۇدۇكھاجى! — بۇ ئىسىم ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى چاۋاك چېلىشتى. بۇ چاغدا خىجىل بولۇپ تۇرغان ئەكبەر قورۇنۇپقىنا ئوتتۇرىغا چىقتى. يىغىن رەئىسى مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى، — ئەكبەر ھۇدۇكھاجى تۆرت تۈردە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن تۆرت دانە كۈمۈش مېدال بېرىلدى. بىرسى قەشقەر گارنىزون نامىدىن، بىرى ۋالىي مەھكىمە نامىدىن، بىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى نامىدىن، بىرى پەيزىۋات ناھىيە نامىدىن بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ دانە بايراق، — بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتى ئەكبەرنى كەڭ كۆكسى بىلەن قۇچاقلاپ، ئارقىدىن قولىنى قاتتىق قىسىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە مىداللارنى تاقاپ قويدى. ئاندىن باشقىلار سۇنۇپ بەرگەن قىزىل ۋە كۆك دۇخاۋىدىن تىكىلگەن ئىككى بايراقنى، قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن بىر بايراقنى ئەكبەرنىڭ قولىغا بېرىۋاتاتتى. تارتىنىشتىن پۇت - قولى ئۇيۇشۇپلا قالغان ئەكبەر بۇ نەرسىلەرنى قولاشتۇرۇپ تۇتالمايلا قالغانىدى، تەۋپىق بۇنى بايقاپ دەرھال ئىزچىلاردىن ئىككىنى نەرسىلەرنى ئېلىشىپ بېرىشكە چىقاردى.

رەئىس ئەكبەرگە بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىپلان قىلىشنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

— بىر جۈپ ئۆتۈك، بىر قۇر كاستيۇم، بۇرۇلكا، ئىككى جۈپ كۈمۈش ئىستاكان، بىر دانە ئۈستەل سائىتى، بىر دانە دوپپا، — بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھتى كۆك دۇخاۋىدىن نەپىس قىلىپ تىكىلگەن دوپپىنى ئەكبەرگە ئۇزىتىۋاتاتتى، — بىر دانە شىرە ياپقۇچ، — (بۇ كىلىيۇنكا ئىدى)، — بىر دۈزنە قەلەم، 50 دانە دەپتەر... ①.

بۇ نەرسىلەرنى ئەكبەر دوستلىرى بىلەن بىللە كۆتۈرۈشۈپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

رەئىس ئەمدى ئىككىنچى كىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى...

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئون مىڭ مېتىرلىق يۈگۈرۈش، يۈز مېتىرلىق يۈگۈرۈش قاتارلىقلاردىن باشقا چاقپىلەكتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈش، ياغاچ ئاياغ بىلەن مېڭىش، بالا ھاپاچ قىلىپ يۈگۈرۈش، چېلىشىش قاتارلىق تۈرلەردە ئاتۇش تەنھەرىكەتچىلىرى بىرىنچىلىكنى ئالغانىدى. بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغۇچىلارنىڭ سانى جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغاچقا يەنە كوللېكتىپ مۇكاپاتمۇ بېرىلدى.

كوللېكتىپ مۇكاپات بارلىق تەنتەربىيىچىلەرگە، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىلىدىغان كىيىم - كېچەك، ئوقۇش قوراللىرى، تەنتەربىيە سايمانلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۈيۈشما بىر ماشىنا ھەل

---

①ئەكبەر ھۇدۇكھاجىنىڭ مۇئەللىپكە سۆزلەپ بېرىشىچە ئۇ مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىدىغانلىرىنى ئىشلىتىپ، ساقلايدىغانلىرىنى (كۈمۈش ئىستاكان، كۈمۈش مىداللارنى) تاكى 1973 - يىلغىچە ساقلىغان. «مال باھاسى مۇقىم، بازارلار ئاۋات، خەلق تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە يۈكسەلمەكتە» دەپ جار سېلىنىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئەينى يىللارنىڭ چېمپىيونى ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ كۈمۈش بۇيۇملارنى قەشقەر بانكىسىغا ئېلىپ بېرىپ 33 سوم نەچچە تىيىنگە سېتىشقا مەجبۇر بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ: «1962-يىللاردىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىدىمۇ بۇ تەۋەررۇكلەرنى جاندىن ئەزىز بىلىپ ساقلىغانىدىم، بىراق ئاخىر ساقلىيالمىدىم. ھەر قېتىم بۇ ئىش يادىمغا يەتسە يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولۇپ كېتىدۇ...» دەيدۇ — ئاپتور.

قىلىپ بېرىدىغان بولدى.

بۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ تۇغۇت ئانىسى بولغان تەۋپىقكىمۇ مۇكاپات بېرىلدى. مەھمۇد مۇھىتى ئۆز نامىدىن ئۇنىڭغا ئىنتايىن كېلىشكەن، ئىگىز ھەم سېمىز قارا ئاتنى ئىگەر جابدۇقلىرى توقۇلغان ھالدا يېتىلەپ كېلىپ تەقدىم قىلدى ۋە:

— سىزگە رەھمەت، ئەپەندىم، بۇ مېنىڭ شەخسىي مۇكاپاتىم، بۇنى سوۋغا دېسەممۇ بولىدۇ. كۆڭلىڭىز ئۇنىمىسا تورۇقىڭىزنى ئورنىغا قويۇپ كېتىڭ. تېگىشكەن بولايلى، — دېدى.

ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بۇ ئىشىدىن قاتتىق تەسىرلىنىشتى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرىدە نارازىلىق ئىپادىلىرىمۇ كۆرۈلدى. تەۋپىق ئۆزىگە خاس قىزغىن ھەم سالماقلىق بىلەن ئوچۇق - يورۇق جاۋاب بەردى:

— سىز ھەممىشە ماڭا رەھمەت دەيسىز، گويا مەن سىز ئۈچۈن ئادەم تەربىيىلەپ بېرىۋاتقاندەك ياكى مەن باشقا ئەلدىن ياللاپ كېلىنگەندەك... ئەجىبا بۇ سىزنىڭلا مەسئۇلىيىتىڭىز بولۇپ، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، ئەپەندىم، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى مېھرىبانلىق بىلەن، — مەن پەقەت نېمە دېيىشىمنى بىلمەي شۇنداق دېگىنىم، بۇ ئەلۋەتتە ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئۆز ئىشى.

رەئىس كىشىلەرنى بىر قېتىم دىققەتكە چاقىرىپ مۇكاپاتلىنىدىغانلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەھمۇد مۇھىتى يەنە يەكەندىن، يېڭىساردىن، يوپۇرغىدىن، توققۇزاقتىن، پەيزىۋاتتىن كەلگەن ھەربىر تەنھەرىكەتچىنى ئاتىلارچە قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇكاپات تارقىتىشقا كىرىشتى. تەۋپىق ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھېسسىياتنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئەتراپىدىكى شاگىرتلىرى ۋە شەيداشلىرىغا:

— خۇدا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بۇ ئادەمنى ئامان قىلغاي، — دېدى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن.

مۇكاپاتلاش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، تەنھەرىكەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ئۆز سەپلىرى بويىچە مەيداندىن چىقىشتى. مەھمۇد مۇھىتى قىسىملىرىنىڭ بىر

قىسمى ئالدىدا، بىر قىسمى ئوقۇغۇچىلار سېپىنىڭ ئارقىسىدا مېڭىشتى. ئەتراپتىن يىغىلغان تاماشىبىنلارمۇ ئاستا ـ ئاستا تارقاپ، بىرنەچچە كۈنلۈك قىزغىن هايات شاۋقۇنىغا چۆمگەن ئەسكىسار تىمتاسلىقتا چۆمدى. غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا سازلىق مەيۇس ۋە غەمكىن كۆرۈنەتتى.

جايلاردىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ئۆز تۇرالغۇلىرىغا تارقاشتى. قىزىل دۆۋىدىكى توختاجىنىڭ مەكتىپى، نۆۋېشى مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن ۋە بەزى مەرىپەتپەرۋەر بايلار ھەربىر ئورۇننىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ساھىپخان بولۇشقانىدى.

تەۋپىقمۇ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن خوشلىشىپ، كېرەم باغقا — ئابدۇرېھىم بايۋەتچىنىڭ قورۇ- جايىغا قايتتى. ئۇ خوشلىشىدىغان چاغدا ساۋۇت ئەپەندى ئۇنىڭغا:

— نەرسە- كېرەكلىرىڭلارنى ماشىنىغا بېسىپ تەييار قىلىپ قويىمىز، ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ باشلاپ كەتسەڭلار بولىدۇ، — دېدى.

تەۋپىق ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى.

ئۇلار ئاخىرقى ھەمراھلىرى بىلەنمۇ خوشلىشىپ، ئايرىلىشقاندىن كېيىن ھېيتگاھ ئالدى بىلەن كېتىۋاتقان مەھەللە گۆگۈم پەردىسى ئەتراپنى يېپىشقا باشلىغان بولۇپ، مۇڭغا پاتقان شەھەرنى زىل- زىلىگە سالغۇسى كەلگەن تەۋپىق قۇربان جاپپارنى ناخشا باشلاشقا بۇيرىدى. قۇربان جاپپار دەرھال ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلارغا خاس يېقىملىق ئاۋازى بىلەن «قۇرتۇلۇش»[1]نى باشلىدى.

قۇرتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.

يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،

---

[1] قۇر تۇلۇش (تۈركچە — Kurtuluş ئازادلىق) بۇ سۆز «بۇلاق» مەجمۇئەسىگە بېرىلگەن «تەۋپىق شېئىرلىرى»دا «قۇتۇلۇش» دەپ «تۈزىتىلگەن» — ئا.

دۇنيانى سورغان[1] ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىللا، چىڭگىز، تۆمۈر دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى،
قان كېچىپ نام ئالىمىز، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادىمىز.

بۇ يەرگە كەلگەندە ناخشىنىڭ ئاۋاز يۇكسەكلىكى ئەۋجىگە چىقىدىغان بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئاۋازى يەتمەيتى، شۇڭلاشقا ھەممە ئوقۇشتىن توختايتى، پەقەت قۇربان جاپپار يېرىم مىسرانى ئۆزىنىڭ ھەيران قالارلىق يوقۇرى ئاۋازى بىلەن يالغۇز ئوقۇيتى(شۇڭلاشقىمۇ دوستلىرى ۋە ئىزچىلار ئۇنى چاخچاقلاشقان چاغلاردا «چىقتى جان» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىۋېلىشقانىدى):

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان،
(كۆپچىلىك قوشۇلۇپ):     دۇشمەندىن ئولدى ئەل ئامان،
ياشىسۇن، ھېچ ئۆلمىسۇن، پارلاپ ئىستىقبالىمىز!

بۇ جەڭگىۋار مارش ساداسى ئۇياق- بۇياقتىن — قۇببىلىرى گۈگۈم پەردىسى ياپقان ئاسمانغا پاتقان مەسچىدلەر تەرەپتىن شام نامىزىغا ئېيتىلىۋاتقان ئەزان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، زۇلمەت پەردىلىرىنى يىرتىپ چىقىشقا يۇلقۇنىۋاتقاندەك بىلىنەتتى ۋە ئەتراپتىكى مەۋجۇداتنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىرىغا غەرق قىلىۋەتكەندەك بولدى.

ئۇلار كېرەم باغقا بېرىپ ئابدۇرېھىم بايۋەتچىنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇپ ئەتىسى تاڭ سەھەردە يەنە رەتلىك سەپكە تىزىلىپ ئۇيۇشمىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئۇلارنى مۇكاپات بۇيۇملىرى بېسىلغان ماشىنا كۈتۈپ تۇراتتى. تەۋپىق كىچىك ۋە ئاجىز ئوقۇغۇچىلاردىن بىرنەچچىنى ماشىنىغا چىقىۋېلىشقا بۇيرىدى. ئەكبەرنىمۇ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ماشىنىغا چىقاردى. ئاندىن شەھەردىن

[1] سورغان - سورىغان، باشقۇرغان، ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مەنىسىدىكى سۆز ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن شۇنداق قىسقارتىپ تەلەپپۇز قىلىنغان – ئا.

چىققۇچە ماشىنا بىلەن تەڭ مىڭىشتى. ئۇلار يەنە جەڭگىۋار مارشلار بىلەن ئەسىرلىك غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان تۇپراقنى ئويغىتىپ مىڭىشتى.

ھەزرەت يولىغا چىققاندا شوپۇرغا ئالدىدا مىڭىۋېرىپ، قۇمالتاغ داۋىنىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، ماشىنىنى يولغا سېلىۋېتىشتى. ئۇلار قاززىقتا قادىر ھاجىنىڭ مەكتىپىدە قىسقا ۋاقىت دەم ئالغاندىن كېيىن سەپىرىنى داۋام قىلىشتى.

قۇمالتاغ داۋىنىدا ماشىنا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ، ماشىنا بىللە بىلەن تەنتەنىلىك يۈرۈشتە ئاتۇشقا كىرىپ كەلدى...

# ئىككىنچى باب

يىلاندىن خاتىرجەم ئولتۇرغىنىم يوق،
ئۇنىڭ خىسلىتىنى بىلگەندىن بۇيان،
كىشىلەر كۆزىدە دوستتەك كۆرۈنگەن
دۈشمەنىنىڭ چىش زەخىمى ھەممىدىن يامان.
—سەئىدى «گۈلىستان»دىن

1

ئېۋلكىدىن بىر تەپتىش ئۆمىكى كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ھايىت- ھۇيت دېگۈچىلا پۈتۈن قەشقەر رايونىغا پۇر كەتتى. ئەمەلدارلار، زىيالىيلار ئىچىدە بۇ تەپتىش ئۆمىكىنىڭ قايىسى ساھەنى تەپتىش قىلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. بەزىلەر (خۇسۇسەن ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار) تەپتىش ئۆمىكى پارىخورلارنى تەكشۈرۈپ، تۈتىدىكەن دېگەن سۆزلەرنى راستىمىكىن دەپ ئويلاپ ۋەسۋەسىگە چۈشتى؛ يەنە بەزىلەر زالىم ئەمەلدارلارنى جازالايدىكەن، خەلقتىن پىكىر ئاڭلايمىش، دېگەن گەپلەرنى قىلىشتى.

بۇ ھەقتە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارلا ئەمەس، مەھمۇد مۇھىتىمۇ ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيتتى. بۇ ھەقتە قەشقەر بويىچە ئەڭ ئاۋۋال خەۋەر تاپقان كىشى مەخسۇم ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىش ئۈچۈن قادىر ھاجىنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— سىلىگە مۇھىم يوليورۇق بار، — دېدى ئۇ سالامدىن كېيىنلا، ئۇنىڭ ئاۋاق ئۆچكە يۇزىدىكى ساقىلى ئۇنىڭدىكى رىتسارلارچە مەغرۇرلۇقنى يوشۇرۇپ،

ھېچ بولمىسا چوڭلارغا خاس سالاپەتكە ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى.

— تايىنلىق، تەپتىش ئۆمىكى توغرىسىدا بولسا كېرەك؟ — دېدى قادىر ھاجى ئاشكارە كۆرەڭلىك ۋە ئۆزىگە خاس ۋەھشىيانە كۆرۈنۈشى بىلەن.

— نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — دېدى مەخسۇمنىڭ بىر ئاز ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئۇنىڭدا جاسۇسلارغا خاس گۇمانخورلۇق ئويغانغانىدى.

— پۈتۈن قەشقەردە كەڭرى ئېقىپ يۈرگەن گەپقۇ بۇ!؟

— ھە، مۇنداق گەپ دېسىلە، — دېدى مەخسۇم ئەمدىلا خاتىرجەملىنىپ، ئۇ ئەمدىلا قادىرھاجىنىڭ بىلىدىغانلىرى كوچىدىكى پاراڭدىن نېرىغا ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدى، — خوجايىنىم بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم. ئۇلار ئۆلكىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى ئۇقتۇردى، تەپتىش ئۆمىكىنىڭ كېلىشى راست، ئاللىقاچان يولغا چىقىپ بوپتۇ.

— ئۇلار نېمىنى تەپتىش قىلغۇدەك؟ — قادىر ھجى ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ سورىدى.

— ...، — مەخسۇم قادىر ھاجىنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تەپتىش ئۆمىكىنىڭ كېلىش مەقسىدى، قادىر ھاجىنىڭ نېمىلەر قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقارقى سۆھبەت بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي تەپتىش ئۆمىكى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ ماي ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. تەپتىش ئۆمىكى مەنسۇر ئەپەندى[1] رىياسەتچىلىكىدە بولۇپ، ئۇلار دەسلەپكى كۈنلەردە بىرقانچە كۈن دەم ئېلىۋاتقاندەك جىم- جىت يۈرۈۋشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار پۈتۈن قەشقەر ۋەزىيىتى ئۈستىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بەزى زۆرۈر تەييارلىقلارنى

---

[1] مەنسۇر ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن شىڭ شىسەي ئۈچۈن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن مۇتەخەسسىسلەردىن بىرى – شەرق ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى. ئۇ شىڭ دۇبەن كۇرسىدا كوممۇنىزىمدىن دەرس ئۆتكەن. ئۇنى سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى دېگەن گەپلەرمۇ بار. ئۇنىڭ رەسمىي ئىسمى مەشۇر روزى باقىيىۋ بولۇپ، 30- يىللاردا مەنسۇر ئەپەندى بولۇپ كەلگەن، 40- يىللاردا ئۆز ئىسمى بىلەن كەلگەن ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە چۆچەككە ۋالىي بولغان. ئۇ سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى مەشھۇر شەخس(؟) ئابدۇللاھ روزى باقىيېۋنىڭ ئىنىسى. — ئا.

قىلىۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار رەسمىي تەكشۈرۈشلىرىنىمۇ باشلىۋېتىشتى.

قەشقەر شەھىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى تەكشۈرۈپ بولۇپلا مەنسۇر ئەپەندى شەخسەن ئۆزى ئىككى نەپەر ھەمراھىنى باشلاپ ئاتۇشقا چىقتى. تەۋپىق رۇشتى مەكتەپتىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بويامەتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىنىڭ قېشىغا جابدۇنۇپ تۇراتتى، ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم مۇھەممەد قارى زەكىنى ئەۋەتىپ ئۇيۇشمىغا چاقىرتىپ قالدى. بۇنداق مەزگىلسىز چاقىرىشقا ھەيران بولغان تەۋپىق، قانداق زۆرۈر ئىش باردۇر دەپ سورىغانىدى، زەكى ئۇنىڭغا ئۆلكىدىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

تەۋپىق ئانچە خوش كۆرمىگەن ھالدا ئۇيۇشمىغا كەلدى. مەنسۇر ئەپەندىلەر ئۇيۇشمىدىكى خادىملار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەنسۇر ئەپەندى تەۋپىقنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى ۋە چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالدىغا بېرىپ، گويا ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن سەبداشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇزاققىچە قولىنى قويۇۋەتمەستىن:

— مەن سىزنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەكلا، بىرقاراشتىلا تونۇدۇم. بەلكىم باغرىم تونىغاندۇر. شۇنداق ئەمەسمۇ، بىز ھەممىمىز خەلقىنىڭ غېمىنى دەپ ياشاۋاتقان يولداشلار- دە، — مەنسۇر ئەپەندى ئىنتايىن يېقىملىق سۆزلەيتتى. مىجەزىدىن چىقىشقاق، چىرايى ئوچۇق كىشى ئىدى، — ئەڭ ئاۋۋال شەخسىي نامىمدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئاندىن ھۆكۈمەت نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەنگەنسىز؟

— چۈشەنگەندەكمۇ قىلىمەن، — دېدى تەۋپىق ئانچە ئېچىلماستىن. ئۇ بىرىنچىدىن بويامەتكە ئالدىراپ تۇرغاندا چاقىرىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلالمىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مەنسۇر ئەپەندىنىڭ يوقلاپ كېلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ دېگەننى ئويلاپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ مەنسۇر ئەپەندىنى كۆرۈپ باقمىغىنى بىلەن خېلى ئوبدان بىلەتتى.

— چۈشەنگەندەك قىلدىڭىزمۇ؟ شۇنداق. سىز مەدەنىي ئاقارتىش جەھەتتە مۆجىزە ياراتتىڭىز. ئىشىنەمسىز، مەن سىز ۋە سىز ياراتقان مۆجىزە ھەققىدە ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدىلا ئاڭلىغانىدىم ھەم سىز بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، مۆجىزە

ياراتقان قوللىرىڭىزنى قاتتىق قىسقىم كەلگەنىدى. شۇڭا قەشقەرگە كېلىپلا سىزنى ئىزدەپ چىقتىم. قانداق، قارشى ئالامسىز؟

— ئەلۋەتتە قارشى ئالىمىز، نېمىشقا قارشى ئالماتتۇق، — دېدى تەۋپىق زورىغا كۈلۈمسىرەپ. ئەمما ئۇ چىرايىدىن ھېچقانداق ناخۇشلۇقنى بىلىندۈرمىدى.

— پەقەت سىزگە رەھمەت ئېيتىشقىلا كەلمىدىم، يەنە تېخى سىزنىڭ شەخسىي ئىستىقبالىڭىزغا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسئۇلىيەتمۇ مېنى بۇ يەرگە كېلىشكە ئۈندىدى.

—شۇنداقمۇ؟ — دېدى تەۋپىق تەئەججۈپ بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق بولماي ئەمىسە، — مەنسۇر ئەپەندى ئىنتايىن ئوچۇق - يورۇق، ناھايىتى چىقىشقاقلىق بىلەن گويا كونا دوستلار جەم بولۇپ تۇرغاندەكلا سۆزلەيتتى، — سىز شۇنداق ئىمتىياز بېرىشكە ئەرزىيسىزكى، سىز تاللىق باغقا كىرگەندەك خالىغىنىڭىزغا ئېرىشىسىز، بۇنىڭغا مەن كېپىل...

— كەچۈرسىز، — تەۋپىق ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ھەربىرلىرىنىڭ بۇ يەردە تۇرىشى قانچىلىك بولاركىن؟

— قانداق دەيسىز؟ ئاتۇشتا تۇرىشىمىزنى دەمسىز، يا...، ھە، بۇ يەردىن ئەتە كېتىمىز، خىزمەت ئالدىراش...

— شۇنداقمۇ؟ مەن تېخى بۇنىڭدىنمۇ ئالدىراشمىكىن دەپ سورىۋىدىم. ئۇنداق بولسا، — تەۋپىق زەكىگە بۇرۇلدى، — سىز مېھمانلارنىڭ ياتاق ۋە تاماق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشىڭ. خوش، — ئۇ يەنە مەنسۇر ئەپەندىگە بۇرۇلدى، — سۆزلەۋېرىڭ، ئەڭ ياخشىسى خىزمەت ھەققىدە سۆزلىشەيلى، مېنىڭ يەنە ئىشلىرىم بار.

— ئىش دەمسىز، دوستۇم؟ مەن سىزنى ھەممىدىن بىر يولى ئازاد قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن. بارلىق جاپا- مۇشەققەتتىن، ئالدىراشتىن دېمەكچىمەن- دە ...

— شۇنداقمۇ؟ قانداق قىلىپ؟ قاماپ قويمايدىغانسىز؟ — تەۋپىق سوغۇقراق كۈلۈمسىرەپ سورىدى.

— ياق! ياق! بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ قانداقلا بولمىسۇن ھازىر ئۆلكىدە

ئادالەت ئورنىتىلدى، جاپا چەككەنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىمىز، ئۇلارغا لايىقىدا رەھمەت ئېيتىمىز - دە.

تەۋپىق ئەمدى سوئال سوراشقىمۇ رەغدى بولمىغان ھالدا جىم- جىت قۇلاق سالدى.

— ئىسلامئاخۇن مۇدىر، مەمتىلى ئەپەندىنى بىزگە بېرىسىز- دە، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى چاخچاق ئارىلاش رەسمىي ئاھاڭدا خەلپىتىمگە قاراپ.

— ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، ئەپەندىم، ئوچۇقراق ئېيتىپ باقمامسىز، — دېدى ئىسلامئاخۇن.

— چۈشىنىپ قالىسىز، چۈشىنىپ قالىسىز، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى پائالىيەتچان ئادەملەرگە خاس بىتىنىم ھەرىكەتلەر بىلەن. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە قانداقتۇر مەسخىرە يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى، — مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىر يەرگە كەلسەكلا ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

— قېنى ئېيتمامسىز، — دېدى تەۋپىق ئىچى پۇشقاندەك ئەلپازدا، — قانداق سودا ئۇ؟ بۇيرۇقمۇ؟ تەكلىپمۇ؟

— مېنىڭچە، مۇنداق قىلساق، بۇ ئىككى يولدىشىمنىڭ ئالاھىدە ئىشى يوق، ئۇلار پەقەت سىزنى ۋە مەكتەپلىرىڭىزنى كۆرۈپ بېقىشقىلا كەلگەن. مەنمۇ سىزگە بولغان ئىخلاسىم، مۇھەببىتىم تۈپەيلى كۆرۈشكەچ بەزى تەكلىپلەرنى بېرىشكە كەلگەنىدىم. بۇ ھۆكۈمەت ئىشى تەرىقىسىدە ئالاھىدە، رەسمىي يوسۇندا دېيىشىدىغان گەپمۇ ئەمەس، بۇ يولداشلار ئۆز ئىشلىرىنى قىلىۋەرسە، ئىككىمىز مەكتەپلەرنى ئارىلىغاچ پاراڭلاشساقمۇ بولاتتى.

— شۇنداقمۇ؟ مەيلى، ئۇمۇ بولىدۇ، — تەۋپىق كەسكىن ئىپادە بىلدۈردى. ئاندىن ئېبلاخۇننى چاقىرتىپ ئاتلارنى تەييارلاشنى بۇيرىدى.

— مېنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىز بىرىنچى قېتىم ئىش باشلىغان مەكتەپكە باشلاڭ، دوستۇم، ئاۋۋال شۇ يەرنى كۆرەيلى، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى.

تەۋپىق مەھمۇت مۇھىتى سوۋغا قىلغان شاش قارا ئېتىغا ئەپچىلگىنە ئولتۇرۇپ، مېھماننى تېجەن سېيى تەرەپ بىلەن باشلاپ كەتتى. ئۇلار تاكى مەشھەدتىن چىقىپ سايغا چۈشكىچە ئاساسىي گەپكە يېقىنلاشماي يېزا مەنزىرىسى، دېھقانچىلىق ئىشلىرى قاتارلىق قالدى - قاقتى پاراڭلارنى قىلىپ

مېڭىشتى. پاراڭ تېمىسى ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىپ، مەكتەپ، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا كۆچتى. شۇ چاغدا مەنسۇر ئەپەندى يەنە ئىشخانىدىكىدەك دىپلوماتلارچە تەلەپپۇزدا تەۋپىقنى ماختاشقا كىرىشتى.

— مەن سىزنىڭ تالانتىڭىزغا ھەۋەسلىنىمەن، غەيرىتىڭىزمۇ ئاجايىپ!

— مەنسۇر ئەپەندى قىران دەريا بوغۇزى تەرەپكە قاراپ قويدى ۋە تەۋپىقنى ئۆز سۆزلىرىنىڭ ئورامى ھەققىدە ئويلىنىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەستىن گەپنى قاچۇرۇپ، — يا پەناھ ئەجەپ ھەيۋەت تاغكەن بۇ، ئالدى تەرەپ پىچاق بىلەن كەسكەندەك تىك... — دېدى.

تەۋپىق خالار- خالىماس غەرب تەرەپكە قاراپ قويدى. مەنسۇر ئەپەندى سەلدىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى:

— ئەگەر سىز سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئازادە ئەلدە بولۇپ قالىدىغان بولسىڭىز گەپ يوق بىرەر ئاكادىمىيىدە ياكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، خىزمەت قىلاتتىڭىز، بۇ يەردە، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، شارائىت تېخى ناچار، ئادەملەر تېخى،... بۇلارنى ئۆزگەرتىپ ئادەمگە ئوخشىتىش ئۈچۈن ئۆمۈرمۇ زايە كېتىدۇ ...

— ئەيىبكە بۇيرىمايسىز ئەپەندىم، سىز ئۇيغۇرمۇ؟ — تەۋپىق ئىمكان قەدەر چىرايىغا ۋەزمىن تۇس بېرىپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۇيغۇرمەن، نېمە، سىز مېنى نېمە دەپ ئويلىغانىدىڭىز؟

— ھېچ... مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

مەنسۇر ئەپەندى بىردەم جىم ماڭغاندىن كېيىن ئالدى تەرەپتىكى يېزىنىڭ نامىنى سورىدى. بۇ چاغدا ئۇلار تېجەنگە كېلىپ قېلىشقانىدى. ئۇ تېجەن ھەققىدە ئۇنى- بۇنى سوراپ، ئارىلىقتىكى سېزىلمەس ئوڭايسىزلىق پەردىسىنى قايرىپ ئېچىپ، يەنە ئەسلىدىكى سۆزلىرى ئۈچۈن يول ئاچتى.

— ئەگەر سىزلا خالىسىڭىز، مەن سىزگە ھۆددە قىلىمەنكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا خالىغان خىزمەتكە ئورۇنلىشالايسىز، مەن ھەتتا تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىشىممۇ مۇمكىن.

— رەھمەت سىزگە، ئەپەندىم.

— چاقچاق ئەمەس، ھۆددىگە! سىز ئەلۋەتتە ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ ئورۇندا ئىشلىشىڭىز كېرەك- دە. سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز كىشىنىڭ زوقىنى

كەلتۈرىدۇ.

— ئەپسۇس، — دېدى تەۋپىق سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭچە ھەرقانچە سەلتەنەتلىك تاجۇ ـ تەخت، ئاجايىپ شۆھرەتلىك پادىشا بولغاندىمۇ ئۇنىڭ پۇقراسى بولمىسا ئۇ ھېچقانداق ھوزۇر سۈرەلمەيدۇ. چۈنكى شانۇ-شۆھرەتنى، سەلتەنەتنى ھېس قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈنمۇ پادىشاھ يەنە نامرات، قالاق خەلققە مۇھتاجدۇر. مەن خەلقىمدىن ئايرىلغان ھالدا ئېرىشكەن كاتتا ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق.

— بىراق مەن دەيمەنكى، سىز بۇنداق مۇھتتا زايا كېتىسىز، سىزنىڭ تالانتىڭىزغا ئىچىم كۆيىدۇ...

— بۇمۇ ئاشۇنداق، تالانت دېگەن ئىنسانغا شۇ پېتى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىش ياكى كۆتۈرىۋېلىپ ماختىنىش ئۈچۈن بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىلمىسە تالانتىنىڭ بار يوقلۇقىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ھېس قىلىنمايدۇ. ئەگەر مەندە راستتىنلا تالانت بولسا ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى ئەنە شۇنداق.

— بۇ ئەلۋەتتە توغرا، ھەممىمىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلارمىز، لېكىن، سىز ئىلگىرىكى ئەمگەكلىرىڭىز بەدىلىگە بولسىمۇ راھەتتە ياشاشقا ھەقلىقسىز، بۇ بىرى؛ يەنە بىر تەرەپتىن نەدە بولسىمۇ خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان گەپ.

— بىلەمسىز مەن نەچچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، مانا شۇ سىز ياراتمىغان، «ئادەمگە ئوخشىمايدىغان»لارنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كەلگەنمەن. تۈركىيىدە قالغان بولسام بىر مىليونېرنىڭ كۈيئوغلى، كېيىنچە بولسا بىر مىليونېر بولۇپ قالغان بولاتتىم، بۇ بىرى؛ ئىككىنچى نەدە بولسىمۇ خەلق ئۈچۈن ئىشلەش بەك يوغان گەپ، ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق شۇئار، ئەمما مېنىڭ پەقەت مۇشۇ بىچارە خەلقىمگىلا خىزمەت قىلغۇم بار. چۈنكى بۇلارنى ھەممە ئادەم تاشلاپ كېتىۋېرىپ، بۇلارغا ئىشلەيدىغانلار بەك ئاز قېلىغلىق. ئاندىن ئاللاھ مەندىن ھېساپ ئالىدىغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېساپ سورىسا كېرەك،چۈنكى مەن مۇشۇ خەلقنىڭ ئوغلى. باشقا خەلقنىڭمۇ ئۆز ئوغۇللىرى

بار، ئەمما مېنىڭ خەلقىمنىڭ ھېچكىمى يوق، ئۇنىڭ غېمىنى ماڭا ئوخشاش قىممىتىنى بىلمەيدىغانلار قىلمىسا كىم قىلىدۇ؟

ئۇلار تېجەن بىلەن بويامەت ئارىسىدىكى سايدىن ئۆتكىچە مەنسۇر ئەپەندى يەنە ئەتراپتىكى نەرسىلەر ھەققىدە، سايىنىڭ سۇ مىقدارى، بۇ ئەتراپنىڭ ھۆل-يېغىن مىقدارى، تېجەننىڭ دېھقانچىلىقى، بويامەتنىڭ ئالاھىدىلىكى دېگەندەكلەر ئۇستىدە سوئال سوراپ ماڭدى. تەۋپىق قىسقا- قىسقا جاۋاب بەرگەندىن باشقا «بۇ ئادەم زادى نېمە دېمەكچىدۇر؟» دېگەننى ئويلاپ ماڭدى.

ئۇلار بويامەت مەكتەپكە ئەنە شۇ يوسۇندىكى پاراڭلار بىلەن كېلىپ قېلىشتى. تەۋپىق ئاتنىڭ بېشىنى مەكتەپكە بۇراۋېتىپ دېدى:

— بۇ بىز بارماقچى بولغان مەكتەپ ئەمەس، بايا سىز چاقىرتقاندا مەن مۇشۇ يەرگە كېلىشكە تەييارلىنىپ تۇراتتىم، بۇ يەردە مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار، ئەگەر قىزىقمىسىڭىز سەل كۈتۈپتۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن دەرھال قايتىپ چىقىمەن.

— ياق، نېمىشقا قىزىقمايتتىم، قايتارىمىزدا كۆرسەكمۇ بولاتتى، بىراق، سىز كىرگەندىكىن، بەرىبىر ساقلاپ تۇرىدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆرۈپ چىقاي.

تەۋپىق مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپلا ئاتتىن چۈشتى. بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تالىشىپ ئالدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مەنسۇر ئەپەندى مەكتەپ مەيدانىدا ئارىلاپ يۈرۈپ قاتتىق مەشىق قىلىۋاتقان نەچچە يۈز تەنھەرىكەتچىنى كۆرۈپ ھەيرانە بولۇپ تۇرۇپ قالدى. تەۋپىق ئۆزى ئېيتقاندەك ئانچە ھايال بولمايلا قايتىپ چىقتى. ئۇلار يولنى داۋام قىلدى.

— ئاۋۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىمۇ؟ — دېدى مەنسۇر، — ئەپەندى يولغا چىقا ـ چىقمايلا.

— ئەلۋەتتە، ھەممىسى.

— ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئوقۇغۇچىدىن كۆرە ھەربىيگە بەكرەك ئوخشايدىكەن...

— بولماپتىمۇ؟

— ياق بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، دېگىنىم، — دېدى مەنسۇر

ئەپەندى. ئەمدى ئۇ بويامەت يېزىسى ھەققىدە، تەۋپىقنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە ئەپقاچتى سوئاللارنى بېرىپ ئارقا- ئارقىدىن يەنە ئۇنىڭ تالانتىغا ھەۋىسى كېلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ئاچتى. ئەپقاچتى سوئاللار بىلەن دىققەتنى چالغاتتىم دەپ ئويلىدىمۇ، ئانچە جىددىيىتى يوقتەك ئاھاڭدا،
— ماھمۇد مۇھىتى بايىقى تەنھەركەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئال تەۋپىقنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارىدى. ئۇ بۇ مېھماننى بۇ يەرلەرگە ئېلىپ كېلىپ بەك چوڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ چىرايىغا ھېچ ئىپادە چىقارماستىن تەبىئىي ھالدا ئاددىيلاشتۇرۇپ:

— تەبىئىيكى مەھمۇد مۇھىتى ئوقۇغۇچىلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

مەنسۇر ئەپەندىمۇ ئۈستىلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن سوئالنى كوچىلاپ سوراشتىن توختاپ، باشقا تېمىغا كۆچتى.

— قەشقەر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ياكى مىللەت مەجلىسىدىكىلەر كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭىزگە قانداق جاۋاب بېرىشىۋاتىدۇ؟ قارىغاندا ئۇلار سىزگە بەك ئېتىبارسىز قارىغاندەكقۇ؟ ھېچ بولمىسا مەھمۇد سىجاڭ بولسىمۇ سىزگە كۆڭۈل بۆلمەپتۇ.

— قانداق دەيسىز؟

— سىزنى نېمىشقا ئۆستۈرۈشمىدى؟! مەن بۇنىڭغا زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، سىزنى چوقۇم چوڭراق بىر يەرگە يۆتكەپ، مۇھىم خىزمەت بەرمىسە ئادىللىق بولمايدۇ، مەن جەزمەن بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلماي قويمايمەن! ھېچ بولمىغاندا مەن بىلەن ئۈرۈمچىگە كېتىڭ. ئورۇنلاشتۇرۇش مەندىن، — ئۇ ساختا سەممىيلىك بىلەن قىزىشىپ سۆزلىدى.

— بۇ دېگەنلىرىڭىز بۇيرۇقمۇ؟ شۇنداق چۈشەنسەك بولامدۇ؟

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ مەن سىزنىڭ خىزمەتلىرىڭىزگە كۆز يۇمۇپ تۇرالمايمەن...!

— ئەگەر بۇ ھۆكۈمەت نامىدىن بېرىلگەن بۇيرۇق بولمىسىلا، مېنى

«ئۆستۈرۈش» توغرىسىدا سوغۇققانراق بولسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەن بىرىنچىدىن، ئەمەل ئۈچۈن ئىشلەۋاتقىنىم يوق؛ ئىككىنچىدىن مەن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خىزمەتكە قويۇلغان خادىم ئەمەس، بەلكى، ئۆز ئىختىيارلىقىم، ئۆزۈم ئۆزۈمگە يۈكلىگەن بۇرچۇم بولغاچقىلا بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن. شۇڭلاشقا مەن ئۆسمەكچى ئەمەس.

مەنسۇر ئەپەندى ئىنتايىن خۇشخۇيلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى باشقىلار چۈشەنمىگەندىمۇ مەن چۈشىنىمەن، سىزنىڭ پەزىلىتىڭىزنى ھېچكىم دورىيالمايدۇ. ئىشلىگەندىكىن ئەنە شۇنداق ئىشلەش كېرەك. بىراق، ھازىر بەزى يۇقىرى ئورۇنلاردىكى مۇھىم خىزمەتلەرگە سىزدەك ئادەملەر كېرەك. شۇڭا ھەم خىزمەت ئېھتىياجى، ھەم سىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭىزگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن سىزنى ئۆستۈرمەي بولمايدۇ.

— ئەگەر مەن قوشۇلمىسامچۇ؟ — تەۋپىق ئەمدى چىرايىدىن نارازىلىقىنى ئالاھىدە بىلىندۈردى. مەنسۇر ئەپەندى ۋەزىيەتنى قاتماللاشتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن جاۋاب ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن ئۆتكۈزىۋەتتى ۋە ئاچيادىن ئۆتكىچە بۇ ھەقتە گەپ قىلمىدى. ئاچيارنىڭ يانباغرى ۋە قىرغاقلاردىكى كۆك يانتاقلارغا قاراپ يەنە بىرمۇنچە مۇناسىۋەتسىز سوئاللارنى سوراپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزدى.

ئاچيادىن چىققاندىن كېيىن ئۇ يەنە ھەم چاقچاقىدا، ھەم رەسمىي مۇلاھىزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەلەپپۇزدا:

— ئۆرۈمچىگە كەتكىڭىز بولمىسا قەشقەرگە بولسىمۇ يۆتكىلىپ ئىشلەڭ. قەشقەردىكى ئۇيۇشمىدىكىلەرنىڭ نەرى سىزدىن ئارتۇق، — دېدى يەنە دەي - دەيگە سېلىشقا تىرىشىپ.

— مېنىڭ ئەڭ سۆيگەن يېرىم مەكتەپ.

— ياخشى گەپ، ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگىمۇ بىلىملىك ئادەملەر كېرەك، مەسىلەن....

تەۋپىق ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك يىراقلارغا قاراپ ئۈن- تىنسىز

كېلەتتى. بۇنى سەزگەن مەنسۇر ئەپەندى سۆزىنى توختىتىپ بىردەم جىم بولدى. ئەمما جىملىق ئۇزۇنغا بارمىدى:

— ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام ھەرگىزمۇ بۇ يەردە قالمايتتىم. ئەگەر مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھوقۇقدارلاردىن بولسام...

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىز مەمتىلى ئەمەس، — دېدى تەۋپىق ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ، — مېنىڭچە، — دېدى ئۇ جىددىيلىك بىلەن، — ئۆزۈمگە مۇناسىپ بىردىن- بىر ئورۇن مەكتەپ، مائارىپنىڭ ئالدىنقى سېپى. چۈنكى ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرىدىغان جاي ئاساسىي قاتلام!

مەنسۇر ئەپەندى بۇ ھەقتە ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمىدى. ئوڭۇرۇقتا بېرىپ مەدرىسكە كىرگەندىن كېيىن تەۋپىق مەنسۇر ئەپەندىنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ قانداقتۇر مەكتەپلەر ۋە ئاقارتىش يولىدىكى نەتىجىلەرگە ئەمەس، باشقا بىر نەرسىگە قىزىقىدىغانلىقىنى، يولدا كەلگۈچە بولۇنغان سۆھبەتلەردە ئۇ ئاساسىي مەقسەتنى ئۇقۇشۇپ، بىلىپ، بىر خۇلاسىگە كېلىپ بولغانلىقىنى سېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن «ئۇنىڭ مەقسىدى مېنى جەڭگاھتىن ئايرىۋېتىش ئىكەن- دە. — يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىلىسى!» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار قايتىش سەپىرىدە مەنسۇر ئەپەندى، تەۋپىقنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە قايتۇرۇشلىرىنى ئوچۇق ئىزھار قىلىشلىرىنى تەكرارلىمىغان بىلەن، بۇ ھەقتە يەنە ئويلىشىدىغانلىقىنى، قەشقەردىكى رەھبەرلەر بىلەن بىر مەسلىھەتكە كېلىدىغانلىقىنى ناھايىتى سىلىق دېگەندەك قىلدىيۇ، بۇ گەپنىڭ تېگىدىن مەجبۇرلاشنىمۇ چەتكە قاقمايدىغان بىر بىشارەت بىلىنىپ تۇراتتى.

ئاندىن، ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلار، ئۆلكە ۋەزىيىتى، شىڭ شىسەينىڭ ئىلغارلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق، شۇڭا مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ھەققىدە قىزغىن پاراڭ قىلىپ ماڭدى. بويامەت، تېجەن مەكتەپلىرىنى ئىنچىكىراق كۆزدىن كەچۈرۈشكە قىزىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سەپىرى يېرىم يولدىلا ئاخىرلىشىپ، چاپسانلا مەشھەتكە قايتىپ كەلدى.

## 2

مەنسۇر ئەپەندى «ئارىلاپ تەكشۈرۈش» نەتىجىسىدە بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتى. ھەمدە تەپتىش قىلىش خۇلاسىسىدىن دوكلات تەييارلىدى. ئەمدى قول سالىدىغان ساھەلەر، يۆتكەشكە تېگىشلىك ئادەملەر ھەققىدە يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلىشىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يىغىنى ۋالى مەھكىمىسىدە مەخپىي ئېچىلدى .

يىغىنغا ۋالى ۋاڭ باۋچيەن، گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭ، ساقچى باشلىقى قادىر ھاجى، مۇشاۋىر ئىبىرخوف ۋە ئۇنىڭ تەرجىمانى (قاسىمبەگ؟)، مەخسۇم، مەنسۇر ئەپەندىنىڭ تەپتىش ئۆمىكى بارلىق ئەزالىرى بىلەن تولۇق قاتناشتى. ۋاڭ باۋ چيەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يىغىن مەخپىي! كىمىكى بۇ يىغىن مۇزاكىرە قىلغان ئىشلار ھەققىدىكى مەخپىيەتلىكنى سىرتقا ئاشكارىلاپ قويسا، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ھازىر تەپتىش ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى مەنسۇر ئەپەندى دوكلات بېرىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى.

مەنسۇر ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇس تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنىڭ ئۆمىكىمىزنىڭ بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈشلىرى ئاخىرلاشتى. نەتىجە بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولۇپ چىقتى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئەسلىدە بىر ئاممىۋى تەشكىلات بولسىمۇ، بارا- بارا نوپۇزى ئېشىپ، ھوقۇقلۇق ئورگانغا ئايلىنىپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق، ئالدىنقى مەزگىل تىنجىتىش، ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش دەۋرى بولغاچقا بۇنىڭغا يول قويۇلغان. شۇڭا ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىن مۇستەسنا بىر ئورگان بولۇپ كەلدى، — مەنسۇر ئەپەندى ناھايىتى ئۇستا ناتىق ئىدى. سۆزلىرى راۋان، قىسقا ئەمما ۋەزىنلىك ئىدى، — ئۇنى ھۆكۈمەتكە تەشكىلى جەھەتتىن بېقىندۇرىمەن دېيىش ئاسان ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇنى ئۇلار قوبۇل قىلمايدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپتىن بەلگىلەپ بېرىلگەن

باشلىقلارنى ئۇلار ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بۇ نوپۇزى يوق كىشى يېتىم قالىدۇ ۋە ھېچ قانداق ئىشنى دەستىگە ئالالمايدۇ. ئۇلار يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز ئىشىنى قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. قايسى جەھەتتىن كونترول قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن كونترول قىلىش كېرەك! ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىللىقى بولمىغان ھەرقانداق ئورگان، تەشكىلات، دۆلەت ۋە باشقىلار ماھىيەتتە بېقىندى بولىدۇ. بۇنداق بېقىندىلىق مەجبۇرىي ئىشقا ئاشۇرۇلماستىن كاپىتالنىڭ تەبىئىي قۇدرىتى تەسىرىدە يۈز بېرىدۇ.

يىغىن ئەھلى بىر- بىرىگە قارىشىپ باش لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى. مەنسۇر ئەپەندى ئاۋۋالقىدەك ۋەزمىن، ئېنىق قىلىپ سۆزلەيتتى.

— ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېقىندى قىلىۋېلىنغاندىن كېيىن ئۇلارغا باغلىق ھوقۇقلارنى بېرىلىڭ، بەرىبىر «ئېتى بار، سىپى يوق» بولۇپ قالىۋېرىدۇ. ئۇلاردا تۇرمۇش، ئۆز جېنىنى جان ئېتىش، ئۆزىنىڭلا غېمىنى يېيىش خاھىشى كۈچىيىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا مەقسەتلەر ئۆز- ئۆزىدىن ئىشقا ئاشىدۇ، مائارىپ شەكلەن نەرسىگە ئايلىنىدۇ، پالەچ ھالغا چۈشىدۇ. ئىقتىساد ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدۇ. مەجبۇرىي چارىلەر قوپال ۋە ئاسانلا قارشىلىق پەيدا قىلغىنى بىلەن، بۇنداق ئۇسۇلدا كۆرۈنۈشكە ئورگان، مۇئەسسەلەر ساقلاپ قېلىنغان، ئەمەلىيەتتە يوق ھېسابتا، قارشىلىق كۆرسىتىشكىمۇ سەۋەب تاپالمايدۇ.

ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ تالانتىغا يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئۇنى شەرق ئىشلىرى بويىچە مۇتەخەسسىس دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن دېيىشتى.

— ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىغا كەلسەك، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلارنىڭ خىيالىدا ئۇلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكات، ۋەخپە يەرلەرنىڭ ھوسۇلى بىلەن نېمە ئىقتىسادى بولاتتى، دېگەن ئوي بولىشى مۇمكىن. شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قويايكى، پەقەت ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ۋەخپىسىدىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنىڭ ئۆزىلا مىليون جىڭدىن ئاشىدۇ، بۇنى پۇلغا سۇندۇرۇپ كۆرۈڭلار! بۇ ئەلدە مەسچىد، جامە، مەدرىس، مازار دېگەنلەر شۇنچە كۆپ، ئۇلارنىڭ چوڭراقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مىليون جىڭ ياكى شۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان

ۋەخپە ھوسۇلى بار. ئەمدى بۇنىڭغا ئۆشرە ـ زاكات، ئىئانە پۇللارنى قوشساق پەقەت قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيىسىگە كىرىم بولىدىغان پۇل ـ مال قانچىلىك بولىدۇ؟ ھەر يىلى مىليون رۇبلىغا بارىدۇ!

— ئەپەندىلەر! ماركس كاپىتالنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە توختالغاندا «سەددىچىن سېپىلىنىمۇ بۇزىۋېتەلەيدۇ»[1] دېگەنىدى. مۇشۇنداق قۇدرەتلىك قورالنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغىنىمىزنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك بولغانلىقىنى چۈشەنگەنسىلەر؟ ياخشىكى، تەلىيىمىزگە ئۇلارنىڭ ئېڭى كۆپ تۆۋەن، زىيالىي مەن دېگەنلەرنىڭمۇ ئويلايدىغانلىرى تولىمۇ ئاددىي، بولمىسا ئۇلار بىر تەرەپتىن مائارىپنى گۈللەندۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ پۇللارنى «تۇغدۇرۇپ» كۆپەيتىپ ئىشلەتسە — يەنى مىللىي سانائەتنى قۇرۇشقا باشلىسا ۋە چەت ئەللەرگە ئەۋەتىپ مىللىي سانائەت كارخانىلىرى ئۈچۈن كارخانىچىلارنى تەربىيىلەشكە باشلىسا (چۈنكى ئۇلاردا ھازىر ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولغاچقا بۇنداق ئىمكانىيەتمۇ بار)، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ ھازىرقى بۇ ئاممىۋى خاراكتېر ئالغان يېڭى مەدەنىيەت قىزغىنلىقىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇ ئىككىسى قوشۇلسا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ناھايىتى ئاجىز ھالەتتە تۇرغان ھۆكۈمەتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويمامدۇ؟ كىمدە كاپىتال كۆپ بولسا شۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ.

— ئامېرىكىدا يەھۇدى بايلىرى ئامېرىكىدىكى بارلىق مىليونېرلار ئىچىدە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئۆز كاپىتالى بىلەن ئامېرىكا ئىقتىسادىنى كىرزىسقا ئۇچرىتالايدۇ، خالىسا گۈللەندۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار كاپىتال قورالى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، تەرك ئەتكىلى ئىككى مىڭ يىل بولغان ۋەتىنى پەلەستىندە قايتىدىن دۆلەت قۇرۇشنى قوللاشقا مەجبۇر قىلماقتا. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەھۇدى مىليونېرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمى، يەھۇدى ئالىملىرىنىڭ خەلقئارالىق تەسىرى ئاستىدا يەھۇدىلارنىڭ دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى قوللاش ئېھتىمالى زور. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىكى

---

[1] «كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ خىتابنامىسى» — ئاپتور.

مۇستەقىللىقى، ھازىرقى ئەسەبىي مەدەنىيەت قىزغىنلىقى، بايلارنىڭ قولىدىكى ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش، شۇنداقلا مائارىپنىڭ راۋاجلىنىپ، بۇ ئەلدىن خەلقئارا تەسىرگە ئىگە ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تولىمۇ خەتەرلىك. بۇ خەتەرلىك بۇرنىمىزنىڭ ئاستىغىلا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، بىخۇت يۈرۈپتىمىز!

— خەيرىيەت، ئۇلار بۇنىڭغا ئەمدى ئۈلگۈرەلمەيدۇ!

— مامۇتچۇ؟ بۇ خەتەرلىككە مامۇت قوشۇلسا نېمە بولىدۇ؟ — گەپ قىستۇردى ۋاڭ باۋچيەنمۇ رۇس تىلىدا (بۇ يەردىكىلەردىن ليۇ بىڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى دېگۈدەك رۇس تىلىنى بىلەتتى).

ئېبىرخوف مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى ۋە رەسمىي پىكىر شەكلىدە ئەمەس، ئۆزىگە دەۋاتقاندەك قىلىپ:

— مامۇتنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، ئۇ دېگەن ئەسىر! — دېدى.

مەنسۇر ئەپەندى ئۇنىڭ مەسخىرىسىنى چۈشىنىپ:

— ھۆكۈمەت كۆرۈنمەي كېلىدىغان خەتەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئاساسىي دىققىتىنى مامۇتقا قاراتقاچقا، ئۇ تەرەپتىن بولىدىغان خەتەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئالدى ئېلىنىپ بولدى. بىراق، بىزنىڭ ھازىر نەزەردە تۇتىۋاتقىنىمىز يوشۇرۇن خەۋپ، بىلىنمەيلا يېتىپ كېلىدىغان بالا- قازا! يەنە تېخى بۇ يەردە گېزىتمۇ ھۆكۈمەت ئىختىيارىدا ئەمەسكەن!

— گېزىتنى پېچەتلەش كېرەك! — دېدى قادىر ھاجى لۈكچەكلەرچە تەلەپپۇزدا.

— ياق، پېچەتلەشكە بولمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ سىياسىي خاھىشىمىزنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە قۇيىدىغان ۋاستە بولۇشى لازىم. ئۇ ئىنتايىن زۆرۈر نەرسە. خۇلاسە كالام، ئالدىمىزدا ئۇيۇشمىلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە يىللىق ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مالىيىنى ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، گېزىتنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋەزىپىسى تۇرۇپتۇ.

— قىيىنچىلىق بولسا ساقچى ئىدارىسى بىلەن گارنىزون قىسىملىرى ياردەملىشىدۇ، — دېدى ۋاڭ باۋچيەن .

— خىزمىتىڭىزگە بىز تەييار، — دېدى لىۋ بىلىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەنسۇرغا سەل ئېگىلىپ، خۇشامەتچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

قادىر هاجى غىلىڭ قىلماي، توڭلۇق بىلەن ئولتۇرۇۋەردى.

— قانداق قىيىنچىلىقلار بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلايسىز؟ — دەپ سورىدى مەنسۇر ئەپەندى ۋالىدىن.

— 6 - دېۋىزىيە كاشىلا قىلىشى مۇمكىن.

ئېبىرخوف يەنە مەسخىرىلىك هىجىيىپ، ئۆزىنىڭ بىكار ياتمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— سىلەر يەنىلا مامۇتتىن قورقۇش كېسىلىڭلاردىن ساقايماپسىلەر، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى ئۆزىنى كىبىرلىك تۇتۇپ مەسخىرە بىلەن، — ئەگەر خەتەرنى دېسىڭىز 6 - دېۋىزىيەدىنمۇ خەتەرلىك كۈچلەر بار. ساقچى ئىدارىسى بۇنى بىلەمدۇ يوق؟

ھەممە قادىر هاجىغا قارىشىدى، قادىر هاجى بايىقى كاتتىلىقىدىن بىراقلاپ چۈشۈپ، ئالاقزادىلىك بىلەن بىچارە قىياپەتتە مەخسۇمغا قارىدى.

— مەندىن ئەمەس، سىلىدىن سوراۋاتىدۇ، — دېدى مەخسۇم مەسخىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ.

مەنسۇر ئەپەندى بىردەم كۈتۈپ، ساقچى باشلىقىدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن:

— مەن بارغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچىغا ئانچە ئوخشىمايدىغان، مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم كۆرگەندەك نەچچە يۈزلەپ ئادەمگە ئىگە ئەترەتلەر بار ئىكەن. پەرىزىمچە زىيالىيلار ئىچىدە ھۆكۈمەتكە قارشى پارتىيە بولۇشى مۇمكىن، ھېلىقىلار مۇشۇ پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈرەش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان قوشۇنى بولۇشى چوقۇم!

— ساقچى ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ، بۇنىڭدىكى سىرنى يېقىن ئارىدا ئاچسۇن! — ۋاڭ باۋچىيەن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا شۇنداق دېدى.

— ئۇنداق بولسا خەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭغا ساقچى ئىدارىسى، ۋالىي مەھكىمىسى قانداق قارايدۇ؟ نېمە ئوي- تەسەۋۋۇرلىرى بار؟ — سورىدى مەنسۇر.

— ئەلۋەتتە «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش» چارىسىنى قىلىمىز- دە،— دېدى ۋالى هارامزادىلىك بىلەن كۈلۈپ.

— توغرا، ئۇلارنى خىزمەت ئالماشتۇرۇش، يۆتكەش، ئۆستۈرۈش چارىلىرى بىلەن نوپۇز دائىرىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش كېرەك! ئەمما بۇمۇ پەقەت ۋاقىتلىق، ئۇلارنىڭ ئىشى بۇنىڭ بىلەنلا هەل بولغان بولمايدۇ.

ئەمدى ئۇلار كونكرېت ئىشلار هەققىدە پىكىرلىشىپ، نۆۋەتتىكى نىشاننى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈستىدە كونكرېت پىلان ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشتى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

ماي ئېيىنىڭ 10- كۈنلىرى، تەۋپىق مەنسۇر ئەپەندىنىڭ كېلىش مۇددىتىدىن خاتىرجەم بولالماي، ئاخىرى كاتتايلاقتا بىرىپ مۇھەممەت داموللا بىلەن پىكىرلىشىشكە ۋە ئۇنى «ئۆستۈرۈش» ھىيلىسىگە ئالدىنىپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى.

ھاۋانىڭ تىنجىق ئىسسىق بولىدىغان مەزگىللىرى باشلانغان بولۇپ، بۇنداق تىنجىقتا بۇغدايلارغا ئاسماندىن تۆكۈلگەندەك كۆك پىت چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ ھاۋا سەل سالقىندىغاندا — كەچقۇرۇندىراق ماڭاي دېدى- يۇ، ئاڭغىچە باشقا بىر مۇھىم ئىش چىقىپ قېلىپ، بۇ ئىش يەنە قالمىسۇن دەپ قەتئىي ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— تالا ھوۋۇلداپ كېتىۋاتقاندا سالقىنغىنا ئۆيدە بىردەم كۆزلىرىنى يۇمۇۋالماي نەگە بارىلا؟ — دەپ سورىدى مەلىكىزاد. ئۇ باياتىن بېرى ئۆيدە بىر ئىش ئۈستىدە جىددىي پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقاندەك ئىختىيارسىز مېڭىپ يۈرگەن، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇنى- بۇنى تۇتۇپ، بەزىدە ئولتۇرۇپ، خاراموش بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنگەن ئېرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانىدى. ئاخىرى تەۋپىقنىڭ ئەسلىدىكى جۇشقۇن ھالىتىگە قايتىپ دەس تۇرۇپلا شىلەپىسىنى كىيىشى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك بولدى. «باياتىن ئويلىغانلىرى ئۈستىدە ئاخىرقى قارارغا كەپتۇ- دە، ئەمدى ئۇ يەنە بىر ياققا ماڭىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆيۈنگەن ھالدا سوئال سورىغانىدى.

— كاتتايلاقتا، — دېدى تەۋپىق يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن ئايالىغا مەپتۇنلۇق نەزەرىدە قاراپ.

— ۋاي ئانامەي ي! ھاۋا سالقىنلىغاندا بارسا كاتتايلاق قىچىپ كېتەمدىكەن؟ نېمە شۇنچە زوّرۇر كەلدى.
— ئىشقىلىپ، ئالدىراش كېرەك، مەلىكەم! ھايات جىددى، ئۆزگىرىشلەرگە يېتىشىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ، ئالدىراش كېرەك.
— ئالدىرىسىلا، ئەپەندىم، جاپاكەش بولغاندىكىن... ، — مەلىكىزاد ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا قىيدىغان بولدى.
— بۇنداق قىلمايتتىڭىز، بۇ يېڭى قىلىقىڭىز؟
— ھېلىمۇ مەيلى دەيمەن، بىراق، يول ئۇزۇن، چۆلدىن بارىسىز، ھاۋا شۇنداق ئىسسىق تۇرسا...
تەۋپىق ئۇنى چۈشىنەتتى. سېزىكلىك مەلىكىزادنى تېخىمۇ يېقىن قىلىۋەتكەن، شۇڭا ئۇ تەۋپىق تالاغا ماڭسىلا رەڭگى ئۆڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
— كېچىلەپ بولسىمۇ قايتىپ كېلىپ بۇيرۇقىڭىزدا بولاي، كەلگەندىن كېيىن ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي بولامدۇ؟ — تەۋپىق ئەركىلىتىش تەلەپپۇزى بىلەن شۇنداق دېۋىدى، مەلىكىزاد ئۆز ئۆزىدىن ئۇيلىپ «بارغانچە ئۇنىڭغا چۈشەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن جۇمۇ، بۇنداق قىلسام ئۇنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويماي» دېگەنلەرنى ئويلىنىپ:
— ئانچىكى دېدىم، مېڭىۋەرسىلە، خوشلاشقىنىمىز مۇشۇمۇ؟ — دېدى.
— ياق، تېخى، مەن ئېلاخۇنغا ئاتنى ھازىرلا دەپ قويۇپ يەنە كىرىمەن، سومكىلىرىمنىمۇ ئالغىنىم يوققۇ؟
— ماقۇل ئەمىسە.
تەۋپىق ئىشىكتىن چىقىپلا زەكىگە دۇچ كېلىپ قالدى.
— خەلپىتىم سىزنى چاقىرىپ كەلگىن دېگەنتى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.
— خوش، نېمە گەپ؟ — تەۋپىق ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋېتىپ سورىدى.
— گېپى بولسا كېرەك... — زەكىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى.
ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم ئىشخانا ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى.
— ئالدىراش ئەمەسسىمىدىڭىز، ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇ تەۋپىقتىن ئەپۇ سورىغاندەك تەلەپپۇزدا.

— كاتتايلاقتا جابدۇپ تۇراتتىم، نېمە گەپ بار ئىدى؟

— قەشقەردە ئۇيۇشما مۇدىرلىرىغا مەجلىس بار ئوخشايدۇ، چاقىرتىپ ئالاقە كەپتىكەن.

— ئالاقە كەلگەن بولسا بېرىپ كېلىڭ. مەنمۇ يولۇمغا ماڭاي، ئىشلارغا قۇتلۇقئاخۇن، نۇرۇللا، زەكىلەر بولغاندىكىن خاتىرجەم بېرىۋەرمەمسىز.

— سىزنى چاقىرتقىنىم، بۇ يىغىن ھېلىقى تەپتىش ئۆمىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق، بۇنىڭدا ئالدىن تەييارلىنىۋېلىشقا توغرا كېلەمدۇ يوق، مەسلىھەتلىشىپ باقاي دېگەن غەرەز بار ئىدى. قايسى كۈنى مەنسۇر ئەپەندى بىلەن خېلى كۆپ پاراڭلاشتىڭىز، بەلكى ماڭا بىرەر مەسلىھەت بېرەلەرسىز...

— ھە، بۇنى توغرا ئويلاپسىز. ئەنە شۇنداق بىرەر پالاكەت يىغىن بولۇپ قالسا تۇيۇقسىز بېرىپ قېلىش ئانچە ياخشى ئەمەس. مېنىڭ سىزگە دەيدىغىنىم ئەگەر سىز بارىدىغان يىغىن تەپتىش ئۆمىكىنىڭ قىلىقى بولۇپ قالسا جەزمەن بىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىمىزگە خىلاپ گەپلەر بولۇشى چوقۇم. ھەزەر ئەيلەڭ، مەنسۇر ئەپەندى مېنى «ئۆستۈرۈش»نىڭ گېپىنى قىلدى. بىراق، مەن ئۆسۈشنى خالىمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۇم. بۇ قارىشىمدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ، مۇشۇنداق گەپلەر يەنە بولۇپ قالسا، سىزمۇ مېنى ھېچ يەرگە ئەۋەتمەيدىغانلىقىڭىزنى قەتئىي قىلىپ جاكارلىسىڭىزلا بولىدۇ. ھازىرلا يولغا چىقامسىز؟

— شۇنداق قىلسامىكىن ...

— ماقۇل، ئاقىۋول تىلەيمەن، بەردەم بولۇڭ! — تەۋپىق خۇشخۇيلۇق بىلەن ئىسلام ئاخۇننىڭ قولىنى قىستى

— يەنە باشقا تاپىلاشلىرىڭىز يوقمۇ؟

— شۇ يەردىكى دوستلار بىلەن ھەم پىكىر بولۇڭ، ئۇلارنىڭ نېمە ئويۇن ئوينىشىنى بىلگىلى بولمىغاچقا بىر نېمە دېيەلمەيۋاتىمەن. خوش، ئىككىلەنمەڭ، قەتئىي بولۇڭ!

ئۇ تېخى ئىبلاخۇننى ئاتنى تەييارلاشقا بۇيرۇپ، ئات تەييار بولمايلا نېمىتۇللا ئاتلىق كىرىپ كەلدى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئاۋۋال ھەربىيچە

چاس بەردى، ئاندىن تەۋپىق بىلەن قەدىناسلارچە قوچاقلاشتى.

— سىزنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئىنىم؟ — دېدى تەۋپىق ئۇنى مۇرىسىدىن سىلكىپ تۇرۇپ، — بالىلارنىڭ تەربىيە ئىشىغا قاراشقىلى كەلدىڭىزمۇ يا؟

— ياق، ئەپەندىم، ئۇنىڭغا يېقىندا مەڭلىك كېلىدۇ، كېيىن مەڭلىك بىلەن مەن ئالمىشىپ قېلىشىم مۇمكىن. بۈگۈن سىزگە سىجاڭنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلدىم، — نىمىتۇللا خەتنى چىقىرىپ تەۋپىق ئەپەندىگە سۇندى.

خەتتە ئۇيۇشما مۇدىرى بىلەن بىللە كېلىش ئېيتىلغان بولۇپ، كەلگەندىن كېيىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش ئەسكەرتىلگەندى.

— هازىرلا ئاتلىنىمىزمۇ ئىنىم؟ سىز ئۇسسۇلۇق ئىچىپ تۇرۇڭ، ئاڭغىچە بىزنىڭ ئاتلىرىمىز تەييار بولىدۇ. مەنمۇ ئۆيگە بېرىپلا كېلەي، — دېدى تەۋپىق هەم ئىشخانىدىن تەييارلىنىپ چىققان ئىسلام ئاخۇنغا، — ئالدىرىماڭ خەلپىتىم، مەنمۇ سىز بىلەن ماڭىدىغان بولدۇم. ماۋۇ يىگىتكە ئۇسسۇلۇق بېرىپ تۇرۇڭ. مەن هازىرلا... — دېدى.

ئۇلار تېزلا يولغا چىقىشتى.

ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا كۈن غەربكە قىيسايغانىدى. تەۋپىق گۇزەردىن كىرىۋاتقىچە ئويلاپ كۆرۈپ ئىسلام ئاخۇنغا:

— سىزنى ئۇيۇشمىدىن چاقىرتقاندىكىن، سىز ئۇيۇشمىغا بېرىپ ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ. مەن سىجاڭ چاقىرتقاندىكىن شۇيان باراي. ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى.

— بولىدۇ، — قوشۇلدى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم، — بەلكىم ئەتە يىغىنغا قاتنىشارسىز.

—بەلكىم... خەير، ئەمىسە، خەلپىتىم.

ئۇلار خوشلاشقاندىن كېيىن تەۋپىق دېۋىزىيە شتابىغا كەلدى. ئۇ ئۇدۇللا مەهمۇد مۇهىتىنىڭ كابىنىتىغا كىردى. بۇ چاغدا مەهمۇت مۇهىتى بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تەۋپىقنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى:

— كەلدىڭىزمۇ؟ بەك ئوبدان بولدى. مەن سىزنى يىراق بىر يەرگە كەتكەنمىدۇ دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم، ياخشى بار ئىكەنسىز؟

— بار ئىدىم، ئەمما كاتتايلىققا جابدۇنۇپ تۇراتتىم.

— خۇداغا شۈكرى، — مەھمۇد مۇھىتى كالتە سېرىق ساقىلىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدە دائىم غەمكىنلىك ۋە جىددىيلىك يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى، — مۇنداق قىلايلى، سىز كەلدىڭىز، ئازراق ئىسسىڭىزنى ئىلىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلىشەيلى. ئەتىگىچە پۇرسەت بىزنىڭ قولىمىزدا.

— خالىغىنىڭىزدەك بولسۇن، ... بىراق، — دېدى تەۋپىق تېنىمىسىز قانلىرى تەخىرسىزلىكتىن مەڭزىگە تېپىپ، — مەن بۇ ئىشنىڭ ئازراقمۇ ئۇچۇرىنى بىلمىگەچكە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن.

— سىزنىڭ قېنىڭىز شۇنداق، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى كۈلۈمسىرەپ، — سۆزلىشىدىغىنىمىز ئەتە ئۇيۇشمىدا ئېچىلىدىغان يىغىن توغرىسىدا، يەنى تەپتىش ئۇمىكى دېگەن لومودىلار ئاچىدىغان يىغىن توغرىسىدا. ئەمىسە ھازىر سىز چىقىپ ئازراق ئارام ئالغاچ، تاماق يەڭ، ئاندىن مېنىڭ خانەمگە كىرىڭ، — مەھمۇد مۇھىتى شۇنداق دەپ بولۇپ ئادىيۇتانىتىغا تەۋپىقنى كۆتۈشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى يەنە شىرە ئالدىدا ئولتۇردى.

ئۇلار كەچتە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ياتىقىدا خالى ئولتۇرۇشتى. مەھمۇد مۇھىتى ئاۋۋال تەۋپىقتىن مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئاتۇشقا بېرىپ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى سورىدى. تەۋپىق مەنسۇر ئەپەندى بىلەن قىلىنغان سۆھبەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— خۇداغا شۈكرى، ئۇ سىزنى ئالدىيالماپتۇ. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ سىز ئويلىغاندەك، مائارىپنى تەكشۈرۈش، غەمخورلۇق قىلىش ئەمەس، بەلكى پالەچ قىلىۋېتىش. ئۇ بۇ سەپتە كۈچ كۆرسىتىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەپەندىلەرنى «ئۆستۈرۈش» نامى بىلەن ئېتى بار، سېپى يوق خىزمەتلەرگە يۆتكەپ يوقاتماقچىدى. ئۇ بۇ مەقسىتىگە مەلۇم دەرىجىدە يەتتى. بىلەمسىز، بىرمۇنچە مۇئەللىملەر ئۇنىڭ پۇچەك ياخاقلىرىغا ئالدىنىپ يۆتكىلىشكە رازى بولۇپ، رەسمىيەتلىرىگە قول قويۇپ بولۇپتۇ. بەزىلەر سوۋېتكە، بەزىلەر ئۇرۇمچىگە بارىدىغان بوپتۇ... — مەھمۇت مۇھىتى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھەم ئېچىنغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەڭگۈ چىقاتتى، — مىللىي مائارىپنىڭ

زاۋالى بۇرنىمىزنىڭ تۇۋۇگىلا كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. سىزدەكلەر كۆپ قالمىدى... ئۇلار يەنە نوۋېتى مەكتەپكە تىكىلىپلا قالدى. ھەرخىل مۇئەللىملەر توپلانغان بۇ جاي ئۇلارنىڭ بىرىنچى ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالىدىغاندەك... ئەتە بارلىق تارماق ئۇيۇشمىلارنىڭ مۇدىرلىرى بىلەن يىغىن ئاچماقچى بولغانىكەن، بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يەنە بىر ئويۇن ئوينايدىغانلىقىنى قىياس قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىمۇ مۇشۇ يىغىنغا قاتناشسۇن دەپ چاقىرتقانىدىم. ئۇ ئەبلەخنى بەك سۆزمەن دەيدۇ، سىزنى قارچۇغا قىلىپ سالماي بولمىدى...

— ئۇ بىردەمدىلا شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بوپتىمۇ؟

— ئۆلگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ باشلاپ كەلگەن ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى پۇل ئۈچۈن، ئەمەل ئۈچۈن ھەممىنى ساتىدىغان نېمىلەر تۇرسا، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى سېتىپ پۇل قىلىشقا، خوجايىنلىرىنى رازى قىلىپ ماختاش ئاڭلاشقا ئالدىرىماي قالاتتىمۇ؟...

— سىز ئۇنىڭ نېمە مەزمۇندا يىغىن ئاچىدىغانلىقىنى ئۇقمىدىڭىزمۇ؟

— ئۇقالمىدىم، بۇنى ئالاھىدە مەخپىي تۇتقان بولسا كېرەك، ھېچكىم ئۇقمايدىكەن، ئېھتىمال تەييارلىقسىز تۇرغاندا بىرلا ھۇجۇم بىلەن مەغلۇپ قىلىشنى ئويلاپ ئالدىن ئۇقتۇرمىغان بولسا كېرەك. ئاخىرقى ئىمكانىيەتلەردىنمۇ ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، مەنمۇ يىغىنغا قاتناشماقچىمەن، سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ، ئىشەنچلىك ئادەملەر كۆپرەك بولغىنى ياخشى، ھازىر مەن يېتىم قېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم، ... بۇ خەقنىڭ ئۇسۇللىرى ھەقىقەتەن زەھەرلىك! «ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان»لار...!

— ئەلۋەتتە سىز دېگەندەك قىلىمىز، ئاخىرقى ئىمكانىيەتلەرنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىمىز! — تەۋپىق قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. ئۇنىڭ قانلىرى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇراتتى. ئۇنىڭ ئاللاكىم بىلەن راسا ئېلىشقۇسى كېلىپ تۇراتتى، — بۇ مىللەتنىڭ تارىخى يوسۇندا يېتىپ كەلگەن ئويغىنىش دەۋرى مۇشۇ، ئەگەر بۇ پۇرسەت قولدىن بېرىپ قويۇلسا، بۇنداق تارىخي شارائىتنىڭ يەنە بىر قېتىم پىشىپ يېتىلىشى ئۈچۈن يەنە نەچچە ئون يىل كېتىشى... بەلكىم، بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەسلىكىمۇ

مۇمكىن...

— سىز نوۋېشىغا بارامسىز؟ شۇنداق قىلساڭ، بۈگۈن يا نوۋېشىدا يا بولمىسا چاپان بازىرىدا يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن بىللە بولۇڭ، ئۇلاردىن بىرەرسى بىلەن بولسىمۇ ئۇبدانىراق سۆزلىشىپ قويۇڭ. ئەخمەد ئەپەندىگىمۇ تاپىلاڭ، دارىلمۇئەللىمدىكىلەر بىلەن پىكىرلىشىپ، ئازراق ھەرىكەت قىلسۇن. گەرچە ھۆجۈمنىڭ قايسى تەقلىددە بولۇشىنى بىلمىسەكمۇ، ھەر ھالدا تەييار تۇرغىنىمىز ياخشى، — مەھمۇد مۇھتى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تەۋپىقنىڭ رايىنى سوراپ ئولتۇرمايلا كەسكىن ھالدا، — تېزراق بىر يەرگە كېلىڭ، سىزنى ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى.

— نېمىشقا ئاپىرىپ قويىدۇ، ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، ئەپەندى؟ بۇ دېگەن قەشقەر! ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇھىت. سىز ياشلىقىڭىزغا ئالغان بىلەن، مەن قورقىمەن، — دېدى.

— نوۋېشىغا باراي، مەكتەپتە ھېچ بولمىسا بىرنەچچەيلەن بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالايمەن، — دېدى تەۋپىق ئاخىرى.

مەھمۇت مۇھتى شۇئان جەڭ ئالدىدا تۇرغاندەك كەسكىن ئاۋازدا مۇلازىم ئەسكەرنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭ چەبدەسلىك بىلەن ھازىر بولۇپ، چاس بېرىشىدىن رازى بولغان ھالدا:

— ئەپەندىنى باشلاپ چىقىپ، نىمىتۇللا بىلەن مەڭلىككە قوشۇپ قوي! ئۇلار ئەپەندىنى مۇھاپىزەت قىلىپ نوۋېشىغا ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى، ئاندىن تەۋپىققا قاراپ، — ئۆزىڭىزنىڭ كونا دوستلىرى بىللە بارسۇن ۋە ئەتىگچە خىزمىتىڭىزدە بولسۇن، خەير! — دېدى.

تەۋپىق مۇلازىم ئەسكەر بىلەن بىللە چىقتى، ئەسكەر مەڭلىك ئاخۇن بىلەن نىمىتۇللانى ياتاقلىرىدىن چاقىرىپ، سىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. جەڭچىلەر دەرھال بەلتاسمىلىرىنى باغلاپ، تاپانچىلىرىنى ئېسىپ، بىر-ئىككى مىنۇت ئىچىدىلا تەۋپىققە راپورت بەردى:

— ئەسكەر مەڭلىك بىلەن نىمىتۇللا بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىدۇ!

— ماڭايلى، يىگىتلەر، — دېدى تەۋپىق ھەم تەسىرلەنگەن، ھەم زوقى كەلگەن ھالدا.

ئۇلار چاپسانلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

## 2

يىغىن جىددىي كەيپىياتتا باشلاندى. مەنسۇر ئەپەندىنىڭ تەپتىش ئۆمىكىدىكىلەر قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ، سۇر كۆرسىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىر تەرىپىدە مەھمۇت مۇھتى، ساۋۇت ئەپەندى، ئابدۇغوپۇر داموللا، تۇرغۇن ئەپەندى، توختاجى قاتارلىق ئۆيۈشما خادىملىرى، نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى ئولتۇراتتى. مەھمۇد مۇھتىنىڭ ئارقىسىدا مۇھاپىزەتچىلەر باشلىق ئىبلىياس ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئون نەپەر تولۇق قوراللانغان مۇھاپىزەتچى تىك تۇرۇشاتتى. تۆۋەندە ئولتۇرغان ناھىيە ۋە بەگلىكلەردىن كەلگەن ئۆيۈشما مۇدىرلىرى ھەم ئاشۇنداق سۈرۈن چىراي كۆرۈنەتتى.

ئالدى بىلەن مەنسۇر ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەپ، ھازىرقى ئۆلكە ۋەزىيىتى، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئادالەتلىك سىياسىتى، ھاكىمىيەتنىڭ مىسلىسىز مۇستەھكەملەنگەنلىكى قاتارلىق سۆزلەر بىلەن تەھدىت تەلەپپۇزىدا كېيىنكى سۆزلىرى ئۈچۈن زېمىن تەييارلىدى. ئاندىن «يېڭى ھايات» گېزىتىنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقى، گېزىت توغرىدىن - توغرا ئۇستىقۇرۇلما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسە بولغاچقا ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئىختىيارىدا بولماسلىقى توغرا بولمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ھەمدە بۇنىڭغا قارشى پىكىرلەرگە ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تەھدىت خاراكتېرلىك جۈملىلەرنى قوشۇپ قويدى. بۇنى شىڭ دوبەنىنىڭ بۇيرۇقى دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ قىسقا مۇددەتكە سۆزدىن توختىسا پۈتكۈل زال قەۋرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكەتتى. بۇنداق سۈرلۈك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھېچكىم سوئال سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار مەنسۇر ئەپەندىنىڭ سۆزلەرنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ، تولىمۇ جانلىق سۆزلىگىنىگە ھەم

زوقلىناتتى، ھەم غەزىبى كېلەتتى. ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرىدە، ئەڭ قالتىس دېگەنلىرىمۇ ئاران رۇشتى مەكتەپتە ئوقۇغان كۆپچىلىك بۇنداق پىشقان ناتىقنى گەپتە تەڭ كېلەلمەسلىكىدىنمۇ ئۇن چىقارمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن يىل قۇللۇق مۇھىتىدا يۈرىكى مۇجۇلۇپ ھەممە نەرسىدىن قورقۇپ ئادەتلىنىپ كەتەن بۇ خەلقتە قارشىلىق ئوتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆچكەنىدى.

مەنسۇر ئەپەندى مەتبۇئاتنىڭ ھۆكۈمەت قارمىقىدا بولىدىغانلىقىنى توسقۇنسىز جاكارلىغاندىن كېيىن مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە گەپنى يۆتكىدى.

— ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىرنەچچە يىللىق خىزمەتلەردىن تەپسىلىي دوكلات بېرىش بىلەن بىللە، نەچچە يىللىق كىرىم-چىقىم ئەھۋالىدىن ھېساب بېرىشى كېرەك، — دېدى ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرگەن، جىددىي، سۈرلۈك كۆرۈنۈشتە (تەۋپىق ئۆزى بىلەن بىللە سۆزلەشكەن چاغدىكى خۇشخۇي ئادەمنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى)، — تۆۋەندىكى بارلىق تارماق ئۇيۇشمىلار ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىغا ھېسابات ئۆتكۈزىدۇ، ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما ھەممىسىگە جاۋابكار بولۇپ، ھېساب بېرىدۇ. ھېسابات ئېنىقلىنىپ بولغاندىن كېيىن مالىيىنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالىدۇ...

ئەمدى يىغىننىڭ سۈرلۈك جىمجىتلىقى بۇزۇلۇپ، تۆۋەندىن نارازىلىقنى ئىپادىلىگۈچى پىچىرلاشلار، دىمىقنى قېقىشلار، پەس ئاۋازدا تىللاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— دىققەت قىلايلى! دىققەت! كىمنىڭ گېپى بولسا ئوچۇق ئېيتسۇن! — دېدى مەنسۇر ئەپەندى يەنىلا سۈرلۈك ئەلپازدا، تەھدىت تەلەپپۇزىدا.

كەيپىيات تۆۋەنلەپ، يەنە بىردىنلا جىملىق باشلىنىدىغاندەك قىلىۋىدى، كۆپچىلىكنىڭ روھى جەھەتتە تەسلىم بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەۋپىق ئورنىدىن تۇردى.

— سۆزلىشىمگە رۇخسەتمۇ؟ — دېدى ئەدەپ يۈزىسىدىن.

— خوش، ئۆزىڭىز كىم بولىسىڭىز؟ — دېدى مەمسۇر ئەپەندى گويا

تەۋپىقنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرغاندەك، — قايسى ناھىيىدىن؟ پەيزاۋات ئاتۇشتىن؟ مۇئەللىم؟ مۇئەللىملەرگە كىم ئۇقتۇرۇش قىپتىكەن؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا غەزەپلىنىپ.

— مەن ئۆزۈم خالاپ كەلدىم! — دېدى تەۋپىقمۇ غەزەپلىك ئاۋازدا.

— ئۆزىڭىزمۇ؟ بوپتۇ، سۆزلەپ بېقىڭ! سىزدەكلەرنى كۆرۈپ قويغىنىمىزنىڭ زىيىنى يوق! — مەنسۇر ئەپەندى يەنە سۆزلەيدىغانلار چىقمىسۇن دېگەندەك تەھدىت سالدى.

— ئەجەبا، زۇلمەتتە ياتقان خەلقنىڭ قەلبىنى ئىلىم بىلەن يورۇتۇش ئۈچۈن ئىككى سەر پۇل ئاجرىتىشقا كۆزى قىيماي، ئورۇق ئىنەكنى سېغىۋەرگەندەك، سېغىپ ئىچىشنىلا بىلگەن ھۆكۈمەت، — ئەمدى ئۇيۇشمىغا ئىگە بولىدىغان بولۇپ قاپتىغۇ؟ قېنى جار سېلىپ يۈرگەن ئازادلىق؟ قېنى ئۇ ماختاۋاتقان ئادالەت؟

بىردىنلا بۇنداق غەزەپلىك قارشىلىقنىڭ كېلىپ چىققىنىنى كۆرگەن مەنسۇر ئەپەندى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى.

— سۆزىڭىز تۈگىدىمۇ؟

— ياق! تۈگىمىدى! ئەسىرلەپ نادانلىق ئىسكەنجىسىدە ئىڭراپ ياتقان خەلقنى ئازراق بولسىمۇ ئاق - قارىنى پەرق قىلىدىغان قىلىش ئۈچۈن، بۇ بەخسىز ئەلنىڭ بىرنەچچىلىگەن زىيالىيلىرى بەل باغلاپ چىقمىغان بولسا، بۇ ئادالەتچى ھۆكۈمەتنىڭ يادىغا مەكتەپ سېلىپ بۇلارنى ئوقۇتۇش كېلەرمىدى؟ ئۇلار ئۈچۈن خەلقنىڭ نادانىراق بولغىنى خوپ ئەلۋەتتە. خەلق يېمەي - ئىچمەي، ئۆزى يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ بولسىمۇ قىسىنىپ ئىئانە بېرىپ ئازىراق راسخود جۇغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن جاپاغا بەل باغلىشىپ مەكتەپ ئاچسا، ئەمدى، تەييار بولغان پۇلغا ئىگە بولماقچى، ھەتتا خەقنىڭ پۇلنىڭ ھېسابىنى ئالماقچى بولۇش قانداق ئادالەتچىنىڭ ئىشى؟

— دۆلەتتىكى بارلىق نەرسە، جۈملىدىن يەر، سۇ، ئورمان، كان بايلىقى، شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە تەئەللۇق! مەيلى ئىئانە بولسۇن، مەيلى قانداق يول بىلەن جۇغلانغان پۇل بولسۇن، بايلىق، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىختىيارىدىكى نەرسە. ئۇنداقكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھېساب

ئېلىشىغا نېمىشقا ھوقۇقى بولمايدىكەن؟!

— بەلكىم بۇ خەلقنىڭ ئەركىن سايلىمى ئارقىلىق، يەنى خەلق ئۆزى سۆيۈپ سايلىغان كىشىلەردىن بارلىققا كەلگەن ھۆكۈمەتلەردە شۇنداق بولسا مەنتىقىلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما...

— دېمەك، ھۆكۈمەتنى سۆيمەيدىغانلارمۇ باركەن ـ دە؟!

— ئۇنداق بولسا، — تەۋپىق سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا ساۋۇت ئەپەندى سۆزگە ئارىلاشتى، — ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان خەلقنىڭ ھال- ئەھۋالىغا، بەخت- سائادىتى، قايغۇ نادامەتلىرىگىمۇ ئىگە بولماي، پەقەت ئامەتكە شېرىك بولۇپ ئاپىتىنى تونىمىغان ھۆكۈمەتنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟

مەنسۇر ئەپەندى قايىل قىلارلىق جاۋاب تاپالماي مەڭدەپ قالدى. ئەمما ئۇ تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ھەقنى بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەمەلىي ئەھۋال پىكىر بەرگۈچىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك تۇرغاندا قايىل قىلارلىق جاۋابنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇ مۇتىھەملىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىز... سىلەر نېمە دېمەكچى؟ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقماقچىمۇ؟! — ئۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئەتراپىغا ئالاق- جالاق قارايتتى. پۈتۈن يىغىن ئەھلى ئەمدى خېلى جانلىنىپ قالغاندەك شاۋقۇن ـ سۈرەن قىلىشاتتى.

مەھمۇد مۇھىتى گويا ھېچ ئىشقا دىققەت قىلمايدىغاندەك سالماقلىق بىلەن، خاتىرجەملىك بىلەن بىر خىلدا قولاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

— بىز ھۆكۈمەتكە قارشى چىقماقچى ئەمەس، — دېدى تەۋپىق جاۋاب بېرىپ، — بىز پەقەت شۇنىڭغا چۈشەنمەيمىزكى، ئۆزىمىز ئويغىنىپ، ئۆز غېمىمىزنى ئۆزىمىز قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈش- تىرىلىشىمىز بىلەن كارى بولمىغان ھۆكۈمەت قانداق بولۇپ ئەمدىلىكتە يېمەي- ئىچمەي جۇغلىغان پۇلىمىزنى باشقۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ قالدى؟ ھېچ بولمىسا راسخودنىڭ يېرىمىنى ھۆكۈمەت بەرگەن بولسا، يېرىمىنى خەلق توپلىغان بولسىمىغۇ، بىز بەرگەن پۇلنى خىيانەت قىلىشقا ئىشىنىپ بارامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ ھېساب ئالسا بولاتتى. خەلقنىڭ ھالال تەرىدىن كەلگەن پۇل، ئۇلار ئۆزلىرى يەپ ئىچىۋەتكەن بولسىمۇ كېتەتتى، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ھۆكۈمەت سۈرۈشتۈرگۈدەك

ھېسابمۇ قالمايتتى. لېكىن ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارنى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ، بۇ پۇلنى مائارىپقا ئاتىدى. ئەجىبا بۇنى ئەمدى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ بېرىدىغان بولۇپ قاپتىغۇ؟

— ئۇنداقتا ھەممە ئادەم ئۆزۈمنىڭ پۇلى، ئۆزۈمنىڭ مېلى دەپ بىلگىنىنى قىلىۋەرسە، ھۆكۈمەتنىڭ نېمە رولى، نېمە ئەھمىيىتى؟! سىلەر زادى نېمە قىلماقچى؟!

تۆۋەندىكىلەرمۇ شاۋقۇن- سۈرەن سېلىپ تەپتىش ئۆمىكىدىكىلەرنى مەسخىرە قىلىشقا، بەزىلەر غەزەپ بىلەن ھۆكۈمەتنى قوشۇپ تىللاشقا باشلىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈمدىكى كىرىم- چىقىمنى باشقۇرۇشقا مەنسۇر ئەپەندى بىر ئادەم ئىلتىپات قىلارمۇ قانداق؟ — دەيتتى بىرلىرى ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، مېنىڭ مۇئاشىمنى باشقۇرۇشقىمۇ بىر بوغالتىر كېتىدۇ...

«تەپتىش ئۆمىكى» دېسە، مەن تېخى بۇلارنى خىيانەتچى ئەمەلدارلار، پارىخورلارنى تەپتىش قىلامدىكىن دەپتىكەنمەن....

— ئۇلار ئوغرىنى قويۇپ، توغرىنى تەپتىش قىلىدىكەن دېسىلە ...

— ئۆزلىرىمۇ ئوغرىغا شېرىك تۇرسا توغرىنى تۇتماي، ئوغرىنى تۇتامتى؟

....

بۇنداق زەھەرلىك تەنىلەر، نارازىلىقلار مەنسۇر ئەپەندىنىڭ راسا ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇ ئورنىدا زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. دەممۇدەم شىرەنى تاقىلدىتىپ، كىشىلەرنى تەرتىپكە چاقىراتتى.

— دىققەت قىلايلى، دىققەت! مېنى ساقچى چاقىرىپ تەرتىپ ساقلىسۇن دەمسىلەر؟ مېنى ئامالسىز قىلىپ قويساڭلار...

— مەيلى، كىمنى چاقىرساڭ چاقىر!

— ئۆزۈڭنى كىم چاقىرىپ كەلگەن دېسەڭلارچۇ؟

...

ئاخىرى تەرتىپ سەل ئەسلىگە كەلدى. بۇ چاغدا تېخىچە ئورنىدا ئولتۇرمىغان تەۋپىق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بىز بۇنداق «ئاتىدارچىلىق»نىڭ يىراق مەقسىدىنى ئەلۋەتتە

چۈشىنىمىز. ھۆكۈمەتكە ئاڭلىق خەلق ئەمەس، نادان ۋە يۇۋاش قۇللار كېرەك! ئەجەبا سىز خەلقنىڭ مۇشۇنداق زۇلمەتكە قاراپ مېڭىشىغا چىداپ تۇرسىڭىز؟ سىز ئۇيغۇرمۇ؟

— نېمە، سىز ئۇيغۇر، پۇيغۇر دەپ نېمە دېمەكچى؟ بىلىمىز، تۇركىيىدە ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مانا شۇنداق، ئەسەبىي مىللەتچىلەر! پانتۇركىستلار! خائىنلار! — مەنسۇر ئەپەندى گويا نېرۋا كېسەللىكى بار ئادەمدەك مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، ھەر ئىككى قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، دەممۇدەم چېكىسىگە مۇشت تەڭلەپ، قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

— سىز ئاشۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھېچبىرىگە پاكىت تېپىپ بېرەلمەيسىز! ئەمما مەن سىزنىڭ خائىن ئىكەنلىكىڭىزگە ھازىرقى مەيدانىڭىز ئۆزىدىلا پاكىت تېپىپ بېرەلەيمەن! خائىن دېگەن نېمە؟ ئۆز خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە خىزمەت قىلغۇچىلار! سىز ئۆزىڭىز كىم؟ كىم ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسىز؟ سىزنىڭ بۇ «بۈيۈك خىزمىتىڭىز» نەتىجىسىدە كىم پايدا ئالىدۇ؟ كىم زىيان تارتىدۇ؟ بۇ خورلانغان ئەل زىيان تارتىدۇ! ئۇنداقكەن پايدا ئالغۇچى ئەلۋەتتە دۈشمەندۇر! سىز بۇ دۈشمەن ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىكەنسىز، شۈبھىسىزكى خائىن بولۇپ چىقىسىز!

يىغىن كەيپىياتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. كىشىلەر تەۋپىقنىڭ سۆزلىرىدىن گويا دەردى چىقىپ، قورسىقى بوشىغاندەك ھوزۇرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرىمەيمۇ تۇرالمىدى. ئۇنى قىزىشىپ كەتمىسە بولاتتى دەپ ئويلاشتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق ئاياقلىشىشقا كۆزى يەتمەيلا قالدى. بىرمۇنچە ئادەملەر قورقۇشقا باشلىدى. مەنسۇر ئەپەندى بولسا تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى:

— سىز بىلەن كېيىنچە ھېساب- كىتاب قىلىشۋالىمىز! لېكىن، ھازىرقى مەسىلە ئۇ ئەمەس، سىزدەكلەرنىڭ ئىشى ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس! — ئۇ مەنسىتمەسلىك بىلەن قولىنى شىلتىدى، — ھازىر بىزنىڭ كۈنتەرتىپكە قويغىنىمىز ئۇيۇشمىنىڭ ئىقتىسادى ھېساباتىنى كۆرۈش ۋە ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش! بارلىق ئۇيۇشما مۇدىرلىرى ئەتىدىن قالماي مۇشۇ ئىشقا كىرىشسۇن ۋە ھېساب بېرىشكە تەييارلانسۇن! — دېدى ئۇ قەھرى بىلەن

شىرەگە مۆشتلاپ.

ئۆنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا مەھمۇد مۇھىتى ھەربىيلەرگە خاس چەبدەس ھەرىكەتلەر بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئوقلۇق تاسمىغا قىستۇرۇۋالغان قوش ماۋزۇرنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن سۇغۇرۇپ ئېلىپ شىرەگە «تاق»قىدە قويدى.

— ھېساب بېرىشكە قىستىسىڭىز بىز مانا بۇنىڭدىن «ھېساب» بېرىمىز! — ئۆنىڭ قوماندانغا خاس سۈرلۈك ۋە بوم ئاۋازى زالدا ياڭراپ كەتتى.

مەھمۇد مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندىلا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن تاپانچا ئېلىشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. پەقەت شىرە ئۈستىدە «تاق» قىلغان سادا بىلەن قوش تاپانچا پەيدا بولغاندىلا ئۇنىڭ تاپانچا ئالغانلىقىنى بىلىشتى.

ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن تەپتىش ئۆمىكى ئەزالىرى، خۇسۇسەن مەنسۇر ئەپەندى «بۇ باقاندەك ئادەم بىزنى جايلىۋېتەرمۇ؟» دېگەندەك ئەندىشە ۋە بىرئاز بىچارىلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىغا، كۆزىگە قاراپ قېلىشتى.

— مەمتىلى ئەپەندى بايا سىزدىن ھەقلىق سوئاللارنى سورىدى. مەنمۇ سىزدىن سوراپ باقاي، سىز ئۇيغۇرمۇ؟ سىز قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىشىڭىزدا كىمنىڭ پايدا ئېلىپ، كىمنىڭ زىيان تارتىشىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر بۇنىڭدا زىيان تارتقۇچى خەلق بولىدىغان بولسا، سىز كىمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئەلۋەتتە خەلقنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىسىز! ئىپلاس ئادەملەر ئۈچۈن پۇل ۋە ئەمەل بولسىلا بولىۋېرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قەۋمىنى ئەرزانلا سېتىۋېرىدۇ!

ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن مەنسۇر ئەپەندى بۇ قېتىم ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن يۇمشاقلىق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ھايات قېلىش ئىدى. باشقىلىرى ئاندىن ھەل بولاتتى.

— كۆپچىلىكنىڭ ئېيتقىنى توغرا، بەزى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقى ماڭىمۇ ئايان. لېكىن، كۆپچىلىكمۇ چۈشىنىدۇ، مەن دېگەن پەقەت ئەلچى، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەيدىغۇ، مەن پەقەت ئۆلكىنىڭ گېپىنى

يەتكۈزدۈم. ماقۇل دېسەڭلا، مانا، بولمىسا ئەنە... — مەنسۇر ئەپەندى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئانچە قاملاشتۇرالمىدى.

مەھمۇد مۇھىتى تاپانچىسىنى شىرە ئۈستىدىن ئالدىرىماي ئالغاندا مەنسۇر ئەپەندىنىڭ ئەمدىلا ئازراق تۈزۈلۈشكە باشلىغان ئۆڭسىلى يەنە ئۆچۈپ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالايلا دېدى. لېكىن، مەھمۇد مۇھىتى ئۇنى ئېتىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەمەس، يېنىغا قىسىۋېلىش ئۈچۈن تاپانچىلارنى ئالغانىدى. بىراق، ئۇنى ئىتنى ئاتقاندەك ئېتىپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. چۈنكى ھازىرقى شارائىتتا ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى ۋە خۇشاللىقى مائارىپ ئىدى. بۇ سەپنى پالەچ قىلماقچى بولغان ئادەمنى ئېتىۋېتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىملىرىنى مۇئەللىملەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئارقىدىن باشقىلارمۇ گويا يىغىن تۈگىگەندەك ئالدىراپ چىقىپ كېتىشتى. مەنسۇر ئەپەندى ئۆزىنىڭ تەپتىش ئۆمىكى بىلەنلا قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ۋە ئوڭ مۇشتى بىلەن سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرۇپ، رۇسلاردەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

بۇ يىغىن ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى.

## 3

تەپتىش ئۆمىكى بىلەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يىغىنى تېزلا باشلاندى. مەنسۇر ئەپەندى سەل سولغاندەك كۆرۈنەتتى. ۋاڭ باۋچيەن بولسا ئاۋۋالقىدەك سالماق، ئېغىر- بېسىقلىقىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ليۇ بىڭ بىرئاز كۆرەڭلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، ئۇ 6- دىۋىزىيىدىن خەۋپسىرىگەندە باشقىلار مامۇت ئاللىقاچان ئەسىرگە ئايلانغان دەپ كۆرەڭلەشكەنىدى. ئىشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بۇ «ئەسىر» تېخى خېلى زور قامال قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەن. قادىر ھاجى بۇ نەتىجىدىن بىرئاز خۇشال بولغاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭچە بولغاندا مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ھۆكۈمەت مەھمۇت مۇھىتىغا دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇرۇپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى قىلسا ئۇنىڭ ئىشلىرى يۇرىشىپ كېتەتتى.

مەخسۇم بىلەن ئېبىرخوف بىرنېمىلەر دەپ پىچىرلاشماقتا ئىدى.

ۋاڭ باۋچيەن سۆزىنى باشلىۋەتتى:

— تەپتىش ئۆمىكى خىزمەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى، ئاساسىي جەھەتتىن كۆزلىگەن نىشانىغا يەتتى. گەرچە ئازراق توسالغۇلۇق بولغان بولسىمۇ، نەتىجىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ نەتىجىلەرنى پات ئارىدا كۆرۈپ قالىسىلەر. ئەمدى مۇشۇ خىزمەت جەريانىدا تەپتىش ئۆمىكى ھېس قىلغان ئىشلار ھەققىدە مەنسۇر ئەپەندى تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ كونكرېت تەدبىرلەر ھەققىدە ئويلىشىمىز.

مەنسۇر ئەپەندى بىرئاز روھسىزراق ئورنىدىن تۇردى. ھەمسۆھبەتلىرىگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئولتۇرۇپ سۆزلەشنى توغرا تاپقاندەك كرىسلودا سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ گەپ باشلىدى:

— ئۇيۇشما مالىيىسىنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك قارشىلىققا ئۇچرىدى. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئۆلكە بويىچە شۇنداق. بۇ ئوخشۇشسىزلىق بىرىنچى قېتىملىقى ئەمەس. قارشىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز، ئۇلارنىڭچە بولغاندا ھۆكۈمەت مائارىپقا مەبلەغ سېلىشى، ئاندىن باشقا يوللار بىلەن جۇغلانغان پۇلنىمۇ بىرلىكتە باشقۇرۇشى كېرەك، — ئۇ مەسخىرىلىك ئاھاڭدا شۇنداق دېگەندىن كېيىن، يەنە ئەستايىدىل تۇس ئېلىپ، — بۇنىڭ بىر پايدىلىق تەرتىپى بار. ھۆكۈمەت بىرقانچە مەكتەپنى ئۆز تەمىناتى بىلەن قامداپ، تەدرىجىي كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئازراق قۇربان بەرمىسە بولمايدۇ. خەتەرلىك ئۇنسۇرلار ۋە خەتەرلىك ۋەزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنچىلىك چىقىم بىر ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن ھېچگەپ ئەمەس. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە بىر مەھەل تەمىنات، مائاش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردىن مۇئەللىملەرنى جەلپ قىلىشقا بولىدۇ. بۇ رىقابەت تاكى ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر

پالەچ ھالەتكە چۈشكەنچە داۋاملىشىدۇ، چۈشىنىشلىكمۇ؟

— ئەگەر ئۇلار زېرىكمەي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسىچۇ؟ — سورىدى قادىر ھاجى نېمىگىدۇر ئالدىراپ.

— مۇمكىن ئەمەس،- دېدى ۋاڭ باۋچيەن ئىشەنچ بىلەن، — بۇ خەلقنىڭ خاراكتېرى بىزگە مەلۇم، ئۇلاردا سەۋر- تاقەت، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان چىدام يېتەرلىك ئەمەس، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان نادانلار. ئۇلار جەزمەن يەمچۈككە ئالدىنىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ تولۇقلىدى مەخسۇم مەسخىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، — ئۇيۇشمىدا نەق پۇل ئاز بولىدۇ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇئەللىمگە مۇنچە چارەك بۇغداي، مۇنچىلىك تېرىق... دېگەندەك تەرەپلەر كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل خادىملىرى خەلققە «مائارىپ دېگەنگە ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىشى كېرەك، خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ مەكتەپ ئېچىش نە ھاجەت؟ دېگەندەك تەشۋىقاتنى قىلىپ تۇرغاندا ئۇلار ئىئانە بېرىشتىن جەزمەن يالتىيىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئېچىلغان مەكتەپلەر پاكىت ـ دە! يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي كۈچلەرنى ۋەخپىلەرنى ئۇيۇشما ئىختىيارىغا قويماسلىق، ئۇزىنىڭ تارىختىن كېلىۋاتقان مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا ناھايىتى ئاسان ھەرىكەتلەندۇرۇش مۇمكىن.

— توغرا، بۇ ئىش ساقچى سىستېمىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ باۋچيەن، قولىنى ئەمەلدارلارغا خاس بىر خىل پۇلاڭلىتىپ قادىر ھاجىغا ئىما قىلىپ، — ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى قالايمىقانلاشقاندىن كېيىن، «بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز»گە تەلپۈنمەي قالمايدۇ. ئاندىن كېيىن...

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى قورچاقلارغا ئايلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى.

— ماموت ھەققىدە نېمىلەرنى دەيسىز؟ — سورىدى ۋاڭ باۋچيەن.

— ماموتقا ھېلىھەم سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم ئادەملەردىن بىر تۈركۈمى ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، بىز تەرەپكە تارتىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار يەنىلا ئاجىزراق، ماموتنىڭ نوپۇزى بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدىنمۇ

يۇقىرىراق ئىكەن. «ئوقۇشقا ئەۋەتىش»نى يەنە داۋاملاشتۇرۇش، بۇنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ قېتىم مەن ئابدۇغوپۇر داموللىنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن. شۇنداقلا بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ئۆلكىگە مەلۇم قىلىپ، يېقىن ئارىدا بىر قىسىم پولكوۋنىكلارنى «ئوقۇش»قا چاقىرتىشنى تەلەپ قىلىمەن. بۇ ئىشلار ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسەتكىچە يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن ئەڭ ئاخىرغىچە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ھازىر قايتا قوزغىلىش بولۇپ قالسا يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ زور كۈچ بولۇپ، ماھۇتنىڭ سېپىنى تولۇقلايدۇ ...مەنچە ماھۇت ھەممە خاپىلىقنىڭ بېشى! بالا - قازانىڭ ھامىسى!

ئارقىدىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھەرىكەت ئىستىراتېگىيىسى مۇزاكىرە قىلىندى. كونكرېت پىلان، تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، يازما نۇسخىسى ئۆلكىگە يوللىنىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ ئاق ئويغىنىش دەۋرى ئۈچۈن زاۋاللىق دەرۋازىسى ئېچىلدى.

# تۆرتىنچى باب

1

ماي ئېيى ئىچىدە بۇندىن باشقىمۇ بىر قانچە موھىم ئىش بولۇپ ئۆتتى. بۇلاردىن بىرىنچىسى، تەپتىش ئۆمىكىنىڭ ئابدىغوپۇر داموللىنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ كېتىدىغانلىقى بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قىزىقارلىق چۇشۇش بىلەن، تارىختىكى موھىم بىر ۋاقە بولۇپ قالدى.

ئابدىغوپۇر داموللىنىڭ كۇفرى گەپلىرى ئۇچۇن ئۇنى جازالاشنى ئۇزاقتىن كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن مەھمۇد مۇھىتى، جاھان مالىمان بولىدىغان بىر ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى. ئەمما بۇنداق پۇرسەت شۇئانغا قەدەر بولمىدى ۋە ئەھۋال بۇنداق پۇرسەتنىڭ ئەمدى بولمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتىدى. بۇ قېتىم بۇ مۇناپىقنى قولدىن چىقىرىپ قويغاندا، ئۇنىڭ داۋاملىق زەھەر چېچىپ يۈرىشى كاپالەتكە ئېرىشىدىغاندەك قىلاتتى. كىم بىلىدۇ ئۇ قانچىلىك ئاخبارات بىلەن شىڭ شىسەينى مەمنۇن قىلماقچى بولىۋاتىدۇ؟ ئۇ يەنە قايتىپ كەلگەندە يەنە بەكرەك زەھەر تارقىتىشى جەزمەن. ئەمما ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئۇنى جازالاش ئىمكانلىرى تامامەن يوقۇلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرماقتىدى.

بۇنداق بىر مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇزاق ئويلىغان مەھمۇد مۇھىتى ئۇنى ماڭدۇرماستىن يوقۇتۇش — تەۋەككۈلىسىگە بىر ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە بۇنىڭ كونكرىت چارىسىنى ئويلاشقا باشلىدى.

13- ماي كۈنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئابدىغوپۇر داموللىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇرۇمچىگە ماڭىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، بۈگۈن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭسۇن، دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى.

داموللا هايال بولمايلا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق تېزلا كېلىشىنى تەخمىن ئەتمىگەن مەهمۇد مۇهىتى، ئۇنىڭ بالدۇر كېلىشىنى ئويلىغان ئويلىرىغا ئۇيغۇن كۆرمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارقىغا تارتىش قارارىغا كەلدى. كاتىبى ئابدۇللاھ داموللىغا ئۇنى گەپكە تۇتۇپ، ساقلىتىشنى تاپىلىدى. مېنىڭ موهىم ئىشىم بار، هازىر كۆرۈشەلمەيمەن، دېدى.

بىرەر سائەتچە ئۆتكەندە ئابدۇللاھ داموللا كىرىپ:

— داموللا ئالدىراۋاتىدۇ، سىجاڭ قاتىلاڭ بولسا ئەتە ئەتىگەندە كېلەي دەۋاتىدۇ، — دېدى.

— مەن هازىرلا بوشايمەن، يەنە ئازراق كۈتۈپ تۇرسۇن، — دېدى سىجاڭ يەنە، — بولمىسا سىز ئۇ كىشى بىلەن شامنى بىللە ئوقۇپ كىرىڭ، مەن مۇشۇ يەردىلا ئوقۇيمەن. سىلەر كەلگىچە مەنمۇ بىكار بولارمەن.

ئارىدىن يەنە بىرەر سائەتچە ئۆتكەندە كاتىپ يەنە كىردى. بۇ قېتىم مەهمۇد مۇهىتى ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزمايلا:

— ئۆزەم ئالدىغا چىقىپ باشلاپ كىرىمەن، بەك سەت بولدى، چىقىۋاتىدۇ، دەڭ، — دېدى.

سىجاڭ دېرىزىدىن تالاغا قارىدى ۋە ئەمدى بولار دېگەندەك ئۆزىنى ۋەزمىن تۇتۇپ، ئالدىرىماي تاشقىرى بۆلۈمگە چىقتى:

— بەك سەت ئىش بولدى، داموللامنى ئۇزاق ساقلىتىپ قويدۇم. مەن ئۆزلەنى كەچتە كېلىدىغۇ دەپ ئويلاپ بىتۇيۇق تۇرۇپتىكەنمەن. بالدۇرلا كېلىۋاپىلا. مەن ئىشىمنى تۈگىتەلمەي سىلىنى تازىمۇ...

— هېچقىسى يوق، سىجاڭنىڭ ئىشى تولىلىقىنى بىلىمىز، كۆپىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ،... — دېدى ئابدىغوپۇر داموللامۇ رەڭۋازلىق بىلەن تەكەللۇپ قىلىپ. ئۇنىڭ هەددى- هەرىكەتلىرىدە خوشامەتمۇ روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ بۇ سۇرلۇك سېرىق ساقال ئادەمدىن خېلى خوپ قورقاتتى.

— كەلسىلە، ئىچكىرى كىرسىلە، — سىجاڭ ئۇنىڭغا هۆرمەت كۆرسىتىپ،

ئۇنى خېلى مەمنۇن قىلدى.

ئۇلار يېڭىۋاشتىن رەسمىيەتچىلىك تۈسىدىكى هال- ئەھۋال سوراشلاردىن كېيىن، ئابدىغوپۇر داموللا پېتىنمايراق سورىدى:

— سىجاڭنىڭ كەمىنىلىرىنى چاقىرتىشىدا...؟

— بەك موھىم دېگىدەك ئىشىمۇ يوق، باشقا بىر زاماندا سۆزلەشسەكمۇ بولاتتى. ئۆزلەنى ئۇرۇمچىگە جابدۇۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، شۇڭا سىلى بىلەن خوشلاشقاچ شۇ باھانىدە سورىۋالىدىغان بەزى دىنىي مەسىلىلەر بارىدى، سورىۋالاي دېدىم. قاچانراق يولغا چىقاي دەۋاتىلا؟

— ھەرھالدا كېلەر ھەپتە ئىچى نېسىپ بولسا،... ھۆكۈمەت ئىشكەن، كېچىكتۈرۈشكە ھەددىمىز ئەمەس، ئۆزلىرى بىلىلا...

— راست دەيلا، ھۆكۈمەت ئىشى ئەمەسمۇ، ھايال بولمىسىلا،... ھە، دۈبەن جاناپلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالىلا ھەقچان؟

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا...

— بىزلەردىن ھەم سالام دەيلا ـ دە.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — داموللا دەرىزىدىن تالاغا قارىغاندەك قىلدى، ھەرىكەتلىرىدىن ئالدىراۋاتقىنى بىلىنەتتى.

— ئالدىراش ئىشلىرى يوق بولغىيدى، تەخسىر؟

— ئىشىمغۇ يوق،... سىجاڭنى مەشغۇل قىلماي دەيمىنا، سورايدىغاننى سورىغان بولسىلا...

— ماڭا دېگىلى بولمايدىغان موھىم بىر ئىشلىرى باردەك تۇرامدۇ قانداق؟

— دېدى سىجاڭ قەستەن گەپنى ئۇزارتىپ.

— يوغسۇ، يوغسۇ، ... — دېدى داموللا ھودۇقۇپ، — نېمە ئىشىمىز بولىدۇ، سىلىدىن سىر تۇتقىدەك؟

— تازا ئارامىڭىزدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتىسىز، شۇڭا دەيمىنا.

— دېمەكچى بولغىنىم،... سىلى سورىماقچى بولغان گەپ...؟ دەلىگىدەك گەپ بولسا دېسەم، بولمىسا سىلىمۇ دەم ئالسىلا، ۋەقتىمۇ...

— بولمىسا خۇپتەنگە ئالدىراۋاتاملا؟

— يوغسۇ، خۇپتەننىڭ ۋەختى ئۇزۇن، ئەتە بامداتقىچە ئوقۇلسا

بولـۇۋېرىدىغۇ...
مەھمۇد مۇھىتى ئۇنى ئەنە شۇنداق ئۇزاق گەپكە تۇتتى. خۇپتەندىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئاندىن ئۇ دامولللىدىن:
— ئاللاھ نامىدىن كۇفرىنى ئاقلاشتا پايدىلانماقچى بولغان ئادەمگە نېمە جازا بېرىلىدۇ، تەقسىر؟ ھەركىم ھەر نېمە دەيدىكەن، سىلىنىڭ بىلىملىرى ھەممىدىن يوقۇرى، سىلىدىن بىر پەتىۋا ئاڭلاپ باقاي دېدىم، — دەپ سورىدى.
دامولللا باياتىن بېرىكى ئەھمىيەتسىز گەپلەر بىلەن كېچىكتۇرۇلۇشتىن كېيىن، بۇ سوئالنى ئاڭلاپ، نېمىشكىدۇر يۈرىكى جىغ قىلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ تومتاقراق قىلىپ جاۋاپ بەردى.
— خوش، مۇناپىقنىڭ جازاسى نېمەدۇر، تەخسىر؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد مۇھىتى يەنە.
دامولللا لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئەمما چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:
— ئۆلۈم! بوغۇزىنى كەسمەك! — دېدى ئالاق ـ جالاق.
بۇ تەقلىتتىكى سوئاللارمۇ خېلى داۋام قىلىدى. دامولللا تەردىن دۇمىسى چاپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ بىئارام بولماقتىدى. شۇ گەپلەردىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. بۇ چاغدا يېرىم كېچىدىن سەل ئاشقانىدى.

*****

ئەتىسى ئەتتىگەندە قەشقەردە بىر خەۋەر تارقالدى: كېچە تۇمەن كۆۋرىكىدە ئابدىغوپۇر دامولللا قەتلى قىلىنىپتۇ!
بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرمۇ كېزەتتى. ئازساندىكىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا زور كۆپچىلىك:
— ئاللاھنىڭ جازاسى! ئاللاھ ھەرنەرسىگە قادىر! زالىمنى زالىمنىڭ قولى بىلەن جازالاشقىمۇ قادىر! — دېيىشەتتى.
شەھەردە ھەربىي ھەلەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان جىددىي ھالەتمۇ بارىدى. ھەممە يەردە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قاتىلنى ئىزدەشكە چىقارغان ئاتلىق ئەسكەرلىرى كوچىمۇ كوچا چېپىپ يۈرەتتى.

## 2

ئابدىغوپۇر داموللىنىڭ ئۈرۈمچىگە جابدۇۋاتقانىدا ئۆلتۈرۈلىشى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۈچۈن چەكتىن ئاشقان ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى. تەپتىش ئۆمىكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر قېتىم يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىگە ئىشتىراك قىلىش بىلەن، بۇ خىل مەسخىرىگە قانداق جاۋاپ بېرىش مەسىلىسىدە يېڭى بىر پىلان ئوتتۇرىغا قويدى.

پىلان تەپتىش ئۆمىكى تەرەپتىن قويۇلدى. قارىغاندا بۇ ئەسلىدە تاسادىپىيلىكتىن تۇغۇلغان پىلاندەك ئەمەس، ئىلگىرىدىن تەييارلانغان، ئەپلىك پۇرسەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىش كۈتىلىۋاتقان پىلاندەك ئىدى.

— ھۆكۈمەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالغان بىرىنچى باسقۇچلۇق قەرزىنىڭ قايتۇرۇش مۇددىتى كېلىپ قالدى، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى، — ئەمما ھۆكۈمەت ھالا بۇ قەرزنى تۆلىگىدەك ماغدۇرغا كېلىپ بولالمىدى. ئۈيۈشمىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆتكۈزىۋېلىشنىڭ مەغلۇبىيىتى تۇپەيلى بۇ ئىش تەسلەشتى. دامولىنىڭ ئۆلىمى بىر ياخشى ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالسۇن! بۇنى مەھمۇدنىڭ قىلغىنى ئېنىق بولسىمۇ، ئالدى بىلەن بۇنىڭدىن بۇنداق پايدىلىنىش توغرىدەك تۇرىدۇ: بۇ بىر سىياسىي باھانە، مائارىپقا ئەڭ كۆپ ئىئانە قىلىدىغان غوللۇق بايلارنى جىنايەتكە ئالاقىدار دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىپ، بارلىق بايلىقىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن، ھەم قەرز تۆلەيدىغان مەنبە ھەل بولىدۇ؛ ھەم مائارىپنىڭ ئاساسىي يىلتىزىغا پالتا چېپىلغان بولىدۇ.

— بەللى، بەللى! «ئۆز يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» دېگەن مانا شۇ-دە! — دەپ ماختاشتى باشقىلار.

ۋاڭ باۋچيەن بۇ ئۇسۇلنىڭ شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇخالىپ ئىدىيىدىكىلەرنى تازىلاشتا قوللىنىلىۋاتقان «ساختا دېلو» ئەندىزىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ساقچى ئىدارىسىدا مۇشۇنداق بىر تىزىملىك ھازىر ھالەتتە بولغىيدى؟

— دەپ سورىدى مەنسۇر ئەپەندى.

— بار، سىنىپقا ئايرىلغان بىر يۇرۇش تىزىملىك بار، — دېدى قادىر ھاجى مەغرۇرلۇق بىلەن، — ئەگەر بىرىنچى سىنىپتىكىلەر بىلەن ئىش پۈتمىسە ئىككىنچىسى تېخىمۇ كۆپ، ئۈچىنچى قاتاردا تۇرىدىغانلىرىمۇ بار...

— ئەنە شۇ بىرىنچى سىنىپ دېگەنلىرىڭىز دەل بىزنىڭ سىنىپىي ھېساپ ئېلىش ئوبېكتىمىز ئەمەسمۇ؟

بۇ مۇزاكىرىدىن كېيىن تەپتىش ئۆمىكى ئۇرۇمچىگە قايتتى. مايىنىڭ 20 ـ لىرىدىن باشلاپ ھەرقايسى يۇرتلاردىكى كاتتا بايلار كېچىلىرى غىمىسسىدا غايىپ بولۇشقا باشلىدى. كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە بىر قورقۇنۇچ چاڭگال سالماقتىدى.

مايىنىڭ ئاخىرىغا يېقىن ئاتۇشتىن ئابدۇراھمانھاجىم بىر كېچىسى تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ئۇقۇلدى. بۇنى پەقەت ئەتىسى كۈندۈزدە ئۇنىڭ ئىككى ئايىلىنىڭ ھازىسىدىن ئۇقۇشتى. ئەمدى كېلەر نۆۋەت كىمگە كېلەر؟ دېگەن بىر ۋەھىمە بايلارنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ تۇرىۋاتقان ھوقۇشتەك، قۇلىقىدا ھۇشتەك چالاتتى.

كىشىلەردىكى قىزغىنلىق كۆرىنەرلىك تۆۋەنلىگەندەك بىلىندى.

## 3

ئابدىراھمان ھاجىمنىڭ قولغا ئېلىنىشى مەمتىلى ئەپەندىگە مىسلىسىز ئېغىر كەلدى. ئۇ دەسلەپ بۇ ئىشنى يېڭىلىش بىر ئىشمىكىن دەپمۇ ئويلىغانىدى. ئۇ ھاجىمنىڭ ئاياللىرى گۈلجامال بىلەن بۇۋىسارىنى يوقلىغاچ كىرىپ، يىپ ئۇچى ئىگەللەپ كۆرۈپ، بۇنى رەسمىي ھۆكۈمەت ساقچىلىرى قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتى.

بۇ ھەقتە ئېنىقراق بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن دەرھال قەشقەرگە بېرىپ، سىجاڭ بىلەن ۋە دوستلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

مەلۇم بولدىكى بۇ كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە پۈتۈن ئۆلكىنى ئۆز

ئىسكەنجىسىگە ئالغان تېرورلۇق ھەركەت ئىكەن! ھەتتا بۇنىڭ ئابدىغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلىمىگە باغلاپ چۈشەندۈرىلىشى كۆلكىلىك ئىدى. سىجاڭمۇ بۇ ھەقتە ھېچقانداق چارىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىندۈردى. پەقەت ئېھتىيات قىلىش كېرەك ئىدى!

ئۇ قەشقەردىن قايتىپ كېلىپلا ھابۇلھاجىمنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى. بۇمۇ ئاتۇش ئۈچۈن موھىم بىر ۋاقە ئىدى. بۇ مەغرۇر ئادەمنى كېسەل تۇيۇقسىزلا يىقىتقانىدى. مەمتىلى ئەپەندى سۈرۈشتۈرۈپ، ھابۇلھاجىمنىڭ بىر ھەپتىدىن بېرى ياتقانلىقىنى ئۇقتى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە سەل خاپا بولدى.

— بۇنى ماڭا نېمىشكە بالدۇرراق ئۇختۇرمىدىڭلار؟ بەك سەت بوپتۇ ئەمەسمۇ؟ نېمىلا دېگەن بىلەن بىز قوشنا ھېساپلىنىمىز ئەمەسمۇ؟ قوشنا ھەققىنىڭ دىنىمىزدا قانچىلىك يوقۇرى ئورنى بارلىقىنى بىلمەمتىڭلار؟

— سىز بۇ ئارىدا بەك ئالدىراشتىڭىز، بۇنداق پۇرسەتمۇ بولمىدى،...يەنە كېلىپ ئۇ ئادەم سىز بىلەن...

— بولماپتۇ، بولماپتۇ، مەن دەرھال كىرەي، ھە، ئاۋال دورا سومكامنى ئېلىۋالاي، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

تەۋپىق دەرھاللا ئۆيىدىن دورا سومكىسىنى ئېلىپ چىقىپ، مويىسىپىتلەردىن قۇتلۇقاخۇن ۋە ئىسلىماخۇنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھابۇلھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىردى.

ئەپەندىنى بۇ ئۆينىڭ ھويلىسىدا كۆرگەن ساھىپخانلار مەڭدەپ كەتتى. ھەم كۆزلىرىگە ئىشىنەلمىگەن، ھەم خىجىل بولغان ھالدا ئىچكىرى تەكلىپ قىلىشقىمۇ ئاغزى قولاشماي تۇرغان ئارىدا تارتىنمايدىغان تەۋپىق ئاللىقاچان كېسەلنىڭ كارۋىتى بېشىغا بېرىپ بولغانىدى.

ئاغرىق دەستىدىن كۆزىنى ئاچالماي ياتقان ھابۇلھاجىم قۇلىقى تۈۋىدىلا تەۋپىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا دەسلەپ چۈشۈم دەپ ئويلىدى. ئەمما بۇنىڭ راستلىقىنى بىلگىنىدە ھەم ئوساللىق ھىس قىلدى؛ ھەم ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى، ئۇ تەۋپىق مېنىڭ ئۆلەر ھالەتتە ياتقىنىمنى ئۇقۇپ مەسخىرە قىلىپ، ئۆچىنى ئالغىلى كىرىپتۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— نېمىلەر قىلدىڭلار؟ مۇشۇنداق قارىدىڭلارمۇ؟ دورا بىرنېمە بەرمىدىڭلارمۇ؟ — تەۋپىق دەممۇ دەم سورايتى. ئۇ روزىمۇھەممەدكە كايىدى، — ئوغلۇم سەن مېنىڭ تەلەبەم تۇرۇپ، دادام ئاغرىپ قالدى دېمىگىنىڭ نېمىسى؟ مۇشۇنداقمۇ بەغەرەزلىك بولامدۇ؟ بۇنداق كېسەل باققان قانداق گەپ؟ پاكىز كىرلىك، پاكىز يوتقان ئەپچىقىڭ، — كۆرسەتمە بېرەتتى، بىر ياقتىن ئۆزى قول سېلىپ كېسەلنىڭ ياتقان يېرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىردەمدىلا ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىدى: ئاغرىق توختىتىدىغان دورا بەردى. كېسەل سەل ئارامىغا چۈشكەندىن كېيىن تەپسىلي ئەھۋاللاشتى. ئاندىن روزىمۇھەممەدكە دورىلارنى بېرىپ، بىر بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، قانداق ئىچۈرۈش، قايسى ۋاقىتتا ئىچكۈزۈش كېرەكلىكىنى يېزىۋېلىشقا ئۈندىدى.

— كېسەلدە ئۆزگىرىش بولسا دەرھال خەۋەر بېرىڭلار، ھېلىقىدەك بەغەرەزلىكنى ئەمدى ھېچ قىلماڭلار، — دېدى ئۇ خوشلىشىۋېتىپ.

ھابۇلھاجىمنىڭ بالا - چاقىلىرى تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. ئاغرىقتىن ئارام تاپقان ھابۇلھاجىم خىجىللىق ئارىلاش گۇمان بىلەن كۆڭلى تۇمانلىنىپ تۇرغاچقا، ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ زادىلا ئاچمىدى.

*****

تەۋپىق ۋاقىت چىقىرىپ ھەرقاچان ھابۇلھاجىمنى يوقلاپ تۇردى. دورا بەردى، ئۆگىلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئارام ئالدۇردى. يېتىۋېرىش بىلەن تالغان كېسەل تەۋپىقنىڭ قېتىرقىنىپ تۇتۇپ ئۇۋۇلاشلىرى بىلەن بىرئاز يېنىكلەپ ئۇخلاپ قالاتتى. تەۋپىقنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ ھېسسىياتىنى يوشۇرغان بىلەن، ئۇ چىقىپ كەتكەندە ئۆيدىكىلەرگە تەۋپىق ھەققىدىكى يېڭى باھالىرىنى ئېلان قىلىشتىن توختىمايتى؛ ئوغلى روزىمۇھەممەدكە كۆپ نەرسىلەرنى تاپىلايتى؛ ئەپەندىمنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىشنى ھاۋالە قىلاتتى.

— پەرىشتىدەك بىر ئادەمگە كۆپ نامەرتلىكلەرنى قىپتۇق، ئاللاھ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلسا... — دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى.

ئۇ تەۋپىقە بولىدىغان دۈشمەنلىك مەنبەلىرى ھەققىدە بىلگەن ئۇچۇرلىرىنى، ئەڭ موھىمى تېخى تەۋپىق بىلمەيدىغان يوشۇرۇن دۈشمەن — ناسىراخۇن ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئويلىدى، ئەمما دەسلەپكى چاغلاردا بىردىنلا دوستقا ئايلىنىۋېلىش ئۆزىگە بەك غەلىتە تۇيۇلۇپ، مۆتەكەببىرلىقى، يېڭىلىشنى تەن ئېلىشتەك تۇيغۇ بېرىپ تىلى بارماي يۈردى، ھەتتا تەۋپىقنى ھارامزادىلىك قىلىپ مېنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرىنىۋاتامدىكىن دەپمۇ گۇمان قىلدى. بىراق بۇ خىل زېرىكمەي يوقلاش 7- ئايغىچە داۋاملاشقاندا ئۇنىڭ قەلبىدىكى بارلىق دۈشمەنلىك تاپ- تازا تازىلىنىپ پۈتتى ۋە تەۋپىققە تامامەن قەلب تاپتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. بۇ ئارىدا يازلىق تەتىل ئۈچۈن بولىدىغان ئالدىراش خىزمەتلەر بىلەن بىر ھەپتە تەۋپىق يوقلاپ كىرەلمىدى.

ھابۇلھاجىم ئۇنى بالدۇرراق قاپقاندىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىغىنىغا ئۆزىگە لەنەتلەر ئېيتىپ، ئوغلىنى تەۋپىقنى چاقىرىشقا كۆپ قېتىم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، يا تەۋپىق يىراق يېزىلارغا كەتكەن بولۇپ چىقتى؛ يا تەۋپىقنىڭ ئالدىراشلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىش روزىمۇھەممەدكە ئېغىر كېلىپ، يوقكەن دەپ كىردى. بۇ جەرياندا ئۇ روزىمۇھەممەدكە دەۋېرەي، ئۇ دېسۇن دەپمۇ ئويلىدى - يۇ، يەنە ھاياتقا بولغان ئۈمىد ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىقىدىن ئۇنى غەپلەتتە قويدى.

نىھايەت تەۋپىق كىرىپ كېلىۋىدى، ئالدىراپ كەتكەن ھابۇلھاجىم كارۋىتىدىن چاچراپ قوپىدىغاندەك ئالدىراش كۈچىنىپ مىدىرلىۋىدى، پۈتۈن ئەزايى زىڭىلداپ كەتتى. كارۋىتى تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرغان تەۋپىقنىڭ قوللىرىنى تۇتىۋېلىش ئۈچۈن قولىنى يوتقاندىن چىقارماقچى بولىۋىدى، قادىر بولالمىدى. يۈرىكىدىكى گەپلىرىنى دېيىش ئۈچۈن ئېغىز ئۆمەللىۋىدى، ئاۋازى چىقمىدى، ئۇ تىلدىن قالغانىدى! بۇ ھالنى بىلگىنىدە كۆزلىرىدىن ياشلىرى لىغىرلاپ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

تەۋپىق ئۇنى ئاغرىق ئازابى بەك قىيناپ كېتىۋاتسا كېرەك دەپ، ئۆزى لازىم دەپ بىلگەن ھەركەتلەرنى قىلغىلى تۇرىۋىدى، كېسەل ئاجىز ھالدا باش ئىغاڭلىتىپ، زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى بىلدۈردى....

مانا شۇنداق قىلىپ تومۇزنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھابۇلھاجىم دۇنيادىن كەتتى.

# بەشىنچى باب

ئاۋغۇستنىڭ كىرىشى بىلەنلا ھاۋا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، زېمىننىڭ يېرىمى تاشلىق بولغان ئاتۇشتا بۇ مەزگىلدىكى پارغا ئايلىنىش ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا توپا ئۆرلەپ تۇرغان يوللار، قاغجىرىغان سايلار ئۈستىدە ئالۋۇنلا ھوۋۇلداپ تۇراتتى.

يازلىق تەتىل باشلانغان بولۇپ، ھايات قاينايدىغان مەكتەپلەر گويا جەزىرىمە ئىسسىقتىن قورقۇپ پائالىيىتىنى توختاتقاندەك جىمىپ قالغانىدى. پەقەت رۇشتى مەكتەپتە ئىزچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەشىقىنى توختاتمىغان، بويامەتتە ”ئەلەمدارلار“ (ئاۋانگارتلار گۇرۇپپىسى) مەشىقىنى توختاتمىغانىدى. قاتتىق ئىسسىق ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىگەندەك قىلاتتى. كۈندە كۆيگەن چىرايىدىن، بورتۇپ چىققان مۇسكۇللىرىدىن كۈچ- قۇۋۋەت تېمىپ تۇراتتى. ئىزچىلار ھېلىمۇ ئاتۇشنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاپ، يامانلارنى تۇتۇپ، ياخشىلارغا يار-يۆلەك بولۇپ يۈرەتتى. يۇرت خەلقى بۇ چېچەن، شوخ، چاققان يىگىتلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ مەزگىلدە يەنىلا ئالدىراشچىلىقتىن قۇتۇلالمايتتى. ئۇ ئىزچىلارغا زۆرۈر تاپشۇرۇقلارنى بېرەتتى. بويامەتكە بېرىپ ئاۋانگارتلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئاندىن ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن يېڭى ئوقۇش يىلىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى سۆزلىشەتتى. مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي ھىماتى بولغان ئابدۇراخمان ھاجى قاتارلىقلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بۇ ئىشلارنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مەكتەپلەر تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. ئىلاج قىلىپ بۇ كىرىزىستىن ئامان- ئېسەن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۇ بايلار بىلەن، ھاللىقراق دېھقانلار بىلەن كۆپ سۆزلىشەتتى. ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى.

مەلىكىزاد ئىككى قات بولۇپ، قورسىقى بىلىنگىدەك بولۇپ قالغان، ئۆيىنىڭ ئىغىر- يېنىك ئىشلىرىغا قاراشمىسا بولمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىش قوشۇلغانىدى. بۇ ئىش تۇپەيلى ئۇ ئەمدى سىرتتا قونۇپ قالالمايدىغان بولدى. قەشقەرگە بارسىمۇ كەچ قالغىنىغا قارىماي قايتىپ كېلەتتى.

مەھمۇد مۇھتى ئۇنى كېلىپ كەتسۇن دەپ گەپ ئېيتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قەشقەرگە بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ مەلىكىزادقا بۇ ئىشنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى. چۈنكى ئۇ مەلىكىزاد بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ھامان مانا شۇ يوسۇن ئۆيدە بىردەم بىللە ھال- مۇڭ بولۇپ ئولتۇرالماي ئۇياق-بۇياققا چېپىلا يۈرۈۋاتاتتى. بۇ ھال ئايال بولغۇچىغا ئېغىر كېلەمدۇ قانداق؟ ئۇ ھەر قېتىم مەلىكىزادتىن ئايرىلىش ئالدىدا ئەنە شۇ سوئالنى قوياتتى. باشقا چاغدا بولسا بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا چولىسىمۇ تەگمەيتتى.

ئېيتمايلا كېتىشكە بولمىغاچقا ئۇ يەنىلا ئايالىنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ئامال قىلىپ تەسەللىي بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، كىر قاتلاۋاتقان مەلىكىزادنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ يوسۇن كۆڭۈللۈك چاقچاقلارغا ۋاقتى تولىمۇ ئاز ئىدى.

— قويىۋەتسىلە، ئەمدى تازا ياراشمايدۇ، — دېدى مەلىكىزاد. تەۋپىقنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى- دە، مەلىكىزادنىڭ ئوماق رۇخسارىغا تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— نېمىشكە ياراشمايدىكەن؟

— قېرىدۇق ـ تە.

— بەك بالدۇر ئەمەسمۇ، مەلىكەم؟ بالا- چاقىلىق بولمايلا قېرىلاردەك بولۇۋالساقمۇ بولماس؟

— بالا- چاقىلىق بولۇشىمىزغىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت قالمىدىغۇ؟ — دېدى مەلىكىزاد قىزىرىپ تۇرۇپ.

— بىز مەڭگۇ ياشايمىز، مەلىكەم، بىز قېرىمايمىز! — مەمتىلى ئەپەندى ئايالىنىڭ قىزارغان مەڭزىگە ۋە ئىسسىق لەۋلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ

قىزغىنلىق بىلەن داۋام قىلدى، — بىز ئۇنداق ئاسان قېرىمايمىز، سىز ماڭا قىز تۇغۇپ بېرىسىز، ئۇ چاغدا مەنىسىز قالغان چاغلاردا بالا سىزگە ھەمراھ بولىدۇ. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان ئادەملىكىمدىن ئاغرىنىشىڭىزمۇ سەل ئازلايدۇ...

— ئۆيدە ئولتۇرمايدىكەن، دەپ كىم سىلىدىن ئاغرىنىپتۇ؟ بەلكىم مۇشۇنداق بولغىنى ياخشىدۇ...

رەشىققە ئوخشىغان بىر نەرسە تەۋپىقنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۇرۇپ ئۆتتى، ئۇ ئەندىكىپ سورىدى:

— قانداق بولغىنى دەيسىز؟

— ئازراق بىللە بولغىنىمىزنى دەيمەن، ھەر ھالدا...

— ۋىسالنىڭ تاتلىق بولىشى ئۈچۈن جۇدالىقنىڭ يۈرەكنى چىمداپ تۇرىشىمۇ ياكى ...؟

— ئىلاجىنىڭ يوقىدىن بۇمۇ ئوبدان ـ دە، بولىسىغۇ سىز بىلەن بىللىلا بولسام دەيتتىم، — بولدىلا، خۇشامەت قىلىۋاتقانلىرىغا قارىغاندا، يەنە بىر ئىشلىرى باردەك قىلىدۇ، بولسا بېرىۋەرسىلە، مەن سىلىدىن ئاغرىنمايمەن، نېمىشكە ئاغرىناتتىم؟ نانىنىڭ ئوتى- تەتۈرىنى بىلگەن ئادەم چۈشىنىدىغۇ؟....

— رەھمەت، سىزگە مەلىكەم! — مەمتىلى ئەپەندى ئايالىنى قاتتىق قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىپار ھىدىلىق چاچلىرىنى پۇرىغاچ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — قەشقەرگە بېرىپ كەلمەكچىمەن، بىلمەيمەن بۈگۈن كېلەلەمدىم يوق.

— مەيلى، بارسىلا... —بۈگۈنلا قايتمىسام بولمايتى دەپ، كېچىلەردە يول مېڭىپ يۈرمىگەيلا، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ، — دېدى ئۇ كۆيۈنۈپ تۇرۇپ، ئاندىن چاچقاق ئارىلاش قوشۇپ قويدى، — ھەقىچان مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم باقى بولغاندىكىن، تاڭاتقاندا، ئەتە كەلسىلىمۇ بولىدۇ، — مەلىكىزادىمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە شىۋىرلىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى ۋە:

— بىلەمسىز، مەلىكەم، ھەر قېتىم سىرتقا مېڭىش ئالدىدا سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، سىزدىن ئەنسىرەيمەن، بولۇپمۇ سىز ئىككى قات بولۇپ

قالغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق. بىراق، ئىلاج يوق. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز...
— چۈشلۈك بىر نەرسە يېۋېلىپ ماڭسىلا، ئەمىسە.
— ياق، جېنىم، بەك كېچىكىپ قالماي، ھازىرلا ماڭاي، — مەمتىلى ئەپەندى خوشلىشىش بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدى، — ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، قاسىم ھەممە ئىشنى بىلىدۇ، مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويغان، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.
— مەنغۇ ئۆيدە، — دېدى مەلىكىزاد ئېرىنى ئۇزىتىپ، ھويلىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ھېچنىمە بولماسمەن، سىلى مۇشۇنداق ھاۋانىڭ قىزىق كۈنىدە ئاچ- توق يۈرۈپ ئاغرىق تېپىۋالمىسىلا بولاتتى.
— مەندىن ئەنسىرىمەڭ، خۇداغا ئامانەت!
— ئاقيول بولسۇن.
ئۇلار گويا نەچچە يىللىق ئايرىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغاندەك ھەممىشە ئەنە شۇنداق خوشلىشاتتى.
مەمتىلى ئەپەندى ئاچپاردىن چىقىپ، قۇمالتاغ باغرىغا كەلگىچە ئەتراپقا قاراپ كۆڭلىگە تەسكىن بولىدىغان نەرسە ئىزلىگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھامان بىر بوشلۇق ساقلىنىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتچان يۈرىكىدە نۇرغۇنلىغان ئارزۇ- ھەۋەسلەر باردى. ئۇ ھەممىشە كۆڭلىنىڭ ئىچكىرىسىدە مەلىكىزاد بىلەن بىللە بولاتتى. ئاجايىپ كۆڭۈللۈك تەسەۋۋۇرلارنى قىلاتتى. لېكىن ھېچقاچان مۇھەببەت خۇمارى قانماستىن ئايلار ئۆتەتتى. قۇمالتاغ باغرىدىكى ”گىيا ئۇنمەس“ — خۇددى خۇمداننىڭ چىقىرىندىلىرىدەك كۆيۈك تۇپراقتا ھاۋانىڭ تەپتى تېخىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تاغنىڭ يانباغرىدا بىر نەرسىنىڭ پارقىرىشىغا قاراپ، دىققىتى قوزغالدى، ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ، ئەينەككە ئوخشاش سىلىق ۋە نۇر ئۆتكۈزىدىغان سۈزۈك كىرىستالنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى.
«بىزنىڭ قاقاس تاغلىرىمىزمۇ گۆھەرگە تولغان ـ دە! بۇ بەلكىم بىر قىممەتلىك مەدەندۇر. لېكىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇپرىقىدا قانداق نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۆزىمىز بىلمەيمىز. ئەجنەبىلەر، ھۆكۈمرانلار بىزنىڭ بۇلارنى بىلىشىمىزنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن بىزنىڭ مۇشۇ ھالىتىمىزدە قالغىنىمىز

پايدىلىق. مانا مەكتەپلەرنى داۋاملىق ئېچىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاھ، بەختسىز مىللەت! قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەركىن!» مەمتىلى ئەپەندى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەچ سۇزۇك كىرىستالنىڭ يۈزىنى پاكىز ئادالاپ، تاشلىۋېتىشكە قىيماي يانچۇقىغا سالدى.

ئۇ قۇمالتاغدىن ئۆتكىچىمۇ تاغلارغا مۇھەببەت بىلەن قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا بۇ دىياردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ قىيالماسلىقى باردى. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بەشكىرەم يېزىسى يوغان بىر باغدەك بىر تۇتاش كۆرۈندى، ئۇمۇ بۇ يېزىنى ئەنە شۇنداق چارباغ قىياس قىلدى، خىيالىدا ئۇ ئەنە شۇ چارباغقا كېتىۋاتقاندەك كەيپىياتتا ئىدى.

«بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئاجايىپ باي زېمىن. بۇ يەر مەدەنىيەتنىڭمۇ بۆشۈكى بولغان. بىز قاچان بولمىسۇن ئۆزىمىزگە-ئۆزىمىز خوجا بولغاندا بايلىقلارنى ئاچىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن پايدىلىنىمىز. بىزنىڭ ئاساسىي قىينچىلىقىمىز سۇنىڭ قىسلىقى بىز تەرەققىي قىلىپ، ئېلىمىزنى ماشىنىلاشتۇرساق، بۇ قاقاس تاغلارنى تەڭرى تېغىنىڭ قوينىغا ئوخشاش بۈك-باراقسانلىقتا، بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىگە ئايلاندۇرۇش تەس ئەمەس...»

ئۇ ئەنە شۇنداق روھلۇق كەيپىياتتا ئاشۇ چارباققا قاراپ ئېتىنى يورغىسىغا سېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا گويا چارباغدىن كۆڭلى سۆيگەن كىشىسى چىقىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

## 2

يۈسۈپ ئەپەندى ئىشخانىسىدا توختاجى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراشاتتى. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ هايال بولماي كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇلارنىمۇ مەھمۇد مۇھىتى كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ ئىشنىڭ ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىشى، مائارىپ سېپىدە بىرەر هەرىكەت بولۇشى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارمۇ پەرەز قىلىشتى. چۈنكى، مەھمۇد مۇھىتى دېۋىزىيىسىنىڭ تەمىناتى، مۇئاشى هەر

قاچان ۋاقتىدا بىرىلمەيتتى. بۇ ھال بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئەسكەرلەردە زېرىكىش، بىزار بولۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئوفىتسېرلار ھەققىمىزگە خىيانەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ نارازى بولۇشاتتى. مەھمۇد مۇھىتى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكلىرىنى سېتىپ تەمىنات ئۈچۈن خىراجەت قىلىشقا، گۆرۈكەش، جازانىخورلاردىن ئۆتنە ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ ھال ئۆزلىرىنى تاغدەك تىرەككە ئىگە دەپ ئىشەنچ بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان مائارىپچىلارغىمۇ زەربە بولماقتا ئىدى.

يۇسۇپ ئەپەندى بىلەن توختاجى مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا مەمتىلى ئەپەندىمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ توختاجىنىڭ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن بەك خۇشال بولدى.

— سىزمۇ بۇ يەردىكەنسىز دە، دوستۇم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن.

— بىز سىلىنىلا كۈتۈپ تۇراتتۇق، سىجاڭنىڭ ئالدىغا بىللە كىرەرمىز، — دېدى توختاجى.

— بۇ كىشى ھازىر سانايى نەپىسەنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالدى، خەۋەرلىرى بارمۇ؟ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

— ئوبۇلقاسىمچۇ؟

— ئۇ سالاچىلارنىڭ گېپى بويىچە ”مىللەت باغچىسى“غا مۇدىر بولدى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئويىچە بولغاندا ئۇنى بىراقلا خىزمەتتىن ھەيدەيتتى، قارىسىلا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىزلىكىنى ئابدىنىياز ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ راستىنىلا بەڭگى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، بۇنداق ئادەمنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئورۇنلىرىدا ئىشلىشى بۇ ئورۇننىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى ئېلىپ تاشلىدى.

— ئۇ ئادەمنىڭ يالغۇزلا نەشىكەش ئىكەنلىكى لەنەتلىك ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدا سىياسىي قارانىيەت بارمۇ- يوق؟ سىلەر ئۇ ئادەمدىن گۇمان قىلامسىلەر؟

— بۇنداق گۇمانلار بار. بەزى ئايرىم سورۇنلاردىكى ئىپادىلىرىمۇ شۇنداقراق،— يۇسۇپ ئەپەندى شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ،— چىقايلىمۇ؟

بازاردىن بىر نېمە يەۋالغاچ دېۋىزىيىگە بارمامدۇق،— دېدى.

—بەك كېچىكمەسمىزمۇ؟

—ياق، كەچرەك كىرگىنىمىز ياخشى، سىجاڭنىڭ كۆز- قۇلاقلىرىمۇ ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ ھازىر ئىلياسقىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— مەمتىلى ئەپەندى ئالدىرىغاندەك قىلغىنى بىلەن رەڭگىنىڭ قېنى قېچىپ تاتىرىپلا كېتىپتىغۇ، چېغىمدا ئۇ ئەتىگەنكى ناشتا بىلەن يۇرىۋاتىدىغۇ، دەيمەن، ئۆزلىرى راستىنى ئېيتىپ باقسىلا قېنى.

— راست، دوستۇم، ئۆزۈمنىڭ بوشۇشۇپ كېتىۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇردۇم. ئەمما نېمىشكە بۇنداق بولىدىغاندىمەن، دەپ ئويلاۋېرىپتىمەن، يادىمغا يەتكۈزۈپ ياخشى قىلدىڭلار، يۇرۇڭلار، ئەمىسە. ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى داۋام قىلىپ،— «يېڭى ھايات»نىڭ يېڭى سانلىرىنى ئېلىپ قويدىڭىزمۇ— دەپ سورىدى يۈسۈپ ئەپەندىدىن.

— ھەممىسى بار، بىراق، گېزىت ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك جانلىق ئەمەس، ھەممە ئىشىمىز كاژ تۇرغىلى باشلىدى.

— نېمىلا بولمىسۇن گېزىت- تە، بىزنىڭكىدەك بۇرۇختۇم مۇھىتتا مۇشۇنچىلىك بىر گېزىتنىڭ بولغىنىمۇ چوڭ ئىش.

ئۇلار كوچىغا چىقىپ بىر ئاشخانىدا تاماق يېيىشتى. ئۇ يەردىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويى كوچىسى بىلەن دېۋىزىيە ئىشتابىغا قاراپ كېتىشتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ، قارشى تەرەپتىن ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا سۇخەنچىلەردىن بىرى قامچا شىلتىپ:

— پوش! پوش! لىيۇدارىن كېلىۋاتىدۇ، پوش!ــ دەپ يول ئېچىپ كېلەتتى. ئارقىدىن يوغان كۇرەڭ ئاتقا مىنگەن، ھەزىلكەشلەرگە ئوخشاش كۆزلىرى يۇمۇلۇپ تۇرىدىغان لىيۇبېڭ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر قاچانقى ”مېھرىبان“ لىقى بىلەن بودكىلاردا ئولتۇرغان ئاقساقاللارغا، يولدا ئۇچرىغان مويسىپىتلەرگە ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلىپ، چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ كېلەتتى. دۇكاندارلار، ئۆتكۈنچىلەر ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىلىق ئالدىراپ قېلىشاتتىكى، بەزىلىرى

قوللىرىدىكى نەرسىلىرىنى چۇشۇرۇۋېتەتتى.

— بىزنىڭ ساددا خەلقىمىز،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ھەمراھلىرىغا قاراپ،— "يولۋاسنىڭ چىش چىقارغىنى كۈلگىنى ئەمەس" ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يېڭىلىشىپلا كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىلا، ئەپەندى، — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى،— قەشقەرلىكلەر لىيۇبىڭنى خېلى ئوبدان خىتاي، بىز خەقنى ياخشى كۆرىدىغان خىتاي دەپ تەرىپلىشىدۇ، تېخى. كۆرمەيۋاتامىلا، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشقا ئالدىراپ، قوللىرىدىكى نەرسىلەرنىمۇ تاشلىۋېتىدۇ.

— ئۇنىڭ بۇ ئادىمگەرچىلىك چۈمپەردىسى پات ئارىدا يىرتىلىشى مۇمكىن! — توختاجىمۇ سۆزگە قوشۇلدى.

— بىراق، بىزنىڭ ساددا، يۇمشاق كۆڭۈل خەلقىمىز ئۇنىڭ ئەسلىدە چىش چىڭگايتىپ تۇرغان يىرتقۇچ ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ ساۋاق ئالمايدۇ. يەنە بىر دۈشمەننىمۇ ئەنە شۇنداق ئادىمگەرچىلىك بىلەن قارشى ئالىدۇ.

— شۇنداق، بۇ مىللەتنىڭ خاراكتېرى، قانغا سىڭگەن ئادەت.

لىيۇبىڭنىڭ ئارقىسىدىن تولۇق قوراللانغان يۈزدىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچى سۇر- ھەيۋە بىلەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەپەندىلەر يولىنى داۋام قىلىشتى.

ئۇلار گۈلباغقا يېتىپ كەلگەندە ئابدۇللا داموللا نەئىمى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىردى.

— سالام، تەۋپىق ئەپەندى، زىيا ئەپەندى، — دېدى سىجاڭ ئۇلارنىڭ قولىنى بىر- بىرلەپ سىقىپ، — ھاجىم ياخشى تۇرغانسىز؟ — سىجاڭنىڭ چىرايىدا ھەم ھەربىيلەرگە خاس سالاپەت، ھەم ئاتىلارچە مېھرىبانلىق، دوستانە شاتلىق ھەم چوڭقۇر ئويلايدىغانلارغا خاس ئويچانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇلار سالام سائەتتىن كېيىن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. مەھمۇد مۇھىتى ھەممىدىن كېيىن ئولتۇرۇپ، بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئالدىرماي گەپ باشلىدى:

— ۋەزىيەت جىددى، ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ ئاۋارە قىلىشىمدىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ئۇنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىنى كۈتۈپ جىم تۇرۇۋېرىشتى. سۈكۈت ئۇزاققا سوزۇلمىدى، مەھمۇد مۇھىتى خاس كاتىۋى ئابدۇللا داموللا نەئىمىگە قاراپ:

— سىزنىڭ باشقا ئىشلىرىڭىز بولسا قىلىۋېرىڭ، ھازىرچە سىزگە ئىش يوق، بولۇپ قالسا چاقىرىمەن، — دېدى.

ئابدۇللا داموللا نەئىمى سىجاڭغا بىردەم ئۈنسىز بېقىپ، ئاندىن باشقىلارغىمۇ بىر قۇر قاراپ قويدى- دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزاھات بېرىپ:

— مېنىڭ ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىلىكلىرى ئاز قالدى. بۇنداق دېگىنىم داموللامدىن گۇمانلانغىنىم ئەمەس، ھەر ھالدا تۇنۇگۈنكى دوستلار بۈگۈن دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ، — ئۇ بۇ سۆزلەرنى بوش ئاۋازدا دېگەندىن كېيىن، ئاخىرىنى رەسمىي تەلەپپۇزدا داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ ۋەزىيەت جىددىي دېگىنىم ئەنە شۇ. خەۋىرىڭلار بار، بىر قىسىم گۇمانىدارلىرىم سوۋېتتە، ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ كەلگەنىدى، ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسى تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ماڭا كۆز- قۇلاق بولىدىغان بولۇشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇشتىكى باشلىنىش ئىدى. يېقىندا يەنە شىڭ دوبەندىن تېلېگرامما كەلدى. ئىككى پولكوۋنىك، تۆرت كومروتا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىپتۇ. مانا بۇ بۆلگۈنچىلىك، پارچىلاپ يوقىتىشنىڭ جىددىيلەشكەنلىكى، ئۇلار سۆزسىز ئۆزگىرىپ كېلىدۇ ھەم شىڭ دۇبەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىشلەيدۇ. ئۇنداق قىلمىسا ئۇلارغا كۈن يوق!

— ئەۋەتمىسىڭىز بولماسمۇ؟— سورىدى توختاجى ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ.

— ئەۋەتمىسەم؟!ــ مەھمۇد مۇھىتى يوغان ۋە جىددىي كۆزلىرىنى توختاجىغا تىكتى،— ياق ھاجىم، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقاندا بۇ مۇمكىن ئەمەس. شىڭ شىسەي مېنى مەجبۇر قىلالايدۇ. ئۇھازىرچە تېخى مەندىن قورقىدۇ، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مېنى مەجبۇر قىلالايدۇ. چۈشىنىشلىكتۇ؟ ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىتتىپاقچىسى بار! ھازىرقى

شارائىتتا مەن ئۇچۇن ئەۋەتىشمۇ، ئەۋەتمەسلىكمۇ ئوخشاشلا پايدىسىز. ئەۋەتمىسەم مېنى باشقىچە نىيىتى بار، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىدى، دەيدۇ- دە، يوقىتىش ئۇچۇن ئاساس تېپىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا يوقىلىشىم تېخىمۇ تېزراق بولىدۇ. ئىككى يولنى سېلىشتۇرغاندا ئەۋەتىش پايدىلىقراق، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدا ھېچ بولمىسا ئەجىلىمنى ئۇزارتالايمەن!

باشقىلار ئېھتىيات بىلەن چوڭ بىرتىنىشتى. ئەمما ھېچكىم گەپ قىلمىدى. مەھمۇد مۇھىتى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ يوقىلىشىم ئانچە مۇھىم ئەمەس، بىراق، مەنسىز مائارىپنىڭ ھازىرقىدەك بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. چۈنكى بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا شۇنى كۆردۇقكى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشقا قىزغىنلىقى تايىنلىق، دىنىي زاتلاردىن ئۈمىد بولىدىغان بولسا بۇرۇنلا قەد كۆتەرگەن بولاتتۇق. ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن ئەنسىرەيمەن.

— بىز سىلىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، ھاياتلا بولساق بوشاشماي ئىشلەيمىز،— دېدى يۈسۈپ زىيا.

— شۇنداق،— دېدى سىجاڭ ئۇنى ماقۇللاپ،— مەن بۇنىڭدىن گۇمانلانمايمەن. بىراق، گەپ سىزنىڭ ”ھاياتلا“ بولۇشىڭىزدا!

— نېمە!...؟— زىيا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي تۇرۇپ قالدى. بۇنداق سوئال مەمتىلى تەۋپىقنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدە ۋە توختاجىنىڭ لەۋلىرىدىمۇ قېتىپ قالغانىدى.

— بايا ئېيتقان تېلېگىراممىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا ئىككىنچىسىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئابدۇللا داموللا نەئىمىنى ئۇرۇمچىگە ”ئوقۇش“ قا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەپەندىلەر؟ مېنىڭ جىمىكى مەخپىيەتىمنىڭ تىرىك شاھىدى بولغان كاتىپىمنى ئۇرۇمچىگە چاقىرتىش، جاللات قىلىچىنىڭ قانسىرىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ بۇ بولسا ئاۋۋالقى پارچىلاش، ئاجىزلاشتۇرۇش چارىلىرىدىن بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، بىراقلا يوقىتىۋېتىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئەلۋەتتە.

— سىز ئۇ كىشىنىمۇ ئەۋەتىش تەرەپدارىمۇ؟— توختاجى ھولۇقۇپ سورىدى.

— بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى تېنىم ئەيمىنىدۇ. ئەپەندىلەر، بۇ ھەقتىكى گەپنى قويۇڭلار، مىنىڭ نۆۋەتتە ھەممىدىن قىزىقىدىغانلىرىم ئۈستىدە سۆزلەشكە ئىجازەت بېرىڭلار، — ئۇ ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئاللىنىمىنى ئويلاپ، يەنە ئولتۇردى،— مېنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ، شۇنداقلا بارلىق ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىدا ئەجەل قۇشى ئەگىپ يۈرۈپتۇ، ئەپەندىلەر! ئۆلۈمگە تەييارلىنايلى!- ئۇ ئەمدى قەئئىي قارارغا كەلگەندەك ئورنىدىن تۇردى،— ئۆلۈم ئالدىدا نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ بىر ياخشى جەڭچى ئۆلۈم ئالدىدا قورال ۋە ئوق دورىلىرىنى دۈشمەنگە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن يا ئۇنى يوشۇرۇپ قويىدۇ ياكى ئۆزىنى قوشۇپ پارتىلىتىۋېتىدۇ. بىر ياخشى ئاتا، ئۆلۈم ئالدىدا پەرزەنتلىرىنىڭ مىراس دەۋاسىغا قالماسلىقى ئۈچۈن روزغارىنى بۆلۈپ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ، بىر ياخشى موللا دىيانەتلىك كىشى ئۆلۈم ئالدىدا قەرزلىرىنى قايتۇرۇپ، گۇناھىنى تىلەپ، پاكلىنىشقا تىرىشىدۇ، ھەتتا ئالدىن يەرلىك كولىتىپ قويىدۇ؛ ... مانا بۇ ئۆلۈمنىڭ تەييارلىقى! — مەھمۇد مۇھىتى بۆلۈمنىڭ ئىچىدە بىر ئايلىنىۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — بىز قانداق تەييارلىنىمىز، ئەپەندىلەر؟ سىلەر ئاقارتقۇچىلار قانداق تەييارلىق قىلىسىلەر؟ مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم مانا شۇ. سىلەرگە مانا شۇ جەھەتتىن گەپ تاپىلاشنى زۆرۈر ھېسابلاپ، سىلەرنى چاقىرتقان ئىدىم.

ئارىلىقنى سۈكۈت باستى. ھېچكىم بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدى. بايىلا خوشال- خورام ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ كەلگەن ئەپەندىلەرنىڭ چىرايىدا زەپىرەڭلىك، كۆزلىرىدە مەيۈس نۇر چاقنايتتى. دىرىزىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ گىرىلداۋاتقان چىۋىننىڭ ئاۋازى شۇنچە روشەن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەمتىلى ئەپەندى چىرايى گاھ تاتىرىپ دائىمى قىزىللىق تارىسا، گاھ بۇ قىزىللىق بۇرۇنلىرىغىچە يۈگۈرەتتى. ئاخىرى ئۇ جىددى تۇستە سۈكۈتنى بۇزدى:

— قىلىچ جاھالەتنىڭ قولىدا بولغاندا يورۇقلۇققا ھايات يوق! يورۇقلۇق ئالەمنى قاپلىغاندا ئۇنى زۇلمەتنىڭ ئېتىكى توسالمايدۇ! بىز زۇلمەت ئىچىكى چاقماقلارمىز، بىزنىڭ ئۆچۈشىمىز مۇقەررەر. لېكىن، بىز خەلق قەلبىدە يورۇقلۇقنىڭ ھامان زۇلمەتتىن ياخشى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ياخشى تەسىراتنى قالدۇرۇپ، كېتىمىز. مانا بۇ بىز ئۈچۈن ئاخىرقى تەسەللىي! قانچە

كۆپ ئادەمدە يورۇقلۇق سۆيگۈسى ئويغىتالساق بۇ تەسەللىي شۇنچە كۈچىيىدۇ! بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، بىزنىڭ ئۆلۈم تەييارلىقىمىز تېخىمۇ يورۇقراق چاقناش بولىدۇ!...

يۇسۇپ زىيانىڭ ۋۇجۇدى هاياجاندىن تىترەپ كەتتى. توختاجىنىڭ كۆز چاناقلىرى ۋە بۇرنى ئېچىشقاندەك بولدى. مەهمۇد مۇهتىنىڭ چىرايى جىددى ئۆزگىرىشلەرنى ناھايىتى چاپسان ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى ئۇ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەك ئاۋازدا:

— ئەڭ ياخشى جاۋابنى سىلەردىن ئالالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم، دوستلىرىم! .... — دېدى- دە، گېلى بۇغۇلغاندەك توختاپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆھبەتداشلىرىنىڭ قولىنى بىر-بىرلەپ سىقتى. ئاندىن نەپسىنى راسلىۋېلىپ، — ئەمەلىيراق پىلانلارنى ئېيتىپ باقامسىلەر؟ — دېدى.

— سىجاڭ ئاتىمىز بىزنى بۇ يەرگە چاقىرىشتىن ئىلگىرىلا جەزمەن بىرەر ئوينى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا كېرەك، شۇنى ئاڭلاپ باقساق ئوبدان بولاتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن سىلى بۇ ئىشلارنى بىزدىن بۇرۇنراق ئەقىللىرىگە كەلتۈرۈپلا، بىز بولساق ئەمدىلا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتىمىز.

— بولىدۇ، — دېدى مەهمۇد مۇهتى كۈچلۈك ئاۋازدا، — بىز ئۆلۈم ئالدىدا ئەڭ زۆرۈر ئىشلىرىمىزنى پۈتتۈرۈۋالايلى، ھېچ بولمىسا تەۋپىق ئېيتقاندەك تېخىمۇ يورۇقراق چاقنايلى، خۇددى ساقىغان يۇلتۇزدەك، — ئۇ هاياجان بىلەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن، شائىرانە ئاهاڭنى قوماندانلارنىڭ ئاهاڭىغا ئازگەرتىپ داۋام قىلدى، — بىزنىڭ كۆز تىككىنىمىز، كۆزلىگىنىمىز ھەم سۆزلىگىنىمىز، شۇنداقلا ئۇمىد باغلىغىنىمىز مەدەنىي ئاقارتىش، ئۇنداقكەن، بۇ مۇھىم ئىشىمىزنى ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتلىرىمىز بىلەن كۆپرەك قىلىۋېلىقشا تىرىشايلى. مېنىڭچە مائارىپ تەشۋىقاتىنى چىڭ تۇتساق قانداق؟— ئۇ سۆھبەتداشلىرىغا لەپپىدە قاراپ قويىدىيۇ، ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەستىن داۋام قىلدى، — كىشىلەرگە يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ كۆزى ئوچۇق، دىلى يورۇق، ئۆزى شوخ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويايلى، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ئۆچمەس ئىز قالسۇن. ئادەم ئايىقى تەگمىگەن يېزىلارغىچە مەرىپەت مەشئىلىنىڭ نۇرى چۈشسۇن!

—بۇ ئەلۋەتتە بىزنىڭ بۇرچىمىز، ۋىجدان قارارىمىز! — دېدى تەۋپىق.

— بۇنىڭغا بەزى يولمۇ بار، دۈشمەنىنىڭ قۇترىتقۇلۇقىدىن ساقلىنىشنىڭ ياخشى باھانىسى. سىلەردە يازلىق تەتىلدە بولۇپ تۇرىدىغان ”بالىلار جەمئىيىتى“ پائالىيىتى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى باھانىسى.

— راست، يازلىق تەتىلمۇ كېلىپ قالدى، بىز بۇ ئىشقا دەرھال كىرىشەلەيدىكەنمىز،— دېدى زىيا جانلىنىپ.

— مەن بۇنى ئاۋۋال ئۆزىڭىز باشلىسىڭىزمىكىن دەپ مەسلىھەت بېرىمەن، زىيا،— دېدى ھەممۇد مۇھىتى يۈسۈپ ئەپەندىگە قاراپ،— سىزنىڭ مەكتىپىڭىز ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپ بولغاچقا بۇنىڭ ئۈچۈن قولايلىقراق. ئارقىدىنلا تەۋپىق ھەرىكەتكە كەلسۇن؛ ئاندىن سىز يېڭى بىر سەپەرنى باشلاڭ. بۇنى دوستانە باردى ـ كەلدى دېمەك ئۈچۈن ئاۋۋال ئاتۇشقا بېرىڭ، ئۇ يەردە ئويۇن قويۇپ بېرىڭلار. تەۋپىق بۇ ھەرىكەتكە ئەمەلىي جاۋاب قايتۇرماقچى بولسۇن ـ دە ئىزچىلىرىنى ئېلىپ ۋىلايەتنى ئارىلاپ چىقسۇن.

— سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز دەل بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئىشلار، سىجاڭ، سىز بىزنىڭ تۈۋرۈكىمىز، بولمىسا... — دېدى تەۋپىق ھاياجان بىلەن.

— سىلەرگىمۇ رەخمەت!ـ سىجاڭ ئۇلارنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سىقتى،— سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ قويدۇم. يەنە بەزى ئويلىرىممۇ بار ئەلۋەتتە. چۈنكى مۇشۇنداقلا قىلىپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇنى ھازىرچە دېمەي تۇرۇشنى ئويلاپ قالدىم. ئاۋۋال بۈيۈك بىر گۈلخانىنىڭ ھازىرلىقى ئۈچۈن ئوتۇن تەييارلاشقا ئوخشاش، خەلق قەلبىدە ئۆزەڭلار ۋە ئۆزەڭلار قىلىۋاتقان ئىشقا مۇھەببەت، قىزىقىش ئويغىتىڭلار. ئاندىن كېيىنكى ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىشىغا ئىشىنىمەن.

— ئۇنىسى...؟

— ياق، ھازىرچە كاللاڭلارنى ئېغىرلاشتۇرماڭلار، بۇگۇن پەقەت شۇ. ئاشنى ئىچىدىغان ۋاقىتتا تۈۋاقنى ئاچساق ئىسسىقراق تۇرىدۇغۇ، بالدۇر ئېچىپ قويساق ياخشى ئەمەس. قەدىمىڭلارغا رازى بولۇڭلار، ئەپەندىلەر.

— ھېچقىسى يوق، ئامان بولسىلا،— دېدى يۈسۈپ زىيا. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا خەيرلىك كەچ تىلىدى.

# ئالتىنچى باب

## 1

يۈسۈپ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى قەشقەر ئىزچىلىرىنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى ئاچىيار بويىدا كۈتۈۋالدى. ئىككى تەرەپ ئىزچىلىرى بىردىن بايراق، بىردىن ئىزچىلار كالتىكى كۆتۈرگەن بولۇپ، ھەيۋەتلىك دۇمباق، بارابان ساداسى ئىچىدە ئۇچراشتى، قەشقەر ئىزچىلىرى قارشى ئالغۇچىلار سېپىگە يېقىنلاشقاندا:

بىز قەشقەردىن كەلدۇق ئېشىپ تاغۇ- تاش،
دوست بولۇرمىز، ئىزچى - ئىزچى قېرىنداش.
نەسلىمىز بىر، ئەسلىمىز بىر، ھەم يۇرتداش،
بۈيۈك مەقسەت يولىدا بىز چىڭ يولداش.

دەپ ناخشا باشلىۋېدى، مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى ئارقىدىن ئۇلاپلا، شۇ ئاھاڭدا ناخشىغا قوشۇلدى:

بىز ئاتۇشنىڭ ئىزچىلىرى، ساھىپخان،
خۇش كېلىپسىز كۈتۈۋالاي مېھرىبان.
ئايرىلمايمىز سەپتە بىللە ماڭىمىز،
ھەم يولداشمىز، ھەم قېرىنداش، جانىجان.

ئۇلار شۇ تەقلىدتە ئۇچراشقاندىن كېيىن يۇسۇپ ئەپەندى ئىزچىلىرى تۆرت قاتارنى ئىككى قاتارغا ئۆزگەرتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن قاتار بولۇپ، ھۆرمەت كۆرسىتىپ ماڭدى. ئالدىدا ھەر ئىككى ئىزچىلار قوشۇننىڭ باراban، سۇنايچىلىرى چېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئۆز ـ ئارا شۇنداق ماسلاشتىكى، ئەزەلدىن بىللە يۈرگەندەك سىڭىشىپ كەتتى. مانا شۇنداق قاتارلىشىپ، ئىككى سايدىن ئۆتۈپ مەشھەدكە — رۇشتى مەكتەپكە كېلىشتى، بۇ چاغدا ۋاقت پېشىمدىن ئۆتكەندى. باللار دەم ئېلىشقا ئازاد قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن يۇسۇپ ئەپەندى بىلەن مەمتىلى ئەپەندى قەدىردانلارچە قول ئېلىشتى.

— قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، بۇرادەر، بىساتىمىزدىكى بارىمىز بىلەن مېھمان قىلىشقا تەييارمىز،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— رەخمەت، ئەپەندى، سىلىگىمۇ رەھمەت،— دېدى يۇسۇپ زىيامۇ سەممىي كۈلۈپ،— مېھماندارچىلىقلىرىدىن ھەقىچان قۇتۇلغىلى بولمايدىغۇ، ئېيتسىلا قېنى، بىزنى قەيەرگە باشلاپ بارماقچى بولۇۋاتىلا؟

— بۇگۈنچە سىزنىڭ توختىغان يېرىڭىز مۇشۇلا، ئەتە ئەتتىگەننىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولسىڭىز مەن سىزنى تەڭگە تار تەرەپكە باشلاپ چىقماقچىمەن، بىلەمسىز، ئۇ دېگەن ئاتۇشنىڭ سۈيى كېلىدىغان بۇلاق جايلاشقان تاغ،— ئۇلار باللارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى كۆرگەچ پاراڭلىشىشتى.

— تەڭگە تارغا بارىمىز دېسىلە؟ ئۇ يەر يىراقمۇ؟

— ئانچە ئەمەس، ھەر ھالدا كەچكە بارىمىز. ئەمما مېنىڭ مەقسىتىم تەڭگە تارنىڭ ئۆزىگىلا بېرىش ئەمەس، ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر جىلغىدا بەزى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەر بار دېگەننى كۆپ ئاڭلايتتىم، ئەمما مەنمۇ بارمىغان. بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيتىڭىز، ئۇ يەرنى ”جاي پەچچەم“ دەپ ئاتايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سۇلتان ساتۇق ئۇ يەرنى جاي تۇتقان ئىكەنمىش. ئۇ بىر مەزگىل ئاشۇ جىلغىدا پاناھلانغان، كېيىن ئوغۇلچاق ئۇنى قوغلاپ كېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ساتۇق بىر تاۋۇۋرنى ئىككى قىلىپ، ئەمدىلا يېمەكچى بولۇپ

تۇرغانىكەن. نېمەتلەرنى دۈشمەنگە قالدۇرغىسى كەلمەپتۇ - دە، ئايەت ئوقۇپ، تاۋۇزلارنى تاشقا ئايلاندۇرۋېتىپتۇ. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ تاۋۇز ھېلىمۇ بارمىش. قانداق، قىزىقمىكەن؟

— خېلى قىزىق. مەنمۇ ئاڭلىغان. يەنە ئۇ يەردە سۇلتان ساتۇقلار تەرىپىدىن تاشقا ئايلاندۇرىۋەتكەن ئاشمۇ بار دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئەسلىدە ساتۇق تاۋۇز پىچىۋاتقاندا بىرى ئاش كېسىۋاتقانىكەمىش، ئۇلار قاچىدىغان چاغدا ئاشنىمۇ تاشقا ئايلاندۇرىۋېتىپتىكەن.

— دېمەك، سىز بۇ سەپەردىن خوشالكەنسىز ـ دە؟

— بەكمۇ مەمنۇنمەن. سىلى باشلىغان يەر ئەلۋەتتە يامان بولمايدۇ ـ دە.

ئۇلار قەشقەر ئىزچىلىرىنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئۇلار دەم ئالغىچە كەچلىك تاماق تەييارلىقىغا كىرىشىش ئۈچۈن ئويۇشمىدىن نۇرۇللا بىلەن مەھەممەت قارىنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئاندىن مەمتىلى ئەپەندى يۈسۈپ ئەپەندىنى باشلاپ، سۇلتان ساتۇق قەۋرىسىنى ۋە "بۇغرام"[1] نى زىيارەت قىلدۇرۇش، بازار ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.

كەچتە مائارىپ ئويۇشمىسى قەشقەر ئىزچىلىرىنى قوي سويۇپ كۈتۈۋالدى. تاماقتىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى يۈسۈپ ئەپەندىنى ئۆيىگە باشلاپ كەتتى. يۈسۈپ ئەپەندى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە بولماقچى بولغانىدى، مەمتىلى ئەپەندى چىڭ تۇرىۋالغاچقا ئىلاجىسىز ئۇنىڭ بىلەن بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

— مەلىكەم،— دىدىم ئۇ ئۆيىگە كىلىپلا ئايالىغا،— بۈگۈن دوستۇم كىلىپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەممە ئىشىمنى

---

[1] "بۇغرام" — بۇغرا خان جەمەتىنىڭ قەۋرىستانلىقى بولۇپ، 1976 ـ يىلى 2 ـ ئايدا زورلۇق بىلەن بۇزۇپ تۈزلىنىپ، ئۈستىگە خەۋەرلىشىش روتىسىنىڭ گازارمىسى سېلىنغان. قەبرىنى قوغداش يۈزىسىدىن خەلق قەبرە ئۈستىدە يېتىۋېلىشقان، بىرمۇنچە ئادەم قولغا ئېلىنغان. قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى چوڭ ياغاچلاردىن ئىككى قات، ئۈچ قات تىزىپ قېلىن تام قىلىنغان ئۆي شەكلىدە بولۇپ، بىرلا قەبرىدىن بىر ماشىنىدىن ئارتۇقراق ياغاچ چىققان. يەنە نېمىلەرنىڭ چىققانلىقى خەلققە قاراڭغۇ، چۈنكى بۇ ئىشلار ئەسكەرلەرنىڭ قورشاۋ ھالقىسى ئىچىدە قىلىنغان، — ئا.

قويىمەن، بۇگۇن مەمتىلى سىلەرگە ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ.

مەلىكىزاد بىلەن يۈسۈپ ئەپەندى يەڭگىل باش لىڭشىتىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، مەلىكىزاد داستىخان سېلىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلماق بولىۋىدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى توسۇپ:

— بىزنىڭ مېھمىنىمىز ئۆز ئادەم، ئاكا - ئۇكىلاردەكلا ئۆتىشىمىز، شۇڭا تەكەللۇپ ئىشلىمەيدۇ. بايا مەكتەپتە قورساقنى تويغۇزىۋالدۇق. ئەمدى بىزگە دورا - دەرمەكلەر بىلەن چاي دەملەپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ... ۋىيەي، سىلىمۇ- زە، مېھماننىڭ كۆڭلىگە كىلەر دېمەي،... — دېدى مەلىكىزاد قەشقەر ئاياللىرىغا خاس قويۇق تەكەللۇپ بىلەن.

— زىيا ئەپەندىنى مېھمان دەپ ئويلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن دىگەندەك قىلىۋىرىڭ. مېھمان قىلغۇڭىز بولسا كارامىتىڭىزنى ئەتە ئەتىگەندە كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ،— مەمتىلى ئەپەندى ئايالىغا شۇنداق دېگەندىن كېيىن يۈسۈپ ئەپەندىگە،— قېنى ئېيتىڭ، تەمبۇر ئاڭلامسىز، پىئانىنومۇ؟

— ئاۋۋال پىئانىنو چېلىپ بەرسىلە، ”خىيال كۆيى“[①] نى چالامسىز، ئىشقىلىپ مۇزىكا ئۇستىلىرىنىڭكىدىن، ئاندىن تەمبۇر چېلىپ بەرسىلە. ئۇزۇن جاھان بوپتۇ، پىئانىنو ئاڭلاپ باقماپتىمەن، بۇگۇن بىر مۆرىتى كەپتۇ.

مەلىكىزاد چاينى دەملەپ ئېلىپ كەلدى. پەتنۇس ئۈستىگە قويۇلغان پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن سۇندى. ھەممەيلەن چايدىن بىر يۇتۇمدىن ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى چاي ھەققىدە بىر ئېغىز چاقچاق قىلىپ قويۇپ پىئانىنونىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە پىئانىنو تۇگمىلىرىنى باشتىن ئاياق بېسىپ، ھەممە ئاۋازنى بىر نۆۋەت ئاڭلاپ باققاندىن كېيىن:

— ئەمىسە ئىسمىنى ئاتىغىنىڭىز ئۈچۈن ”خىيال كۆيى“ نى چېلىپ بېرەي، ئىككىنچى قېتىملىقىنى ئويلىغاچ تۇرۇڭلار،— دېدى ۋە خىيالغا ئوخشاش ئەللەيلىگۈچى سادالارنى چىقىرىپ چېلىشقا باشلىدى.

”خىيال كۆيى“ راستىنلا ئۇلارنى خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كەتكەندەك

---

① «خىيال كۆيى» ــ شۇماننىڭ ــ ئا.

بولدى. بەزىلىرى بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىسە، بەزىلىرى ئۆتكەن ھاياتىدىكى ئەڭ خوشاللىق كۈنلىرىنى ياكى ئەڭ قايغۇلۇق كەچمىشىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا ئەمەس، ئىختىيارسىز ھالدا ئەنە شۇنداق خىيالىي مۇھىتلارغا كىرىشكەندى. يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ خىيالىدىن ۋەتەندىن ئايرىلغان چاغلىرى، يات ئەللەردە سەرسان- سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىرى،... بىر- بىرلەپ كېچىشكە باشلىدى. مەلىكىزادىنىڭ خىيالىغا مەمتىلى ئەپەندى بىلەن توي قىلغان چاغلىرى كەچكەندى. ئارقىدىن ئۇ بالا تۇغىدىغانلىقىنى شۇندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى... ئۇلار مۇزىكىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سەزمىگەندى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن چۆچۈپ كېتىشتى:

— ئەمدى نېمىنى ئاڭلاشنى خالايسىلەر، دوستلۇرۇم! نېمە، سىلەر ئۇخلاپ قالدىڭلارمۇ قانداق؟

— ئۇخلاپقۇ قالمىدۇق،— دېدى زىيا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن مۇزىكىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى تۇيماپتۇق. مەن خىيالىمدا داۋامىنى چېلىشقا باشلىۋېدىمىكىن...

شۇندىن كېيىن يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر نەچچە ياۋرۇپا مۇزىكىسى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، پىئانىنو چېلىش توختىتىلدى.

— ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ كىلاسسىكلىرىدىن بىرنەچچە پەدە ئورۇنلاپ بەرسىلە بولدى، تەمبۇرنى قولىلىرىغا ئالسىلا، — دېدى يۇسۇپ زىيا.

— ئۆزىڭىز دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلامسىز، قانداق؟

— مەيلى بولمىسا، ئۇرىنىپ كۆرەي،— يۇسۇپ ئەپەندى دۇتارنى قولىغا ئالدى. ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەمبۇرنى چېكىشكە قۇلاق سېلىپ، دۇتارنى تۈزدى،— نېمىنى باشلايمىز؟

— سىز دەڭ، ئۆزىڭىزگە ئەڭ ياخشى تويلىدىغىنىنى دەڭ، شۇنىڭغا چالىمىز.

— ماڭا قالسا ئەجەمنىلا چالساق بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە، خاتا تاللىمايسىز، دوستۇم.

ئۇلار شۇنچىلىك ئىخلاس بىلەن چېلىشقا كىرىشتىكى، قېشىدا

مەلىكىزادىنىڭ بارلىقىنى، قاسىمنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۇلارنىڭ تەڭكەش قىلىپ مۇقام ئورۇنلىشى ئەل ئايىقى جىمىققىچە داۋام قىلدى. شۇندىمۇ تېخى مېھمانىنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن مەلىكىزاد ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۈچۈنلا توختاشتى.

— كەچۈرۈڭ، مەلىكەم، نېمە ئامال، تومۇرلىرىمىزدا ناۋائىي بىلەن قىدىرىنىڭ قېنى تۇرسا قىزىپ كەتمەي قالالمايتتۇقمۇ ئەمىسە، بىزنىڭ ئەتە سەھەردە سەپەرگە چىقىدىغانلىقىمىزنى ئۇنۇتماڭ،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئايالىغا.

مەلىكىزاد ئېرىنىڭ ياش بالىدەك مىجەزىگە كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئورۇن سېلىپ بېرىپ، باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

## 2

ئۇلار تاڭ سەھەردە مەلىكىزادىنىڭ ھالۋا چېيىنى ئىچىپلا مەكتەپكە چىقتى. ئوقۇغۇچىلار تېخى غىزالىنىپ بولمىغانىكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىگە خاس چاققان، ھەرىكەتچانلىقى بىلەن ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۈيۈشمىسىنىڭ زاپخوزلىرىغا ئاشپەزلەرگە كاپىپمۇ قويدى.

ئىزچىلارنىڭ غىزالىنىشى كۆپ كېچىكمىدى. قەشقەر، ئاتۇش ئىزچىلىرى بىر سائەتتىن كېيىن تەقمۇ- تەق بولۇپ، رۇشتى مەكتەپ ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۇ يەردە باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە ئىسلىماخۇن خەلپىتىم، قۇتلۇقاخۇن خەلپىتىم، نۇرۇللا، زەكى قاتارلىقلار ئۇزىتىپ قويۇشتى. بازار كوچىلىرى تېخى جىمجىت ۋە بوش ئىدى. سەھەرنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىللىق، راھەتبەخش ئىدى. ئۇلار ساي ئىچى بىلەنلا قىران دەريا بوغۇزىغا قاراپ كېتىۋاتقاچقا، بوغۇز تەرەپتىن بىر خىل مەيىن سالقىن ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇنداق سالقىن بوغۇزنىڭ ئۇدۇلىدا ھەر قاچان بولاتتى.

قۇياش شەرق تەرەپتىكى چەكسىز كەتكەن شورلۇق تۇزلەڭلىكنىڭ ئاسمان گۈمبىزى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان يېرىدىن قىزغۇچ بۇرجىكىنى

چىقارغاندا ئىزچىلار ئاللىقاچان بوغۇزدىن كىرىپ كەتكەندى. بوغۇزدىن كىرگەندىن كېيىن دەريا ئېقىنى ئىككىگە ئايرىلاتتى. ئوتتۇرىدا ئارال ياكى يېرىم ئارالدەك دەريانىڭ قوشۇلغان يېرىگىچە قىستاپ كەلگەن بىر دۆڭلۈك، تەدرىجىي ئېگىزلەپ ئاخىرىدا بىر تاغ چوققىسىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ تەرەپكە بۇرۇلدى. شۇنداقلا ئىككى ئۇستاز ياشلارنىڭ قاتاردىن ئازاد بولۇپ، ئىختىيارى مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى.

بوغۇزنىڭ ئىچىدە ئىككىگە ئايرىلغان دەريا ئېقىنى ئىككى تەرەپتىكى تىك قىيالىق تاغلارنى ياقىلاپ بىرى غەرپ تەرەپتىن، بىرى شىمالدىن كېلەتتى. غەرب تەرەپكە كەتكەن ئېقىننىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بىر نەچچە يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك تاغ بولۇپ، ئېقىن يۈزىدىن تاكى تاغ چوققىسىغا قەدەر پىچاق بىلەن كەسكەندەك تۈز ئىدى. ئۇنىڭ چوققىسى ياكى قاق بېلىدە قاغا ۋە سا قاتارلىقلار ئەگىپ يۈرگىنىدە قاقىلدىسا ئەكس ساداسى ھەيۋەت بىلەن ئاڭلىناتتى. شىمالغا كەتكەن ئېقىننىڭ شەرقىي قىرغىقىمۇ گاھى تىك، گاھى يانتۇ گىرۋەكلىك تاغلار بىلەن چېگرىلىنەتتى. ئىككى ئېقىننىڭ شىمال ۋە غەرپ قىرغاقلىرى ئوتتۇرىسىدا ھاسىل بولغان ئۈچ بۇلۇڭ ئانچە ئېگىز بولمىغان ئېگىزلىك ئىدى. ئېگىزلىكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ئاقۇش تاغلار قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ ”ئۈچ بۇلۇڭ“ نىڭ تۈۋى تەرىپىنى شەكىللەندۈرگەن: ”ئۈچ بۇلۇڭ“ نىڭ ئۈچى بولسا بوغۇزنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— قاراڭلار، بالىلار، پاپا تۇشۇك![1] — ئاتۇش ئىزچىلىرىدىن بىرى چۇقان

---

[1] ”پاپا تۆشۈك“ — قىران دەريا بوغۇزىنىڭ ئىچىدىكى شىمالغا بۇرۇلغان تارماق ئېقىننىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تاغ يۈزىدە بىر غار بار. بۇ غارنىڭ چوڭقۇرلىقى 7-8 مېتىر. 1980- يىلى بىر قانچە دوستۇم بىلەن بۇ غارنى تەكشۈرۈشكە چىققانىدىم. غار ئىچىدىكى تاشلارنىڭ ھالىتى، تىك قىرغاقلاردىكى قەدىمكى سۇ ئىزلىرىدىن قارىغاندا ئىلگىرى غار ئاغزى ئېقىن يۈزى بىلەن تەڭ بولغان، ھەمدە بۇ غار تەختىھوننىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىگە سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەملەر تەرىپىدىن قېزىلغان ئىكەن دەپ خۇلاسە چىقارغانىدۇق. تاشقا ئايلانغان ”ئاتۇش ئادىمى“ تېپىلغان جاي غەربىي ئېقىننىڭ شىمالغا بۇرۇلغان ئۇچىدا، بۇ غار بىلەن ئارىلىقى 4-5 كىلومېتىر كېلىدۇ، — ئا.

سالدى ۋە ئارقىدىن شەرق تەرەپتىكى تاغقا قاراپ چاقىرىشقا باشلىدى،—پاپا ئانا! پاپا ئانا!...

ئاتۇش ئىزچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلارمۇ قوشۇلۇپ چۇقان سالدى. مەمتىلى ئەپەندى ھەيران بولغان قەشقەر ئىزچىلىرى ۋە يۇسۇپ زىياغا قاراپ چۈشەندۈردى:

— ئاشۇ تەرەپتە بىر غار بار، شۇنى "پاپا تۆشۈك" دېيىشىدۇ. كونىلاردا شۇ تەرەپكە قاراپ "پائا ئانا!" دەپ ۋارقىرىسا "ھە!" دەپ جاۋاب بېرىدۇ دەيدىغان قاراش بارىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ تۆشۈكنىڭ يەنە بىر ئاغزى تەختىھون تەرەپتىمىش— تەختىھون تەرەپ دېگىنىمىز مۇشۇ تاغنىڭ شەرقىي جەنۇپ ئېتىكى.

— بېرىپ كۆرۈپ باقساق بوپتىكەن،— دېدى يۇسۇپ زىيا قىزىقىپ.

— مەيلى، كۆرۈپ باقايلى، مەنمۇ يېقىن بېرىپ باقمىغان،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى رازى بولۇپ، ئۇ شۇئان ئىزچىلارغا "پاپا تۆشۈك" تەرەپكە مېڭىشنى بۇيرىدى.

ئىزچىلار خۇشال ھالدا سازلىقلارنى ئارىلاپ، كىچىك ئېقىنلارنى كېچىپ ئۆتۈپ، يولدىن يۈز مېتىرچە يىراقتىكى تاغ ئالدىغا كەلدى. "پاپا تۆشۈك" ئېقىن يۈزىدىن 3-4 مېتىر ئېگىزدە بولۇپ، تىك ۋە ئۇيۇل قىيا تاش ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاتۇش ئىزچىلىرىدىن بىر نەچچىسى "توسالغۇلاردىن ئۆتۈش" مەشىقىدە ئۆگەنگەنلىرى بويىچە ئۇچى زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئىككىسى ئۇلارنىڭ يەلكىسىگە چىققاندىن كېيىن ئۇلار ئورنىدىن تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار "ئادەم شوتا" ھاسىل قىلدى. ئارقىدىن قەشقەر ئىزچىلىرىدىن ئىككىسى، ئاتۇش ئىزچىلىرىدىن ئىككىسى غارغا چىقىپ، ئۆمىلەپ كىرىپ كەتتى.

ئۇلار بىر ھازادىن كېيىن قايتىپ چىقتى. ئەكبەر بىلەن قۇربان جاپپار غار ئاغزىدا تۇرۇپلا كۆرگەنلىرىنى نۆۋەت بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— غار بارغانسېرى پەسلەپ ئاخىرى يوقۇلۇپ كېتىدىكەن. ئۇزۇنلىقى 7-8 مېتىردەك ئىكەن،— دېدى قۇربان.

— مانا بۇ غارنىڭ ئاستىدىكى شېغىل- تاش، — دېدى ئەكبەر بىر

جاڭگال شىغىلىنى پەسكە تاشلاپ، — مانا بۇ مۇشۇ يەرگە ئۇۋا سالغان ئۇچار جانىۋارلارنىڭ سۆڭەك پەيلىرى، — ئۇ يەنە تاشلىدى.

ئۇلار قايتىپ چۇشۇشكە باشلىدى. بۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندىمگە:

— قارىسىلا، بۇ شىغىل، سۇ ئاققان جاينىڭ شىغىلىدەككەن، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى.

— شۇنى دېمەمسىز، غارنىڭ ئۆزى ئۇيۇل قىياغا قېزىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئاستىدا شىغىل نېمە قىلسۇن؟ يەنە كېلىپ غارنىڭ تۆرت تېمىدىكى قىيا قىزغۇچ، پورەڭلىك، بۇ شىغىل بولسا ئادەتتىكى ساي شىغىلى.

ئۇلار تىك قىرغاقلارغا بىردەم زەڭ سېلىشتى.

— بۇ يەرگە سۇ ئېقىتىپ كىرگەن شىغىلمىكىن دېسە ئېقىن يۇزىدىن كۆپ ئېگىز...

— قاراڭ ئەپەندىم، دېدى ئەكبەر قىرغاقلاردىكى سۇ ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ،— ئىلگىرى ئېقىننىڭ يۈزى غار بىلەن تەڭ بولسا كېرەك...

— دۇرۇس، ئىلگىرى، مۇمكىن، ئېقىن يۈزى غار بىلەن تەڭ بولغان، كېيىن سۇنىڭ يالىشى بىلەن، تۇپراقنى ئېقىتىپ، ئېقىن يۈزى پەسلەپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن غار ئاغزى ئېگىزدە قالغان بولۇشى مۇمكىن،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

يۇسۇپ زىيا ئۇنىڭ قارىشىنى تەستىقلاپ باش لىڭشىتتى.

— بەلكىم بۇ ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ تاغنى تېشىپ سۇ ئۆتكۈزدىغان قۇرۇلۇشىدۇر. يا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قۇرۇلۇش توختاپ قالغان، يا بولمىسا پۈتكەن بولسىمۇ، كېيىن لاتقا تىنىپ، ئاياغ قىسمى توسۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇمۇ مىسىر پىرامىدالىرىدەك ئاجايىپ مۆجىزە بولغان بولاتتى،— يۇسۇپ زىيا زوقلىنىپ تۇرۇپ دېدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولاتتى. چۈنكى ئۇ قەدىم زاماندا بۇنداق بىر سۇ قۇرۇلۇشىغا ئەقىل يۈگرىتىش ئەلۋەتتە مۆجىزە بولىدۇ- دە! ماڭمىزمۇ، ئەپەندىم؟

— ماڭىلى،— يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەنلا ئىزچىلار دەرھال يولغا چۈشتى.

— ئۇلار شۇ تەرىقە يول بېسىپ ئاغۇ يېزىسىنىڭ لەڭگەر كەنتىگە كەلگەندە تار ئېقىنىدىن كەڭ ئوچۇقچىلىققا چىقىشتى. ئالدى تەرەپتە ھەيۋەتلىك، قاغجىراپ ياتقان قارا تاغ غەرپ تەرەپتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇلار ئاشۇ قارا تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. لەڭگەردىن قارا تاغ بوغۇزى (جىلغا)[1] غا قەدەر قاقاس سايلىق بولۇپ تەدرىجىي ئېگىزلەپ باراتتى. ئاغۇ يېزىسىمۇ ئاتۇشقا ئوخشاش غەربتىن شەرققە سوزۇلغان پاراللېل ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىيپاش تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدا— ناھايىتى يىراقتا تۇتۇق كۆك رەڭلىك تاغلار گىرىمسەن كۆرىنەتتى. بۇ سوزۇنچاق تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئاغۇ بوستانلىقى ياپ- يېشىل كۆرىنەتتى. ئىككى تەرىپى ۋە شىمالدىكى قارا تاغ ئېتەكلىرى تاقىر سايغا تۇتۇشاتتى.

قارا تاغ ئېتىگىدىكى — لەڭگەر ۋە ئاچچىق كەنتلىرىنىڭ شىمالىدىكى سايدا كېتىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى يۇسۇپ ئەپەندىگە ئالدى تەرەپتىكى تاغنى ئىشارە قىلىپ:

— قاراتاغدا يەنە "مىڭ پاتلا" دەپ ئاتىلىدىغان بىر غار بار دېيىشىدۇ. غارنىڭ تورىسىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرىدىكەن،— دېدى، ئاندىن ئاڭلىغانلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى،— مەلۇم ھاجەتلىرى بىلەن خۇداغا ئىلتىجا قىلغۇچىلار ئاشۇ غارغا بېرىپ تىۋىنىدىكەن. مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىدىكەن. غارغا كىرىپ ئاھ ئۇرۇپ، پەرياد چېكىپ يىغلىسا تامچىلاۋاتقان سۇ "شار- شۇر" قىلىپ چۈشىدىكەن. خۇدا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرى بولسا غار ئۆزى قوبۇل قىلىدىكەن، قوبۇل قىلمايدىغانلىرىغا غار تېمىدىن تاش ئېتىلىدىكەن...[2]قانداق، بۇ تېخىمۇ قىزىقمىكەن؟

— بۇ ئەزىم تاغلارنىڭ قوينىدا بىز بىلمەيدىغان نى- نى سىرلارنىڭ

---

[1] بۇ بوغۇز نېمىشقىدۇر "جىلغا" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ھازىر بۇ يەرگە بىر سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇپ، ئايغىغا "يېڭى ئاۋات" سۇ ئېلېكتىر ئىستانسى قۇرۇلدى. —ئا.

[2] "مىڭ پاتلا" دېگەن غارنىڭ بارلىقى راست. ئۇنىڭ ھەققىدىكى بەزى تەسۋىرلەرنىڭ راست- يالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنىڭ پۇرسىتى بولمىدى،—ئا.

بولۇشى چوقۇم، ئەپەندىم، ئەگەر ئۈلگۈرەلىسەم جىمىنى كۆرۈپ چىقىشنى خالايتتىم،...- دېدى يۇسۇپ ئەپەندى شائىرانە ئاھاڭدا، غەمكىن قىياپەتتە، — ئەمما بۇنداق جايلار ھەققىدە تارالغان خۇراپاتلار، مەسىلەن، دەرتكە داۋا، ئاغرىققا شىپا بولۇشلارغا ئىشىنىش مۇشرىكلىك بولىسىمۇ، باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ قىزىققۇچىلىقى بار.

— ئۈلگۈرگەنلىرىمىزنى قىلماي قويمايمىز، ئەپەندى.

ئۇلار غەيرەت بىلەن يول بېسىپ، جىلڭ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، دەم ئالدى ھەم تاماق يېيىشتى. تەڭگە تار تەرەپتىن كېلىۋاتقان سۈپ-سۈزۈك مۇزدەك سۇنى قېنىپ ئىچىشتى. ئىزچىللار سۇ بويلىرىدىكى يوغان تاشلاردا ئولتۇرۇپ، كۈلكە- چاقچاقلار بىلەن نان يېيىشىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ يەنە بىر گەپنى ئېيتىپ بەردى:

— قارا تاغنىڭ ئارقىسىدىكى بىر ئېقىندىن كىچىككىنە بىر ئېرىق تاغ سۈيى ئېقىپ چىقىدىكەن، بۇ سۇ ھەم سۈزۈك، ھەم مۇزدەك ئىكەن. بىراق، ئىچىدىغان بولسىڭىز راسا تاۋلىق تۇزنىڭ ئۆزىلىكەن. ئاشۇ تۇز سۈيى مۇشۇ سۇغا كېلىپ قوشۇلىدۇ. لېكىن، بۇ تۇزلۇق سۇنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ ئاشتۇزىمۇ ياكى باشقا خىل تۇزمۇ؟ ياكى بولمىسا تۇز تەملىك باشقا ماددىمۇ؟[1]

— ئەپەندى، مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدىلىغۇ؟ سىلىنىڭ ئاڭلىمىغان نەرسىلىرىمۇ ئاز ئوخشايدۇ، چېغىمدا، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى.

— تېخى يەنە بار، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ،— قاراڭ ئاۋۇ ئاسمانغا تاقاشقان چوققىغا، ھېلى بىز شۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمىز، شۇ چاغدا شۇ چوققا ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇنى ”تۆگە تاغ“ دەيدۇ.

[1] 1976- يىلى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ توپوگرافىيە قىسىملىرىغا تەرجىمانلىق قىلىش سەۋەبى بىلەن مۇئەللىپ بۇ تاغلارنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى كېزىشكە مۇشەررەپ بولغانىدى، شۇ چاغدا قارا تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى، «تۆگە تاغ»نىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ئارىلىقىدىكى ئېقىندا ئاشۇنداق ھەرخىل ئېقىنلارنى بايقىغانىدى. مانا شۇ تۇز سۈيى ياكى تۇز تەملىك ئاللىقانداق ماددا ئاتۇشلۇقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن، — ئا.

يۇسۇپ ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ يەر شارائىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

جىلڭ ئېغىزىدىن كىرگەندىن كېيىن ئېقىن ئورنى بىر ئاز كېڭەيدى. غەربىي شىمال تەرەپتە ساغۇچ ۋە قىزغۇچ تاغلار، بۇ تاغلارنىڭ باغرىدا كۆكتام يېزىسى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. كۆكتامنىڭ قارشىسىدا- ئېقىننىڭ شەرقىي قىرغىقىدا بولسا كۆكۈش رەڭلىك بىر چوققا بۇلۇتلار قاتلىمىغا ئۇسۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ باغرىدا ئاق پاختىدەك بۇلۇتلار لەيدەپ يۈرەتتى. بۇلۇت ئۈستىدىكى بىر پارچە ئوچۇقچىلىقتا تاغنىڭ ئۈچى كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ مەنزىرە ئەقىلنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە ساماۋى تۇيۇلاتتى. ئەنە شۇ چوققا ۋە ئۇنىڭ بىلەن باشلانغان تاغ تىزمىسى ”تۆگە تاغ“ دەپ ئاتىلاتتى. تۆگە تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە پاراللېل ياتقان بىر نەچچە تاغ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۆگە تاغنىڭ قاپ بېلىگىمۇ كەلمەيتتى.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى. يولنىڭ بۇ قىسمى بىر ئاز كۆڭۈللۈك — سالقىن تاغ ھاۋاسى، سۈزۈك ۋە مۇزدەك سۇ بولسىمۇ، لېكىن زادىلا يولى ئاۋۇمايتتى. بارغانسېرى ئېگىزلەپ باراتتى، ھەم تەڭگە تارنىڭ سۈيى كەڭ دەريا قېنىدا ئىلاندەك سويلاپ، گاھ شەرقىي قىرغاقتا گاھ غەربىي قىرغاقتا بۇرۇلۇپ سانسىز ئەگرى سىزىق ھاسىل قىلىپ ئاقىدىغان بولغاچقا ئۇلارغا يۈز مېتىر، ئىككى يۈز مېتىر، ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆرت يۈز مېتىر ئارىلىقتا بىر قېتىم سۇدىن كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار كۆكتامغا كەلگەندە قۇياش غەرىپتىكى تاغلارنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ بولغانىدى. ئۇلار كۆك تام يېزىسىدا قونۇشنى قارار قىلدى.

ئۇلار بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئالدىدا — ئايدالادا ياتماقچى بولۇشتى، ئۇلار كۆپ بولغاچقا بەرىبىر بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە پاتمايتتى. ئۇلار دېھقاننىڭ قازان قۇمۇشلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ تاماق قىلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقان پۇرسەتتە، مەمتىلى ئەپەندى يۇسۇپ  ئەپەندىنى ”تۆگە تاغ“ نى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن باشلاپ كەتتى.

ئۇلار يېزىنىڭ شەرق چېتىكى تەڭگە تار تەرەپكە كەتكەن يولغا بېرىشتى. يولنىڭ شەرق لېۋىدىن چوڭقۇر ۋە كەڭ ئېقىن باشلىناتتى. ئېنىققنىڭ ئۇ قېتىدا تۆگە تاغ چوقچىيىپ تۇراتتى. تۆگە تاغ مۇشۇ ئېقىننىڭ قىرغىقىدىن

باشلىناتتى. بۇ ئۆزگىچە بىر تاغ بولۇپ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى گويا سانسىز قوشۇن ئالدىدىكى ئاتلىق سەركەردىگە ئوخشاش ئېقىن لىۋىدە بىردىنلا كۆككە تىرەلگەن، ھەتتا ئۇچار قۇشلارمۇ ئۇچۇپ چىقالمايدىغان دەرىجىدە تىك، ئۇيۇل ۋە سىدام بولسا، شەرق تەرەپكە سوزۇلغان داۋامى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پىيادىلەردەك تەدرىجىي پەسىيىپ كېتەتتى.

ئىككى ئەپەندى گەرچە تاغ تۈۋىدىن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان بولسىمۇ، تاغنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېگىز ۋە تىكلىكىدىن گويا تاغنىڭ تۈۋىدىلا تۇرغاندەك، تاغ بولسا ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىنلا ئېگىزگە سوزۇلۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى ھەم ئۇلار بېشىنى ئارقىسىغا قاڭقايتىپ چوققىغا قارايتتى. چوققىنىڭ ئۇچىغا يېقىن جايدىكى سىلىق ۋە سىدام يۈزىدە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى. ھازىر زېمىن ئۈستىدە قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان بىردىن- بىر يەر شۇ ئىدى.

—يا، پەناھ!ــ دېدى يۈسۈپ زىيا بېشىنى چايقاپ،— مۇنداقمۇ قورقۇنچلۇق تاغ بولىدىكەنا؟ مەن ئۆزۈمنى ئاۋۇ چوققىغا يېقىنراق جايدىكى رەندىلەپ قويغاندەك سىلىق يېرىگە چىقىپ قېلىپ، چۈشەلمەيۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. قېنى، ئەمدى سىلى مۇشۇ تاغ ھەققىدە ئېيتىپ بېرىدىغانلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلە.

— بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم، دېگەن ئادەمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەڭ چىۋەر ئۈۋچىلارمۇ بۇ تاغ ئۈستىگە چىقالىغان ئەمەس. ئەمما، ئىلگىرىكىلەردىن قالغان بۇنداق بىر ئەپسانە بار، ئېيتىشلىرىچە بۇ تاغنىڭ ئۈستى خېلى تۈز ئىكەن ھەم چىمەنزار ئىكەن. ئۇ يەردە ياۋايى ئادەملەر بارىمىش. بەزى ئادەملەرنىڭ دېيىشىچە ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇن زاماندىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ھازىرقى ئاڭلىق ئادەملەر بار، ئۇلار تەركىي جاھان بولۇپ شۇ يەرگە چىقىپ كەتكەنىكەن. تاغقا چىققىلى بولىدىغان، ئەمما ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان بىرلا يول بولۇپ، ئۇلار شۇ يول بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، ھەتتا بازارلىق قىلىپ كېتىدىكەن. ئەمما ھېلىقى يولنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. مەن ئاغۇ يېزىسىدا نۇرغۇن مويسىپىتلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولدۇم. بۇ تاغ ھەققىدىكى گەپلەر ئومۇمەن بىر خىل. ئۇ يەردە ئادەم بارلىقى ھەققىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق

گۇمانلار بار. ئەمما كۆپ ئادەم ئۇ يەرگە چىقىپ بېقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشمىغان.[1]

— بۇ تاغنىڭ ئارقىسى، ئىككى يېنى مانداق تىك ئەمەستۇر، ھەر قانچە بولسىمۇ؟

— ياق، ئارقىسى تۆگە كارۋىنىدەك ئېگىز- پەس ۋە ئەگرى-بۈگرى ھالدا نەچچە ئون كىلومېتىر يىراققا سوزۇلۇپ كېتىدىكەن، بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى مانا مۇشۇ باشلىنىشى. ئۇ خۇددى تىرىك دىنوزاۋىردەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بېشىنى تىك كۆتىرىۋالغان- دە، بېلى ۋە ئاندىن قۇيرۇق تەرىپى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ يەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇنداق، ئىككى يېنىمۇ مۇنداق تىك ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەمما يەنىلا چىققىلى بولغۇدەك ئەمەس!

— باش ئۇستۇمگىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك كەتكىملا كېلىۋاتىدۇ. يۈرسىلە، ئەپەندىم، باللار بىزنى ساقلاپ قالدى،— دېدى يۈسۈپ زىيا.

*

**

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ساياھەتچىلەر سەپىرىنى داۋام قىلدى. كۆكتامدىن چىققاندىن كېيىن سۇ كېلىدىغان ئېقىن ئىككى تارماققا بۆلۈندى. بۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى تەڭگە تارغا ۋە ئۇ يەر ئارقىلىق تۆگۈرمىتىگە ئېلىپ باراتتى. سول تەرەپتىكىسى جايپەچچەمگە ئېلىپ باراتتى.

— ئەپەندىم، تەڭگە تارغا بارمايلا، جايپەچچەمگە بارساق قانداق؟ ئىككىسى ئىككى تەرەپتە بولغاچقا يولغا تەتۈر، ئەگەر جايپەچچەمگە بارىدىغان بولساق مۇشۇ يەردىنلا بۇرۇلىمىز، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

— ئازراق ئاۋارە بولساق ھېچقىسى يوق، تەڭگە تارغا بېرىپ، تار

---

[1] 1981- يىلى ئىيۇلدا بىر نەچچە دوستۇم بىلەن جايپەچچەمگە قىلغان سەپىرىمدە بۇ تاغنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كۆرگەنىدىم ھەم كېيىن بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئايرۇپىلانىدىكىلەر (1958- يىل) بۇ تاغ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، تاغ ئۈستىدە ئۆيلەر بارلىقىنى كۆرگەنىكەن. دېگەن يېڭى ئەپسانىمۇ بار، — ئا.

قاپچىغاي بىلەن بۇلاقنى كۆرۈپ ئاندىن ئارقىمىزغا يېنىپ بۇ يولغا ماڭساق نېمىمىز كېتەتتى. — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى، — خوجانىياز ھاجىنىڭ تەڭگە تارغا قاپساپ ماجۇڭيىڭ جاللاتلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئۇ جايىنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باققىم بار.

— ئۇ تەرەپلىرىنى مەن ئويلىماپتىمەن، ئۇنداق بولسا بارايلى، ئون كىلومېتىرچە ئارتۇق يول ماڭىمىز شۇ، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى رازى بولۇپ، ئىزچىلار ئوڭ تەرەپتىكى ئېقىننى بويلاپ، تاغ قاپتىلىدىكى يول بىلەن مېڭىشقا باشلىغاندا، مەمتىلى ئەپەندى بايىقى سۆھبەتنى داۋام قىلىپ دېدى، — ئاڭلىمىغانمىدىڭىز، زىيا، خوجانىياز ھاجى ئاشۇ قېتىم (1934- يىلى فېۋرال) ئاز ئادەم بىلەن تۇڭگانلارنىڭ كۆپ ئادىمىنى مەغلۇپ قىلغان، ھەتتا ئاساسەن قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، چېكىنگەن قالدۇق تۇڭگانلار ئاغۇ يېزىسىغا كېلىپ يېرىم كۈنلۈك قەتلىئام جاكالىغان. شۇ مۇددەت ئىچىدە تالادا يۈرگەن ئادەم، مال- ۋاران، ئىت- مۈشۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئاتۇشقا قايتىپ كەتكەن...

— مەنمۇ ئاڭلىغان... نېمە ئامال، دوستۇم، خەلقىمىز ئىگىسىز پادىدەك ھەممە ئىتنىڭ تالىشىغا ئۇچراپلا تۇرىدۇ. تېخى بۇندىن كېيىن نېمىلەر بولىدۇ نېمە ئەمەس...

ئۇلار بەزەن تاغ قاپتىلىدىكى تار يول بىلەن سۇنى ياقىلاپ ماڭسا، بەزىدە سۇ كېچىپ ئېقىن ئىچى بىلەن مېڭىشاتتى. ئۇلار ئىككى سائەتتىن كېيىن تەڭگە تار ئالدىغا يېتىپ كەلدى. "تەڭگە تار" دەپ ئاتالغان تار قاپچىغاي بەزى يەرلىرى 2-3 مېتىر كەڭلىكتىكى تار ئېقىن ئىدى. ئۇ گويا ئەپسانىۋى قەھرىمانلار تەرىپىدىن ئېگىز تاغنى كېسىپ ئاچقان يولدەك، شۇ تەقلىدتە تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. تارنىڭ سول تەرىپىدە بىر تۈپ قېرى ئاق تېرەك بولۇپ، يالغۇز دەرەخنى "مازار" دەپ چوقۇنىدىغان چارۋىچىلار بۇ توغراققا رەڭگارەڭ لاتا شوينىلارنى باغلىۋەتكەنىدى. تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئويۇل تاشنىڭ يېرىقىدىن ئىككى تاشلىق سۇ ئېتىلىپ چىقاتتى. مانا بۇ ئاتۇشقا بارىدىغان سۇنىڭ باشلىنىش نوقتىسى، — قىران دەرياسىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ئىدى.

ئىزچىلارنىڭ بۇ ئەتراپنى كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن بىر سائەتلىك مۆھلەت بېرىلدى. بۇ جەريانىدا يۇسۇپ زىيا بىلەن مەمتىلى تەۋپىق ئىككىسى ئۇنىڭ تەرەپتىكى چوڭ بۇلاقنى، ئۇنىڭمۇ ئۇلڭ تەرىپىدىكى كىچىك ئېقىنلارنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۇششاق بۇلاقلارنى، بۇ يەرنى قاپلاپ تۇرغان كىچىككىنە توغراقلىقنى ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن يەنە چوڭ بۇلاق تۇۋىگە قايتىپ كېلىپ سۇپا شەكلىدىكى قىيا تاش ئۈستىدە بالىلارنىڭ يىغىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۈزۈنچاق يېرىق جايدىن شارىلداپ سۇ چىقىپ، ”سۇپا“ ئۈستىدىن سايغا سەكرەپ چۈشەتتى.

بۇلاقنىڭ ئۈست تەرىپىدە — ئاساسەن تىك دېگۇدەك قىيانىڭ ئۇ مېتىرچە ئېگىز يېرىدىكى كىچىككىنە سۇپا شەكىللىك تۈزلۈكتە كېسەكتىن ئېتىلگەن تامغا ئوخشاش بىر قۇرۇلۇش ئاران ـ ئاران بىلىنەتتى.

— ئاۋۇنى قاراڭ، — دېدى تەۋپىق ئۇ يەرنى زىياغا كۆرسىتىپ، — ئۇ ياقۇپبەگدىن قالغان قاراۋۇلخانا خارابىسى.

شۇ چاغدا تار تەرەپتىن بىر نەچچە ئاتلىق قىرغىز چىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالدىغا بالا ئېلىۋالغان ئاياللارمۇ باردى. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندى بىلەن يۇسۇپ ئەپەندىنى ئاندىن قاپتاللاردا يامراپ يۈرگەن بالىلارنى كۆرۈپ، ئىككى ئەپەندىگە سالام قىلدى. ئۇلارنىڭ سالىمىدا تاغلىقلارغا خاس ساددىلىق، ئاقكۆڭۈللۈك ئاھاڭى باردى.

مەمتىلى بىلەن يۇسۇپلەر ئولتۇرغان جايدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى قىرغىزچىنى خېلى قاملاشتۇراتتى. شۇڭا ئۇ:

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ قىرغىزچە سورىدى.

— جايىبېرەككە بارىمىز، — دېدى ئۇلار.

— قەيەردىن كەلدىڭلار؟

— تۆگۈرمىتىدىن.

— بىزمۇ جايىبېرەككە باراتتۇق، باشلاپ بارساڭلارچۇ، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

— بولىدۇ، بىزنىڭ ئاياللىرىمىز كېتىۋەرسۇن، بىز سىلەر بىلەن بىللە ماڭايلى، — دېدى قىرغىزلاردىن بىرى.

— رەھمەت، سىزگە. ئەمىسە جىندەك تەخىر قىلىڭ، بالىلارنى يىغايلى،
— مەمتىلى ئەپەندى شۇنداق دەپلا ئىزچىلار باشلىقى يار مۇھەممەدكە دەرھال باشقىلارنى يىغىشنى تاپشۇردى. ئىزچىلار يىغىلغىچە مەمتىلى ئەپەندى قىرغىزلار بىلەن دوستىلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى داۋاملاشتى.

— جايتېرەكتە كىمىڭلار بار؟

— تۇققانلىرىمىز بار.

— ئۇ خېلى چوڭ يېزىمۇ؟

— ياق ئىككى ئائىلىك كىشى بار. كۆرۈپ كەلمەكچى.

— بىز شۇ يەرنى زىيارەت قىلماقچى، بىزنى باشلاپ بېرىشقا بىرسى تېپىلارمۇ؟

— بىزنىڭ شۇ يەردىكى توققىنىمىزنىڭ بىر ئوغلى بار، شۇنىڭغا ئېيتايلى، ئۇ سىلەرنى ھەممە يەرگە باشلاپ بارىدۇ.

— رەھمەت سىزگە...

بۇ چاغدا ئىزچىلار تەقمۇ- تەق بولۇشقانىدى. مەمتىلى ئەندى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن، قۇربان جاپپارنى ناخشا باشلاشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر زامانلاردا ئوق ئاۋازلىرى ۋە ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىنسانلارنىڭ نالە- پەريادى بىلەن زىلزىلىگە كەلگەن بۇ جىلغا، تاغۇ- تاشلار، ئىزچىلارنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى بىلەن تىترەپ كەتتى. قىرغىزلار بۇ بالىلارنىڭ يېڭىچە ناخشىسى ۋە ھەۋەس كەلگۈدەك تەرتىپىدىن زوقلىنىپ بىللە مېڭىشاتتى.

## 3

جايتېرەك (جايپەچچىم) گە بارغاندىن كېيىن بۇ يەرلىك قىرغىزنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختاپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشتى. بۇ تەرەپنىڭ ئېقىنى سۇسىز ئىدى. باش تەرەپتىن كېلىدىغان سۇ ئاھالە جايلاشقان يەرگىچە كېلىپ شېغىل ئاستىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئۇلار بۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يەپلا كۆرمەكچى بولغان جايغا قاراپ ئاتلاندى. قىرغىزلار ئىزچى بالىلار بىلەن تەڭتۇش

كېلىدىغان بىر يىگىتنى قوشۇپ قويدى. ساياھەتچىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئېقىننىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ كېتىشتى.

ئېقىن "تۆگە تاغ" نىڭ يۇقىرىسىدا تەڭگە تار تەرەپكە ۋە بۇ تەرەپكە ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال شىمالغا، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ ئاھالە جايلاشقان يەرگىچە كېلەتتى. بۇ يەردىن بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن بولسا يەنە شىمالغا بۇرۇلاتتى. جايپەچچىم جىلغىسىغا بارغۇچىلار شىمالغا بۇرۇلغان قىسمىنى ياقىلاپ ماڭاتتى. جايپەچچىم ئىچىدە كېڭەيگەن ئېقىن بىلەن شەرق تەرەپتىكى تاغ ئارىسىدا خېلى كەڭ ۋە سوزۇنچاق قىيپاش تۈزلەڭلىك باردى. بۇ يەردە بولۇق چىغلىقلار، پىچەنلىكلەر، ئاندا- ساندا ئېتىزلارمۇ ئۇچرايتتى، قىسقىسى بۇ يەر بۇ قاقاس ئۆيۈلتاشلار ئارىسىدا يېشىل مەرۋايىتتەك بىر يەر ئىدى. بۇ يەردىمۇ يالغۇز قېرى ئاق تېرەكلەر ئۇچرايتتى. ئۇلارغىمۇ رەڭگارەڭ لىنتىلار، ئەسكى لاتىلار، يىپلار باغلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە يەنە بىر ئائىلىلىك باردى. ھەم ئۇنىڭ قېرى ئۇرۇكلەر بىلەن باراقسانلاشقان باغلىرى باردى. چىغلىقلاردا ئۇششاق چارۋىلار ئوتلاپ يۈرەتتى.

يول باشلىغۇچى قىرغىز يىگىت ئۇلارنى باشلاپ بۇ يېشىل چىمەنلىكتىن ئۆتتى. ئەمدى ئېقىن بىردىنلا ئاغزى بوغۇلغاندەك تارلىشىپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە بۇرۇلدى. بۇ يەردە ئىككى تاشلىقچە سۇ باردى. ئۇلار سۇدىن كېچىپ غەربىي قىرغاققا ئۆتتۈشتى. سۇلتان سۇتۇق جاي تۇتقان يەر جىلغىننىڭ بۇرۇلىشىدا — غەربىي قىرغاقتىكى كىچىككىنە تۈزلەڭلىكتىدى. بۇ يەردە ياۋايى ئاق تېرەكلەر، نەچچە يۈز يىللىق قېرى سۆگەتلەر ئارىسىدا بىر ئاددىيغىنە سېلىنغان مەسچىد باردى.

قېرى سۆگەتلەرنىڭ تۈۋىلىرى پورلىشىپ ۋە پورلىرى بارا- بارا توپىغا ئايلىنىپ، سۆگەت تېنى ياپلاق- تاختاي ھالىتىگە كەلگەن بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ كۆكۈرۈپ تۇرغان يېڭى شاخلىرىنى كۆرمىگەندە ئۇنى ئاللىقاچان قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان دەپ ئويلاش مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ غول ۋە شاخلىرىغىمۇ رەڭگارەڭ لېنتىلار ئېسىۋېتىلگەنىدى. قېرى سۆگەت ئارىسىدا ۋاقتىلىق ئوچاقلار قارىيىپ ياتاتتى. ئۇ يەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر داش قازانمۇ

قويۇلغانىدى.[1] ھېلىقى تاشقا ئايلانغان تاۋۇز ۋە تاشقا ئايلانغان ئۈگرە ئاشلارمۇ شۇ يەردە ئىدى. "تاشقا ئايلانغان" تاۋۇزلار ھەقىقەتەنمۇ تاۋۇرغا ئوخشايتتى. ھەتتا بىر "تاۋۇر" گويا كاسسا قىلىنغاندەك ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، كىچىكرەك بىر پارچە يېرى كەمتۈك ئىدى.

«تاۋۇز»نىڭ ئىچكىي قۇرۇلمىسى ئۇ قەدەر چىنلىق تۇيغۇسى بېرەتتىكى، رىۋايەتنىڭ ئۇ قەدەر ئىشەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولىشى بىكار ئەمەس ئىدى: «تاۋۇز»نىڭ شاپاق قىسمى ئەينەن تاۋۇز شاپىقى قىلىنىلىقىدا، ئاقۇش رەڭدە؛ ئىچى قىزىلغا مايىل پور رەڭدە بولۇپ، ئۇرۇقچە ھېسابىدا قارا توچكىلارمۇ باردى. «تاشقا ئايلانغان ئۈگرە»مۇ شۇنداق چىنلىق تۇيغۇسى بېرەتتى.

— يىگىت، يەنە كۆرىدىغان نېمىلەر بار؟ — دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى قىرغىز يىگىتتىن.

— كۆرىدىغان نەرسىلەر يۇقىرىدا بار، — دېدى يىگىت، "بۆشۈك ئانام" دېگەن تاش بار، ئەڭ ئاخىردا "قىرىق مىچىت" دېگەن قەبرە بار.

— ئەمىسە بىزنى باشلا، قاياققا ماڭىمىز؟

— ئەسسۇلتان مۇشۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، تاماق يېمەك بولۇپ، توختاپتىكەن. شۇ چاغدا كاپىرلار كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىچىۋاتقان تاۋۇز، ئېتىۋاتقان ئاشلىرىنىڭ جىمىسىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، مۇشۇ جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ قېچىپ ، "قىرىق مىچىت" كە بارغاندا توسۇپ تۇرۇپ كاپىرلارنى قىرىپ تاشلىغانىكەن. "قىرىق مىچىت" تىكى قەبرە شۇ جەڭدىن قاپتىكەن. ھازىر بىز ئەسسۇلتان قېچىپ ماڭغان يول بىلەن ماڭىمىز.

— ئەمىسە ماڭايلى، ئىنىم.

قىرغىز يىگىت ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— بۇ يەر ئاتۇشتىكى ئەسسۇلتان مازىرىدىنمۇ ئۇلۇغ دېيىشىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ بىر نېمە دېگەن بىر كىتابىنىڭ ئاخىردا "مېنىڭ روھىمنى ئىزلىگەن ئىممەتلىرىم ‹جايپەچچەم›دىن تاپقاي" دەپ يېزىقلىقمىش. شۇڭا

---

[1] بۇ يەردىكى مەسچىد مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا چېقىۋېتىلىپ، ياغاچلىرى تۆگۈرمەنگە ئېلىپ كېتىلگەن، داش قازانىنمۇ شۇ چاغدا ئېلىپ كەتكەن.

دىنىي ئالىملار ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىپ مۇشۇ يەرنى تاۋاپ قىلىپ كېتىدۇ. بۇ يىل كىرگەندىن بېرى بۇ يېنى خوتەندىن، ئۇ يېنى تۇرپاندىن بولۇپ نەچچە يۈز ئادەم كېلىپ كەتتى. يىگىرمە تۇياق مال نەزىر قىلىندى.

تەۋپىق خەلقنىڭ بۇ خىل بىدئەت، خۇراپى ئەقىدىلىرى ھەققىدە قىرغىز يىگىتكە تۈزىتىش بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىردەمدىلا قايىل قىلغىلى بولمايدىغىنى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىشەنچلىرىگە ھاقارەت تۇيۇلمىسۇن ئۈچۈن گەپ قىلىشتىن يالتايدى.

جىلغا يەنە سولغا بۇرۇلۇپ، كۆپ ماڭماستىنلا بىر ئۆينىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر قىيا تاشنىڭ ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرسىدا چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى. قىيا تاشنىڭ ئوتتۇرسىدا بولسا خۇددى ھەرىلەپ كەسكەندەك ئىشىكسىمان ئويۇق بارىدى.

— بۇنى "ئوقۇر" دەيدۇ، — دېدى قىرغىز يىگىت، — ئەسۇلتانىنىڭ ئېتىنىڭ ئوقۇرى.

ئەمما قىيا تاشتىكى بۇ ئوچۇق يەر ئوقۇرغا قارىغاندا ئىشىككە، دەرۋازىغا بەكرەك ئوخشايتتى.

— ئەگەر بۇنى "قىرىق مىچىتنىڭ ئىشىكى" دەپ ئاتىغان بولسا بەكمۇ قاملىشىدىكەن، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

قىيا تاشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 20 كۋادرات مېتىر چامىسىدا بىر كۆلچەك بار ئىدى، بۇ كۆلچەكنى چوڭ- كىچىك قىيا تاشلار قورشاپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئېقىن يولىدا بولغاچقا كەلكۈننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ زامانلاردىن بېرى بۇ كۆل لاتقا بىلەن تىنىپ يوقۇلۇپ كەتمىگەچكە كىشىلەر ئۇنىڭدىمۇ مەلۇم ئىلاھى سىر بار دەپ ئويلاپ، بۇ كۆلنىمۇ مۇقەددەس ھېسابلايتتى.

— بۇنى كۆك كۆل دەيدۇ،— دېدى يول باشلىغۇچى.

كۆك كۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئېقىن تارلىشىپ، ئېگىز تاغلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. ئەنە شۇ تار كوچىغا ئوخشاپ قالغان جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۇيۇل تاشلىق تاغنى ئويۇپ شارقىراتما ھاسىل قىلىپ چۈشكەن يەردىن ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى قۇرۇق ئېقىننىڭ ئېغىزىدا ئۈچ كۇپ مېتىر

چوڭقۇرلۇقتىكى بىر تاش قاپلىشىپ قالغانىدى. بۇ تاش ئادەم بېشىدەك، قوغۇن- تاۋۇزلاردەك يۇمىلاق، سوقچاق ھەرخىل چوڭلۇقتىكى تاشلاردىن ئويۇشقان تاش بولۇپ، نېرىدىن بىر ساپاق ئۈزۈمگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

— بۇنىڭغا بىر ئىسىم قويماسلەر، باللار، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇيياقنى كۆرسىتىپ، بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئاشۇ تاش ئالدىدا توختاشقانىدى.

— بۇنى "ئۈزۈم تاش" دېسە قاملاشقۇدەك،— دېدى قەشقەر ئىزچىلىرىدىن بىرى.

— مەنمۇ شۇنى دەي تۇراتتىم،— دېدى ئەكبەر.

— ئىككىڭلارنىڭ ئويلىغىنىڭلار بىر يەردىن چىققاندىكىن، بۇنىڭ نامى "ئۈزۈم تاش" بولسا بولىدىكەن،— دەپ قوشۇلدى يۇسۇپ ئەپەندى.

"ئۈزۈم تاش" قاتتىق يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە تاغ ئۈستىدىن يۇمىلاپ چۈشۈپ، مۇشۇ يەرگە قاپلىشىپ قالغانىدى. سەل خىيالپەرەس ئادەم ئۇچۇن ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر ئەپسانىۋي پەھلىۋان تەرىپىدىن ئەتەي شۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويۇلغاندەك بىلىنەتتى. كىشى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى رىۋايەتلەردىكى تىلسىمات ئىچىگە ياكى گۈزەل ۋە بەھەيۋەت، ئادەملەر تاشقا ئايلىنىپ كېتىدىغان، ھۆر قىزلار بەنت قىلىۋېلىنغان دىۋىلەر ماكانىغا — چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ-غارايىپ ماكانغا بېرىپ قالغاندەك ياكى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى.

بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن جىلغا سولغا بۇرۇلۇپ، كەڭرەك بىر دائىرە پەيدا بولدى. ئوڭ تەرەپتىكى قىرغاق تىك ۋە سىلىق ھالدا تاكى تاغ چوققىسىغىچە سوزۇلغان، ھەمدە ئېقىننىڭ شۇ تەرىپىدە خېلى ئۈزۈنغىچە بىر تۈز تام ھاسىل قىلغانىدى. سول قىرغاق ياي شەكىلدە ئېگىلىپ، جىلغا سەل كېڭەيگەن. مۇشۇ كەڭلىكتە، ياي شەكىلدە ئويۇلۇپ كىرىپ كەتكەن قىرغاق بويلاپ بىر مۇنچە كىچىك بۇلاقلار بار ئىدى. بۇلاقلار تاغنىڭ بىتوندەك ئويۇل تېنىدىكى كىچىك تۆشۈكلەر ۋە يېرىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاقلارنىڭ ئالدىدا يانتۇراق تۈزلەڭلىكلەرنى ھاسىل قىلغان، بۇ تۈزلەڭلىكلەر ئۈستىدىن بۇلاق سۈيى تەكشى يامراپ چۈشۈپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ ئۈستى تاغ گۈللىرى بىلەن

قاپلانغان چىمەنزار ئىدى.

— قېنى، ئەزىمەتلەر، بۇ بۇلاقتا ئىسىم قويۇڭلار،— دېدى يۇسۇپ ئەپەندى ھېلىقى كىچىككىنە چىمەنلىككىنىڭ تاغ بىلەن تۇتاشقان جايىدىكى بۇلاققا قاراپ.

ئىزچىلار نۇرغۇن ئىسىملارنى ئوتتۇرىغا تۇكۇشتى. غەيرى ۋە ئىنتايىن لېرىك ئىسىملارمۇ، ئەپسانىۋىي تۈس ئالغان ئىسىملارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ يەرگە ”چىمەن بۇلاق“ دېگەن نام بېرىلدى. شۇندا مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ئىزچىلىرىغا:

— ئەي، تەلەبىلەر، سىلەرگە بىر تاپشۇرۇق بولسۇن بۇ جايلارنى ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار ھەم ”يۇرت بەلگىسى“ مەشىقى ئىشلەڭلار، سىزغان ”يۇرت بەلگە“ ڭلاردا مۇشۇ يېڭى ئىسىملارنى ئىشلىتىڭلار ئىلگىرى ئىسمى بار جايلارنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئەينى ئېلىڭلار،— دېدى.

— سىلەرگىمۇ مۇشۇ تاپشۇرۇق بولسۇن،— دېدى يۇسۇپ ئەپەندىمۇ ئۆز شاگىرتلىرىغا قاراپ.

— قاراڭلار، بالىلار!ـ دېدى ئىزچىلاردىن بىرى چىمەن بۇلاق ئالدىدىكى چىمەنلىكتە يۆلىنىپ تۇرغان قىيا تاشنى كۆرسىتىپ، بۇ نېمىگە ئوخشايدۇ؟

— چۆكتۇرۇپ قويغان تۆگىگە!ـ ھەممەيلەن تەڭلا ۋارقىرىدى. دېمىسىمۇ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە تۆگە ئۆركىشىدەك دولقۇنسىمان يېرى بارئىدى.

— ھەممىڭلارنىڭ دېگىنى بىر يەردىن چىققىنىدىن قارىغاندا بۇ تاشنىڭ تۆگىگە ئوخشايدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىكەن، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى،— بۇنىڭ ئىسمىمۇ ئېنىق بولدى ـ دە، شۇنداقمۇ؟ ھەممىڭلار ”تۆگە تاش“ دەيمىز دەۋاتىسىلەرغۇ ـ ھە؟

شۇنداق قىلىپ بۇ قىيا تاشقىمۇ نام بېرىلدى. يول باشلغۇچى قىرغىز يىگىتمۇ ئۆزىنى ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا بىللە كەلگەندەك ھېس قىلىپ، تەڭ چۇقان سالاتتى. ئۇ بۇ بىر توپ شوخ يىگىتلەر ئارىسىدا ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇپ ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسىدەكلا ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇلار داۋاملىق يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئىككى تەرەپتىكى تاغ ئېگىز ۋە تىك بولۇپ، گويا كۆپ قەۋەتلىك بىنادەك، جىلغا بولسا كوچىدەك بىلىنەتتى.

بەزى يەرلىرى بىر غۇلاچ كەڭلىكتە بولۇپ، باش كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسا كۆك ئاسمان گويا تار بىر ئېرىق سۈزۈك سۇدەكلا كۆرىنەتتى. ئەمما تاغ ئۇچىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

يول باشلىغۇچى يىگىت ئالدىراق كېتىپ سول تەرەپتىكى "تام" نىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ ئىزچىلارغا بىر مۆجىزە كۆرسىتىدىغاندەك تۇۋلىدى:

— مانى قاراڭلار، "دەرتمەن قىز بۇلىقى"!

ئىزچىلار ئۇ تۇرغان يەرگە كېلىپ كۆردىكى، ئادەمنىڭ كۆزىچىلىك ئىككى تۆشۈكتىن سىرغىپ سۇ چۈشۈپ تۇراتتى.بۇ ئىككى تۆشۈك كۆزگە ئوخشاش بىر- بىرىگە يانداش تۇراتتى.

— بۇنى نېمىشكە "دەرتمەن قىز بۇلىقى" دەيدىغاندۇ؟— دەپ سوراشتى ئىزچىلار.

— مەن بۇنى ئاڭلىغان،— دېدى بىر ئىزچى ئاۋۋال جاۋاب بېرىپ،— بۇرۇن بىر دەرتمەن قىز مازا- ماشايىخلاردىن مەدەت تىلەش ئۈچۈن "قىرىق مىچىت" كە چىققانىكەن ئۇ ئىشىق سەۋداسىدىن يىغلاپلا تۇرىدىكەن. كېيىن ئۇنىڭ دەردى تاشقا كۆچۈپ مۇشۇ بۇلاق ھاسىل بوپتۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ كۆزىمىش، ھەمىشە ياش تۆكۈپ تۇرىدىكەن.

— بەللى، بۇنى ھازىرلا توقۇدۇڭمۇ قانداق؟— دېدى ئۇنىڭ دوستلىرى ئىشەنمەي.

— نېمە قىلسام قىلدىم ـ دە، ئىشقىلىپ قاملاشقان يالغانمۇ بىرگە ھېساب.

ئىزچىلار كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى سۆز قىستۇرۇپ:

— راست، گەپ، ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن خېلى قاملاشتۇردى. بۇ چۆچەك ئاشۇ بۇلاققا خاس بولۇپ قالسۇن، ئەمما بۇ بەك چولتا بولۇپ قالدى، بىرئاز تەپسىلات بېرىپ، تەسىرلىك بايانلار بىلەن ئۇزارتىپ، ئېچىنىشلىق بىر كەيپىيات يارىتىپ، ئاخىرىدا قىزنىڭ بۇ يەرگە چىققانلىقىنى، ئاندىن بايىقى بايانلارنى دېسەڭلار، ھەتتا قىزنى مۇشۇ قىياغا بەنىت بولۇپ كېتىپتىكەن، بۇ كۆزلەر شۇنىڭ كۆزىمىش، دەپ تۈگەتسەڭلار تېخىمۇ قىزىق بولىدۇ. بۇنى كىم

قاملاشتۇرۇپ يازسا شۇنىڭكىنى ئاساس قىلايلى، بولامدۇ؟— دېدى.

ئۇلار يولنى داۋام قىلدى. بەزى كەڭرەك جايلاردا ئېقىن يولىدا قىيا تاشلار چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇ جىلغىدا راستىنلا بىر ئەپسانىۋى ھېكمەت يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ يەر ھەم كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان، ھەم ھەيۋەتىدىن كىشىنى قورقۇتىدىغان جاي ئىدى.

— قاراڭلار، ئەسسۇلتانىنىڭ ئىتىنىڭ تۇياق ئىزى! — دەپ توۋلىدى قىرغىز يىگىت ئېقىن ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىيا ئۈستىدە تۇرۇپ. ئىزچىلارنىڭ كۆپلىرى ئۇيۇلتاشقا چىقىپ قالغان «تۇياق ئىزى» ھەققىدە ئاڭلىغان، ھەم بەكمۇ ھەيران قېلىشقانىدى. مەمتىلى ئەپەندى بىلەن يۈسۈپ ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە ئاڭلاشقانىدى. شۇڭا ھەممەيلەن ئالدىراپ تېنەپ قىيا ئۈستىگەچىقىشتى. مەمتىلى ئەپەندى شۇندىلا ئەپسانە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بەكمۇ يىراقلىقىنى چۈشەندى. ئىزچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ ”تۇياق ئىزلىرى“ غا ھەيران بولۇپ قاراپ كېتىشكەندى، مەمتىلى ئەپەندى ئىككى تەرەپتىكى تام شەكىللىك تىك قىرغاقتا، ئېگىز جايلاردا ئالدى تەرەپكە ئۆسۈپ چىققان پىشايۋانسىمان جايلارنىڭ ”تۇرۇس“ لىرىغا زەڭ سېلىشقا باشلىدى.

”تۇياق ئىزلىرى“ قارامتۇل كەلگەن ئۇيۇل تاشلارنىڭ ئۈستىدە ئاقۇش بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ تاشقا ئويۇلۇپ كىرگەن ئىزلار بولماستىن، قارامتۇل ئۇيۇلتاش تەركىبىدىكى قىسمەن ئاق تاشلارنىڭ تاقا شەكلىدە جايلىشىشىدىن ھاسىل بولغانىدى. ئۇنىڭ ئات تاقىسىغا ئوخشايدىغانلىقىدىن تولا، ئېشەك تاقىسىغا ئوخشايدىغانلىقى ئەمەلىيراق ئىدى. ئۇندىن باشقا جەرەن ئىزى ۋە يەنە ئاللىقانداق ئىزنالار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بۇ ئىزنالارنىڭ كۆپلىكىدىن قىيا يۈزى ئىمىر- چىمىر كۆرۈنەتتى. بىرلا قىيا ئۈستىدە بۇنچە كۆپ ”ئات تۇيىقىنىڭ ئىزى“ بولۇشى ئەقىلگە سىغمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيۇل تاشقا تۇياقنىڭ ئىزى چىقمايلا قالماي، قارامتۇل تاش ئۈستىگە ئاق ئىزلارنىڭ چىقىپ قېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىزچىلار چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن بۇ ئىزلاردىن گۇمانلىنىشمىدى. ئەكسىچە قاتتىق تاشقا ئىز چىقارغانىكەن، ھەقىقەتەنمۇ

سىرلىق قۇدرەتكە ئىگە ئادەم ئىكەن دەپ مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرە قىلىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا بۇ ئىزلار ھەققىدە يۇسۇپ ئەپەندى بىلەن پىكىرلىشىپ بولغان ئەپەندى ئىزچىلارغا قاراپ سورىدى:

— ئەي، تەلەبىلەر، بۇ ئىزنالارنى راستىنلا قايسى بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ئىتىنىڭ ئىزى دەپ ئويلامسىلەر؟ ئاشۇ ئەپسانىگە ئىشىنەمسىلەر؟

— ئەمىسچۇ؟ ئۇلۇغ ئادەملەردە خۇدا ئاتا قىلغان كارامەت بار- دە!— ئىزچىلار شۇ مەزمۇندا چوقان سالدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا ”تام“ نى كۆرسىتىپ دېدى:

— ئاشۇلارمۇ ئاتنىڭ ئىزىمۇ؟ قانداق ئات ئۇ مۇشۇنداق يەردە ماڭالىغان؟ ئاسمانغا قاراڭلار، — مەمتىلى ئەپەندى قىرغاقنىڭ يۇكسەك بىنادەك تىك كەتكەن چوققىسىنى كۆرسەتتى،— ئاشۇنداق يەرگىمۇ ئات دەسسەمدۇ؟ — پېشايۋانسىمان ئۆسۈكلەرنىڭ ”تورۇس“نى كۆرسەتتى، — ئۇ يەرگە ئوڭدا يېتىپ تىپچەكلىگەندىمۇ؟ ئوڭدا يېتىۋېلىپ تىپچەكلىسىمۇ تىپچەكلىگەندۇ، ئەمما، ئون يىگىرمە مېتىر ئېگىزگە قانداق پۇتى يەتكەندۇ؟ — مەمتىلى ئەپەندى كۆرسەتكەن جايلارنىڭ ھەممىسىدە ھېلىقىدەك ئىزلار ئىمىر- چىمىر كۆرۈنەتتى،— ئەمدى ياخشىراق ئويلاپ كۆرۈڭلار،— مەمتىلى ئەپەندى سوئال نەزىرىدە شاگىرتلىرىغا قارىدى.

ئىزچىلار بىردە ”تۇياق ئىزلىرى“ غا يېڭىۋاشتىن قارىسا، بىردە ئۇستازىغا قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەپسانىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكەن بولسىمۇ، بەزىلەر چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئەنئەنىۋي قاراشلارنى بىردىنلا يىمىرىۋېتەلمەي، ئىككىلىنىپ قېلىشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىماي، ئالغا قاراپ مېڭىشقا بۇيرىدى.

ئوڭ تەرەپتىكى قىرغاقنىڭ تۈۋىدە ئۆڭكۈرسىمان قولتۇق ئىچىدە بىر كۆلچەك ھاسىل قىلغانىدى. يۇقىرى تەرىپىدە بىر تۆشۈك بولۇپ، ھازىر قۇياش غەرب تەرەپكە ئۆتكەچكە دەل شۇ تۆشۈكتىن قۇياش نۇرى نەيزىدەك ئېتىلىپ كىرىپ، ئۆڭكۈردىكى سۇ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. بىلىنەر- بىلىنمەس داۋالغۇپ تۇرغان سۇ يۈزىدىكى بۇ نۇر چەمبىرىكى ئۆڭكۈر تورىسىغا ئەكس نۇر قايتۇرۇپ،

ھەشەمەتلىك قاۋاقخانىلاردىكى چىراغلاردەك جىمىرلاپ تۇراتتى. كىشىگە بىرخىل سالقىنلىق بەخش ئېتىپ، ھاردۇق چىققاندەك تۇيۇلاتتى.

قەلبىدە ياشلىقنىڭ يېشىل ئاھاڭى بىلەن، گۈزەل نەرسىلەرگە بولغان ئۆزگىچە ھېس تۇيغۇلار ئويغىنىپ كېلىۋاتقان ئىزچىلارغا ئۆڭكۈر ئىچىدىكى بۇ كۆلچەك ۋە ئۇنىڭ "رۇجەك"ىدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇر بەكمۇ شېرىن ۋە گۈزەل تۇيغۇلارنى بەخش ئەتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ كۆلچەككە ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇشقا باشلىدى. ئاخىرى كۆپچىلىك تەرىپىدىن "جانان كۆلچىكى" دېگەن ئىسىم قوبۇل قىلىندى.

كۆلچەكتىن بىر نەچچە قەدەم يۇقىرىدا خۇددى بېلىق دۈمبىسىدەك سىلىق ئۇيۇلتاش ئېقىننى توسۇپ تۇراتتى. بۇ يەر كىشىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلاتتى. ئېقىندىكى سۇ ئاشۇ يايسىمان، سىلىققىنە پەسلەپ چۈشكەن، بېلىق دۈمبىسىدەك سىلىق تاشنىڭ ئۈستىدىن ئېقىن چۈشەتتى. ياپىر پەرھاد سۈپەت پەھلىۋاننىڭ ئىشىمۇ ياكى نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان سۇنىڭ كارامىتىمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق بىر چىرايلىق ئېرىق ھاسىل بولغانىكى، ئۇ گاھ سويلاپ كېتىۋاتقان ئەجدىھارغا ئوخشىسا، گاھ خىيالىي سىزىلغان رەسىمگە ئوخشايدۇ. سۇ ئۇيۇلتاش ئۈستىدىن ئۆز ھەجىمىگە لايىقلا بىر ئېرىقچە ئېچىۋالغانىدى. شۇنچە مەزمۇت قىيا تاش ئۈستىدە بۇنداق بىر ئېرىقنىڭ پەيدا بولۇشى كۆرمىگىچە ئىشەنگىسى كەلمەيدىغان مۆجىزە ئىدى. چۈنكى ئۇ قەدەر قاتتىق قىياغا ئىنسان ئۆزىدە بار مەدەنىي قورال-لاردىن پايدىلىنىپمۇ مۇنداق چىرايلىق ئېرىقنى ئاچالىشى ناتايىن ئىدى. بۇ يەردىن يۇقىرىراقتا سۇ بىر نەچچە پەلەمپەي شەكىللىك شاقىراتما ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ يۇقىرىسىدا سۇنىڭ ئاساسىي كېلىش مەنبەسى بولغان بۇلاقلار، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئۇلۇغ تەرەپتە تۇغراقلار ئۆسكەن كىچىككىنە تۈزلەڭلىك بار ئىدى.

بۇنىڭ يۇقىرىسىدا تار كارىدورنىڭ باشلىنىدىغان يېرىدە "غۇسلىخانا" دەپ ئاتالغان "ئاسما بۇلاق" باردى. بۇ جاي قىرغاقنىڭ ئېقىن ئىچىگە قاراپ 4-5 مېتىر ئۆسۈپ چىقىپ، "پىشايۋان" ھاسىل قىلغان يېرى بولۇپ، پىشايۋاننىڭ تورىسىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھەزرەت

سۇلتان مۇشۇ يەردە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغانىكەنمىش، شۇندىن كېيىن بۇ يەر ”غۇسلىخانا“ دەپ ئاتالغانىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېقىن ئەتراپتىكى خەلقتە غۇسلىخانىدىكى تامچىلىۋاتقان سۇغا باشنى تۇتسا باش ئاغرىقى ساقىيىدۇ، دېگەن چوڭقۇر ئېتىقاد ساقلىنىپ كەلگەنىدى. شۇڭا كونا باش ئاغرىقى بار كىشىلەر يىراقلاردىن شىپا ئىزلەپ بۇ يەرگە كېلىشەتتى.

— باللار، غۇسلىخانىنىڭ سۈيى باش ئاغرىقىنى ئالىدۇ، ھەممىڭلار بېشىڭلارنى تۇتۇڭلار،— دېدى يول باشلىغۇچى يىگىت، ئارقىدىن قوشۇپ قويدى،— مېنىڭمۇ باش ئاغرىقىم بار ئىدى، مۇشۇ سۇغا بېشىمنى تۇتقاندىن كېيىن ساقايدى.

— راست دەيدۇ، مەنمۇ ئاڭلىغان، ئاناممۇ بۇ يەرگە چىقىپ بېشىنى مۇشۇ سۇغا تۇتتۇپتىكەن. ھېچ يەردە داۋا تاپالمىغان كېسىلى شۇنىڭ بىلەن ساقىيىپتىكەن،— دېدى ئىزچىلاردىن بىرى.

شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن باللارمۇ بېشىنى تامچىلاۋاتقان سۇغا تۇتۇشتى.

— سىلى بۇنىڭغا نېمە دەپ قارايلا، ئەپەندىم؟— دەپ سورىدى يۈسۈپ زىيا، ئۇلار يولنى داۋام قىلىپ، تار كارىدورغا كىرگەندە، — ئۇنىڭدا باش ئاغرىقىنىڭ راستىنلا ساقايغانلىقىغا مىسال تېپىلدى، بۇنىڭ سىرىنى نېمە دەپ چۈشىنىلا؟

— راستىنى ئېيتسام، بۇنىڭدىكى سىرغا چۈشەنمەيمەن، بەلكى ھەممە ئادەم چۈشەنمەس،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئويلىنىپ تۇرۇپ،— بۇ سۇدا كېسەللەر ساقىيىدىغان بولسا بەلكىم ساقىيىدىغاندۇر. ئەمما بۇنىڭ سەۋەبى، ھەرگىزمۇ ئاللىقانداق بىرھەزرەتنىڭ ھاجىتىگە يارىغان سۇ بولغان شەرەپتىن ئەمەس، بەلكى سۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىدە پايدىلىق مىنېراللارنىڭ بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. قانداق مىنېراللار؟ بۇنىڭغا مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن، بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىشى.

يۈسۈپ ئەپەندى باش لىڭشىتىپ قويدى. ئەمدى جىلغىنىڭ يۇقىرى قىسمى سۇسىز ئىدى. جىلغا بارغانسېرى تارلىشىپ ئىككى ياندىكى ”تام“ مۇ ئېگىز بىلىنىپ، خۇددى غاردا كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مۇشۇ تار كارىدور ئاخىرلاشقاندا ئۇلار ئۆزلىرىنى تاغنىڭ ئارقىسىدا

كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەڭرى ساي ياتاتتى. جىلغىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئوڭ تەرەپ دوقمۇشىدا بىر تۆپىلىك بولۇپ، تۆپىلىكنىڭ يان باغرى ئۇششاق توغراقلار بىلەن قاپلانغانىدى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستى خېلى كەڭ تەكشىلىك بولۇپ، مانا شۇ يەردە "قىرىق مىچىت" دەپ ئاتالغان يالغۇز قەبرە بار ئىدى. مانا مۇشۇ يەر تاۋاپچى، ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىلگاھى، كۆڭۈللۈك سەيلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى. قەبرە ئۈستىدە ھەشەمەتلىك گۈمبەزمۇ يوق، پەقەت ھەر خىل لاتىلاردىن ئىشلەنگەن رەڭگى ئۆڭگەن، يىرتىلغان بايراقچىلار، كىيىك مۈڭگۈزى... قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان تاش دۆۋىسى، تۆرت چاسا پاكار تاش تام بىلەن قورشاپ قويۇلغانىدى. قەبرە ئەتراپىدىكى كەڭرى كەتكەن قاقاس سايلىقتا، تاغ قاپتاللىرىدا سانسىزلىغان ئۇششاق تاش دۆۋىلىرى بولۇپ، قىرغىز يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ تاش دۆۋىلىرى تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ- كەتكەنلىكىنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە دۆۋىلەپ قويغان بەلگىلەر ئىكەن. ھەر بىر ئادەم بىرنەچچە تاشنى دۆۋىلەپ قويۇپ كېتىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ، بەزى ئىزچىلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تاش دۆۋىلەشكە كىرىشتى.

قىرغىز يىگىت بولسا ئەينى ۋاقىتتىكى سۇلتان ساتۇقنىڭ جەڭلىرىدە بولغاندەكلا ئەتراپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قەيەردە قانداق جەڭ بولغانلىقىنى، كاپىرلارنىڭ قانداق قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەشكە كىرىشتى. ئاخىرىدا ھېلىقى يالغۇز قەبرىنىڭ شۇ جەڭدىن قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

— ماڭا غەلىتە تويۇلغىنى— دېدى قەشقەر ئىزچىلىرىدىن بىرى،— پەستىكى مەسچىد بار يەرنى "مازار"، بۇ يەردە قەبرە تۇرسا "قىرىق مىچىت" دەپ ئاتىغىنى بولدى. بۇ بىر ئاز تەتۈرمۇ قانداق؟

يۈسۈپ زىيا مەمتىلى ئەپەندىنى نېمە دەيدىكىن دېگەندەك قاراپ قويدى. مەمتىلى ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن:

— بۇنداق نەرسىلەرگە يەڭگىللىك بىلەن بىر نېمە دەپ قويغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ يا تارىخي سەۋەبى باردۇر، يا بولمىسا بىرەر ئەپسانىگە باغلىقتۇر، ئىشقىلىپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار،— دېدى.

# 4

ئىزچىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر ئىزچىلىرى ئاتۇش ئىزچىلىرىغا بىركۈن مېھمان بولدى. بىر قونۇپ ئەتىسى قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىشتى. ئاتۇش ئىزچىلىرى ئۇلارنى بويامەتكىچە ئۇزىتىپ كەلدى ھەم شۇ يەردە ئۇزىتىش چېيى بەردى. بۇ سورۇنغا مەمتىلى ئەپەندى يېقىن شاگىرتلىرىدىن ئابدۇراخمان، سابىت، ئابدوغۇپۇر، ئەمەت مەخسۇم، لىۋاھىددىنلارنىمۇ ئېلىپ كەلگەندى.

مېھمانلارغا تارتىلغان بىرىنچى پىيالە چايغا مەمتىلى ئەپەندى تۇز قۇيۇۋېتىشنى بۇيرۇغاندى، كۇتكۈچىلىك قىلىۋاتقان ئىزچىلار ھەيران بولۇشتى، ئەمما ئۇستازىنىڭ دېگىنىنى قىلىشتى.

— خوش، قېنى— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا چاي تارتىلىپ بولغاندا ئىككى قولىنى يېيىپ داستىخاننى ئىشارە قىلغان ھالدا،— ئەڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىمىز، ئەڭ قىممەتلىك دوستلىرىمىز، داستىخانغا بېقىشسىلا...

تۆردە ئولتۇرغان يۇسۇپ زىيا پىيالىنى قولىغا ئېلىپ بىر ئوتلىۋىدى، شاكراپ تېتىپ كەتتى. ئۇ شۇئان چاينى داستىخاندا قويدى ـ يۇ، چاندۇرمىدى. ئۇ ساھىپخاننى خىجالەت قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە سالماسلىق قارارىغا كەلگەندى. ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگىنى، كۇتكۈچىلەردىن بىرى ئېھتىياتسىزلىقتىن تۇز تۆكىۋەتكەن ياكى ئازراق تۇز بار پىيالىغا چاي قۇيىۋەتكەن ئىدى، بۇ ھالدا بۇنى ئېيتسام ئۇستازى ئالدىدا جىجالەتكە قالىدۇ دېگەندەك پىكىرلەر ئىدى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پىيالىلەرنى قولىغا ئالغان قەشقەر ئىزچىلىرى بىر- بىرلەپ پىيالىنى لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ، بىر يۇتۇمدىن ئىچىپلا ئىختىيارسىز ھالدا بىر- بىرىگە قاراپ قويۇپ، چاندۇرماستىن داستىغانغا قويۇشتى ۋە باشقا نېمەتلەر گە ئېغىز تېگىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يۇسۇپ ئەپەندى ئويلىغاننى- ئويلىغان بولۇپ، ھەممىسى پەقەت ئۆزىنىڭلا چېيىنى شۇنداق

دەپ ئويلىغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق تۇزۇتلۇك پوزىتسىيىسى تېخىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلغاچقا مەمتىلى ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، ھەم يەنە سىرنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمەي:

— زىيا، نېمىشكە چايغا باقمايسىلەر؟ ھەممىڭلار چاينى قولۇڭلارغا ئالمايلا قويدۇڭلارغۇ؟ ھاۋا ئىسسىق، قىزىق چاي ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، قېنىق- قېنىق ئىچىڭلار. سەھرانىڭ چېيى شەھەرنىڭكىدەك تەملىك بولمامدىكەن ـ يە؟— دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، چاي ياخشى دەملىنىپتۇ،— دېيىشتى مېھمانلار، ھەم بۇ سۆزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پىيالىنى قوللىرىغا ئېلىشىپ، ئاز- ئازدىن زورلاپ بىر يۇتۇمدىن ئىچمەك بولۇشۇۋىدى، تەۋپىق چاقچاق قىلىپ:

— چاي تاتلىقراق، تىلىڭلارنى يىرىۋېتىپ قالمىسۇن يەنە،— دېدى ۋە يەنە ئېچىلىپ- يېيىلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، زىيانىڭ قولىدىكى پىيالىنى ئېلىۋالدى،— بولدى، بولدى، ئەپەندىم، بەك تۇزۇتلۇك بولۇپ كېتىپسىلەر، نېمىشكە كۆڭلۈڭلارغا كەلگىنىنى ئېيتمايسىلەر؟ چاي تۇزلۇقكەن دېسەڭلار بولمامدۇ؟— دېدى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ـ ئارا قارىشىۋېلىپ، كۈلۈشكە باشلىدى.

— ھە، ئەسلىدە تەۋپىق ئەپەندى بىزنى مەسخىرە قىلىپ ئويناپتىكەن- دە،— دېدى زىيا كۈلۈپ تۇرۇپ،— بىز زە...ھەي،...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشارىسى بىلەن كۈتكۈچىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ چاينى ئالماشتۇرۇشقا كىرىشتى، مەمتىلى ئەپەندى زىيانىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ:

— ئادەم دېگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى، تاڭسۇق، غەلىتە، كۈلكىلىك ئىشلارنى ئەستىن چىقارمايدۇ. بىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمىزغا قىلغان بۇ چاقچىقىمىز ئۆزىنىڭ غەلىتىلىكى بىلەن خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. مانا مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن ئاتۇشقا كەلگىنىڭلار مەڭگۇ ئېسىڭلاردا تۇرىدۇ،— دېدى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شۇ قەدەر ئوچۇق- يورۇق، ياش يىگىتلەردەك شوخ ۋە چاقچاقچى ئادەملىكى مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى ياخشى

سېزىم ئويغىتىپ كەلگەنىدى، ئەمدىلىكتە بۇ كەڭ كۆلەملىك چاقچاق بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ ئېچىلغانىدى. شۇڭا مېھمانلار ئۆزلىرىنى ساھىپخانىنىڭ ھوزۇرىدا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەزىلە چاقچاقلار باشلىنىپ كەتتى. ئابدىراخمان، ئابدىغوپۇر، سابىت، لىۋاھىددىن، ئەمەت مەخسۇملارمۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا چاقچاققا كىرىشىپ كەتتى.

چايدىن كېيىن شورپا تارتىلدى. ئەمدى تۈزۈت پۈتۈنلەي تۈگەپ سورۇننى ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنلىق ئىگىلىگەنىدى. يۇسۇپ زىيا شورپىدىن بىر ئوتلاپ بېقىپ:

— ئەپەندىم، چېيىڭلار تۇزلۇق، شورپاڭلار لاۋزىغۇ؟ بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟— دېۋىدى، مەمتىلى ئەپەندى جاۋاب بېرىپ:

— سىز تۇزلۇق چاينى ئىچىپ كۆنۈپ قالغاچقا شۇنداق تۇيۇلىدۇ، مانا بىز تۇزلۇق چاي ئىچمىگەن ناھايىتى تېتىشلىك بىلىنىۋاتىدىغۇ؟— دېدى. شۇنىڭ بىلەن داستىخاندا ئومۇمىي كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن قەشقەرلىك ئەزىز مېھمانلار يولغا چىقتى. ئاتۇش ئىزچىلىرى ئاچىيار بويىغىچە بىللە كەلدى ۋە شۇ يەردە قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. بۇلار بۇندىن ئىلگىرى مۇسابىقىلەردە ئۇچرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقىدەك تاماقتىمۇ، يېتىپ-قوپۇشتىمۇ بىللە بولۇش پۇرسىتى بولمىغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار بىر نەچچە كۈن بىللە بولۇش بىلەن قەدىناسلاردەك بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئەمدى ئۇلار ئايرىلىدىغان چاغدا كۆڭۈل سۆزلىرى تۈگىمەيلا قالدى.

ئاتۇش ئىزچىلىرى قىرغاقتا تۇرۇپ، چوڭقۇر ئاچىيار ئىچىگە چۈشۈپ بولغان دوستلىرىغا قاراپ تۇراتتى. يار ئىچىدىكىلەر گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن يار ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا باشلىغانىدى:

بىز ئىزچىلارمىز، پۇت-قوللارىمىز،
كۆز دىماغىمىز، ھەر يېرىمىز ساغلام.
ئۇشبۇ مىللەتنىڭ خىزمەتكارىمىز،
دۈشمەنگە دىللار ساقلار ئىنتىقام!

ئارقىغا قايتقان ئاتۇش ئىزچىلىرى ناخشىغا جۆر بولۇشتى:

هايدى[1] ئىشلەشكە ياش ئىزچى باللار،
دىن ۋە مىللەت يولىدا قاينار ۋىجدانلار.
. . . . . . . . . . . . .

[1] هايدى — (تۈركچە) — چاقىرىق مەنىسىدىكى ئىملىق بولۇپ، (قېنى ئەمسە، باشلا، دېگەندەك) مېنى ماتىيال بىلەن تەمىنلىگەن پىشقەدەم ئىزچىلار ماڭا ئۇنى «هايداڭ» شەكلىدە ئېيتىپ بەرگەندى، ئەمما ئەسلىسىنى تۈركچىدىن تاپتىم، — ئا.

# يەتتىنچى باب

## 1

ئەمدى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش تەشۋىقاتىنى ئاساس قىلغان سەپىرىنى باشلايدىغان بولدى. ئىزچىلار يۈك- تاقىلىرىنى سەرەمجانلاپ يولغا چىقىشقا تەق بولدى. ئۇزۇق- تۈلۈكنى ئۈيۈشمىنىڭ ئاتلىرىدىن ئىككىسىگە ئارتىشتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قارا ئىتىنىمۇ ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىپ ماڭىدىغان بولدى.

هارپا كۈنى كەچتە مەمتىلى ئەپەندى مەلىكزادنى يېقىملىق ئەركىلىتىپ تۇرۇپ ئەپۇ سورىدى:

— يەنە سىزدىن كەچۈرۈم سوراشقا توغرا كەلدى، خىزمىتىڭىزدە بولالمايدىغان بولدۇم... — دېدى ئۇ.

— ۋاييەي، ئەپلەشمىگەن خۇشامەتنى قويسىلا ئەمدى، «خىزمىتىمنى قىلالماپتىمىش»، مەن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلالىسامۇ مەيلىدى، مېنىمۇ خىزمەت قىلدۇرمايلا يۈگرۈپ يۈرگەنلىرى، يۈرگەن، سايىدەك تۇتۇق بەرمەي. تېخى خىزمىتىمنى قىلارمىشلا، — دېدى مەلىكزاد يالغان قېيداپ، تاتلىق خۇلق بىلەن. ئاندىن سەمىمىي ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — مەندىن ئەنسىرىمىسىلە، ئۆزلىرىنى ئوبدان ئاسراپ، سالامەت قايتىپ كەلسىلە، ماڭا كېرىكىمۇ شۇ...

— شۇغىنىسى قاسىممۇ بارىدىغان يېرى سىزگە تازا چاتاق بولدى،

مەيلى، زەرەرى يوق، باشقا تەلەپلەر قارىشىپ بېرىدۇ. مەن مەھەممەت قارىغا تاپىلاپ قويدۇم. ئۇ ھەر قاچان زۆرۈر نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئايىمگۈل سىزگە ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇرىدىغان بولدى. ئەگەر زېرىكسىڭىز قەشقەرگە كىرىپ تۇرۇپ چىقارسىز.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەندىن ئەنسىرىمىسىلە...

مەمتىلى ئەپەندى مەلىكىزادىنىڭ سۆزۈك مەڭزىگە تۇمشۇقىنى پاتۇرۇپ سۆيدى، ئارقىدىن گىلاستەك لەۋلىرىگىمۇ ئەنە شۇنداق ئۇتتۇر چىشلىرى ئاغرىغۇدەك بېسىپ سۆيدى. ئاندىن تەييارلىقلىرىغا كىرىشتى.

ئەتىسى ئۇلارنىڭ سېپى يولغا چىقىدىغان چاغدا يۇرت ئاقساقاللىرى، ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوزاتلىقى كەلدى. ئابدۇراخمان شائىر، ئابدۇغوپۇر، ئەمەت مەخسۇم، لىۋاھىدىن قاتارلىقلار ئەنە شۇ ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە بار ئىدى. گۈلزادىمۇ ئۇزاتقۇچىلار سېپىدە مۆلدۈرلەپ ئېرىنى بۇ ئۇزاق سەپەرگە ئۇزىتىش ئۈچۈن تۇراتتى. ئۇ ئەپەندىنىڭ نېمە ئۈچۈن بىرگىنە ئۇنىڭ ئېرىنى سەپەرگە بىللە ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ قالغىنىنى چۈشەنمەيتتى ۋە بىر ئاز نارازىلىقىمۇ باردى.

ئۇلار مەشھەتتىن ئەنە شۇنداق ئۇزاپ چىقىپ، سۇنتاغ، تۆكۈللەر بىلەن ئارىلاپ، قۇمسېغى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

تۆكۈلدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر زامانلاردا تولۇپ ئاققان، ئەمدىلىكتە سىزىندا سۇلار ئۇيەر بۇ يەردە ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئاچيار ئېقىنىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەر، ئاچيار— قىران دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، چاقماق دەرياسىنىڭ مول ئاققان مەزگىلىدىكى قوشۇلۇش تۈگۈنى ئىدى. يارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى توپىلىق قىرغاقتا سۇنىڭ يالىشى بىلەن گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن جايلار ھەر خىل شەكىلگە كەلگەن بولۇپ، بەزىلىرى كونا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا، قەلئەلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. كىچىك بويىدا ئۇششاق باللار بېلىق تۇتۇپ ئوينىشىۋاتاتتى. بەزىلەر يېيىلىپ ئېقىۋاتقان تېيىز سۇدا چېپىپ يۈرەتتى. يىلانلىق (شەرق)تەرەپتىكى قىرغاقنىڭ لىۋىدە ساللاتلا خوجامنىڭ قەبرىسى كۆرۈنەتتى. قۇمسېغى تەرەپكە مېڭىش ئۈچۈن جەنۇبىي قىرغاقتا يىلان باغرى يول بىلەن كۆتۈرۈلۈشتى.

يار ئۈستىدىن تۈزلەڭلىك باشلىناتتى. يىراقلاشقانسېرى ئارقىدا قالغان ئاچيار بىلىنمەي، قۇمسېغى شورلىقى، ئاتۇش تۈزلەڭلىكى، يىلانلىق، مېيى، تېتىر تەرەپلەر بىر پۈتۈن تۈزلەڭلىكتەك كۆرۈنەتتى. قۇمسېغى شورلىقى ئۈستىدە شالاڭ قارا قومۇش ئۆسكەن بولۇپ، يىراقتىن قويۇق ۋە ياپ- يېشىل كۆرۈنەتتى. ئالدى تەرەپتىكى قۇمالتاغ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ گويا قۇمسېغىغا چۆكۈپ غايىپ بولغاندەك بىر ئۇچى شالاڭ يېزا ئورمىنى ئىچىگە شۇڭغىغانىدى. ئۈستىدىكى ئاق زۇمچەك توپا دۆۋىلىرى قەبرىلەردەك كۆرۈنەتتى.

قۇمسېغىغا يېقىنلاشقانسېرى شورلۇق تۇپراق تەدرىجىي ياخشىلىنىپ باراتتى، ھەم قۇمۇشلار ئورنىغا كۆكىيانتاق ئۆسكەن. بۇ يەردە تۇرۇپ ئارقىغا- ئاتۇش تەرەپكە قارىغاندا بوزتاغ مەجرۇھ بولغان ئەجدىھادەك سۇس تۇمان ئىچىدە سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ئىزچىلار قۇمسېغى يېزىسىغا بارابان، دۇمباق ساداسى ئىچىدە جەڭگىۋار مارشلار تۆۋلاپ كىرىپ كەلدى. بۇ يوچۇن سادا غېرىب-غۇرۋالارچە مۈگدەپ ياتقان نامرات يېزىسىنى زىلزىلىگە سالدى ۋە ئادەملەرنى ئۆي - ئۆيلەردىن كوچىغا ئۈندەپ چىقتى.

ئىزچىلار روزى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. روزى شەيخ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھەم دەرھال قوي سويۇشقا بۇيرىدى، روزى شەيخ قۇمسېغىنىڭ ئەڭ كاتتا بېيى، شۇنداقلا بىردىن- بىر بېيى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولماستىن ماڭغىلى بولماسلىقىغا كۆزى يېتىپ، تاماق پىشقىچە ئىشك ئالدىغا توپلانغان كىشىلەرگە ئويۇن قويۇپ بېرىش قارارىغا كەلدى.

بۇ يېزىنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىرقىسىم كىشىلىرى قەشقەرگە ۋە ئاتۇشقا بارغاندا ئويۇن كۆرگىنى بولمىسا، كۆپچىلىكى، ئايالlلار ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈن بۇ خۇددى تەھتى ئەسرادىن بىردىنلا ئەرش ئەلاغا چىققاندەك ئىش ئىدى. ئۇلار بىلىمسىزلىك نادانلىق، خۇراپاتلىق پاش قىلىنغان ئاددىي ۋە قىسقا كومېدىيىنى كۆرۈپ، ناخشىلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلەندى. كىچىك باللار ئىزچىلار بىلەن دوستلىشىشقا تىرىشىپ ئارىلىشىپلا ئالدى. خالايىق

ساھىپخان مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندىلا قىيمىغان ھالدا تارقاشتى. ئەمما ئۇششاق بالىلار ئىزچىلارنىڭ قايتىپ چىقىشنى كۈتۈپ ئىشىك تۈۋىدە قالدى.

ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. كىشى دەممۇ- دەم ئۇسساپ تۇراتتى. نەم يەردە يالىڭاچ بولۇپ يېتىۋالغۇسى كېلەتتى.

شورپا تارتىلغاندا چوڭ ۋە ئازادە مېھمانخانا تونۇردەك قايناپ كەتكەنىدى. روزى شەيخ ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى ئاۋارە قىلىپ تۇتۇپ قالغانغا چۈشلۇق ئىش بولمىدى، شۇنداق بولسىمۇ،... — دېدى ئۇ تەكەللۇپ بىلەن.

ئىزچىلار چۆپ- چۆپ تەرلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شورپا بەك مايلىق بولغاچقا كۆڭۈلگە ئۇراتتى. ئەگەر بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىسسىقا پايلىماي سوغۇق سۇ ئىچكەندە ئاسانلا ئىچ سۈرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. مەمتىلى ئەپەندى شورپىنى ئىچەلمەي تۇرغان ئىزچىلارغا:

— شورپىغا قېتىق سېلىپ ئىچىڭلار،— دېدى سەمىمىيلىك بىلەن،— بۇنىڭدا ئىككى پايدىغا ئېرىشىسىلەر، بىرى، مايلىق شورپا كۆڭۈلگە ئۇرمايدۇ، يەنە بىرى ئىچ سۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئىزچىلاردىن بىر قانچىسى بۇ گەپ بىلەن بايا ئۇسسۇزلۇق ئۈچۈن ئېلىپ كىرىلىپ ئىچىپ بولالمىغان قېتىقنى قوشۇقلاپ ئېلىپ شورپىغا سېلىشتى. بۇ ئۇسۇل سىناپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى.

روزى شەيخ داستىخانغا قارىشىپ بېرىۋاتقانلارنى بۇيرۇپ قېتىق ئەكەلدۈرۈپ تۇردى.

— ئەپەندى دېگەندەك، قېتىقنى كۆپرەك ئىچىۋېلىڭلار، قېتىق دېگەن تەشنالىقنى باسىدۇ، قۇمسېغىدىن چىقساڭلار ئاقاشقىچە تامچە سۇ تاپقىلى بولمايدۇ، ھاۋا شۇنداق قايناپ كېتىۋاتقاندا،... ھەرگىز تارتىنماڭلار،— دەپ تۇراتتى روزى شەيخ.

ئۇلار روزى شەيخ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىققاندا ھاۋانىڭ قىزىقى يۇقىرى پەللىگە چىقىدىغان سائەت 12-13 لەر ئەتراپى ئىدى.

— سەل ھاۋا يانغاندا ماڭساڭلارمۇ بولاتتى، بولمىسا،— دەپ نەسىھەت

قىلدى روزى شەيخ.

— ئىزچى دېگەن ئىسسىقتا، چىللىنىڭ سوغىدا پىشمىسا قانداق بولىدۇ، شەيخ ئاخۇنۇم؟ غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، شەيخ ئاخۇنۇم؟ بۇلار ئۇنچىلىك جاپاغا چىدايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تولۇملىرىمىزدا قېتىق يېتەرلىك،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

قۇمسېغى ئاھالىسى ئۇلارنى قانداق قىزىقىش بىلەن كۈتۈۋالغان بولسا شۇنداق قىزىقىش بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. بالىلار ئۇلارغا ئەگىشىپ قۇمالتاغقىچە كەلدى.

قۇمالتاغنىڭ قۇيرىقى قۇمسېغىدا ئاخىرلىشىپ ئاتۇش- قەشقەر تۇزلەڭلىكلىرى بىرلىشىپ كېتەتتى. ئاققاشقا ئۆتىدىغان يول تۇزلەڭلىككە ”چۆكۈپ كېتىۋاتقان“ تاغنىڭ ئاخىرقى تۆپىلىكىدىن ئۆتەتتى. بالىلار ئەنە شۇ تۆپىلىك ئۇستىدە تۇرۇپ قالدى ھەم تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىزچىلارغا قاراپ قول پۇلاڭشىتىپ چۇقان سېلىشتى.

بۇ ئانچە ياخشى ياسالمىغان ھارۋا يولى تۆپىلىكتىن بىر «پەلەمپەي» تۆۋەنلىگەندىن كېيىن بىر ھازا تۇزلەڭ ساي ئۇستىدە باراتتى. ئارقىدىن ئىككىنچى ”پەلەمپەي“ دىن تۆۋەنلەپ چۈشەتتى. شۇ يەردە يول ئىككىگە بۆلىنەتتى. بىرى تاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربىي جەنۇپ يۆنىلىشىدە بەشكېرەم تەرەپكە؛ بىرى جەنۇپقا ئاققاش تەرەپكە كۆز يەتكۈسىز چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتەتتى.

بەشكېرەم تەرەپكە كەتكەن يولنىڭ يېنىدا (ئاچالدىن 500 مېتىرچە يىراقتا) قەدىمىي بەلگە مۇنارىسى— مۇرتۇم (مورا - تام) ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قاراۋۇل سۇپىسى (تۇر) چوقچىيىپ، ئېگىز- پەس ئىدىر-دۆڭلۈكلەر ئارقىسىدىن باش چىقىرىپ تۇراتتى.

”ئۈچىنچى پەلەمپەي“ دىن چۈشكەندىن كېيىن شېغىللىق ساي تۈگەپ، شور تۇپراقلىق تۇزلەڭلىك باشلىناتتى. ھارۋا يولىنىڭ ئۇچىدا- يىراق ئۇپۇقتا بىردانە جىگمومىدەك ”تىم“ كۆرۈنەتتى.

ئەتراپقا قارىسىڭىز قۇمسېغى يېزىسى ۋە بەشكېرەم يېزىسىنىڭ دەل- دەرەخلىرى ئۇپۇقتا يېشىل بەلۋاغدەك كۆرۈنىدۇ. قۇمالتاغ (ئۇ ئەمدى ئارقىدا

قالغان) مەغرۇر هالدا كەينىگە دارىيىپ تۇرىدۇ. شەرق تەرەپ ئۇپۇقىدا تاشلاندۇق مەھەللىلەردەك ئەسكى تاملىقلار، ئامبار توسمىسىدەك بولۇپ قالغان قەدىمىي سېپىل ئىزلىرى گاھ ئاشكارە، گاھ تۇتۇق كۆرۈنىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئاشۇ ياقنى كۆرسىتىپ:

— بۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ خارابىلىرى،— دېدى ۋە قوشۇپ قويىدى،— ”خانۆي“ دېگەن شۇ.

— كۆرگەچ ماڭساق بوپتىكەن،— دېدى ئەكبەر شوخلۇق بىلەن.

— هازىر بۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمەيمىز، ئوغلۇم، كەلگۈسىدە بىز ئۇ يەرنى ئاچىمىز! — دېدى تەۋپىق

تۈزلەڭلىكتە بېسىلغاق، ئىشەكقومۇچى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر پىژغىرىم ئىسسىقتا شۈمشىيىپ تۇراتتى. بۇلار يىراقتىن يېشىل مەخمەلدەك كۆرۈنسىمۇ يېقىن كەلگەندە يەككە- يەككە، شۈنچىلىك شالاڭ ئىدى. تەكشى جايلار گىيا ئۈنمەيدىغان تاقىر شورۇلۇق؛ ئېگىزرەك جايلىرى بوز توپلىق، بېسىلغاق، ئىشەك قومۇچى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر مۇشۇنداق جايلاردا ئۆسەتتى؛ ئويمانراق جايلىرىدا قويۇق سېرىق قومۇش ئۆسكەنىدى. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى پوستەك توپا ياكى شور توپا بولغاچقا ئادەم دەسسەپ ئوشۇققىچە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق پېتىپ كېتەتتى. شۇڭا چۆلنى كېسىپ ئاققاشقا بارىدىغان يول ئۇزۇن يىللار جەريانىدا بېسىلىپ، چىڭدالغاچقا ئىككى تەرەپكە قارىغاندا خېلى چوڭقۇر ئويۇلۇپ چۈشكەن، يولدىن كۆرە ئېرىققا بەكرەك ئوخشايتتى. ئىزچىلار خۇددى ئېرىق ئىچىدە كېتىۋاتقاندەك تەكشى قەدەملەر بىلەن كېلەتتى. ئۇلار تەردىن چىلىق- چىلىق بولۇپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئۇستازى بىلەن ئەڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرلىرىنى ئورتاقلىشىپ ماڭاتتى، بۇ چۆللەرنىڭ كەلگۈسىدىكى مەنزىرىسىنى سۈرەتلىشەتتى.

ئۇلار ئاققاشقا يېقىنلاشقاندا قوياش غەرب تەرەپكە قىيسىيىپ، هاۋامۇ سەل سالقىنلىشىپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ شور تۇپراقتىن يۈزلەرگە گۈپۈلدەپ ئىسسىق ئۇرۇلۇۋاتاتتى. يول ئاققاشنىڭ تاختاق مەھەللىسىگە تۇتىشاتتى. دەسلەپكى ئېتىزلاردىكى كېۋەزلەرمۇ ئىسسىقتىن قورۇلۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى.

شۇ ئەتراپتا مال بېقىپ، تېزەك تېرىپ يۈرگەن بىر نەچچە بالا دەرھال يول بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە كىرلىشىپ كەتكەن يۈزلىرىدە ئەڭ روشەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يولۇچىلارغا تىكىپ بىر- بىرىنى نوقۇشقان ھالدا قىزىقىپ قارىشاتتى. تەۋپىق ئۈلاردىن سورىدى:

— ئوغۇللىرىم، ئالدىمىزدىكى يۇرتنىڭ ئىسمى نېمە؟

— تاختاق! — ئۇلار چاڭىلداق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى.

— سىلەر شۇ يەرلىكمۇ؟

— ھەئە.

— مەھەللەڭلاردا مەكتەپ بارمۇ؟

— مەكتەپ؟! —ئۇلار چۈشەنمىگەندەك بىر-بىرىگە قاراشتى.

— مەكتەپ، سىلەردەك بالىلارنى يىغىۋېلىپ خەت ئوقۇتىدىغان يەر.

— بازا مەھەللىدە با، مامۇتھاجىم ئۆزىنىڭ ئۆيىنى مەكتەپكە بېرىپ، تاختاقتا كۆچۈپ كەلدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارغا بۇرۇلدى.

— تەلەبىلەر، يۇرتقا ئاز قالدۇق، جەڭگىۋار بولۇڭلار، ئۇستى-بېشىڭلارنى ئوڭشاڭلار، سەپنى تۈزەڭلار، قۇربان جاپپار، ناخشا...

ئىزچىلار ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈشتى. ئالدىن ئاۋۋالقى قاتارنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، ناخشا باشلاندى. بۇ ناخشا تاڭ ئەلچىسى بولغان خورازدەك يەنە بىر خىلۇەت يېزىنى ئويغىتىۋەتتى.

*

**

ئۇلارنى ماموتھاجىم، ئۇرايىمھاجى، باي مۇھەممەدلەرنىڭ كۈتۈۋېلىشى بىلەن ئاقغاشتا بىر كۈن قونۇپ قالدىغان بولدى. بازار مەھەللىسىدە ئويۇن قويدى. مەمتىلى ئەپەندى يىغى مائارىپنىڭ ئەۋزەللىكى، يات مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى — نادانلىق ۋە خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى.

## 2

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار ئاقاشتىن يولغا چىقىپ، شاپتۇلغا قاراپ مېڭىشتى. تاكى ئاقاش يېزىسىنىڭ ئاخىرقى ئۆيلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ چىققۇچە ناغرا- بارابانلارنى چېلىپ جەڭگىۋار ناخشىلارنى توۋلاپ چىقىشتى.

قىزىل دەرياسىنىڭ چەكسىز بۇز يەرلەرنى كېسىپ ئۆتكەن ئېقىنى گاھ كەڭ يېيىلىپ، سايازلىرىدا ياپ- يېشىل سازلىق ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن قاپلىنىپ ياتسا، گاھى يەرلىرى تار ۋە تىك يارلىق ئىدى. دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك سېرىق قومۇشلۇق بىلەن قاپلانغان. بەزى يەرلىرى قويۇق، بەزى جايلىرى شالاڭ ۋە قاتتىق شورلۇق ئىدى.

ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ، گويا باش تارتقان بۇغدايلىقتەك قويۇق سېرىق قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدىكى ئوپۇق بىلەن سۆيىشىپ تۇرغان تۈزلەڭلىكنى كۆرۈشتى.

قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېرى ھەم بىقىش تاپمىغان ئورۇق ئېشەك سېرىق قومۇشلۇقنىڭ شالاڭراق جايلىرىدا قارا قومۇش تېرىپ يەپ يۈرەتتى. ئىشەكتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر قېرى دېھقان قومۇش ئورۇۋاتاتتى. ئۇ ئېشىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جۈدەڭ كۆرىنەتتى، چۈنكى ئۇنىڭدا مەسئۇلىيەت غېمى ئارتۇقراق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن يۈز ۋە بويۇنلىرى يولغۇن كۆتىكىدەك كۆرىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا خام كۆينەك ۋە سىدام بويالغان ئىشتانلا بولۇپ، يالاڭغىداق پۇتلىرى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان شورلۇقتەك قوتۇر ۋە قارا ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر ئوڭدا يېتىپ باللىرىنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان مەزگىلى بولسىمۇ، بىراق تىرىكچىلىك غېمى ئۇنى ئارامدىن جۇدا قىلغان، ئۇ بولسا قاقشال بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆمۈر دەرىخىگە بىر تامچە بولسىمۇ ھاياتلىق يامغۇرى پەيدا قىلىش ئۈمىدىدە سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ جاڭگالغا كەلگەنىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنلۇك سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ھارمىغايسىز، تاغا، — دېدى ئۇ ھەم كىچىك

ئېرىقتەك ئويۇلـۇپ كەتـكەن چىغىـر يولـدىن چىقىـپ، قومۇشـلۇقنى ئـارىلاپ بوۋايغا قاراپ ماڭدى.

بوۋاي بىـر قولـىدا ئوغاق، بىـر قولـىدا بىـر تۇتام قۇمۇش بىـلەن ئۆرە بولـدى، ئەمما ئۇنىڭ بەللىرى ئۇزۇن زامان مۈكچىيىـپ ئەمـگەك قىلـىش نەتىجىـسىدە ئاشــۇنداق كۆنــۈپ قالغانــدەك، راۋۇرۇس تۇزلـەنمــىدى. ئـۇ شــۇنچە ســەھەردە جاڭگالدىن چىقىپ كەلگەن تەرتىپلىك كىيىـنگەن، شـۇ زامـان كىـشىلىرىگە ئانچە ئوخشىمايدىغان بـۇ كىـشىگە ۋە ئۇنىـڭ ئارقىـسىدىكى ياش يىگىـتلەرگە ھاڭۋېقىپ قارىدى...

— ۋە ئەلەيكۇم...ـ دېگىنىچە يىگىتلەرگە قاراپ كەتتى. بەلكىم ئۇنىڭمۇ ئاشۇ يىگىتلەر قورامىدا بالىسى ياكى نەۋرىسى بولسا شۇ يادىغا يېتىۋاتقاندۇر.

— قەيەردىـن سـىز؟— مەمتىلـى ئەپەنـدى ئۇنىڭغـا قـول ئۇزاتقانـدا ئـۇ قايسى قولىدىكىنى تاشلىۋېتىش ئەپلىكرەك ئىكەنلىكىنى ئويلىنىۋاتقانـدەك تېڭىرقاپ قالدى. نەتىجىدە مەڭدەپ قېلىپ ھەر ئىككى قولـىدىكى نەرسـىنى تاشـلىۋېتىپ، قېتىــپ تاشـتەك بولـۇپ كەتـكەن قـوللىرىنى بـۇ چىرايلىـق ئەپەندىگە ئۇزاتتى ھەم ئېسەنكىرىگەندەك:

— كاما تېرەكتىن... شاپتۇلنىڭ كاما تېرەك،... — دېدى.

ئارقىدىن ئىزچىلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇنىڭ بىـلەن بىـر- بىـرلەپ قـول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مەمتىلى ئەپەندى دېھقان ئۇچۇن شۇ تاپ تىرىكچىلىكنىڭ ھەرىكىتىنى قىلىش مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ بىر مۇنچە ۋاقتىنى ئېلىپ، قۇرۇقتىن- قـۇرۇق ھال سوراپ قويۇشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلىـپ، دەرھـال يەردىكـى ئوغاقنى ئالدى.

— مەن ئورالارمەنمـۇ؟ — دېدى ئـۇ ئوغـاقنى دەڭسەپ كـۆرۈپ، بوۋايغـا كۈلۈپ قاراپ.

— سىلى،...قوللىرى...ـ بوۋاي خىجىل ھالدا قول تەڭلەپ، ئوغـاقنى ئېلىۋالاي دېگىچە، مەمتىلى ئەپەندى بىـر تـوپ قومۇشـنى سـول قـولى بىـلەن قامالـلاپ تۇرۇپ، ئاستىغا ئوغاقنى ئۇردى...

ئۇنىــڭ ھەرىكىتـى بـۇيرۇق بولغانـدەك، ئىـزچىلار شـۇئان قـولى بىـلەن

قومۇش يولۇشقا باشلىدى ھەم بىردەمدىلا ئىككى ئۈلاغچە قومۇشنى ئورۇپ دۆۋىلىۋەتتى.

— ئارتىپ بېرەيلى، بوۋاي قىيىنىلىپ قالمىسۇن، — دېدى تەۋپىق، بۇ گەپ بىلەنلا ئىزچىلاردىن بىرى ئېشەكنى ھەيدەپ كەلدى. يەنە بىرى ئارتىق ئېتىپ، ئېشەككە ئارتتى. باشقا جۇپ- جۇپ قوللار ئۈزىسىگە قۇچاق- قۇچاق قومۇشنى قويۇپ، يەنە باشقىلىرى ئېشەكنىڭ تۆشىنى تارتىپ مەھكەم باغلىۋەتتى.

بوۋاي تېخىچە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقىنىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتى. ئۈلارنىڭ راستىنلا بىر ناتونۇش بوۋاي ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

— بوۋا، ئەمىسە بىز ماڭغاچ تۇرايلى، خۇدا نېسىپ قىلسا يەنە كۆرۈشەرمىز. بۇنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىڭىز كېلەلمىسىڭىز، باللارنى ئەۋەتىپ، قالغىنىنى ئېلىپ كېتىڭ. ھەممىنى ئارتىپ بېرەيلى دېسەك، ئېشەك ئاجىزراق كۆرۈنىدۇ، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

— ھەشقاللا، ھەشقاللا.... — بوۋاينىڭ بۇندىن باشقا سۆزگە تىلى كەلمىدى. ئىزچىلار مېڭىش ئۈچۈن چىغىر يولغا چىققاندىن كېيىنلا، — بالام ئىسلى، ئىسلىنى قەيەدىن سورايمىز؟... — دېگىنىچە قالدى. بۇ چاغدا ئىزچىلار ئۇنىڭ خىرىلداپ قالغان ئۈنى ئاڭلانمايدىغان يىراقلىققا كېتىشكەنىدى. يىراقتىن يېشىل قومۇشلار ئارىسىدىن ئۈلارنىڭ يۇقىرىقى گەۋدىسى كۆرۈنىپ، بارا- بارا خىرە كۆزلەردىن ئۆچتى.

ئۈلار قومۇشلار ئارىسىدا گاڭگىرىغان بوۋاينى قالدۇرۇپ، تېز يول يۈرۈپ، كاما تېرەككە كېلىشتى. كەنتكە كىرىش ئالدىدا جاڭگالغا تۇتىشىدىغان جايدا بىر نەچچە تۈپ پاخماق قاغا جىگدىگە بىر نەچچە بالا چىقىۋالغانىدى. ئۈلارنىڭ ئۇستىبېشى جۇلجۇل، رەڭگى-روھىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۈلار ھەدەپ قاغا جىگدە پۇتايتتى. پەستە ئۈلارنىڭ بىر توپ شېرىكى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن ئۇستىدىكىلەرنى تىللايتى ۋە قوشاق ئېيتاتتى:

قاغا جىگدىنى يېمەڭ،

مەيدەم ئاغرىيدۇ دېمەڭ.
ئېرىڭىز ئەنجانغا كەتسە،
كىمگە تېگەمەن دېمەڭ.
........

بۇلار يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئىچچام ئەۋرىشكىسى ئىدى. بۇ ھاياتلىقتا كەلتۈرۈپلا تەربىيىسىز تاشلىۋېتىلگەن، ھەم ئادەمگە، ھەم ھايۋانغا ئورتاق تەرەپلىرى بولغان مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بالىلارنىڭ تىپى ئىدى. بۇنداق بالىلارنى خالىغان يېزىدىن تېپىشقا بولاتتى. مەمتىلى ئەپەندى جىگدە تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر تاتىلىغاندەك بولدى. كۆز چاناقلىرىمۇ ئېچىشقاندەك بولدى.

— ھازىر ئول! — دېدى ئۇ ئىزچىلارغا. ئىزچىلار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشمىسىمۇ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىپ، سەپكە تىزىلدى، — قۇربان، ناخشا باشلا ئوغلۇم.

قۇربان جاپپار ناخشا باشلىدى. ئۇلار ئونچە كەپسىز بالا ئالدىدا دىققەتتە تۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن ناخشا ئوقۇشتى.

نۇرلاندۇردى يۇرتلارىمىزنى قۇمۇلدىن كۈن تۇغۇپ،
مۇستەبىت زالىملار ئۇلسا مەھۇ ئولدى ئۇرۇلۇپ (نەقرات: ئۇرۇلۇپ).
ئەي، غازى غوجامنىياز ئاتامىز مىڭ ياشا،
ھىممىتىڭ بىرلە ئاچىلغان ئەسرى[1] مەكتەپ كەڭ تاشا
ئەسرى مەكتەپتە ئوقۇيمىز قىز ئوغۇللار بىر بولۇپ(نەقرات: بىر بولۇپ).
.....

بالىلار بۇلارغا بەكمۇ قىزىقىپ قالغانىدى. جىگدە ئۈستىدىكىلەرمۇ چۈشتى. ئۇلار ئىزچىلارنىڭ بىر خىل كىيىمىگە، رەتلىك تۇرىقىغا، يېڭىچە ناخشىغا قىزىقىپ قېلىشتى. ناخشىدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى بالىلارنىڭ بېشىنى بىر- بىرلەپ سىلاپ چىقتى ۋە يېنىدىن ئايرىمايدىغان خىروم

---

[1] زامانىۋىي، يېڭىچە مەنىسىدە — (تۈركچە، ئەسلى ئەرەپچىدىن) — ئا.

سومكىسىدىن مەنپەسە چىقىرىپ، بالىلارغا ئىككى تالدىن بەردى.

— بالىلىرىم، بۇ ئاكىلىرىڭلار ناخشىنى ئوبدان ئوقۇمدىكەن؟ سىلەرمۇ مۇشۇلاردەك بولۇشنى خالامسىلەر؟ — دېدى.

بالىلار ئۈنىڭسىزمۇ ئىزچىلارغا ھەۋەس قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار، شۇنداق بولۇش ئاسانلا دەپ ئويلاپ، دەرھال رازىلىق بەردى:

— ھەئە!

— ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بايىقىدەك بىمەنە قوشاقلارنى ئېيتماسلىقىڭلار كېرەك. سىلەر تېخى كىچىك، ئۆگەنسەڭلار بۇ ئاكاڭلاردەك ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنىڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇش كېرەك. ئەگەر ئاتا- ئاناڭلار ئەۋەتسە پەيزىۋاتقا بېرىپ ئوقۇڭلار، قەشقەرگە ياكى ئاتۇشقا بارساڭلارمۇ بولىدۇ... — دېدى. ئۇنىڭ كۆپ سۆزلىگۈسى باردى، ئەمما بالىلارنىڭ بەربىر چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئوبيېكتىپ شارائىتى ئوقۇشقا يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئېچىنىش ئىلكىدە ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

بالىلار ئۇزاققىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ھايال بولمايلا مۇھىتنىڭ توپانى يۇيۇپ ئۈچۈرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بىر تەسىراتمۇ قالغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى يۈرىكىنى غايەت زور بىر تاش بېسىۋالغاندەك كەيپىياتتا كېلىپ قالدى. ئۇ بۇ تاشنى ئېلىپ يىراققا چۆرۈۋېتىشنى خالىسىمۇ بىراق كۈچى يەتمەيتتى. يۈلقۇناتتى. ئۇنىڭدا يەنە ساماۋى چۆچەكلەردىكى پالۋانلاردەك كۆز يۇمۇپ – ئاچقۇچە مۆجىزە يارىتىش ئىستىكى (خام خىيال) پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خالايدىغىنى بۇ بەختسىز ئەلنى بىر كېچىدىلا ئاگلىق قىلىۋېتىش ئارزۇسى ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل جان قىيىنغۇچى خىيال تاكى كاما تېرەك كەنتىنىڭ مەركىزىكىرەك بېرىپ، بىر كۆلنىڭ بويىدا دەم ئېلىشقا توختىغانغا قەدەر داۋام قىلدى.

كۆل بويىدا بىر ھازا دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكىدە "ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە تىرىشىش! ۋە يەنە تىرىشىش" دېگەن قارار ئۈستۈنلۈككە چىقىپ، دەم ئېلىشنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

يارمۇھەممەدكە ئىزچىلارنى سەپكە تىزىپ، جەڭگىۋار ھالەتتە شاپتۇلغا كىرىشكە تەييارلىنىش بۇيرۇقى بەردى.

ئاشۇنداق سۈر- ھەيۋە بىلەن، يەرنى تىترەتكۈدەك قەدەم بېسىپ، ناخشا ياڭرىتىپ شاپتۇل بازىرىغا كىرىشتى. بۇ ئەتراپتىكى ھەر بىر يېزىدا ھەپتىنىڭ ئوخشىمىغان كۈنلىرىدە بازار بولاتتى. شاپتۇلدا سەيشەمبە كۈنى بازار بولاتتى. شۇڭا بۇ يەرنى "سەيشەمبە بازار" "كالتە بازار" مۇ دەپ ئاتايتتى. بۈگۈن شاپتۇلنىڭ بازىرى بولغاچقا كوچىلار تارلىشىپ، يار- يار ھارۋىلار بىر- بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن، ساتارمەنلەرنىڭ ئۆز مېلىنى ماختاپ چۇقان سېلىشى ئەۋجىگە چىققانىدى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئىزچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك قەدىمى ۋە جاراڭلىق ناخشىسى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇڭا كوچىدا قىستىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر بار كۈچى بىلەن چەتكە قىستىلىشىپ، ئوتتۇرىدىن ئۇلارغا يول بوشىتىپ بەردى.

— نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەردۇ بۇ؟

— نەدىن كەلگەندۇ؟

— كىمنىڭ ئەسكەرلىرىدۇ بۇ؟

— ..........

بازاردا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. بەزى ئىشى يوق بىكار لاغايلاپ يۈرىدىغانلار ئىزچىلارنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشتى. ئۇلار ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ، قاراشلىرىنى داۋام قىلىپ كېلەتتى.

— يېڭى تۈتقان ئەسكەرلەر ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي، كۆرمەيۋاتامسەن، ئەسكەرلەرنىڭ بۇنىدىغىنى بۇ ئىقلىمدىن تاپالمايسەن.

— ئىشقىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بىر نېمىلىرى، بىزگە پايدىسى يوق!

— قېنى، ئۇلار نەگە بارىدۇ، كۆرۈپ باقمامدۇق...

ئىزچىلار ئاۋۋال چوڭراق بىر ئاشخانىغا كېلىپ، توختىدى ۋە غىزالانماقچى بولدى. ۋاقىت چۈشتىن ئۆتۈپ پېشىمگە تەۋە بولۇپ قالغاچقا ئۇلارنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشخانىغا پاتمىغاچقا تەرتىپ بىلەن غىزالىنىشتى.

— ھۆكۇمەت ئادەملىرىگە ھېچ ئوخشىمايدۇ، — دەپ مۇلاھىزىلىرىنى داۋام قىلدى، نېرىدا ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان قىزىققۇچىلار، — ئۇ خەقتىن ئىككىسىلا بازارغا كېلىپ قالسا پاتامدىغان، ئۇرىدىغاننى ئۇرۇپ، تىللايدىغاننى تىللاپ، گۇلدۇر-غالاپقا تۇرۇپ بولمايتتى.

— بۇلار تالىپلار ئوخشايدۇ....

— شۇ، شۇنداق بىر يېرى بار، ئىمانى كامىل، قارىساڭلام باش لىڭشىتىپ سالام قىلىپ تۇرىدۇ، تېخى.

”ھېچنېمە كۆرمىگەندەك“ ھەممىگە قىزىققۇچى ئۇيغۇر پۇقرالىرى، چۇۋۇلۇشۇپ بۇ ئەتراپقا يىغىلىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىشى بار-يوقلىرىمۇ، ئىشى ئالدىراشلىرىمۇ، قىزىقىشلىرىغا بەس كېلەلمىگەندەك قىلاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بىر توپ ئىزچى تاماق يېيىشكە كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتە تالادا كۈتۈپ بىكار تۇرغىچە يىغىلغان خالايىققا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. ئۇ يارمۇھەممەدكە پىچىرلاپ، خالايىق سەل تەرتىپكە كەلسە ئازراق گەپ قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يارمۇھەممەد دەرھال بىر يار- يار ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ:

— خالايىق، سەل جىم بولايلى، بىزنىڭ ئۇستازىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سىلەرگە گېپى باركەن، — دېۋىدى قىزىقىشلىرىنىڭ قانائەت تېپىشىغا كۆزى يەتكەن خالايىق يارمۇھەممەدنىڭ ئورنىغا مەمتىلى ئەپەندى چىقىپ راۋۇرۇس تۇرىۋالغىچە تېخىمۇ جىددىي ۋە ئالدىراش پىچىلاشلار بىلەن مەيداننى خۇددى مىڭلىغان ئۇچار قاناتلار ئوتلاپ يۈرگەن ئورمانلىقتەك شاۋ-شاۋغا تولدۇرۇۋەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ھارۋا ئۈستىگە چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان، ھاياتنىڭ لەززىتىنى سۈرەلمەستىن، دۇنياغا نېمىشقا كېلىپ، نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقنى چۈشەنمەستىن ياشايدىغان سادda، ئاقكۆڭۈل ۋە گول چىرايلارغا — ئۇيغۇر چىرايىغا بىر پەس قارىۋېلىپ:

— ۋەتەنداشلار، — دەپ خىتاپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆز باشلىشى بىلەنلا ئەتراپ جىمجىت بولۇپ كەتتى. پەقەت نېرىدا سېتىقچىلارنىڭ ۋاقىرىشى يات ۋە بىچارە ئاڭلىنىپ تۇراتتى، — بەلكىم، سىلەر بىزنى كىمدۇر؟ نېمە

قىلىدىغانلاردۇر؟ دەپ قىزىقىدىغانسىزلەر. شۇنداقمۇ؟ بىز، ئاتۇشتىن كەلدۇق. مەن مۇئەللىم، بۇلار بولسا مېنىڭ تەلەبىلىرىم. بىز بۇ سەپىرىمىزدە مەدەنىي- ئاقارتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشنى مەخسەت قىلىپ كېتىۋاتىمىز، — كىشىلەر ئارىسىدا پەس ئاۋازدا بىر پەسكە شاۋ- شاۋ بولۇپ، نىمىدۇر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بولۇشتى، مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ قانداق مەخسەت؟ كىشىلەرنى مەدەنىيەتلىك بولۇشقا ئۈندەش، ئاقارتىش دېگەنچۇ؟ ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا ”قارا تۇرك“ لىكتىن ئاقارتىش تەرغىباتى! خوش، بۇ نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ بىزنىڭ كىشىلىمىزنىڭ ئادەملىكىنى تونۇپ، چۈشىنىپ ياشىشى ئۈچۈن! چۈنكى، مەدەنىيەت، ئىنسانلارنى خۇدانىڭ مۇددىئاسىدىكى ”ھەممىدىن ئېزىز مەخلۇق“ قا ئوخشىتىدۇ. ئەزىزلىقىمىزنىڭ بەلگىسى بىزگە كۆپرەك ئەقىل بەردى. ئۆز- ئاراسۆزلىشىشكە تىل بەردى. مۇشۇنداق تۇرۇپ بىز ھايۋانلاردەك خار ۋە زەبۇن ياشىساق، خۇدانىڭ مۇددىئاسىغا مۇخالىپ كەلمەسمۇ؟ بىر ئاز بولسىمۇ قىممىتىمىزنى چۈشىنىپ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك! ئوقۇش كېرەك، ۋەتەنداشلار! «قۇئانى كەرىم»مۇ «ئوقۇ!» دېگەن خىتاپ، بۇيرۇق بىلەن باشلانغان ئەمەسمۇ؟ مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ”ئاقارغانلىق“ بولىدۇ. ئوقۇغان ئادەملا ھاياتنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، تىرىشىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ!

مەمتىلىنىڭ ئاۋازىدا، ئاھاڭىدا بىر خىل كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان جەزىبە بارىدى. كىشىلەر سېھىرلەنگەندەك ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىدىن ئاللىقانداق نۇرنى- يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى تىترەپ، يېنىدىكەلەرگە ”راست دەيدۇ، دېمىسىمۇ شۇ ـ دە!“ دېيىشسە، بەزىلىرى بۇ سۆزلەرنى مەسچىتتە ھەمىشە ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ۋەزگە ئوخشىمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، دەپلا چۈشىنەتتى؛ يەنە بەزىلەر بولسا ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ دىققىتى بۇگۈنكى بازار سودىسى، ئەتىكى دېھقانلىچىلىق، ياكى ئوتۇنغا بېرىش ئىشلىرى ئۈستىدە — ئۆز تىرىكچىلىكى دائىرىسىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

غىزالىنىپ چىققان ئىزچىلار ئاستىلا توپقا قوشۇلۇپ تۇرۇشتى. باشقا

بىر توپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئەمدى دېھقانلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىن ئەمەلىي مىساللارنى ئېلىپ، ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن ئۇقوشنىڭ پايدىسىنى شەرھىيلىمەكتىدى. بۇنىسى دېھقانلارغا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئوبدانىراق ياقتى. چۈنكى ئۇلارغا ئەمدى مەسىلە چۈشىنىشلىكرەك بولۇۋاتاتتى.

— شۇنداق، ۋەتەنداشلار، ئەگەر ئائىلە شارائىتىڭلار بالاڭلارنى مەكتەپكە بېرىشكە يار بەرسىلا ئوقۇتۇڭلار، ئۆزىمىزنىڭ ئورنىمىزنى، ئادەملىك قەدىر-قىممىتىمىزنى بىلىپ ياشايدىغان بولايلى. مېنىڭ سىلەرنى مالال قىلىپ دېمەكچى بولغانلىرىم شۇلار..

بەزىلەر ئۆز قىزىقىشلىرىنى قانائەتلەندۈرۈگەندىن كېيىن بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىراشتى. بەزىلەرنىڭ قىزىقىشى ئەمدى يېڭىۋاشتىن ئويغىنىپ، ئىزچىلارغا قارىغىنىچە قېلىشتى. ئىزچىلار غىزالىنىپ بولۇشقاندىن كېيىن يەنە ئاۋۋالقىدەك سەپ تۈزۈپ، شاپتۇل بازىرىدىن چىقىپ كېتىشتى.

*

**

ئۇلار تېگىرىق يېزىسىغا يېقىنلاشقاندا سەپىرىنى تۈزەپ مارشلىرىنى باشلاشتى. پەيزاۋات ناھىيە بازىرىغىمۇ ئەنە شۇ تەقلىدتە كىرىپ كېلىشتى. بارلىق شەرق بازارلىرىدەك تۈزۈلگەن بۇ بازار ئۆزى كىچىك، قىستاڭ كۆرۈنەتتى. ساتارمەنلەر ئىچىدە قوغۇنچى باققاللار كۆپرەك ئۇچرايتتى. بازاردىكى سودىگەرلەر، شەھەر ئاھالىسى ۋە يېزىلاردىن كىرگەن سەھرالىقلارنىڭ ھەممىسى ئىزچىلارغا قاراپ قېلىشتى. ئىزچىلار توپا- چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان، تار ۋە ئەگرى- بۈگرى كوچىلارنى بېسىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا بېرىشتى.

ئۇيۇشمىدا سەيپىددىن قاتارلىق ئۇيۇشما خادىملىرى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مېھمانلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەردار ئىدى. مەھمۇد مۇھىتى جايلاردىكى قىسىملارغا ۋە ئۇيۇشمىلارغا خەۋەر قىلىۋەتكەنىدى.

— ھېرىشمىغايلا، قەدىرلىك مېھمانلار،— دېدى سەيپىددىن مەخسۇم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كېتىۋېتىپ.

— ھەر قايسىڭىزلارنى جۈۋېتىپ قويىدىغان بولدۇق،.... — دەپ

تەكەللۇپ قىلدى مەمتىلى ئەپەندىمۇ پەيزاۋاتلىق سەبداشلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

مېھمانلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ كۈنى ساھىپخانىلارنىڭ كۈتۈۋېلىشى، ياتاقلارغا جايلىشىش بىلەن كەچ كىردى. ئۇيۇشما ئۇلارغا ئاتاپ مال ئۆلتۈردى.

## 3

ئەتىسى سەيپىددىن مەخسۇم ئادەم ئەۋەتىپ بارلىق مائارىپ ھەيئەتلىرىنى، ئاتىلار ھەيئەتلىرىنى، تەسىرى كۈچلۈك بايلارنى چاقىرتىپ كەلدى. مائارىپ ئۇيۇشمىسىدا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەكتەپلەرنى كېڭەيتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كەچ كۇرۇسلىرىنى ئېچىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

— كېتىدىغان ئىقتىسادنى شۆھرەتلىك بايلىرىمىز تۇرغان يەردە قەيەردىن تاپىمىزكىن دەپ ئەنسىرىمىسەكمۇ بولار، مۇئەللىم يېتىشمىسە، كىچىك بولساقمۇ ئاتۇش مائارىپ ئۇيۇشمىسىدىن ياردەم قىلالايمىز،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا. ئاندىن باياتىن بېرىلا چىقىشىپ قالغان مەھەممەتخانبەگكە قاراپ،— شۇنداقمۇ، ئاغا؟ سىلەر تۇرغان يەردە بالىلىرىمىزنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشى بەك سەت گەپقۇ؟— دەپ چاقچاق ئارىلاش قوشۇپ قويدى.

مەھەممەتخانبەگ ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەلۋەتتە توغرا دەيلا، ئەپەندىم، — دېدى ۋە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ۋەدىلەرنى قىلدى.

ئارقىدىن سانايى نەپىسە ئۇيۇنخانىسىدا كومىدىيە ۋە مەدەنىي ئاقارتىش تەشۋىقاتىنى مەزمۇن قىلغان لەپەر، ناخشا قاتارلىق كونسىرتلارنى قويدى. ئۇيۇندىن كېيىن ئۇلارنى پەياۋاتتا تۇرۇشلۇق گارنىزون قىسىملىرىنىڭ گازارمىسىغا چاقىرىپ كۈتۈۋالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار يەنە ئەسكەر لاگىرىدا

مېھمان بولدى. ئۇ يەردىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن بازاردا سەييارە ئويۇن قويۇشتى ھەم نۇتۇق سۆزلەش سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جانلىق كونسېرتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىي- ئاقارتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى.

ئۇلار مائارىپ ئۇيۇشمىسىغا قايتىپ كەلگەندە ئۇ يەردە مەھەممەتخانبەگ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— پېقىرنىڭ غېرىبخانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئىلتىماس قىلاي دەپ كۈتۈپ تۇردۇم، ۋاقىتلىرى يار بېرەرمىكىن، ئەپەندىم،— دېدى ئۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن قول باغلاپ.

— بىز پەيۇزاۋاتتىن كەتكىچە ئىختىيارىمىزنى سەيپىددىن مەخسۇمغا تاپشۇرغانتۇق، مۇشۇ كىشى رۇخسەت بەرسە،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ.

— مەخسۇمنى مەن ئۈچۈن سالا قىلىدۇ دەپ ئىشىنىپ تۇراتتىم، تېخى.

— ئەپەندى سىزنىڭ لەۋزىڭىزنى رەت قىلمايدۇ،— دېدى سەيپىددىن مەخسۇم كۈلۈمسىرەپ.

— مەخسۇم، قارىغاندا ئاللىقاچان ھەمەممەتخانبەگنىڭ دامىغا چۈشۈپ بولغان ئىكەنسىز دە، بوپتۇ، سىز بولىدۇ دېسىڭىز، پېقىرنىڭ رەت قىلىشقا ھەددىمۇ؟— دېدى مەمتىلى ئەپەندى چاقچاق قىلىپ، ئۆزىڭىزمۇ بىللە بولارسىز؟

— بىللە بولىدۇ، ئەلۋەتتە،— دېدى مەھەممەتخانبەگ، — ئەمىسە ھازىرلا مېڭىپ كېتىمىزمۇ؟

ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن مەھەممەتخانبەگنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قورا- جايلىرىدا قونۇپ قالدى.

ئەتىسى مەھەممەتخانبەگ يەنە كاتتا داستىخان راستلاپ، ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرى بىلەن مېھمانلارنى ئۇچراشتۇردى. سورۇندىن كېيىن بىر نەچچەيلەن تەڭلا مەمتىلى ئەپەندىنى بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مېھمانغا چاقىرىپ تۇرۇۋېلىشتى. ئەمما مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ خىزمەت بىلەن چىققانلىقىنى، كۈندۈزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، سەپەرنى داۋام قىلدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رەت قىلدى.

ئۇ كۈنى بىر ئىككى مەيدان ئويۇن قويغاندىن كېيىن، سەپەرنىڭ

تەييارلىقىغا كىرىشتى. كەچتە ئۇلار ئويۇشمىغا قايتىپ بېرىشقانىدى، ئۇ يەردە ئاتىلار ھەيئەتلىرىدىن بىر نەچچەيلەن مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرىنى چىللاپ كېلىشكەنىدى.

— ھەممىڭلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى. چۈنكى ئۇلار ئەتە ئەتتىگەندە سەپەرگە چىقماقچى ئىدى. بۇ ئاخىرقى ئاخشامنى مېھماندارچىلىقتا ئەمەس، ئويۇشمىدا ئۆتكۈزۈش ئۇلارغا قولايلىقراق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئاخشامدا بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغىلىمۇ بولمايتتى. بىرىنىڭكىگە بېرىپ، يەنە بىرىنى رەنجىتىپ قويۇش تېخىمۇ بولمايتتى، — بىز ئەتە سەھەردە بۇ يەردىن يۈرۈپ كەتمەكچىمىز، ھەر بىرىڭىزلارنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغاندەكلا بولدۇق، بىزگە ئىجازەت بەرسىڭىزلار.

كەلگەنلەر سەيپىددىن مەخسۇمغا قاراشتى. سەيپىددىن مەخسۇم بولسا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ياكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇشنى بىلمەي، گاڭگىراپ، ساھىپخانلىق سالاھىيىتى بىلەن سەبدىشىنى تۇتتى:

— بولمىسا بىر نەچچە كۈن ئارتۇقراق تۇرۇپ ماڭساڭلار بولماسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ھەممىڭلار، زاماننىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئادەملەر، ھەممىڭلار ئاق- قارىنى چۈشىنىدىغان خەلقنى ئاقارتىش يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئادەملەر، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر بىز مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىنىشلىق ئىشنى، مىللىي پايدا- زىياننى، شەخسىي ئادىمگەرچىلىككە تېگىشۋەتسەك توغرا بولارمۇ؟ ھەممىڭلار مېنىڭ مائارىپ تەرغىباتى بىلەن سەپەردە يۈرگىنىمنى بىلىسىلەر، بۇ ئىش قانچىلىك زۆرۈر، بۇنىمۇ بىلىسىلەر. ئەگەر مەن شۇ تاپتا بۇ ئىشىمنى تاشلاپ، سىلەرنىڭ ئادىمگەرچىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلىپ، ”ھۆرمەتكە ئىززەت“ قايتۇرۇشقا باشلاپ كەتسەم دۇرۇس بولۇرمۇ؟ ياكى مىڭ يىللاپ خۇراپاتقا پېتىپ ياتقان مىللەت يەنە بىر نەچچە كۈن ئاشۇ سېسىق ئۇۋۇدا ئارتۇق ياتسا ھېچقىسى يوقمۇ؟

سەيپىدىن مەخسۇم خىجىل كۈلۈمسىرىدى. باشقىلارمۇ ئارتۇق گەپكە ئورۇن قالمىغانلىقىنى چۈشىنىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

— ئۆزرلىكمىز، ئەپەندى، بىز رازى، سىلىمۇ رازى بولىسىلا ئەمىسە، — دېيىشتى.

— بىزنى پەيزىۋات خەلقىگە ۋاكالىتەن ئۇيۇشما كۈتىۋالدى. مۆتىۋەر كىشىلەردىن مەھەممەتخانبەگ كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولدىغۇ؟ ھەممىسى پەيزىۋاتنىڭ ئاش، تۇزى، بىز سىلەردىن رازى، ئاۋارە قىلغان بولساق ئەيىبكە بۇيرىماسىلەر.

چىللاپ كەلگەنلەر خوشلىشىپ كەتتى. ئەمما ئۇلار ئەتىسى ئىزچىلار ئورنىدىن تۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىپ، پىششىق گۆش، بىر نەچچە چاناچ قېتىق ئەۋەتىپ، يوللۇق تۇتۇشتى.

## 4

ئاتۇش ئىزچىلىرى ئەتىسى پەيزاۋاتتىن يولغا چىقتى. بۇ چاغ ئاۋغۇست قۇياشى ئۈپۈقنى قىزارتقان، بۇ قىزىللىق شەرق تەرەپتىكى يېزا-كەنتلەرنىڭ پاكار ئۆيلىرى، شالاڭ ئورمانلىرى ئارىسىدىن كۆك سەتھىگە تارام- تارام سېپىلگەنىدى. پاكار كېسەك ئۆيلەر، چالما ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆكۈش تۈتۈن ئېرىنگەندەك ئاستا چىقاتتى. ھەم كۆككە چىقىشقا قۇربى يەتمىگەندەك ئۆگزىلەردە، دەرەخ باشلىرىدا تۇمان بولۇپ يېيىلىپ يۈرەتتى. بۇ تۈتۈندە تېزەكنىڭ پۇرىقى ئالاھىدە بىلىنىپ تۇراتتى. ئىزچىلار ئەنە شۇ يېزىنىڭ ئۆزىگە خاس پۇراقلىرى ئارىلاشقان سەھەر ھاۋاسىدا قۇمئېرىق يېزىسىدىن ئارىلاپ ئۆتتى.

ھەگە تېرەككە بارغاندا قۇياش ساغۇچ قىزىل جامالىنى دەرەخلەر ئارىسىدا جىلۋە بىلەن كۆرسەتتى. ئاندىن ھاۋانىڭ ئىللىقلىقىنى ئاللىقاياقلارغا قوغلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىمىق تەپ ھاۋاغا تاراشقا باشلىدى. ئۇلار ئاق- ئاق تۇرلارنى ئارىلاپ جامبازغا بارغىچە ھاۋا پۈتۈنلەي دىمىققا ئايلىنىپ كەتتى.

يولدىكى يۇمشاق، سويۇقلىشىپ كەتكەن قۇمساڭغۇ تۇپراق يالىڭاچ پۇتلارنى كۆيدۈرگۈدەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئازراقمۇ سالقىندىن ئەسەر

بولمىغاچقا ھەر دەم شاراقلاپ تۇرىدىغان قوناقلىقلارمۇ جىمجىت سۈكۈتتە تۇراتتى.

ئىزچىلار ھەر قاچان مەھەللىلەردىن ئۆتكەندە جەڭگىۋار سىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مارشلارنى ياڭرىتىپ ماڭاتتى، دېھقان باللىرى يالىڭاچ پۇتلىرى بىلەن توپا توزۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يىراققىچە كېلىشەتتى. دېھقانلار بۇ تەرتىپلىك قوشۇنغا قىزىقسىنغان ھالدا قارىشاتتى.

جامبازدىن چىققاندىن كېيىن قويۇق يۇلغۇنلۇق ۋە ئاندا-ساندا توغراقلار ئۆسكەن دالىدىن ئۆتۈشتى. بۇ يېشىل دالىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قارا قۇمۇشلار ئۆسكەن قارا شورلۇق دالىغا، ئاندىن ھېچنىمە ئۈنمەيدىغان شورلۇققا چىقىشتى. بۇ چەكسىز كەتكەن شورلۇق دالىنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرەپلىرى بەكمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. غەربىي جەنۇپ، غەرب تەرەپلىرىدە يىراقتىن يېزىنىڭ دەل- دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقى مانا مۇشۇنداق جەزىرىلەردە ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. كىشى دەممۇ ـ دەم ئۇسساپ تۇراتتى. پەيزىۋاتلىق قېرىنداشلار يوللۇق تۇتقان قېتىق ئۇلارغا بۇ يەردە راسا ئەسقاتتى. ئۇلار پىششىق گۆش يەپ، قېتىق ئىچىشتى.

— ھاردىڭلارمۇ، ئەزىمەتلەر؟ — دەپ روھلۇق ۋارقىرىدى مەمتىلى ئەپەندى.

— ھېرىشنى ھارمىدۇق، ئەمما بۇ ئىسسىق تازىمۇ ئەزدى، — دېدى ئەكبەر.

— قېتىقنى ئايىماي ئىچىڭلار، ئىسسىققا شۇ بەۋا كېلىدۇ.

شورلۇق دالادىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنى قىزىلويغا تەۋە يېزىلار ئىدى. ئۇلار راسا چارچىغان، ئەمما ئىسسىقتا شورلۇق دالىدا ئولتۇرۇپ، دەم ئېلىشقا بولمىغاچقا ئىلاجىسىز ماڭغانىدى. قوغانغا كېلىپ، دەسلەپكى دەل- دەرەخلەر سايىسىدا دەم ئېلىشتى. بۇ چاغ پىشىم ئۆتكەن مەزگىل ئىدى. دەم ئالماستىن ئۇزاق يول بېسىشقاچقا بۇ يەردە كۆپرەك دەم ئېلىپ، ئاندىن ماڭماقچى بولۇشتى. قوغان، ئارۇن كەنتلىرىدە شەمبە كۈنى بازار بولاتتى، ئۇلار بازارنىڭ راسا قىزىغان مەزگىلىدە بازارغا كىرىشتى.

بۇ يەردە خەۋەردار كىشىلەردىن ئۇرايىم كاۋاپ قاتارلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ

ئىستىقبالىغا چىقتى. ئىزچىلار ئۈرايىم كاۋاپنىڭ قورا- جايىدا يۈك تاقىلىرىنى تاشلاپ بىردەم ئېسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئويۇن قويۇش ئۈچۈن بازارغا چىقىشتى.

ئوغرى، قىمارۋاز، نەشىكەش بەڭگىلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان كومېدىيىنى ئوينىدى. ئىزچىلار بۇ كومېدىيىنى ئويناۋاتقاندا قاما تۇماق كىيگەن، ئېپەك رەختىن ئۇزۇن تون كىيگەن بىر كىشى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قېشىغا ئاستا سىغدىلىپ، ھېجىيىپ تۇرۇپ باش ئىغاتتى، ئاندىن:

ـ ئەپەندىم، ئۈرايىم كاۋاپنىڭ ئېيسا بەگ دېگەن ئوغلىنى بىلەملا؟ — دەپ سورىدى خۇدكىسىرىگەندەك ئەتراپقا قاراپ.

— ياق، بىلمەيمەن، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىمۇ بۈگۈن كۆرۈشۈم، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى مۇلايىم تەلەپپۇزدا.

— ئۈرايىم كاۋاپنىڭ شۇ ئوغلى قىزىلوي تەۋەسىدىكى جىمى لۈكچەك، نەشىكەشلەرنىڭ كاتتىسى! سىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنىغا قاراپ، ئېيسا بەگنى كۆرۈپ قاپتىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇنى كۆرگىنىمىز يوق، ئەمما شۇنداقلارنى تولا كۆرگەن، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى ئوخشايدۇ- دە، — دېدى ئۇ. مەمتىلى ئەپەندى ئېيسا بەگنى سۈرۈشتۈرۈش ھەم ئۇنىڭغا قاتتىق تەنبىھ بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ مېھمانلارنى كۈتۈش تەييارلىقى بىلەن ئالدىراپ يۈرگەن ئۈرايىم كاۋاپنى چاقىرتىپ سورىدى:

— ئەيىبكە بۇيرىمايسىز، ئاغا سىزنىڭ ئېيسا بەگ دېگەن ئوغلۇڭلىرى بارمۇ؟

— بار، بار، ئەپەندىم، بىرسى سىلىگە دەپتۇ- دە، ئادەم دېگەننىڭ دوستىدىن دۈشمىنى تولا نېمە، سىلى كەپ بولغىچىلا ئۇ بالامنىڭ گېپىنى قۇلاقلىرىغا قويۇپتۇ ـ دە، — دېدى ئۈرايىم كاۋاپ يۈزلىرى ئېسىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ گەپنى دېگەن ئادەم دۈشمىنىڭىز بولىشىمۇ ناتايىن، ھەر ھالدا سىزنىڭ مۇشۇنداق بىر ئوغلىڭىز بارلىقىنى ئۇقۇپ قالغىنىمىز ئوبدان بولدى.

ئەگەر تاپقىلى بولسا، مالال كۆرمىسىڭىز، ئوغلىڭىزنى چاقىرىپ كەلسەك، ئۇمۇ ئويۇننى كۆرۈپ باقسا ئوبدان بولاتتى.

— مەن بىرسىنى ئەۋەتىپ باقاي، ئەمما تېپىلىشىغا ئىشەنچ يوق. ھەي، بۇ بالىنىڭ دەردىدە ئىگەكىم با، سارالڭ بولايلا دېدىم، دوست- دۈشمەننىڭ ئالدىدا يۈزمىنىمۇ قويمىدى، زادىلا گەپ ئاڭلىتالمىدىم، دېسىلە،... — ئۇرايىم كاۋاپ كېتىۋېتىپ دېدى.

ئۇنىڭ دېگىنى توغرا بولۇپ چىقتى. ئېيسا بەگ كەچ بولغىچە تېپىلمىدى.

ئىزچىلار قىسقا كومېدىيىدىن بىر نەچچىنى ئوينىدى. مەمتىلى ئەپەندى نوتۇق سۆزلىدى. كەچتە ئۇرايىم كاۋاپنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى. ئۇ قوي سويۇپ، شورپىغا ئاش سېلىپ چۆپ ئەتكەندى. تاماق تەييار بولاي دېگەندە ئېيسا بەگ كەيىپ ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلگىچە ئوڭ- تەتۈر سۆزلەپ، ھەر كۈندىكىدەك ھويلىنى بېشىغا كىيگىلى تۇرۇۋېدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى توسۇۋالدى. ھەممىدە ئۇنى قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىللە غىزالاندى. تاماقتىن كېيىن ئىزچىلارغا نەشكەش، لۈكچەكلەر مەسخىرە قىلىنغان كومېدىيىنى قايتا ئويناشنى بۇيرىدى.

داستىخانغا داخىل بولغان يۇرت ئاقساقاللىرى، بايلارمۇ باردى.

— ئېيسا بەگ، ئىنىم، ئويۇننى دىققەت بىلەن كۆرۈڭ، كېسىلىڭىزگە شىپا بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. بۇمۇ پەقەت سىزدە ساقايغىدەك ئىمكان بولسا كار قىلىدۇ، ئادەمگە خاس ئاخىرقى بىر زەررە ۋىجدان بار بولسا كار قىلىدۇ. كۆرۈپ بېقىڭ، ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە كۆپ قېتىم مەن ھىدايەت ئاتا قىلمىسام ھېچكىم ھىدايەت تاپمايدۇ، ئى مۇھەممەد، سەن پەقەت ئەلچىسەن، يەتكۈزۈشلا ۋەزىپەڭ بار،... دەيدۇ ئەمەسمۇ. ھىدايەت ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، بىلگەنلەرنىڭ دەۋەت قىلىش، ھەقنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى بولغىنى ئۈچۈن، بىزمۇ ئۆز بۇرچىمىزنىلا ئورۇندايمىز، قارىسىلا، — دېدى ئۇ ئېيسا بەگنى مەجبۇرى ھالدا يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

ئۇيۇننى كۈندۈزى بۇ يەردە ھازىر بولۇپ تۇرغان مۆرتىۋەلەرنىڭمۇ بىر مۇنچىسى كۆرمىگەنىدى. ئويۇن قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى

ئېيسا بەگكە:

— ئەمدى، ۋىجدانىڭىز بۇيرىغاننى قىلىڭ، ئەگەر ھەر كۈنى كەچتە بىرىپ تۇرىدىغان چىلىمخانىلارغا جۆنەيمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى ـ دە، ئىزچىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ئىزچىلار كەڭ ھويلا سەيناسىدا ۋە پىشايۋاندا جايلىشىپ يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئارام ئېلىشقا ساراي ئۆيگە قايتىپ كىردى. شۇ چاغدا ساھىپخان ئۇنىڭغا دەرت ئېيتىپ:

— بۇ بالىنى ئىزا تارتقۇزماق ئاسان ئەمەس، بۇگۈنغۇ ھېچ يەرگە چىقماي بالدۇرراق ياتتى، ئەمما لېكىن، بۇ بالىنىڭ تۇزىلىشىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ... مۇشۇ بالىنىڭ دەردىدە ئون يىل بۇرۇن تۆگىشىپ كېتىدىغان بولدۇم... — دېدى.

— ئادەمنىڭ گەپ ئاڭلىمىغىنى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى زەردە گۆش قىلىۋېتىدۇ... سىزمۇ بۇنى دەرت قىلىپ كۆتۈرۈۋالماي، قارنى-كۆكسىڭىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، خۇشال- خۇرام بولۇشنى قولدىن بەرمەڭ، — دەپ تەسەللىي ئېيتتى مەمتىلى ئەپەندى.

ئۇ ئۇخلاش ئالدىدىن سەپەر تەسىراتلىرىنى، كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى، ھېس قىلغانلىرى ۋە ھەر يەردە قىلىنغان پائالىيەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇن ئۈستىگە سوزۇلدى. سەپەرگە چىققاندىن بېرى ئۇ ھەركۈنلۈك سەپەر خاتىرىسىنى شۇ كۈنى ئاخشامدا ئىزچىل يېزىپ كېلىۋاتاتتى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

تاڭ سەھەردە قۇربان جاپپارنىڭ ياڭراق ئەزىنى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇشقان ئىزچىلار، نامازدىن كېيىن ھازىرلىقلىرىنى تېز پۈتتۈرۈپ، قىزىلويىنىڭ يىراق شەرق تەرىپىدىكى شورلۇق دالىنىڭ ئۇپۇق سىزىقى بىلەن تۇتاشقان يېرى ئاقىرىشقا باشلىغاندا بازاردىن قوزغىلىپ كەتتى. ئۇرايىم كاۋاپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قايتا- قايتا رەت قىلىشىغا قارىماي قارا ئاتنى ئۆزى يېتىلەپ، ئۇزىتىپ قىزىلكەنگە كەلگىچە بىللە كېلىپ خوشلاشتى.

— بايىقىم ئۆزۈمگە يەتكەن، نانىدىن غېمىم بولمىغىنى بىلەن، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى پۈچۈلۈپلا تۇراتتى، سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، يارامۇ مەلھەم تاپقاندەك بولۇۋېدى، ئەمدى يەنە ئاتىسىدىن ئايرىلىۋاتقان يېتىم بالىدەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئەپەندىنىڭ قولىنى ئۇزاق قىسىپ تۇرۇپ.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، دۇنيا ياخشىلار ئۈچۈن يارىتىلىدۇ، — دەپ كۆڭۈل ياسىدى مەمتىلى ئەپەندى.

ئۇرايىم كاۋاپ شۇ يەردە بىر ھازا تۇرۇپ، ئىزچىلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا ياندى. بۇ چاغدا ئىزچىلار قىزىلكەنىنىڭ قۇمساڭغۇ تۆپىرىقىنى دەسسەپ، ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

قىزىلكەن يېزىسىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە شورلۇق دالا باشلاندى. دالا ئۈستىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك ئالۋۇن لىپىلداپ تۇراتتى. جەنۇب تەرەپتە كۆك

قۇم دۆۋىلىرى كۆرۈنەتتى. قۇم دۆۋىلىرى بىلەن بىر قاتاردا تاغارچى يېزىسىنىڭ ئورمانلىرىمۇ كۆرۈنەتتى. قۇم دۆۋىلىرى سىمونت گۇمبەزلەردەك چوقچىيىپ تۇرسا، شالاڭ يېزا ئورمىنى پاخپىيىپ كەتكەن توغراقلىق جاڭگالدەك تۇيۇلاتتى. كەڭ كەتكەن شورلۇق بولسا مەڭگۈلۈك غېرىبسىنىش تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئىچ پۇشۇقىدىن ئۇنسىز يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئومۇمەن بۇ ئەتراپتا كۆرۈنگەن جىمىكى كۆرۈنۈشلەردىن بىر خىل غېرىبلىق، بىچارىلىك، ياتسىراش چىقىپ تۇراتتى. ئارقىدا قېلىۋاتقان بارلىقى ئىچى ئاغرىيتتى. گويا سۇسىز چۆلدە سەبى بىر بوۋاقنى ئىلاجىسىزلىقتىن تاشلاپ كېتىۋاتقان كىشىلەردە قانداق تۇيغۇ بولسا بۇ يەردە ئەنە شۇنداق تۇيغۇلاردىن يۈرەك سىقىلاتتى.

— بۇ چۆللەرنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن نېمە كەمدۇ، ـ ھە؟ — دېدى بىر ئېغىزلا قىلىپ، قۇربان جاپپار.

— سۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى يەنە بىرى.

— سۇنى بىر يەردىن باشلىسىچۇ؟

— كىم باشلايدۇ؟ ھۆكۈمەتمۇ؟ خەلقمۇ؟

— ...

مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ بىر خىل ئۈمىدكە تولغان ئاھاڭدا شاگىرتلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— يەنە ئوتتۇز يىلدىن كېيىن كېلىپ بۇ يەرنى كۆرۈپ كېتىڭلار، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئەنە شۇ چاغدا كۆرىسىلەركى بۇ يەر ئاۋات زېمىنغا ئايلىنىدۇ، بەلكىم زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ، شەھەر بەرپا قىلىنار، ئىشقىلىپ، چۆلدىن ئەسەر قالمايدۇ[1].

— ئوتتۇز يىل دەمسىز؟ ۋاي- ۋۇي! .... ئوتتۇز يىلغىچە كىم بار، كىم يوق....

---

[1] ئوتتۇز يىل ئەمەس، ئەللىك يىل ئۆتكەندە — 1985 ـ يىلى مەن بۇ رومانىدىكى مۇشۇ باپلار ئۈچۈن ئىزچىلار ماڭغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىسى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن پىيادە ۋە ۋېلىسىپىتلىك ئايلانغىنىمدا كۆرگەنلىرىمنىڭ ئۆزىلا مانا شۇ تەسۋىرلەردىكى كۆرۈنۈش ئىدى... — ئا.

— بۇنداق نا ئۈمىد بولما، ئوغلۇم! شۇ چاغدىمۇ يەنە سەن بىلەن بىز بار! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكى شەھەرنى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىمىز! سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار كۆپرەك سىڭىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى غىدىقلىنىپ، كەلگۈسى دۇنياغا ئۈچۈپ كەتتى. ئۇلار ئەنە شۇ چاغدىكى پاراۋان تۇرمۇشنى، مەنزىرىلەرنى، مەدەنىيەتنى زوق- بىلەن تەسۋىرلەشكە كىرىشتى.

— ئۇ چاغدا يوللار رەتلىنىپ، تاش ياتقۇزىلىدۇ، يا بولمىسا پىششىق خىش ياتقۇزىلىدۇ، دېدى بىرسى.

— يوللارنىڭ بويىدا ئۆيلەرمۇ ئوخشاش سېلىنىدۇ. ھەممىسى قوش پىشايۋان، ۋاسا جۈپ...

مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرنى بېيىتىش ئۈچۈن قوشۇمچە قىلدى:

— يوللارغا تاش ياتقۇزۇشنىڭ، خىش ياتقۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق. يولغا ئاسفالت ياتقۇزىلىدۇ. بىلەمسىلەر، ئاسفالت شېغىل بىلەن مايىنىڭ ئارىلاشمىسى، بۇنداق يول سىلىق ھەم قاتتىق بولىدۇ. چەتئەلدىكى شەھەرلەرنىڭ يول بويلىرىدا قوش پىشايۋانلىق ئۆيلەر ئەمەس ، 50-60قەۋەتلىك بىنالار بار، كېيىن بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ۋاي- ۋۇي، 60 قەۋەتكە چىققۇچە ھېرىپ قالمامدىغاندۇ؟

سۆھبەت چەتئەللەرنىڭ تەرەققىياتى، كىشىنىڭ ئەقلىي يەتمەيدىغان مۆجىزىلەر تەرەپكە كۆچكەندى.

ئۇلار پاراڭ بىلەن تاغارچى يېزىسىغىمۇ كېلىپ قېلىشتى. يېزا ئاھالىسى ئۇلارنى ئەيمىنىش، قىزىقىش، ھەۋەسلىنىش ئارىلاشقان كەتكەن ھېسيات بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىزچىلار ئۇلارغا ئويۇن قويۇپ بەردى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارغا:

— تەلەبىلەر، بۈگۈن تاغارچىدا قونايلى، بالدۇرراق بولسىمۇ زەرەرى يوق سىلەر دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى، ئىش ئوقىتىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈڭلار، ھەم ھەر جاينىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىنى چۈشىنىش زىيانلىق ئەمەس، ئۆزۈڭلارغا قىزىق ۋە مۇھىم تۇيۇلغان نەرسىلەرنى يېزىۋېلىڭلار، — دېدى، — بۇنىدىن

كېيىن يولدا بىز مۇھىت بىلەن چوڭقۇراق تونۇشۇپ مېڭىشقا تىرىشىمىز. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاغارچىدا بىر كۈن مېھمان بولدى.

## 2

سەپەر قىلغۇچىلار ياز كۈنلىرى هامان سەھەردە — هاۋانىڭ ئىللىق مەزگىلىدە مېڭىشنى ئەۋزەل كۆرىشىدۇ. ئاتۇش ئىزچىلىرى بۇنىڭغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتتى. چۈنكى بۇ زېمىننىڭ ھەممە يېرىدىكى ئورتاقلىق بىر بوستانلىق بىلەن يەنە بىر بوستانلىق ئارىسىنى چۆللەر، شورلۇق داللار ئۆزۈپ تۇراتتى، شۇنداق شارائىتتا چۈش پىشىملەردە يول يۈرۈش نەقلا دوزاخ ئازابىدۇر.

ئۇلار دۈشەنبە كۈنىنىڭ تاڭ سەھىرىدە تاغارچىدىن چىقىپ سەھەرنىڭ ئىللىقى يوقالماستىنلا خانئېرىققا تەۋە تەسەكتىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەر ھەم شەرق تەرەپ كەڭ-كەڭ كەتكەن شورلۇق دالا بىلەن ئۇزۇلۇپ تۇراتتى. غەربىي تەرەپتە تەسەك بىلەن يېڭىتامنىڭ ئېكىنزارلىرى بىر- بىرىگە تۇتىشىپ تۇراتتى.

ئۇلار تەسەكتىن چىقىپ شورلۇق دالىنىڭ بىر بۇرجىكىنى قىيپاش كېسىپ ئۆتۈپ يېڭىتامغا چىقتى. ئۇلار يېڭىتامنىڭ كوچىلىرىدا ئالدىراشقان هالدا خانئېرىق تەرەپكە كېتىۋاتقان دېھقانلارنى كۆرۈشتى.

— بۈگۈن خانئېرىقنىڭ بازىرى، ئەزىمەتلەر، بالدۇراق بارساق ئىشلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولاتتى، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى شاگىرتلىرىغا، — دەم ئېلىشنى كېيىنىگە قالدۇرۇپ، غەيرەت بىلەن ماڭايلى.

ئۇلار هارغىنىغا باقماي ناخشا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ناخشىسى بىلەنلا كوچىنى بىر ئالغان بازارچىلار ئۇلارغا يول بېرىپ چەتكە سۈرۈلۈشتى.

خانئېرىقتا دۈشەنبە كۈندە بازار بولغاچقا ” دۈشەنبە بازار “ دەپمۇ ئاتىلاتتى. خانئېرىق بازىرى بارلىق يېزا بازارلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى ئىدى. بەزى ناھىيە بازارلىرىدىنمۇ ئاۋاتراق ئىدى . ئىزچىلار بازارغا يېتىپ كەلگەندە

بازار راسا قىزىپ كەتكەنىدى .

يېڭىتام تەرەپتىن كېلىدىغان يولنىڭ بازارغا كىردىغان دوقمۇشىدا ئۆلارنى خانئېرىقنىڭ ساھىپخانى تۆمۈراخۇنباي كۈتۈۋالدى.

"پەرىشتىدەك قېرىغان" بۇ ئادەم ئىنتايىن پاكىز ۋە رەتلىك ئۈستىباش كىيگەن، رەڭگى- روھىدىنمۇ بىر خىل ئوچۇق- يورۇقلۇق چىقىپ تۇرغان كىشى ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەپەندىم،— دېدى ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — ھەر بىرلىرىنى تېنەپ قالمىسۇن دەپ يولدا ساقلاپ تۇرغانىدىم. — ئۇ شۇنداق دەپ ئىزاھات بەرگەندىن كېيىن، سۆزلەپلا كەتتى،— سىجاڭ ئاتىمىز تەرەپتىن سىلىنىڭ مۇشۇنداق خاسىيەتلىك سەپەرگە چىقىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئىنتىزار بولدۇم. سەۋەبىنى سورىسىلىرى، سىلىنىڭ نام- شەرىپلىرىنى ئاڭلىغىلى ھەلەم بولدى، مۇلاقات بولغىلى نېسىپ بولماي تازىمۇ بىتاقەت بولغاندىم، ئۆچۈرلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا ئەلۋەتتە خوشال بولىمەن ـ دە! — تۆمۈراخۇنباي بەكمۇ مېھماندوست، پاراڭچى ئادەم كۆرىنەتتى، ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن ياندىشىپ ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى،— شۇنداق قىلىپ ئۆچۈرلىرىنى تىڭ- تىڭلاپ تۇردۇم. ئۆلۈشكۈنى شەنبە بازارغا بارغانلار كارامەت ئويۇن كۆردۇق، ئاتۇشتىن كەلگەن تالىپ بالىلاركەن دەپ كېلىشكەن، شۇنىڭغا قاراپ سىلىنى شەنبىدىغۇ، دەپ ئويلاپ، تونۇگۈن يولغا چىقىپ تۇردۇم، ئۆزۈم كىرىپ كەتكەندىمۇ ئادەم ئۆزۈلمىدى. سىلىنى تېنەتمەيمەن دەپ، شۇ. قارىغاندا ـ زە، سىلى تونۇگۈن تاغارچىدا قونۇپ قاپلا ـ دە؟

تۆمۈراخۇنباي ئىزچىلارنىڭ ئالدىدا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى تۇتقانچە يول باشلاپ ماڭدى.

ئىزچىلار تۆمۈراخۇنباينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېلىپلا بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلدى. ئۇزۇن پىشايۋاننىڭ ئالدىدىكى باراڭ قويۇق ئۈزۈم بىلەن چۈمكىلىپ تۇرغاچقا كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. ئىنتايىن سۆرۈن، ھوزۇر بەخش ئىدى. ئىسسىقتا يول يۈرۈپ كەلگەن يولۇچىلار بۇ يەردە جەننەت ھوزۇرىنى كۆرۈشتى.

— ئاۋۋال ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭلار، ئاندىن گاچچىدا ھاردۇق ئېشى تەييار بولىدۇ،— دېدى ساھىپخان، خىزمەتكارلارنى مېھمانلارنى كۈتۈشكە، ئۆيدىكى باشقىلارنى تاماققا تۇتۇش قىلىشقا ئالدىرىتىپ.

— رەھمەت ئاغا، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى توسۇپ،— ئۆزىڭىزگە مەلۇم بىز بۇ يەرگە خىزمەت بىلەن كەلدۇق، ئاۋۋال ئىش قىلايلى، ئاندىن ھەققىمىزنى ئالىمىز. بىزگە ھازىر ئۇسسۇزلۇق بولسىلا بولدى. بىز بازارنىڭ ئاۋات ۋاقتىدا تەرغىباتىمىزنى قىلىۋالايلى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر بىر جايغا بازارنى قارارلاپ چۈشۈۋاتىمىز ـ دە! ئۇندىن كېيىن سىزگە يېتىپ ئاشقىچە مېھمان بولىمىز.

— بۇ، قانداق بولىدۇ، بۇ؟ بەك سەت بولىدىغۇ...ـ دەپ ئالدىراپ قالدى بوۋاي، لېكىن ئۇمۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرگەن، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەردىن بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دېگىنىگە دەرھال كۆندى.

خىزمەتكارلار مۇز سېلىنغان دوغ ئېلىپ كەلدى. ئىزچىلار يۈرەكلىرى مۇزلاپ كەتكۈدەك دوغ ئىچىپ قېنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، يۈك- تاقىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئويۇن قويۇش ئۈچۈن نوتۇق سۆزلەش ئۈچۈن بازارغا چىقىپ كېتىشتى.

كەچتە بايلارنى يىغىپ مائارىپقا ئىئانە بېرىش ھەققىدە سۆھبەتلەرنى قىلدى.

*

**

ئىزچىلار خانئېرىقتا تۆمۈراخۇنباينىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن چارشەنبە كۈنى سەھەردە سەپىرىنى داۋام قىلىشتى.

— بۈگۈن ئارالدا تۈنەيمىز،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى،— چارشەنبىدە ئارالنىڭ بازىرى بولىدۇ.

دۈشەنبە بازار (خانئېرىق) تىن چىققاندىن كېيىن كەنتلەر ئارىسىدا

قۇملۇقلار ئۇچراپ تۇراتتى. يوللارمۇ كۆك يىرىك قۇم بىلەن تولۇپ تۇرغاچقا يول مېڭىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇنداق جايلاردا بوراننىڭ چىقىشىنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن! بۇ يېزىلاردىكى بىر چوڭ ئاپەت قۇم ئاپىتى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇنداق قۇملۇق تاغارچىدىن باشلاپلا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بۇ يەردە كۆرىنەرلىك دەرىجىدە كۆپ ئىدى. بەزى ئېرىقلار قۇم بىلەن تولۇپ تۇراتتى. خۇددى قۇم بىلەن ئېلىشىپ دەرمانى قۇرىغاندەك ئادەملىرى سۇلغۇن، توپا چىراي، روھسىز كۆرىنەتتى. بۇ روھسىزلىق پەقەت تۇرمۇشنىڭ مەئىشەتتىكى جەھەتتىكى قانائەتسىزلىكلا بولۇپ، ئۇلاردىمۇ بارلىق ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان ياۋايى قىزغىنلىق، ساددا مۇلايىملىق بار ئىدى.

خەلقنىڭ نامرات ۋە مەدەنىيەتسىزلىكتە ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمىتىدىن ئانچە كۆپ ياخشىلانمىغانلىقى ئۆلارنىڭ شۇدىگەرلىكنىڭ چالمىسىدىلا سالغان ئۆيلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۆيلەردە نە تاۋادانلىق[1] ئىشىك، نە دېرىزە ۋە نە كىچىككىنە رۇجەك بولسۇن!

گۆردەك قاراڭغۇ، ئورىدەك زەي بۇ ئۆيلەر نېمىشقىدۇر سىرتتىكى يەر يۈزىدىن پەسرەك بولاتتى. شۇڭا زەي پۇراپ تۇراتتى. ئۈستى بولسا پاكار يېپىلاتتى. باش تېگەي- تېگەي دەپلا قالاتتى. بەزى ئېگىز ئادەملەرگە ئېڭىشىپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

ئەگەر ئەگرى- بۈگرى، چېپىلمىغان، ھەتتا چاتالمىغان ياغاچلار سېلىنىپ، ھىكەن ۋە قومۇشلارنى بېسىپلا يېپىلغان تۇرۇسنىڭ بىر يېرىگە باش تېگىپ كەتكەن ھامان "شار" قىلىپلا توپا- توزان تۆكۈلەتتى. دالان ئۆي ئوتتۇرىدىكى ئىشىكتىن يورۇقلۇق ئالاتتى. چۈنكى، ئادەتتە دالان ئىشىكى ئوچۇق تۇرىدىغان بولغاچقا بۇ ئۆيگە باشقا يورۇقلۇق مەنبەسىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىلاتتى. ئىچكىرىكى ئۆيلەردە بولسا تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېرىم كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا تۆكلۈك قويۇلغان بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۆيلەر قاپ- قاراڭغۇ، ئىس پۇراپ تۇرىدىغان، ياغاچ، ۋاسا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھىكەن- قومۇشلار قارىداپ، چاڭ- توزانلار قونۇپ، خۇددى تۆگمەننىڭ تورىسىدەك بولۇپ

[1] تاۋادان — ئۈستىدە بىرقاتار رۇجەك(ئەينەكلىك پەنجىرە) بولغان ئىشىك. — ئا.

كېتەتتى. يازدىغۇ ھەممە يەر ئوچۇق بولغاچقا ھەر ھالدا يورۇق دېيىشكە بولاتتى، قىشتا تۈگۈلۈك مەھكەم ئېتىۋېتىلەندىن كېيىن بۇ ئۆيلەردە كۈندۈزمۇ چىراغ يېقىپ ئولتۇرامدىغاندۇ؟

— ئەي تەلەبىلەر،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى گويا ئاللىقانداق بىر نەرسىدىن يۈرىكى زېدىلەنگەندەك، ئىزچىلار ياقىشلاق يېزىسىدا بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدىن ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ چىققاندىن كېيىن،— كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ بۇ بەختسىز مىللىتىمىز ئەنە شۇنداق كاتەكلەردە، زىنداندەك زەي پۇراپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ گەمىلەردە ئولتۇرىۋاتىدۇ. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللىرىدىكى ئۇلارنىڭ ھالى ئەنە شۇ! مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش، ھەر بىر كىشى ئىككى كىشىلىك تىرىشىشى كېرەككى، بىز بۇ بەختسىزلەرنى يورۇق ئۆيلەرگە ئىگە قىلىشىمىز، ئۇلارنى تويغا بولىنىپلا يۈرۈش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك! تەلەبىلەر، ئىشەنچىڭلار كامىل بولسۇنكى، بىزنىڭ بۇ غايىمىزمۇ ئاۋۇ كۈنى دېيىشكەندەك كەلگۈسى ئوتتۇز يىلدا ئەمەلگە ئاشىدۇ ياكى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشىدۇ!

سابىت غەمكىن كۆزلىرىنى ئۇستازىغا تىكتى. ئاندىن غېرىبچىلىق چىقىپ تۇرغان يېزىلارغا قارىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ مۇشۇ خەلقنى، بەختسىز مىللەتنى تىرىكلەر قەبرىستانلىقىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىرادىسى بايراق كۆتەردى. ئۇ يۈرىكىنىڭ قېتىدا ۋىجدانىنى گۇۋا قىلىپ ”تىرىكلا بولسام...“ دەپ قەسەم ئىچتى.

ياقىشلاقتىن، قۇمۇشئېرىقتىن ئۆتكىچە ئىزچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇستازى ئوتتۇرىغا قويغان تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ غايە-ئىستەكلىرىنى، كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى سۆزلەپ مېڭىشتى. ھەممىنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئىستەكلەر ئويغانغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى سابىتقا قاراپ پەس ئاۋازدا:

— سەن، ئوغلۇم بۇ ئىزنى بويلاپ يەنە بىر قېتىم ماڭ، ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ماڭ، شائىر ئۈچۈن يول كېزىش پايدىلىق. مەن سەندىن كۆپ ئۈمىدلەرنى، ھەتتا ئۆزۈمدىنمۇ كۈتەلمەيدىغان ئۈمىدلەرنى كۈتىمەن،— دېدى.

سابىت غەمكىن كۆزلىرىنى يەرگە قارىتىش بىلەن كۈپايىلەندى. ئۇ

ئۆڭلۈقراق سۆز تېپىشقىمۇ قولاشماي قالغانىدى.

قارا دۆڭنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە كەڭ سازلىق يېيىلىپ ياتاتتى. سازلىقنىڭ غەرب، غەربىي جەنۇب گىرۋەكلىرى يېزا ئورمىنى بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. شەرقىي جەنۇپ تەرىپى بولسا چەكسىز سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قارا سۇ دەرياسى (گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى—بىرتارمىقى) ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريا سۈيى يۇمشاق قۇم تۇپراقنى ئۇزلۇكسىز ئېقىتىپ ماڭغاچقا قاپ- قارا، قورقۇنچلۇق هالدا يۆگىشىپ ئاقاتتى. بىرقاراشتىنلا ئۇنىڭ ناهايىتى قۇيۇقلىقى، ئىنتايىن كۆپ مىقداردا لاتقا ئېقىتىپ ماڭغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ سۇ باشلانغان ئېتىز- ئېرىقلار شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ چاپسانلا قۇم بىلەن تىنىپ كېتەتتى.

ئۇلار كېچىكتىن قول تۇتىشىپ كېچىپ ئۆتۈۋېتىپ، ئېهتىياتسىزلىقتىن ئىزچىلاردىن بىرىنىڭ قولى ئاجراپ كېتىپ ئېقىپ كەتتى، هايت- هۇت، دېگۇچىلا ئۇنى لاي سۇ بىر نەچچە دوملىتىپ، 50-60 مېتىر يىراققا ئېقىتىپ كەتتى. بۇ ياقتىكىلەرمۇ قىرغاق بويلاپ يۈگۈرەشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئەڭ ئاۋۋال يول باشلاپ سۇدىن ئۆتكەچكە ئۇ قاشقا چىقىپ بولغانىدى. ئۇ پەۋقۇلئاددە تېز، جان- جەهلى بىلەن يۈگرەپ كېتىۋاتاتتى. يۈگرەش ماهىرى بولغان ئەكبەر تېزلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئېقىپ كېتىۋاتقان ئىزچىنىڭ تۆۋىنىگە ئون نەچچە مېتىر ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى تەرەپتىن بىر قانچەيلەن تەڭلا سۇغا ئۆزىنى ئاتتى، هەمدە بىر- بىرىگە ئېسىلغان هالدا هادىسىگە ئۇچرىغۇچىنى تۇتۇۋالدى هەمدە ئۆزلىرىمۇ دەلدۈگۈنگەنچە قىيپاش تۆۋەنگە ئېقىپ خېلى ئاياغ تەرەپتىن قىرغاققا چىقىشتى.

مەمتىلى ئەپەندى دەرهال ئىزچىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا ياردەملىشىش هەرىكىتىنى باشلىدى. ئىزچى ئىككى چىنە لاي سۇ قوسقاندىن كېيىن خېلى ئۇزۇندا ئېسىگە كېلىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئاتقا مىندۈردى. پۈتۈن ئۈستىۋېشى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن ئىزچىلار دالدىلارغا بېرىپ كىيىملىرىنى سىقىپ كىيىۋالغاندىن كېيىن يولنى داۋام قىلدى.

قارا سۇنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدا سۇنلۇق يېزىسى غەربتىن تاكى شەرقىي جەنۇپ تەرەپكە دائىرە ھاسىل قىلغان ھالدا يېيىلىپ ياتاتتى. پاخپاق جىدگدىلىكلەر، قېرى سۆگەتلەر قاراڭغۇلاشقان سايىسىغا سازلىقنىڭ جەزىرىمە ئىسسىقىدا مېڭىپ كەلگۈچىلەرنى جەلىپ قىلاتتى. دەريانىڭ سازلىق دېلتىسى ئۆزىگە خاس تىنجىق پۇراق تارقىتىپ، كىشىنى تېخىمۇ ئىسسىپ كەتكەندەك ھېس قىلدۇراتتى.

سۇنلۇقنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يەنە شورلۇق دالا ئىدى. ئىزچىلار كۆز ئالدىدىكى جاڭگالغا كىرىشتىن ئاۋۋال سۇنلۇقتا دەم ئېلىۋېلىشنى توغرا تاپتى. ئۇلار كۆك قۇم بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر ئېرىقنىڭ بويىدا بىر سائەتچە دەم ئېلىشتى، بىر سائەت دەم ئېلىشتا سۇنلۇق بالىلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئىزچىلار بولسا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگەتتى. نەتىجىدە ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ كېتىشتى. شۇڭلاشقا ئۇلار يولغا چىققان چاغدا بۇ بالىلار چۈشۈق ئاتلىرىنى چاپقىنىچە ئۇلارغا ئەگىشىپ يېزىدىن چىقىدىغان يەرگىچە كېلىشتى.

شورلۇق دالىنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرى سېسىق سۇلۇق سازلىق بولۇپ، بەزى سۇيى سۇغۇلۇپ كەتكەن بۇلاقلارنىڭ ئەتراپى، لەش باسقان كۆزى ۋە ئېپلاسلاشقان سۇلىرى ئىچىدە ئاققۇناقلىقتەك قېلىن ۋە ئېگىز قومۇشلۇقلار، ھىكەنزارلار ھاسىل بولغانىدى. يولغا يېقىنىراق جايلاردىكى بۇنداق قومۇشلۇقلاردىن كۆڭۈلنى ئايىنىتقۇدەك سېسىق پۇراق- قارا لاي ۋە چىرىگەن نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. سازلىق ئۇستىدە، قومۇشلار ئارىسىدا بەزگەك تارقاتقۇچى پاشىلار ۋە بېزەڭ چىۋىنلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي ”خور“ لىرى گاژ- گۇژ قىلىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇندىن باشقا يېقىن يىراقتا ھېچقانداق تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى يوق ئىدى.

جاڭگالدىن قىيپاش (غەربىي جەنۇپ تەرەپكە) كېسىپ چىققاندىن كېيىن كۇسەنبوي  يېزىسىغا چىقىشتى. كۇسەنبوي قۇم ئاپىتىگە تېخىمۇ قاتتىق ئۇچرايدىغانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى. يوللارنىڭ ئۇيەر- بۇيېرىنى قېلىن قۇم بېسىپ كەتكەچكە، كىشىنى چاپسانلا چارچىتىپ قوياتتى. يېزىنىڭ جەنۇپ، شەرق، شىمال ئۈچ تەرىپى شورلۇق دالىغا تۇتىشاتتى.

ئىزچىلار كۆسەنبوينىڭ ئەڭ شەرق تەرىپىدىكى ئورمانلىرى شالاڭ، ئېتىزلىرىنى قۇم باسقان بۇرجىكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، قارىيىپ ياتقان شورلۇققا چىقىپ كەتتى. شورلۇقنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىدە ئېگىز- ئېگىز قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. ئاندا- ساندا پادىچىلارنىڭ قورالىرىمۇ ئۇچرايتتى. بۇنداق يوللار كىشىنىڭ دەرمانىنى قۇرۇتاتتى. بىردەم شورلۇق تۇزلەڭلىكتە داق بولۇپ كەتكەن هارۋا يولى، يەنە بىردەم قۇم دۆۋىسى كۆرۈنگەندىن كېيىن، ئۇنىسىڭىزمۇ هاردۇق يەتكەن جانلاردا بىر خىل روهى هالسىزلىقنى-باش قېتىنچىلىقنى تۇغدۇراتتى. ئۇلار ئارالنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنىۋاتامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئالقانلىرىنى قېشى ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ تۇتۇپ تەلمۈرۈپ قارايتتى. يىراقتا گويا سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدەك بولۇپ قۇم دۆۋىلىرى ئارقىسىدىن قارىيىپ كۆرۈنگەن نەرسىلەر، دۆۋىگە يېتىپ بارغاندا يا بازاردىن يانغان دېھقانلار، يا بولمىسا جاڭگالدا ئوتلاپ يۈرگەن قويلار بولۇپ چىقاتتى.

نىهايەت، ئىزچىلار هەم ئۇساپ لەۋلىرى قۇرىغان، هەم قەدەم ئالغۇدەك ماجالى قالمىغان چاغدا ئارالنىڭ دەرەخلىرى يېقىنلا جايدا كۆرۈندى (قۇم دۆۋىلىرى توسۇۋالغاچقا يىراقتىن كۆرۈنمەيتتى). ئارالنىڭ يېقىنلا جايدا پەيدا بولۇشى ماغدۇرسىزلانغان ئاياقلارغا دەرمان ئاتا قىلغاندەك بولدى. ئىزچىلار يەنە شوخ چاقچاقلىرىنى باشلاپ، بۇ جاڭگالغا قانداق گۈزەل شەهەرلەرنى قۇرۇش توغرىسىدا غايىلىرىنى سۆزلىشىپ كېتىشتى.

قۇياش ئەرمۇدۇن تەرەپتە بولۇپ، ئارالنىڭ بازىرى سەل سېلىككەندى. بۇ يەردە ئۇلارنى ئارالنىڭ ئەڭ كاتتا بېيى، شۇنداقلا بىردىن- بىر بېيى XXX ئەلىماخۇنۇم كۈتۈۋالدى. رېھىممۇ شۇ يەردە تۇرغانىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مەهكەم قول سىقىشىپ تۇرۇپ، ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي ئەهۋال سوراپلا كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق روهى هالىتى قاتتىق هاياجانلانغانلىقىنى، بەك خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ:

— قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟— دېگەن سوئالىغا:

— نېمە قىلىتۇق دەيلا، مەكتەپ ئاچاي دېسەم پۇلۇم بولمىسا، خەق مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسا، سۆزلەپ- سۆزلەپ، ھاردىم، شۇ...ـ دەپ جاۋاب بەردى، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا.

رېھىم سابىت بىلەنمۇ ئۇزاق ئەھۋاللاشتى. سابىت ئۇنىڭ دەممۇ- دەم سورىغان سوئاللىرىغا قىسقا، ئۇزۇك جاۋابلارنى بېرىش بىلەن كۇپايىلەندى. ئىزچىلار ئەلىماخۇننىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بېردەم ھاردۇق ئالغاچ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكەندىن كېيىن، نەرسە-كېرەكلىرىنى شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، دەرھال بازارغا چىقتى. ۋە مەدەنىي- ئاقارتىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتىنى باشلىۋەتتى.

كەچقۇرۇن، مەمتىلى ئەپەندى ئەلىماخۇنغا يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىشنى تاپشۇردى. ئىزچىلار يۇرت كاتتىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ، ساھىپخانىنىڭ تامىقىنى يېگەچ، مائارىپ، مەكتەپ ھەققىدە سۆھبىتىنى باشلىدى. سۆھبەت ۋە زىياپەتلەرگە رېھىممۇ باشتىن- ئاخىر قاتناشتى.

— بۇرۇن بايلار مەسچىت سېلىش، كۆۋرۈك سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ بايلىقىنىڭ ئۆشرە- زاكاتىغا ھېساپ قىلاتتى، ھەم ئۆزىنىڭ بايلىقىنى نامايەن قىلاتتى،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە، — بىزدە بۇنداق قىلىشنى ناھايىتى چوڭ ساۋاب دېگەن تونۇش بار ئىدى. ساۋاب دېگەن — دېھقانچىسىغا ئېيتساق ئەلگە پايدىلىق ئىش قىلىش، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر،— شۇنداقمۇ؟

— بەرھەق، بەرھەق! راست ئېيتىلا، تەقسىر، — دېيىشتى ئاقساقاللار.

— خەلققە پايدىلىق ئىشنىڭ خۇدانىڭ ئىدارىسىگە مۇخالىپ كېلىشى مۇمكىنمۇ؟

— مىڭ مەرتە ياق، تەقسىر مۇخالىپ كېلەمدىغان، تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ، دېيىشىلە.

— ئۇنداق بولسا ھازىر خەلققە ئەڭ پايدىلىق ئىش قايسى؟ كۆۋرۈك سېلىشتىنمۇ پايدىلىقراقى قايسى؟ خەلقنىڭ كېيىنكى بەختىيار كۈنلەرگە ئۆتىدىغان كۆۋرۈكىنى سېلىش، شۇنداقمۇ؟ بۇ كۆۋرۈك قايسى؟

—...ـ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سوئالىغا ئاقساقاللار جاۋاب بەرمەستىن

پۈشۈلداپ تىنىپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇشتى.

— بۇ كۆۋرۈك— مەكتەپ، ئاغىلار،— مەمتىلى ئەپەندى خۇددى دەرس سۆزلەۋاتقاندەك ئاھاڭدا سۆزلەيتتى،— نېمە ئۈچۈن، كېيىنكى بەختىمىز ئۈچۈن بۇنداق كۆۋرۈك لازىم بولۇپ قالدى؟ خەلقىمىزنىڭ ئىنتايىن نادان ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن باشقىلار بىزنى بالىنى ئالدىغاندەك ئالدىدى، شىلىلىمىزگە مىندى. ھەتتا مىنىپ تۇرۇپ سېنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، دېسە ئىشەندۇق. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقىمىغانلىقىمىزدىن بولدى. ئەمدى يېتەر، ئاغىلار، بىزمۇ ئادەم بولايلى، بىزمۇ باشقىلاردەك ئۆز يۇرتىمىزنىڭ خوجايىنلىرى بولايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش كېرەك! ئوقۇش ئۈچۈن بولسا مەكتەپ كېرەك! مەكتەپنى ھېچقاچان بىزنى ئېزىۋاتقان، يىلىكىمىزنى شوراۋاتقان ھۆكۈمەت سېلىپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمەت ئۈچۈن بىزنىڭ نادان، ئەخمەق بولمىقىمىز خوپراقتۇر. نادان ئادەم بىر پادىكى، پادىنىڭ ھەر قوراسىغا بىردىن پادىچى بولسىلا باشقۇرغۇلى بولىدۇ. ئاڭلىق، ئىلىملىك بولۇپ كەتسەك ھۆكۈمەتكە ئالدىماق تەس چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەت بىزگە مەكتەپ سېلىپ بەرمەيدۇ. مەكتەپ سېلىش، بالىلارنى ئوقۇتۇشتا ھەر قايسىڭىزلاردەك يۇرت كاتتىلىرىغا يۆلەنمەي ئىلاجىمىز يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بەرھەق...

— بۇ ساۋابلىق ئىشقا ھەر قايسىڭىزلارنىڭ رەغدى قانداق؟

— ھە، بۇ، سىلى دېگەندەك جىق مۇھىم ئىشكەن، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىكىمىز لازىم ئىكەن...

— قانداق كۆڭۈل بۆلىسىز؟ بۇ كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنى قانداق؟

— بۇنى، ئىشقىلىپ... مۆتىۋەرلەر بىر- بىرىنى بېقىنلاشتى، ئۇلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇنداق بىر ئىشنىڭ ساۋابلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرگەنمىدىڭىزلار؟

— ھە بۇنى ئويلاپمۇ كۆرگەن، خۇدالىق ئالەم، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى بىزنىڭ سەمىمىزگە سالىدىغان ئادەممۇ بولمىدى- دە، بىزنىڭ بۇ ئارال

دېگەن كىچىك يەر، سىلىدەك ئەپەندىلەرمۇ يوق...

— مانا بۇ كىشىنى تونۇمىسىلەر؟— مەمتىلى ئەپەندى رېھىمنى كۆرسەتتى.

— بۇ بالا، ئۆزىمىزنىڭ بالىسى،...

— بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ بالىسى مەكتەپ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغانمىدى؟

— خۇدالىق ئالەم، راستىنى ئېيتمىسا بولمايدۇ، بۇ بالا شۇنداق بىر گەپلەرنى قىلغاندەك قىلغان، ئەمما- زە، بىز بۇ نېمە قىلالار، دەپ كۆڭۈلشمەپتىمىز، شۇ بىز بىلىدىغان رېھىم - دە؟ ئالدىمىزدا چوڭ بولغان...

— دېمەك، ئۇنى ئالدىمىزدا چوڭ بولغان ھېلىقى رېھىم شۇ دەپ ئىشەنچ قىلماپسىلەر ـ دە؟ شۇنداقمۇ، ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ جىسمى ھېلىقى سىلەر كۆرگەن رېھىم شۇ، ئەمما روھى، پۈتۈنلەي باشقا رېھىم ، ئۇ قەشقەردە دارىلمۇئەللىمىندە تەلىم ئالدى، ئەمدى باشقىلارغا تەلىم بېرەلەيدۇ،—دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

سۆھبەت يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. نەتىجە شۇ بولدىكى، ئەلىماخۇنۇم دەرھال بىر سىنىپلىق مەكتەپ سېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

## 3

ئەتىسى ئارالدىن يېڭىسارغا قاراپ بولغا چىقىشتى. ئۇلار قۇياشىنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىنى ئارالدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ياپ- يېشىل قومۇشلۇق دالىدا كۈتۈۋالدى. ئوڭ قول تەرەپتە ئەرمۇدۇن يېزىسىنىڭ، سەل جەنۇبتا سوغۇلۇق يېزىسىنىڭ دەل- دەرەخلىرى كۆرۈنەتتى.

ئۇلار قەشقەردىن يېڭىسارغا بارىدىغان ھارۋا يولىغا چىقىش ئالدىدا يېزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈشتى. قەبرىستانلىقتا ئىت كاتىكىدەك بىر نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ”كاتەك“ نىڭ ”ئىشىكى“ كېسەك بىلەن توسۇپ قويۇلغانىدى. ئىزچىلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قىزىقىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر بالىدىن سورىدى.

— بۇنىڭ جىمىسى كولاپ قويغان بىكار گو(گۆر)، ئىت كىرىپ يېتىۋالىدۇ دەپ ئاشۇنداق يىپىپ قويىدۇ،— دېدى بالا.

— بۇنچىۋالا گۆرنى كولاپ تەييارلاپ قويۇپ نېمە قىلىدۇ؟— دېدى ئىزچىلار ھەيران بولۇپ.

— تويۇقسىز بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئاغزىنى ئېچىۋېتىپلا كۆمسە بولىدۇ ـ دە، — دېدى بالا بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق چارە ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك.

بۇ ھال خىيالچان سابىتنىڭ يۈرىكىدە غەلىتە بىر تۇمان ھاسىل قىلىپ، ئۇنى يىغا تۇتقاندەك بىر ھېس قىيناشقا باشلىدى. ”ئەجىبا، بۇ ئادەملەر بۇنچىۋالا گۆرنى ئالدىن كولاپ قويۇپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆلۈش ئۈچۈنلا ياشامدىغاندۇ؟ باشقا ئىشلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ئالدىدىن غېمىنى يېسە قانداق ياخشى بولاتتى...“ دەپ ئويلىدى ئۇ. يۈرىكىنىڭ سىقىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەمتىلى ئەپەندىگە:

— تېخى ئۆلمىگەن ئادەملەر ئۈچۈن بىر مۇنچە گۆرنى تەييارلاپ قويغىنىدىن بەك كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى،— دېدى.

— ھاياتنىڭ غېمىنى، تىرىكلەرنىڭ غېمىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ غېمىنى ئالدىن قىلىشنى ئەقلىگە شۇنچىلىك كەلتۈرسە تولىمۇ ياخشى بولاتتى،— دېدى مەمتىلى ئەپەندىمۇ غەمكىن ھالدا.

ئۇلار ھاۋا تازا قىزىغان مەزگىلدە سىتلىگە كېلىشتى. سىتلىنىڭ ئەتراپىدا قۇم بارخانلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. يېزىنىڭ ئىچىدىمۇ قۇم بارخانلىرى بار ئىدى. بەزى باغ، ھويلىلارنىمۇ قۇم بېسىپ كەتكەنىدى. قۇمنىڭ كۆپلىكى كىشىگە قۇرغاقچىلىق تەسىراتى بېرەتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقى قۇملۇقتا تېخىمۇ بىلىنگەنىدەك، بۇ يەردە كىشىنى بىردىنلا ئۇسسۇزلۇق قىينايتتى. سىتلىنىڭ قۇم ئاپتىگە ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سىتلىدىن چىققاندىن كېيىن تۇپ- تۈز كەتكەن سازلىق، شورلۇق دالا يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ جەنۇبى چېكىسىدە يېڭىسارنىڭ دەسلەپكى يېزىلىرى ماڭغىشىن، غوجا ئېرىقلارنىڭ دەل- دەرخلىرى كۆرۈنەتتى. يولنىڭ ئۇ يەر- بۇ

يېرىنى قۇم بېسىپ كەتكەنىدى. ھەممىشە بىر بوستانلىقتىن كېيىن ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇنداق قاقاس دالا تولىمۇ زېرىكەرلىك ئىدى.

ھارغىنلىقنى ئۇنتۇش ۋە زېرىكەرلىك روھى ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن ئىزچىلارغا مەمتىلى ئەپەندى نۆۋەت بىلەن لەتىپە ئېيتىش تەكلىپى بەردى.

— كىم كۆلكىلىك لەتىپە ئېيتالمىسا شۇ يۈگرەپ ماڭسۇن،— دېدى ئۇ بالىلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداق قىلىپ لەتىپە ئېيتىش باشلىنىپ كەتتى. ئەڭ ئاۋۋال مەمتىلى ئەپەندى باشلاپ بەردى.

ئۇلار ماڭغىنىغا كەلگەندە ئۇلارنى كىچىكاخۇن، ساھىتاخۇنلار ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەسكەرلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تىزىلىپ، ناغرا- سۇنايلىرىنى چېلىپ تۇرۇشاتتى. ئىزچىلار ئۇلارنىڭ سېپى ئىچىگە كىرگەن ھامان، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

ئەنە شۇندىلا مەمتىلى ئەپەندى كىچىكاخۇن قاتارلىق ئوفىستېرلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھال- ئەھۋال سوراشتى. كىچىكاخۇن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى قويىۋەتمەستىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى، يېڭىلىقلارنى سوراپ ماڭدى. پاكار بويلۇق، دىقماق كەلگەن ۋە بىر ئاز ئاقسايدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆز ھەم چىرايىدىن شۇ تاپتا چوڭقۇر سېغىنىشنىڭ، مۇھەببەتنىڭ ئىزناسى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ جانلىق روھى ھالەت ئاستىدا بولسا جانسىز قېتىپ قالغان ھالەتتىكى قاراملىق، ھېيىقماسلىق ھەم دەخلىسىز ياۋۇزلۇقنىڭ بەلگىلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىمۇ ھەربىيلەرگە خاس خەسۇرلۇق، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يۈرىكى پىشىپ كەتكەن، ھېچقانداق ئەھۋالدا ئىككىلەنمەيدىغان خاركتېر بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىمكانقەدەر پۇتىنىڭ ئەيىنىبى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

— ئەپەندى ھوزۇرىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانىكەن، ئىلاجى بار ئۇزۇنراق تۇرۇپ بىزنى خۇشال قىلىدىغۇ دەپ ئىشىنىمىز، — دېدى ساھىتاخۇن تەكەللۇپ بىلەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ساياھەتكە كەلمىگەنلىكىنى ئەسكەرتىشكە ئۈلگۈرمەيلا كىچىكاخۇن:

— ھە، ئەلۋەتتە،— دېدى كەسكىن قارار قىلىپ، ئۇ گويا بۇ ئىشتا

مۇنـازىـرىگە ئـورۇن يـوقتەكلا تەلەپپـۇزدا دېـدى. ئۇنــىڭ دەسـلەپ كۆرۈشــكەن چاغـدىكى قىــزغىن، مـۇھەببەت ۋە سـېغىنىش ئۇرغـۇپ تۇرغـان ئاھـاڭى ھەم تۇرىقىنى ئۆزىگە خاس سۆرۈنلۈك ئىگىلەللىگەن بولـۇپ، كۆزلىـرىدىن دەھـشەت يىغىپ تۇراتتى.

ئـۇلار ھەربىيلەرنىـڭ گازارمىــسىگە كېلىــپ ئـارام ئېلىــشتى. پەيـشەنبە كۈنىنىڭ كەچقـۇرۇنى ھېچقانـداق پائالىيەتـسىز ئۆتتى. ئـىزچىلار ئىختىيـارى ھەرىكەتــكە قويىۋېتىلــدى. مەمتىلــى ئەپەنــدى، ســابىتلار ئوفىتــسېرلارنىڭ سۆھبىتىدە بولدى.

ئەتىسى (جـۈمە) بـازاردىن پايلىنىــپ ئــىزچىلار ئۆزلىـرىنىــڭ ئاساســي تەشۋىقات- تەرغىبات ۋەزىپىــسىنى ئورۇنلىــدى. ئويـۇن قويـدى. پېـشىم بىــلەن بازاردىكى پائالىيەتلىرىنى تاماملاپ گازارمىغا قايتىپ كىرىشتى. بىـردەم ئـارام ئالغاندىن كېيىن تەلەپكە بىنائەن ھەربىيلەرگە ئويۇن قويۇپ بەردى.

كەچتە يىغىلىساردا تۇرۇشـلۇق پولـك ئـىزچىلار شـەرىپىگە كاتتـا زىيـاپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەت ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئىزچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. زىياپەت تارقايدىغان چاغدا كىچىكاخۇن مەمتىلى ئەپەندىگە:

— خۇداغـا ئامــانەت، ئـاللاھ ســالامەت قويۇشــقا نېــسىپ قىلــسا ئەتە يىغىلىــسارنىڭ ئەڭ كاتتـا باغلىـرىدا بـولىمىز. سـىز بـايلار بىـلەن قىلىـدىغان سـۆھبىتىڭىزنى شـۇ يەردە قىلىـسىز،— دېـدى كەچلىـك دەم ئـېلىش ئۈچـۈن ئايرىلىدىغان چاغدا.

— ئۇلار خەۋەردارمۇ؟— سورىدى مەمتىلى ئەپەندى ئۆز سالاپىتىگە خاس ئاھاڭدا.

— خەۋىرى بار،— كىچىكاخۇن مەمتىلى ئەپەندىگە ھەمرا بولـۇپ ياتـاق تەرەپكە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئادەتلەنگەن سوغۇقلىقىنى ئۆزگەرتىپ، دوستانە شۇنداقلا كۆيۈمچانلىق بىلەن سورىدى، — ھارغۇزۇپ قويمىغاندۇق، ئەپەنـدى؟ مېنىڭ مۇرادىم سىزگە ئاز- تولا ياردەمدە بولۇش. نىيىتىمنىڭ تەتۈرسىچە ئاۋارە قىلىپ قويمىسىملا بولىدىغۇ،... — كىچىكاخۇن بىردەم شۇك بولـۇپ كېتىپ، — غۇپۇراخۇن ئۇرۇمچىدىمۇ دەككە- دۈككە پەيدا بولدى، دەيدۇ. خۇدا ساقلىسۇن،

لىچىننى كۆرگەن قۇشقاچتەك تۇزۇپلا كېتىدىغان ئەلپازى بار....

مەمتىلى ئەپەندى كىچىكاخۇننىڭ بۇنداق خۇرسىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلىمىغانىدى. ئۇنىڭغا تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل قىزغىنلىق، سۆزلەش، يۈرەك- باغرىدىكىنىڭ جىمىسىنى تۆكۈۋېتىش قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ كەتتى. بۇ قارام قەھرىمانغا، ساۋاتسىز ھەربىيگە سىياسىي تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەپ كەتكۈسى كەلدى. بىراق، ئۇ گۇگۇم قويىنىغا پېتىۋاتقان بارلىققا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، قىزغىنلىقى ئورنىنى ئېغىر غەمكىنلىك ئىگەللىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن زادىلا سۆزلىگۈسى كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاللىقاچان تەلپۈنۈش، سېغىنىش، ياتسىراش، مۇساپىرلىق يېتىمىشكە ئوخشىغان تۈۋەن كەيپىياتقا تالىق نەرسىلەر پەيدا بولۇپ، شائىرغا خاس غەمكىن ئىلھام پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ قېشىدىكى كىچىكاخۇننى ئۇنۇتقان ھالدا ئاشۇ غەمكىن تۇيغۇغا، مۇڭلۇق ناخشىغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شائىرلارغا خاس بولغان تەپەككۇرى جىددىيلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بىر كۈي، بىر ناخشا، بىر لىرىكا دۇنياغا تۇغۇلماقتىدى. بۇ ناخشىدا ئۇنىڭ غايىسى جاراڭلاپ تۇراتتى. شۇنداقلا ناخشىدا يىراقتا قالغان يارى كۈيلىنەتتى. سېغىنىش، مۇھەببەت ئىزھار ئېتىلەتتى.

— ئەپەندىم،.... — بۇ چاقىرىش كىچىكاخۇننىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدا سابىت تۇراتتى. ئۇ گويا راسا سايراش مەزگىلى — ماي ئېيىدىكى بۇلبۇلدەك ئىجاد ئىلھامىدىن مەست بولۇپ كەتكەچكە كىچىكاخۇننىڭ قانداق كېتىپ قالغانلىقىنى تۇيمىغانىدى، — كىچىكاخۇنكام سىزنى كەچتە باشلىقلارنىڭ سۆھبىتىگە مەيلى بارمۇ- يوق دەپ سورىغانىدى.

ئادەتتە بۇ بۇلبۇل (شائىر) بۇنداق ”مەستىلىك“ تىن كېيىن يېزىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا كېرىكى جىمجىتلىق، ئازادىلىك ئىدى.

— ئۆزرىلىكمەن، ئوغلۇم، ئۇلارغا ئېيتىپ قوي— دېدى ئۇ ئاۋۋالقى غەمكىنلىكى بىلەن، — بۈگۈن كەچ ئىشىم بار.

— سابىت كەتتى. تەۋپىقمۇ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى ۋە خىروم سومكىسىدىن دەپتەرلىرىنى چىقاردى. ئوچۇق ئىشىكتىن گازارمىنىڭ

ئەتراپىدىكى سىپىل تىمى غايەت تۇم قارا سىزىقتەك گۈگۈم پەردىسى ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئۇ 1934- يىل باھاردىكى قورشاۋنى ئەسلىدى. مەمتىلى ئەپەندى شۇ تەرەپكە قاراپ بىردەم تۇرىۋالدى، ـ دە، ئىلھام يىپلىرىنىڭ باش- ئۇچىنى تېپىۋېلىپ خاتىرىسىنىڭ سەھىپىسىگە ئېغىشتى. ئۇنىڭ سۆھبەتدىشى — قەلىمى قەغەز ئۈستىدە شىرتىلداپ چېپىپ كەتتى.

*

**

ئەتىسى باغ سەيلىسى قىلغاچ بايلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قارىتا مۇھەببىتىنى قوزغاشقا تىرىشتى ۋە ئۇلاردىن تۇرلۇك ۋەدىلەرنى ئالدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىزچىلار شەرىپىگە يىغىلىساردا تۇرۇشلۇق پولك مەخسۇس كىچىك مانىۋېر ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ماھارەتلىرىدىن ياش يىگىتلەرنى ھوزۇرلاندۇردى. بۇ ھەممىدىن كۆڭۈللۈكرەك تۇيۇلغاچقا ئىزچىلار بىر كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

كەچتە مەمتىلى ئەپەندى ئوفىتسېرلارنىڭ سۆھبىتىدە بولدى. جۇمە كۈنى سۆزلىمەكچى بولۇپ، تۇيۇقسىز، سۆزلىمەس بولۇپ قالغان قىزغىنلىق ۋۇجۇدىدا قايتىدىن زاھىر بولۇپ، بىر كۈن ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭ سالدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى بۆلۈشنى ھېچكىم خالىمايتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەزى ئوفىتسېرلار ئۆزلىرى قارىغۇلاردەك تىمىسقىلاپ تاپالماي يۈرگەن، ئەمما تاپماقچى بولغان بىر نەرسىنى — سىياسىي نىشاننى تاپقاندەك بولسا، بەزىلەر ئۇنىڭغا خەيرىچىلەرگە، مەدداھلارغا قارىغاندەك نەپرەتلىنىش، ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراپ، ئىچىدە كۈلۈشەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن نەرسە شەخسىنىڭ پايدىسى، بايلىق ۋە باياشادلىق، مانا بۇ ھاياتنىڭ مەقسىتى ۋە مەنىسى ئىدى.

گويا مەمتىلى ئەپەندى ئەنە شۇنداق مەسخىرىۋازلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرغاندەك، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ياشاش لوگىكىسى، تۇرمۇش پەلسەپىسى، شەخسىيەتچىلىكى، بۇنىڭ بولسا ئېيتقۇسىز رەزىللىكى ھەققىدە

ئۇزاق سۆزلىدى. ھەربىر سۆزىنى جانلىق مىساللار، قىسقا ھېكايە، لەتىپىلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ناتىقلىقى ئوفىتسېرلارنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ زور ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاتتى. ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك نەزىرىدە قارىغۇچىلاردىمۇ قايىللىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇلاردىكى بۇنداق قايىللىق ئەمەلىيەتتە ھەسەت ۋە قورقۇش بولۇپ، ئۆز ـ ئارا كېلىشەلمەيدىغانلار ئارىسىدا بولىدىغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىسى ئەنە شۇنداق بولاتتى. بۇگۈنكى سۆھبەت ھەربىيلەر ئارىسىدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىۋەتتى. ھەم بۇ ئىخلاس ماددىي تەنگە ئىگە بولدى.

دۇشەنبە كۈنى ئەتتىگەندىن باشلاپ، ئىزچىلار ھەربىيلەرنىڭ مەشق مەيدانىغا بېرىپ قارىغا ئاتتى. بۇنداق بىر پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە، ئالدىنقى كۈنى ئاخشامدا كىچىكاخۇن ئالدىن بېشارەت بەرگەن، شۇ چاغدا ئۇ:

— بۇ مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئۈمىدى، ئەپەندى، باللار ھەممىنى قىلالايدىغان بولسۇن، بۇنى سىجاڭنىڭ كۆرسەتمىسى دېسەم ئىشىنەمسىز،— دېگەنىدى. مەمتىلى ئەپەندى:

— ئىشىنىمەن، مەنمۇ باللارنىڭ ھەممىگە قادىر بولۇشىنى تىلەيتتىم، بۇلار نەزەرىيە جەھەتتىن بەزى ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. خۇدا خالاپ، بۇگۈن بۇ يەردە ئەمەلىي سىناقتىن ئۆتىدىغان بولدى.

بۇ كۈندىكى پائالىيەت ئىزچىلارنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالدى. راستىنى ئېيتقاندا پۈتۈن سەپەر جەريانىدا ئۇلارنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى ۋە ئەڭ خۇشال قىلغىنى مۇشۇ پائالىيەت بولدى. قورالنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشقى، قورالنى سۆيگۈچىلەر نەزىرىدە ھۆر پەرىلەردىنمۇ جەلپكار بولىدىغان بولغاچقا، غايىلىك ئۆسمۈرلەرنىڭ بۇ يىگىتلەر خۇددى ۋىسالغا ئېرىشكەن ئاشىقتەك شادلاندى. بۇ پائالىيەت ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتتى. ئۇلارنىڭ ئەركەك تۇكلىرى ھۆرپىيىپ، قان تۆكۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. بۆلەكچە جەڭگىۋارلىشىپ كېتىشتى. كەچتە بولسا ياتاق- ياتاقلاردا مۇشۇ تېمىدىلا سۆھبەت بولدى. بەزىلەر ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ھەربىيدەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارغا ئىشتىراك قىلىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلغۇسى كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەشتى.

# توققۇزىنچى باب

1

سەيشەنبە كۈنى سەھەردە ئىزچىلار يولغا چىقتى. كىچىكاخۇن بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن ھاڭگىتلىقىچە ئۈزىتىپ كەلدى. ھاڭگىتلىقنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدا كەڭ بىر ئوتلاق يېشىل مەخمەلدەك سەھەرنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدا تېخىمۇ كۆركەم، راھەتبەخش كۆرۈنەتتى.

ئىزچىلار ئوتلاقنى كېسىپ سايلىق تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن سابىت ئارقىدا قېلىپ كىچىكاخۇن ۋە ئەسكەرلەر بىلەن خوشلاشتى.

— سىزگە مېنىڭ ئىخلاسىم چوڭ، ئەپەندى،— دېدى كىچىكاخۇن ئۆزىگە خاس سۇردىن قىلىچە ئەسىر قالمىغان بىر خىل روھى ھالەتتە،— قاچانكى سىزگە مېنىڭ ياردىمىم كېرەك بولۇپ قالسا ھايت دەڭ، مەن تەييار.

— بۇنىسىدا گەپ يوق،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن،— سىز بىلەن بىز يات بولمىغاندىكىن، ھاجىتىمىز چۈشسە تارتىنىپ ئولتۇرامتۇق.

— خەير، ئاق يول بولسۇن! — كىچىكاخۇن باشقا گەپلەر بىلەن ۋاقىتنى سوزماي، پىشقان قولىنى تەڭلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىدىن پەملەشكە بولاتتى، ئەمما كۆڭۈل ئىزھار قىلىشلارنى قاملاشتۇرالمايدىغان بۇ ئادەم ئۇشۇق ھېچنەرسە دېمەستىن خوشلاشتى.

مەمتىلى ئەپەندى بولسا ھەر قاچان خوشلىشىش مەزگىلىدىكى غەيرى رەسمىي تەكەللۇپلارنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا كىچىكاخۇننىڭ گەپنى ئۈزارتمىغانلىقى ئۇنىڭغا يېقىپ چۈشتى.

كىچىكاخۇننىڭ قول قىسىشىمۇ زىيالىيلارنىڭ ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قول قىسىشىدەك ھاياجانلىق، ھېسسىياتلىق بولماي، ئاددىيلا، پەقەت ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن سابىت تېزدىنلا ئىزچىلارغا يېتىشىۋالدى، ئىزچىلار ئەمدىلا ئوتلاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەنىدى. ئوتلاقنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا كەنتلەرنىڭ دەل- دەرەخلىرى قارامتۇل يېشىل چەمبەردەك، ياكى يېشىل قاشادەك ئوتلاق ئەتراپىنى ئوراپ تۇراتتى. پەقەت شەرقىي شىمال تەرىپى- ماڭشىن بىلەن سىتلە ئارىلىقىدا "قاشا" نىڭ ئوچۇق يېرى بار ئىدى. بۇ ئوچۇق جاي ئوتلاقنى شەرققە چەكسىز سوزۇلۇپ كەتكەن شورلۇق دالاغا تۇتاشتۇراتتى. غەربىي جەنۇپ تەرەپتىكى "قاشا" قوشمەنىڭ دەل-دەرخلىرى، غەربىي شىمال تەرەپتىكىسى سايلىقنىڭ، شىمال تەرەپتىكىسى سىتلىنىڭ، غەرپ تەرەپتىكىسى چولپانئېرىقنىڭ دەرەخلىرى ئىدى.

ئوتلاقتا قوي پادىلىرى، ئېشەك ۋە موزايلىق كالىلار ئوتلاۋاتاتتى. ئاتقا مىنىۋالغان پادىچى ئۇزۇن تاياق تۇتىۋېلىپ ھايقىرلاپ يۈرەتتى. ئۇ چېچىلىپ كەتكەن قويلارغا ھايقىرلاپ قويۇپ، ئارقىدىن خېلىدىن بېرى ئوقۇۋاتقان ناخشىنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا كىرىشەتتى. ئۇ خالىغان يېرىدە ناخشىنى توختىتىپ ئەتراپقا قارايتتى ياكى پادىسىغا ۋارقىرايتتى. ئۇ ئىزچىلار تەرەپكە قارىغاندىمۇ ناخشىسىنى قاپ ئوتتۇرىدا توختىتىپ قويۇپ، قىزىقسىنىپ قاراپ قالدى.

ئىزچىلار سەھەرنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدا ناھايىتى تېزلا ئوتلاقنى بېسىپ ئۆتۈپ سايلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېڭىساردا ئوبدان ھاردۇق ئېلىپ ياخشى كۈتۈلۈپ ئۇزۇن تۇرغاندىن كېيىن ئەمدىلا سەپەرنى داۋاملاشتۇرغاچقا تولىمۇ روھلۇق ئىدى. شۇڭلاشقا سايلىقنىڭ كۆك قۇملۇق تۈپرىقىنى گۈرسىلدىتىپ دەسسەپ، مارشلارنى ياڭرىتىپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

*

**

ئۇلار چۈش پىشىملەر بىلەن ئۆزمىگە يېتىپ كېلىپ قۇنسىقتا مەسئۇت داموللىنىڭ تېرەكلىك ھويلىسىغا چۈشتى. ھويلىدا يۇز يىللىق قېرى قاپاق تېرەكلەردىن ئۈچ تۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ يوغان ۋە باراقسان شاخلىرى پۈتۈن ھويلىنى بىر ئالغانىدى. بۇ يەردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر نەچچە تۈپ تېرەك كولاپ چىقىرىۋېتىلگەن بولسا كېرەك، يېلتىزىدىن چىققان تېرەكلەر ناھايىتى زىچ ۋە بىر خىل تەكشى ئۆسكەنىدى، ئادەتتە يىلتىزىدىن چىققان تېرەكلەر تېز ئۆسىدىغان بولغاچقا، بۇ تېرەكلەرنىڭ ھەممىسىمۇ كېسىمگە يارىغۇدەك بولۇپ قالغانىدى. ئاقتۇ تەۋەسىنىڭ تۇپرىقى قۇمساڭغۇ بولغاچقا تېرەك ئاجايىپ ياخشى ئايىنىيتى.

ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن ئويۇن قويىدى. مەسچىتتە نامازدىن كېيىن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇ مەزگىل ئاقتۇدا كۆممە قوناقنىڭ راسا چۇرۇچ بولغان ۋاقتى بولغاچقا ئىزچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ساھىپخان كۆكۋاشتا كۆجە ئېتىپ بەردى. بۇ تاماق ئىزچىلار ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولۇپ، ئۇلار نامىنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرۈپ باقمىغانىدى. كۆجە پىشقىچە كۆكۋاش پىشۇرۇپ بەردى.

چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىزچىلار بارىنغا قاراپ يولغا چىقتى. يول ئاقۇش يىرىك قۇم ئارىلاش تۇپىلاڭ ئىدى. ھەر قانچە ئېھتىيات بىلەن ماڭغاندىمۇ توزۇپ تۇراتتى. چاپسانلا پۈتنى تالدۇرۇۋېتەتتى. ھاۋا بەكلا قىزىق بولغاچقا پات- پات سايىداپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار قوياش غەربكە قىيسايغاندا بارىنغا يېتىپ كەلدى.

بارىن بازىرى ئەتراپى قاتمۇ- قات بوستانلىقلار بىلەن قورشالغان، يەر- سۇلىرى ياخشى يېزىغا جايلاشقانىدى. بارىندا پەيشەنبە كۈنىدە بازار بولاتتى. ئىزچىلار ئەتىكى بازاردىن پايدىلىنىپ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بۇ يەردە قونۇپ قالدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن تەشۋىقات- تەرغىباتنى تۈگىتىپ تاشمىلىققا قاراپ كېتىشتى. يەنە ئازراق كېچىككەندە بازارچىلارنىڭ ئالدى- ياناتتى. بۇ چاغدا يول قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتەتتى.

بارىندىن چىققاندىن كېيىن يىراق جەنۇب تەرەپتە يېزىلارنىڭ دەل-

دەرەخلەرى ئارقىسىدىن ئاقۇش گەۋدىسىنى چىقىرىپ تۇرغان تاغ تەرەپكە قاراپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خىيالى 1934- يىلى باھاردىكى ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىگە كەتتى. يېڭىساردا قورشاۋدا قالغانلىقى، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۇلارنى قورشاۋدىن چىقىرىپ يولغا سېلىپ قويغىنى، لومپا، ئاتۇشباغ يولى بىلەن كۇسەن دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتكىنى بىر- بىرلەپ خىيالىدىن كەچتى. ئاشۇ چاغدا ئۇلار— مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاشۇ تاغنى ياقىلاپ، تاشمىلىقتا بېرىپ تۈنەپ قونغانىدى. بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭدا ئۆتمۈشكە تەلپۈنۈش، سېغىنىش ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ئويغىتىپ قويدى. بۇ ئاخىرقىسى روھى ھالەتتىكى تۆۋەن كەيپىيات (پاسسىپ روھى ھالەت) ئىدى. بۇنداق كەيپىيات ئۇنى چاپسانلا مەرمەرە دېڭىزى ساھىللىرىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاللىقانداق بىر ۋەسۋەسە ھوجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر گۈزەل دۇنيانى تاشلاپ مانا شۇنداق قۇمساڭغۇ توپىلاڭغا كېلىۋالغانلىقىنى ئۇچىغا چىققان ئەخماقلىق دەپ ئەيىبلەشكە باشلىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ھارغىن ھالدا ئاياغلىرىنى قۇم توپىغا پاتۇرۇپ بېسىپ كېتىۋېتىپ خىيالىنى داۋام قىلدى. ”راست، —دېدى ھېلىقى ۋەسۋەسىلىك خىيال بۇ قىلغىنىنىڭ ئەسەبىي رومانتىكىنىڭ قىلىقى! رومانتىكلار پەقەت كىتابلاردىلا بولىدىغان غايىلار، ئاجايىپ ـ غارىيىپ يوغان گەپلەردىن كاللىسى قىزىپ كېتىپ، ئەنە شۇلارنى ئەمەلدە ئورۇنلىماقچى بولىدۇ. لېكىن، ھايات دېگەن قايتىلانمايدىغان نەرسە تۇرسا ئۇنى باشقىلار ئۇچۇن نابۇت قىلىش ئەخمەقلىق بولماي نېمە!...“ بىر قارىسا بۇ راست ئىدى!

تەۋپىق بېشىنى شارتتىدە سىلكىدى. ئەتراپقا قارىدى. ئۇلار كېتىۋاتقان يولنىڭ بويلىرىدا چوڭقۇر يارلار بار ئىدى. يارنىڭ تىك قىرغاقلىرى ئۇزۇن يىللىق قەبرىلەرنىڭ ئۇستىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئوت- توپا ئىدى. بۇ قاغىچىراپ ياتقان زېمىن، ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك تىنىشلىرى بىلەن مەمتىلىنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچەي دەۋاتقان يالقۇننى قايتىدىن تۇتاشتۇردى. بۇ خۇددى ياشلىقنىڭ ئېزىقتۇرغۇچى تىلەكلىرى ئارقىسىغا كىرىپ، ئۆيىنى، قېرى، ئاجىز ۋە تۇل ئانىسىنى تاشلاپ كېتىۋاتقان ئوغۇل، ئانىنىڭ سۈكۈت ئىچىدە ئېغىر تىنىشلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە يۈرىكىدە مۇھەببەت، ھېسداشلىق،

ئېچىنىش،... تۇيغۇلىرى بىراقلا قوزغىلىپ، ئارقىسىغا يانغانچە كېلىپ ئانىسىنى قۇچاقلىغىنىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپ ئاشۇ ئاق بوز توپىلىق يارلارنى، دەل- دەرەخلەر ئارقىسىدىن كۆرىنىپ تۇرغان بوز تاغنى قۇچاقلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئۇ تۇيغۇلار تەقەززاسىنى قاندۇرۇش، بۇ قەدىمىي دىيارنى ياشلىق هاياتىي كۈچىگە تولغان چۇقانلىرى بىلەن ئويغىتىۋېتىش ئۈچۈن روھلۇق هالدا سەپ ئىچىدە كېتىۋاتقان قۇربان جاپپارغا ۋارقىرىدى:

— قۇربان، ئوغلۇم، ناخشا باشلا!

ئەقلىي بار ئولغان كۆرەر يۇرتىن ئەزىزجان ئۈستىدە،
مەرىپەت ئەھلى تۇتار مىللەتنى جانان ئۈستىدە.

ئىزچىللارنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازى قەدىمكى يارلارنى تىترىتىپ، يىراقتىكى تاغ تەرەپلەرگىچە كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئېزىقتۇرغۇچى خىياللارغا يول بەرمەسلىك ئۈچۈن باشلامچىلىق بىلەن، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشىغا ئاۋاز قوشتى:

ئانا ئەل ئىنسان ئۈچۈن مىسلى ئانا قۇچاغىدۇر،
يۇرتىنى سۆيگەن ياشار ئىززەتۇ ـ ئىمان ئۈستىدە.
مىللىتىمىزنى سۆيەرمىز، كەتسىمۇ باشلارىمىز،
مىللىتىنى سۆيمىگەن ئۆلگەي پۇشايمان ئۈستىدە.

ھەر قاچانقىدەك ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ناخشىسى بۇنداق مارشلارنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقى ئىتەك يايغان، گويا قەبرىستاندەك مۈكچىيۈپ خارابە يېزىلاردا دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋاتقان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى ئۆيلىرىدىن چىللاپ چىقتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە ھەر خىل مۇلاھىزىلەر قىلىشىپ، ئىشىك ئالدىلىرىدا ئۇلارنى ھەيرانلىق ۋە قىزىقىشقا تولغان كۆز نۇرى بىلەن ئۇزىتىپ قېلىشاتتى.

## 2

تاشمىلىق ئىزچىلارغا ئەزىم قوينىنى ئاچتى. بۇ يەردە ھاۋانىڭ كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقىمۇ ئانچە بىلىنىپ كەتمەيتتى. غەرب تەرەپتە گەز دەرياسى بولغاچقا ئۇ تەرەپتىن سالقىن ھاۋا كېلەمدۇ قانداق، بۇ يەر ئىزچىلارغا ئىللىق بىلىندى، ھېرىپ كەتكەن جانلار ئارام تاپقاندەك بولدى. بولۇپمۇ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان ساھىپخاننىڭ مۇئامىلىسى تېخىمۇ ئىللىق، تاشمىلىق خەلقنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ قىممەتلىك ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا قاسىمبەگ[1] چىقىپ كۈتۈۋالدى. بۇ ئادەم يېڭىلىقپەرۋەر، بالدۇر ئويغانغان كىشىلەر تىپىدىن بولۇپ، يېڭىلىق تارقاتقۇچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپەتكە قانچىلىك مۇھەببىتى بارلىقىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى.

ئۇ مەمتىلى ئەپەندى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ھەم زور ئىززەت ئىكرام بىلەن ئۆيىگە باشلىدى.

— سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ تاپشۇرۇقىنىمۇ ئالغىلى ئۇزۇن بولدى، شۇندىن بېرى مۇبارەك قەدەملىرىگە زارىقىپ كۈتۈپ، بۈگۈن مۇرادىمىز ھاسىل بولۇپ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ، كۆپرەك تۇرۇپ بىزنى خوشال قىلارلا؟ — دېدى ئۇ.

— خۇدا بۇيرىسا، خۇدا بۇيرىسا، — دەپ جاۋاب بەردى تەۋپىق.

ئۇلار قاسىمبەگنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. قاسىمبەگ ئۇلار كەلگەندە ئالدىراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ قويغانىدى. ئىزچىلار يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ سەپەر چاڭلىرىدىن خالاس بولغان ھامان، ئۇلارنى پېشايۋاننىڭ

---

[1] قاسىمبەگ قەشقەر مىللىي ئىشلار كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان ۋە شۇ يەردىن دەم ئېلىشقا چىققان مەن مەزكۇر ئەسەر ماتېرىياللىرىنى قېزىپ يۈرگەن چاغلاردا(1985- يىل) ھايات ئىدى. ھازىر قانداق، بىلمەيمەن، — ئا.

ئۇزۇن سۈپىسىغا سېلىنغان كۆرپە- يىكەندازلارغا تەكلىپ قىلدى.

داستىخاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى قاسىمبەگكە سەپەردىن مەقسەتلىرى نېمىلىكىنى، ھەر بىر جايدا نېمىلەر قىلىدىغانلىقىنى كونكرېت سۆزلەپ بەردى، ھەم قاسىمبەگنىڭ باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

— بۈگۈن مائارىپ راسخوتى، مائارىپنى قوللاش ھەققىدە بايلار بىلەن سۆھبەتلەشسەم، ئەتە ئاممىغا قىلىدىغان تەرغىباتلىرىمىزنى تاماملاپ چۈشتىن كېيىن يۇرۇپ كەتسەكمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن،— دېدى ئۇ نۇرلۇق كۆزىنىڭ قۇيرىقىدىكى كىچىك تاتۇق كۆزىنى قىسقاندا پۇرۇكلەر ئارىسىدا غايىپ بولاتتى.

— مەيلى خاپا بولسىلىمۇ بولسىلا، ئەمما بۈگۈن سىلى ماڭا مېھمان، ھېچ ئىش قىلماي دەم ئالسىلا، ئەتە يۇرت كاتتىلىرىنى تەكلىپ قىلىمەن، ئاندىن سۆھبەت قىلسىلا مەيلى. ئۆگۈنلۈككە تاشمىلىقنىڭ بازىرى، ھەممە يەردە بارازنى ئېلىپ كەپلا، تاشمىلىقنىڭ بازىرىغا تۇرماي كېتىمەن دېسىلە قويۇپ بېرەمتىم؟— دېدى قاسىمبەگ مېھماندوستلۇق بىلەن كايىپ،— تاشمىلىق دېگەن چوڭ يۇرت، بۇ يەردە جىقراق تۇرىدىغان ھەققىلىرى بار.

قاسىمبەگ راستىنلا دېگىنىنى قىلدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ھارغىنلىققا قاراپ، ئۇنى جەزمەن دەم ئالدۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەت ئەتىگە قالدۇرۇلدى. مەمتىلى ئەپەندى نېمىشقىدۇر بوشىشىپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ قاسىمبەگنىڭ دوستانە كۆڭلىنى رەت قىلمىدى. يەنە كېلىپ تاشمىلىق بازىرىنى ئالماي كېتىشنى تازا مۇۋاپىق تاپمىدى. شۇڭا بەربىر بىر كۈن ئارتۇق تۇرىدىغان بولغاندىكىن سۆھبەتنى ئەتىگە قالدۇرۇشنىڭ زىيىنى يوق ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ مەمتىلى ئەپەندى كۆپ دەم ئېلىپ كەتمىدى. ئۇ قاسىمبەگ بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ، تاشمىلىقنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، جۇغراپىيە ئەھۋالى،  خەلقىنىڭ ھال ئەھۋالى، مەدەنىي مائارىپ جەھەتتىكى ئاساسى ۋە ئەمەلىي كۈچى توغرىسىدا ئەقەللىي تونۇشقا ئىگە بولدى. ئۇ يېقىن بولسا گەز دەرياسى بويىغا بېرىپ كەچقۇرۇننىڭ سالقىن ھاۋاسىدا ھوزۇرلىنىپ

كېلىشنى ئىختىيار قىلغانىدى، قاسىمبەگ دەريانىڭ بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى توستى.

ئۇ قاسىمبەگ بىلەن خوشلىشىپ، ئۇخلاش ئالدىدا يەنە باياتىن بىرى قاسىمبەگدىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ۋە بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك پائالىيەت ۋە سەپەر ھەققىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىنى يازدى. بۇ چاغدا ۋاقىت يېرىم كېچە بولغان، ئىزچىلار ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقىغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت دائىمي ئۇنچىقماس ھەمراھى شاگىرتى سابىتلا ھەممە نەرسىگە قىزىققۇچى كۆزلىرىنى ئىلمەستىن يۇرەتتى.

ئەتىسى قاسىمبەگ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانىنى ئورۇنلىشىغا ماسلىشىپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا ئاۋۋال تۈركىيىدە ۋە باشقا چەت مەملىكەتلەردە كۆرگەنلىرىنى، پەننىڭ ئاجايىپ يېڭىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن بىزنىڭ تارىختىن بېرى تارتقان زىيانلىرىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمىلىكىنى بىرقانچە ئەمەلىي مىسال بىلەن چۈشەندۈردى. بىلىمسىزلىكنىڭ ئاخىرىدا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سۆھبەتداشلىرى چۈشىنەلىگۈدەك ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن، مەسىلە- مىساللارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇزاق سۆزلىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ سەپەردىن مەقسىتى، سەپەرنىڭ ئالدىنقى ئۆتەڭلىرىدە قىلغانلىرى ھەققىدە سۆزلىدى. ئاندىن مۆتىۋەرلەرنىڭ مائارىپقا قانداق ئەمەلىي ياردەم بېرىدىغانلىقىنى سورىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىدا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خېتى بولغاچقا بۇ يەردىمۇ ئۇلارغا تەسىرلىك نۇتۇققا قارىغاندا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خېتى، بەكرەك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، خەتنى ھامى قىلىپ تەھدىت ئارىلاش سۆزلىدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ئەلۋەتتە.

شەنبە كۈنى تاشمىلىق بازىرىدا ئويۇن قويۇشتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سابىت كۆپچىلىككە نوتۇق سۆزلەپ، ئۇلارنى مەكتەپكە، مەدەنىيەتكە يۈزلىنىشكە چاقىردى. ئۇ شائىر بولغاچقا، تارتىنچاق بولغىنى بىلەن بىرلا قىزىشىپ كەتسە ۋە گەپنى باشلىۋالسا بەكمۇ تەسىرلىك سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق ئوچۇق تۇتقى ئۇستازىنى ھەيران

قالدرۇردى.

— ئەسلىدە سەن سۆزلىسەڭ بولىدىكەن جۇمۇ، ئوغلۇم،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۆزلىرىنى پۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سابىت يەنە تارتىنچاق بالا قىياپىتىگە قايتىقاندەك قىزارغىنىچە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى.

— ئەمدى مەن سېنى ئىشقا سالىمەن، ئىقتىدارىڭدىن تولۇق پايدىلانماي ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمىز ئەمەسمۇ،— دېدى تەۋپىق ھەم چاقچاق قىلىپ، ھەم رەسمىي تۇردە.

ئۇلار چۈشتىن كېيىنلا قارا كېچىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار تاشمىلىق بازىرىدىن مارشلارنى ياڭرىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا مىڭلىغان بازارچى ئۇلارغا ئېغىزلىرىنى ئاچقان ھالدا قارىشىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەۋەسلەنگەنلەرمۇ، ئاچچىقى كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. خۇسۇسەن دىنى تونغا ئورىنىۋالغان قوساق باقار ”ئۇلۇغ“ لار بۇ جەڭگىۋار توپقا ئاللىقانداق يامان سۆپەتلەرنى بېرىپ، ئۇلارغا قاراشنىڭ قانداق گۇناھلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن پەتىۋالارنى چىقىرىشقىنىچە، پولاپاي تونلىرىنىڭ ياقىسىنى چىشلىشىپ قېلىشتى.

*

**

كەچكە يېقىن بىردىنلا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، بوران توپا-چاڭلارنى ئۇچۇرتۇپ كۆز ئاچقۇزمىدى. چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ھاۋارايى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ئاۋۋال مەيىن شامال چىقىشقا باشلىدى. كەچ كىرگەنسېرى بورانغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنداق ھاۋارايى مۇشۇ پەسىل، مۇشۇ مەزگىلدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. ئىزچىلار بۇ چاڭ توزاڭ ۋە بوران ئىچىدە يول يۈرۈشتىن تولىمۇ قىينالدى.

ئۇلار بارغانسېرى يولدىن چەتنەپ ئۇچ پوتەي يولنى ئارتۇق مېڭىپ، ئوپالنىڭ تېرەك كەنتىگە كەلگەندە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەندى. بۇ چاغدا بورانمۇ پەسلەپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىن مەيىن سالقىن ئۇرۇپ تۇراتتى. سالقىن ئۇ تەرەپتىن گەز دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىمۇ ئەيتاۋۇر بىر غۇۋۇلداشنى، ئاللىقانداق شاۋقۇن ئاۋازنى ئېلىپ كېلەتتى. ئوپالدىكى سۇلايمان

قازىھاجىمغا قاراشلىق دۆلەت بۇلىقى[1] تەرەپتىكى بىنامدىن پىل- پىل يورۇق نۇر كۆرۈنەتتى، ئۇ يەرگە ئۇنىڭ قىرغىز ئوتاقچىسى مۇساق قارايتتى. بىنام تەرەپتىن يەنە چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ئالىلىقاندىاق كېچە ۋەھىمىسى سۈكۈناتنىڭ سىزىلمەس ھوجۇمى كېلىپ تۇراتتى. ئۇزاق- ئۇزاقتا ئوتاقچى ئىتلىرىنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن قاۋىغان ئاۋازى چۈشتىكىدەك ئاڭلىناتتى.

ئىزچىلار تېرەك كەنتىگە كىرىپ كەلگىنىدە ئۇلارنى يېزىنىڭ ئىتلىرى قاۋاشلىرى بىلەن قارشى ئالدى. ئىزچىلار تۇنجى ئۇچراشقان بۇلاق تۈۋىدىكى ئۆي ئىگىسىدىن بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى، ئوپال بازىرىنىڭ ئارىلىقىنى، قايسى يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، بۇلاق سۈيىدىن قېنىپ ئىچىۋېلىپ، يولىنى داۋام قىلىشتى.

ئۇلار گەرچە ناھايىتى ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراقلا مەنزىلگە بېرىپ دەم ئېلىش ئارزۇسى بىلەن ئۆزلىرىگە غەيرەت بېرىپ، يولىنى داۋام قىلدى. تېرەكتىن ئوپال بازىرى ئون نەچچە چاقىرىم كېلەتتى. ئۇلارغا يەنە شۇتا، ئۆستەڭ، قۇمباغ قاتارلىق كەنتلەرنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ كەنتلەر گەز دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدىكى پەلەمپەي شەكىللىك، تار ۋە ئۇزۇنچاق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، كەنتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە يەنە بىر پەللەمپەي- تۆپىلىك گويا سېپىل تېمىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بۇ تۆپىلىككە ۋە تۆپىلىك باغرىغا قارا تاش مازا خوجام، ھەزرىتى موللام، بۇزرىكۋارلىرىم، خوجاقونداق قاتارلىق مازارلار جايلاشقاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى موللام مازىرى يىراق- يېقىندىكىلەرگە مەلۇملۇق مەشھۇر مازار بولغاچقا، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيەت كۈنتەرتىپىدە بۇ مازارغا زىيارەت قىلىش بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇلار ئىككى سائەتكە يېقىن يول يۈرۈپ، ئوپال بازىرىغا يېتىپ كەلدى ۋە سۇلايمان قازىھاجىمنىڭ ئۆيىنى سوراپ تېپىپ، شۇ يەرگە كىرىشتى.

— كەچ بولغانىدا بىزەۋتە قىلىدىغان بولدۇق قازىھاجىم،

---

[1] ”دۆلەت بۇلىقى — ھازىر قىزىلسۇ ئوبلاستىغا قاراشلىق نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ فېرما باشقۇرۇش ئورنى جايلاشقان، — ئا.

رەنجىمىگەيسىز،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ھارغىنلىقىنى چاندۇرماي، خۇشچاقچاق ئاۋازدا.

— ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغىلى نىكەم، نېمىشكە رەنجىگۈدەكمىز، قېنى مەرھەمەت، ئىستىقباللىرىغا چىقالمىغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن. بۇنداق چاغدا كېلىشلىرىنى بىلگەن بولسام...ـ دەپ تەكەللۇپ قىلدى قازىھاجىم.

مەمتىلى ئەپەندى يولدا كۆرگەن رىيازەتلىرىنى، يولدىن ئېزىپ كېتىپ كەچ قالغانلىقىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— قېنى، ئورۇن ئېلىشسىلا،— ئۇ شۇنداق دەپ پىشايۋان سۇپىسىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەتكارلارغا كۆرسەتمىلەرنى بېرىشكە باشلىدى.

خىزمەتكارلار ئالدىراش داستىخان سېلىپ، قوغۇنلارنى ئېلىپ كەلدى ۋە بىر قوغۇننى ئىككىلا كاسا قىلىپ، ئۇرۇقىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن بىردىن ئىزچىغا قويدى.

— مەرھەممەت، ئېزىز مېھمانلار،— دېدى سۇلايمان قازىھاجى،— "بىر ھارغانغا گەپ قىلما، بىر ئاچقانغا" دەپتىكەن، ئاۋۋال قورساقنى بىر نېمە قىلىلى، قالغان گەپنى ئاندىن قىلىشىمىز. كاسىلارنى قىرىپلا نان بىلەن يەپ تۇرۇشسىلا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. ئاڭغىچە قازانمۇ تەييار بولىدۇ...ـ ئۇ پاي-پېتەك بولۇپ كەتتى.

ئىزچىلارنىڭ قورسىقى ھەقىقەتەنمۇ ئاچقانىدى. شۇڭا ئۇلار پىچاق ۋە قەلەمتۇراچلىرى بىلەن كاسىلارنى قىرىپ، ئالدىراش شالاپلىتىپ يېيىشكە باشلىدى. قىرىلغان قوغۇن تىلىپلىرىنىڭ شۇمۇرۇلۇشلىرىدىن چىققان ئاۋازلار قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن شاۋقۇنغا ئايلانغاندا، مەمتىلى ئەپەندى ئۈيىلىشقا باشلىدى ۋە ساھىپخانلارنىڭ ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن پەيتىنى پەملەپ تۇرۇپ، ئىزچىلارغا نەسىھەت قىلدى:

— ئەي، تەلەبىلەر، تاماق يېگەندە يېنىدىكى ئادەمگىمۇ شالاپلىغان ئاۋازنى ئاڭلاتماي يېمەك ئەدەپتۇر. ئەكسىچە بولغىنى بەتقىلىقلىقتۇر. قارىسام ھازىر بۇ يەر شاۋ- شاۋغا تۇرۇپ بولماي قالدى. ئىزا تارتىش كېرەك، ئىزا!

ھەممىڭلار چوڭ بولۇپ قالدىڭلار، يەنە كېلىپ ئاۋامغا ئۈلگە بولغۇچىلار سىلەر.
شۇ گەپ بىلەنلا داستىخان ئۈستىنى جىملىق باستى. ئۇستازنىڭ سۆزى ئۇلارغا شۇنداق تەسىر قىلىدىكى، ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىگىچىمۇ بۇ نەسىھەتنى قۇلاقلىرىدا تۇتۇشتى.

## 3

ھاردۇقى چىققان، روھلۇق ھالدا ئۇيقۇلىرىدىن تۇرغان ئىنزچىلار بامدات نامىزىنى ئوقۇپ مەسچىتتىن قايتىپ كىرگەندە سەھەر قوياشىنىڭ كىشىنى روھلاندۇرغۇچى نۇرلىرى ۋاساجۇپ پېشايۋاننىڭ گىرۋەكلىرىدە قىزغۇچ رەڭدە ئويناشقا باشلىغانىدى. يەنە پېشايۋاندىن ئورۇن ئېلىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرۇشتى. مەمتىلى ئەپەندى ھەممىدىن ئەتىگەنرەك تۇرۇپ ئادىتى بويىچە ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ، ئارقىدىن مۇزدەك سۇ بىلەن بەدىنىنى چايقاپ ئالغاچقا ئۆزىنى تېتىك ھېس قىلاتتى.
كېچە گۈل بەرگىلىرىگە چۈشكەن شەبنەم كۈننىڭ تاملار كەينىدىن نۇر شەمشەرلىرىنى تەڭلىشى بىلەنلا غايىپ بولدى. ئەمما بۇ نەملىكتىن يۇيۇلغان گۈل بەرگى ۋە گۈل كاسىسى قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. سۇلايمان قازىھاجىم ئاجايىپ گۈلخۇمار كىشىدى. ئۇنىڭ ھويلىسىدا بۇ دىياردا بولىدىغان گۈللەرنىڭ ھەممە خىلى باردى.
ئىنزچىلار پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ گۈل تاماشاسى قىلىشتى.ئۇلار بۇ يەردە ياشناپ تۇرغان گۈللەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى كۆرۈش تۇگۈل، ھەتتا ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇلار داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلغىچە مۇشۇ تېمىدا پاراڭ قىلىشتى.
سابىت ئۆزىگە خاس جىمغۇرلۇق ۋە خىيالچانلىق بىلەن پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، پېشايۋاننىڭ لىمىغا نەقىشلەپ ئويۇلغان خەتلەرگە ۋە گۈل نەقىشلىرىگە زەڭ سالاتتى. ئۇنى گۈل ھەققىدىكى مۇھاكىمىگە ئارىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ، سۆھبەتكە تارتالمىغان ئەكبەر، ئۇنىڭ نېمىگە

قاراۋاتقىنىغا دىققەت قىلماقچى بولۇپ، لىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇ يەرگە ئويۇلغان "سالامىتىل ئىنسان، فىي ھىفزىللىسان" دېگەن ھۆسنىخەتكە كۆزى چۈشتى ۋە يېنىدىكى قۇربان جاپپارنى بېقىنلاپ كۆرسەتتى:

— "سالامىتىل ئىنسان، فىي ھىفزىللىسان"، — دەپ ئوقىدى قۇربان جاپپار.

— ئەمدى ئۇنىڭ نېمە دېگەن گەپلىكىنى بىلمىسەك بىكار، — دەپ چېقىشتى دوستلىرى.

— ئەپەندىم، — دېدى ئۇلار سۇلايمان قازىھاجىم بىلەن ئالدىنىمە توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتقان تەۋپىقنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن شوخلۇق بىلەن چاقىرىپ، — ئاۋۇ خەتتە نېمە دەپتۇ؟

مەمتىلى ئەپەندى ئىلىمدىكى ھۆسنىخەتكە قاراپ چىقىپ:

— "ئىنساننىڭ سالامەت بولۇشى تىلنى ساقلىماقلىق بىلەن" دېگەن گەپكەن. شۇنداقمۇ، ھاجىم؟ — دېدى ئۇ سۇلايمان ھازىھاجىغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ.

— شۇنداق، ئەپەندىم، — دېدى ساھىپخان.

ئۇلار قازىھاجىمنىڭ ھويلىسىدىن چىقىدىغان چاغدا مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارغا گۈل ئۈرۈقى ئېلىشىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى.

— ئادەم ئۆزىگە گۈزەل مۇھىت يارىتىۋېلىشى كېرەك، ئادەمچە ياشاشقا تىرىشىش كېرەك. گۈل ئۇرىقىنى ئېلىۋېلىڭلار، كېلەر يىلى باھاردا مەكتەپكە تېرىيمىز، ھويلاڭلارغىمۇ تېرىيسىلەر، — دېدى ئۇ ھەم ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن پىشىپ قۇرىغان گۈللەرنى ئۈزۈپ، ياغلىقىغا تۈگۈشكە باشلىدى. گۈل ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سومكىسىغا پۇختىلىق بىلەن جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ساھىپخانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئويۇشما رەئىسى ئۆمەر داموللام سىدىق مۇسا، ئىمىنھاجىملار بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭدى. ئۇلار ئىپتىدائىي مەكتەپتە بۇ كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىششنى ئىمىنھاجىمنىڭ ئۆيىگە بەلگىلەشتى.

چۈشتە ئويۇشما نامىدىن ئىزچىلار كۈتۈۋېلىندى. مەكتەپ ھويلىسىدا

ئويۇن قويۇلدى. نۇتۇق سۆزلەندى. ئاندىن ئىمىنهاجىمنىڭ يار بېشىغا جايلاشقان ئۆيىگە كېتىشتى. بۇ چاغدا ۋاقىتمۇ كەچكە تەۋە بولۇپ قالغانىدى.

ئىمىنهاجىم كاتتا داستىخان راستلاپ، مېهمانلارغا ئىززەت كۆرسەتتى. يۇرت كاتتىلىرىنىمۇ داستىخان ئۈستىدە ھەمرا بولۇشقا تەكلىپ قىلغاچقا، سۆھبەت ئۇچۇن ئۇزاق ۋاقىت كەتمىدى. ئۇلارغا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خېتىنى كۆرستىشلا كۇپايە ئىدى.

ئۇ كۇنى ئىزچىلار شۇ يەردە قونۇپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئوپاللىق بۇرادەرلەرنىڭ ھەمرالىقىدا ھەزرىتى موللام قەبرىسىگە زىيارەت قىلىشتى. بۇ زىيارەتتىن قايتقاندىن كېيىن، بازارغا كېلىپ، ساھىپخان بىلەن مېهمانلار خوشلاشتى. ساھىپخانلار قەشقەردىكى ۋە توققۇزاقتىكى يولداشلارغا سالام ئېيتىشنى تاپىلاپ خەيرلىشىپ قالدى.

*

**

ئۇلار ئوپال بازىرىدىن چىقىپ چوڭقۇر يارلادىن، قاغا جىگدىلىكلەردىن ۋە بوز يەرلەردىن ئۆتۈپ، توققۇزاققا قاراپ كېتىشتى. سول تەرەپتە تاغقا ئېلىپ باريدىغان يانتۇ سايلىق، سايلىقنىڭ يىراق گىرۋىكى ئۈستىدە بىر نەچچە دانە كېسەكنى تىزىپ قويغاندەك دارىتاغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ساي تەدرىجىي پەسلەپ بوز توپىلىق جاڭگاللغا تۇتىشاتتى. بۇ جاڭگاللمۇ تەدرىجىي ھالدا تاكى گەز دەياسىغىچە پەسلەپ باراتتى. شەرقىي شىمال تەرەپتە توققۇزاقنىڭ دەسلەپكى يېزىسى لەڭگەرنىڭ دەرەخلىرى يوغان سايىدەك بىر تۇتاش بولۇپ كۆرۈنەتتى. لەڭگەردىنمۇ ئۆتكەندە سايۋاغ، ئاندىن توققۇزاق بازىرى ئىدى.

# 4

توققۇزاقتا ئۇلارنى ئابلا رازى ئىسمايىل ”ھەققى“ قاتارلىق مائارىپچىلار

كۆتۈۋالدى. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندى بىلەن كونا تونۇشلاردىن بولغاچقا خېلى ئۇزاق چاقچاقلاشتى. ئىزچىلارمۇ بۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم كېلىپ تۇرغاچقا بۇ يەرنىڭ ئىزچىلىرى بىلەن تونۇش ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىپ قىزغىن سۆھبەتلەرگە كىرىشىپلا كېتىشتى.

— موزايلار ئۆز ئوقۇرىنى تاپقاندەك، ئىزچىلىرى بۇ يەردە يايراپلا كەتتىغۇ، ئەپەندىم؟ — دەپ چېقىشتى ئابلا رازى.

— ھە، موزايلار بۇ يەردە ئاپسىنى تېپىۋالغاندەك ئەركىلەپلا كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى تەۋپىق، ئۇلار ئۇيۇشمىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىچە.

— بىزگە نەچچە كۈن مېمان بولىشىلا، راست گەپنى قىلىشىلا، — دېدى ئابلا رازى يىقىن دوستلار ئارىسىدىلا بولىدىغان سەمىمىيلىك بىلەن.

— ئەتە چۈشتىن كېيىن كېتىمىز. بۇ يەردە بىزگە ئارتۇق ئىش يوق. ھەممە ئىشىڭلار جايىدا، پەقەت تەلەبىلەرنىڭ ئويۇننى تەقدىم قىلىمىز- دە، تامام.

— ئۇنداق بولسا ئويۇننى ئەتىگە قويايلى، بۈگۈنكى ئىش دەم ئېلىش، ئۆز - ئاراسۆھبەت بولسۇن، «مېھمان دېگەن قوينىڭ قوزىسى» دېگەن گەپ بار، سىلى ئەمدى قوزىدەك بولۇپ، بىزنىڭ دېگىنىمىزگە بويسۇنسىلا، — دېدى ئابلا رازى. ئۇ ناھايىتى چاققان ھەرىكەنچان ئادەم ئىدى. ئۇ مېھمانلارنى كۈتۈش ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرغىچە مەمتىلى ئەپەندى، سابىتلار ئىسمايىل ”ھەققى“ ۋە باشقا ئەپەندىلەر زامان يېڭىلىقلىرىنى، مېھمانلارنىڭ سەپەر ئەھۋالى قاتالىقلار ئۈستىدە ئېچىلىپ پاراڭلاشتى.

ئىزچىلار ئۇ كۈنى توققۇزاقتىكى مائارىپچىلار ۋە ئىزچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مېھمان بولۇپ ۋە دەم ئالدى، ئەتىسى كومېدىيە ۋە كونسېرتلىرىنى قويدى. مەمتىلى ئەپەندى توققۇزاقتىكى يولداشلاردىن بىرىنى مەھمۇد سىجاڭغا خەۋەر بېرىۋېتىشكە ئەۋەتتى. چۈشتە ئويۇشما جاركوپ (قورداق) ۋە ئىسسىق نان بىلەن ئۇلارغا ئۇزىتىش چېيى بەردى.

ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا ئابلا رازى بارلىق مېھمانلار ۋە ساھىپخانلار

ئالدىدا كۇلۇپ تۇرۇپ:

— قايتىدىغان ۋاقتىڭلاردا مۇبارەك دىققىتىڭلارنى شۇنىڭغا جەلىپ قىلمەنكى، بايام يېگەن جاركوپنى يۇمران قاپاقتا قورىغان، سىلى ئۇنى بۇ نېمىدۇر؟ دەپ ئويلاپ باقمىدىڭلارمۇ؟ — دېۋىدى، ساھىپخانلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

ئىزچىلارنىڭ بەزىلىرى يامان بىر نەرسە يەۋالغاندەك كۆڭلى ئەسكى بولۇپ ھۆ دىگىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ساھىپخانلار تېخىمۇ كۇلۇشتى.

مەمتىلى ئەپەندى كۇلۇپ تۇرۇپ:

— ئەپەندى، سىزگە جاركوپ قىلغىلى باشقا ئوتياش تېپىلمىدىمۇ ياكى بىزنى مەسخىرە قىلغىنىڭىزمۇ بۇ؟ راسا يامان ساھىپخانكەن- دە، بۇلار،— دېدى.

— ئاجايىپ- غارايىپ، تاڭسۇق ئىشلار ئادەمنىڭ خاتىرسىدىن چىقمايدىغانلىقىنى نېمىشكە بىلمەيلا، ئەپەندى؟ چايغا تۇز قويۇپ بەرسىلا غەلىتە ئىش بولمايدۇ، بۇمۇ شۇنىڭ بىر خىلى — دېدى ئابلا رازى كۇلۇپ.

بۇ گەپ بىلەن ئىزچىلارنىڭ ھەممىسى بوياماەتتە يۇسۇپ ئەپەندى ئىزچىلىرىنى ئۆزىتىدىغان چاغدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ:

— يا ھەزرەت، ما ئادەمنى، شۇنىڭ ئۆچىنى ئاپتۇ- دە، تۇزلۇق چاينى سىزگە ئىچۈرمىگەن تۇرساق، — دېيىشتى.

— يۇسۇپ زىيا تۇزلۇق چاينى ئىچكەن بولسا، سىلەر قاپاق يىدىڭلار، ئۆتنە جاھان دېگەن شۇ، — دەپ كۇلدى ئابلا رازى.

— مەيلى دوستىمىزغا رەھمەت، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى — يۇمران قاپقاق مېغىنى روشەنلەشتۇرىدۇ، ئەقىلىي كۇچىنى ئۇرغىتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ پايدىمىزنى ئويلاپتۇ.

— بۇ پايدىسىنى بىلگەن بولسام ھەممە قاپاقنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەركەنمەن. ئىسىت، — دېدى ئابلا رازى.

باياتىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي كۇلۇپ تۇرغان ئىسمائىل ”ھەققى“:

— ئۆكۈنمىسىلىمۇ بولىدۇ، كېلەر يىلىدىن باشلاپ ئۆزلىرى ئۇچۇن قاپاقلا تېرىسىلىمۇ ئوخشاشقۇ؟ مانا شۇ چاغدا ئىككىنچى خەققە بەرمىسىلە،

— دېدى كۈلۈپ.

بىر هازا چاقچاقتىن كېيىن، مېھمانلار بىلەن ساھىپخانلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئىزچىلار مارشلىرىنى ياڭرىتىپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار پاختەكلىدىن ئۆتۈپ قىزىل دەرياسىغا يېقىنلاشقاندا مەھمۇد مۇھىتىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن توققۇزاقلىق، ئوقۇتقۇچى ئۇچراشتى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، تەۋپىق بىلەن كۆرۈشۈپ:

— سىجاڭ، ئىزچىلار شەھەرگە كىرمەي ئۆتۈپ كەتسۇن دېدى — دەپ خەۋەر قىلدى.

— نېمىشكە ئۇنداق دېگەندۇ؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق تەشۋىشلىنىپ.

— سەۋەبىنى دېمىدى. مەنمۇ كوچىلاپ سورىيالمىدىم، — دېدى توققۇزاقلىق مۇئەللىم.

— بوپتۇ، سىجاڭنىڭ دېگىنىدەك قىلىمىز. خەير، سىزنى ئاۋارە قىلدۇق.

— ھېچقىسى يوق،.... — ئۇلار خوشلاشتى. ئۇ ئېتىنى يورغىلىتىپ توققۇزاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى سابىتقا:

— سىجاڭ ئىزچىلار شەھەرگە كىرمەي ئۆتۈپ كەتسۇن دەپتۇ، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم ئەنسىرەپ تۇرىۋاتىدۇ، ئوغلۇم، سەن ئىزچىلارنى ئېلىپ، چىنىۋاغ تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قازىرىقتا — قادىر ھاجى مەكتىپىدە كۈتۈپ تۇرغىن، مەن ئۆزۈم سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، — دېدى.

تەۋپىق شۇندىلا قارا ئاتنى مىنىپ، شەھەر تەرەپكە ئايرىلدى. سابىت بولسا ئىزچىلارنى ئېلىپ باشقا تەرەپكە كەتتى.

## 5

ئىزچىلار چىنىباغ تەرەپ بىلەن تۇمەن دەرياسىنى ياقىلاپ نەزەر باغقا، ئۇ يەردىن ھەزرەت يولىغا ئۆتۈپ، قازىرىقتىكى قادىر ھاجىم مەكتىپىگە يېتىپ

كەلدى. ئىزچىلارنى بۇ يەردە قادىر ھاجىنىڭ ئۆزى كۈتىۋالدى. ئۇ بۇلارنىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى.

— ئەپەندى ئۆزى يوققۇ؟ — دېدى قادىر ھاجى گۈرۈلدىگەن ئاۋازدا سابىتتىن.

— شەھەردە ئازراق ئىشى باركەن، بىردەمگىچە چىقىدۇ.

— گۈلباغدا ئىشى بارمىكەن يا؟

— ئۇقمايمەن.

قادىر ھاجىم كەسپىي ئادىتىگە مۇۋاپىق گۇمانلىق نەزەردە سابىتقا قاراپ قويۇپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ساھىپخان ئىكەنلىكىنى، دوستانىلىق ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. شۇنداق بولىسىمۇ ئۇنىڭ ئەپتىدىن سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى. قادىر ھاجى مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرگە مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە توختىلۇق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دوستلۇقنى ئىپادىلەشكە يارىمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى.

ئىزچىلار يۈك- تاقلىرىنى قويۇپ، يۈز- كۆزىنى يۇيۇپ بولۇشىغىلا مەمتىلى ئەپەندىمۇ شەھەردىن قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ خۇشخۇي، مېھرىبان، ئىسسىق چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خاپىلىق غىل- پال بىلىنىپ تۇراتتى. سابىت بۇنى دەرھال ھېس قىلغان بولىسىمۇ، ئۇ سوئال سوراشقا تىلى قولاشمايۋاتقاندەك جىمجىتلا بېرىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى ۋە ئۇلاغلارغا قارىغۇچى بالىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇستازىنى ئۇلارغا راستلانغان ئىشخانىغا باشلاپ كىردى.

مەمتىلى ئەپەندى سېزىلمەس غەمكىنلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈك- تاقلىرىنى جايلاشتۇرۇپ، ئاندىن يۇيۇندى. شۇ چاغدا قادىر ھاجى پەيدا بولۇپ، تەۋپىق بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولىسىمۇ، ئۇنىڭ تۇغما خاراكتېرى قىزغىنلىقنى ئىپادىلەشكە يارىمىدى.

— ئارقىدا قاپتىكەنلىغۇ، ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇ رەڭگىدىن گۇمان ئالامىتىنى سەزدۈرۈپلا.

— ھە، ئىشىم بار ئىدى، — مەمتىلى ئەپەندى قادىر ھاجىنىڭ

شۇبھىلىك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزىگە توغرا قاراپ تۇرۇپ، قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا توڭلۇق، غەزەپكە ياتىدىغان ئېلېمېنتلار بولمىسىمۇ، ھەممە ئادەمنى سۇر- ھەيۋىسى بىلەن قورقۇتۇپ كەلگەن ساقچى باشلىقىنى قايتا كوچىلاپ سورىمايدىغان قىلىپ قويدى.

ئەمما بۇ ھال قادىر ھاجىغا ھار كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنىڭ بىر ئادەتتىكى ”ئەپەندى“ تەرىپىدىن سۇندۇرۇۋېتىلىشىگە ئىشەنگۈسى كەلمەتتى. ئۇ ئىچىدە ئۆچمەنلىككە تولغان بىر ئىستەكنىڭ ئۆزىنى ئازابلاۋاتقىنىغا قاراپ، ھەيۋىسىنىڭ سۇنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن بۇ جاھىل ئادەم ئىچ- ئىچىدىن غەزەپلىنىپ، ئىچ قارىلىق بىلەن ”سەن ئەپەندىچاق ھامان قولۇمغا چۈشىسەنغۇ، شۇ چاغدا ئايىغىمنى سۆيمەسسەنمۇ...“ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەنمەنلىكى سەل- پەل قانائەت تېپىپ تارتىشىپ كەتكەن موسكۇللىرى بوشاشتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم يەر تېگىدىن تەۋپىقنىڭ قىزىللىق تەپكەن ئاق يۈزىگە تىكىلىپ، ”بۇ ئادەم راستىنلا باشقىلار دېگەندەكلا يامان نەرسە ئوخشايدۇ..“ دەپ ئويلىدى،. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم سۆھبەتلىشىشى ئىدى.

— مەن ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقلىرىنى سوراي دەپ ئۆزۈم چىققانىدىم،... — دېدى ئۇ ياسىما دوستانىلىقىنى ئانچىۋىلا قاملاشتۇرالماي، — ئەلىنىڭ ئىشىنى دەپ چارچىدىلا، ... — شۇئان ئۇنىڭ مەنمەنلىكى، جاھىل خاراكتېرى بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشقا يول قويمىدى.

— ھېچقىسى يوق، ئەھۋال سوراپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.

قادىر ھاجى مەتىلى ئەپەندىنىڭ مۇئەللىملەر بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىمۇ، ئاتىلار ھەيئەتلىرى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىمۇ بىللە بولدى. مەتىلى ئەپەندىنىڭ كەيپىياتى سۆھبەتلەردىمۇ قىزغىن بولمىدى. سابىت ئۇنىڭ نېمىشقا ئۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغۇسى كەلسىمۇ تىلى بارمىدى.

ئەتىسى ئۇلار يولغا چىقىپ كوكاڭغا كەلگىچە مەتىلى ئەپەندى ئۈنچىقارماي ماڭدى. شۇ يەرگە كەلگەندە ئاندىن سابىتقا يۈرىكىدىكىنى ئاشكارىلىدى:

— ساقچى ئىدارىلىرى بىزنىڭ ئارقىمىزدىن پايلاقچى ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم،— دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — ھازىر ھۆكۈمەت مەھمۇد سىجاڭنى يوقىتىۋېتىشنىڭ كويىدا. شۇڭا بۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك باھانە تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغانلىقىمىزنى، ئۇلار مەھمۇدنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيانى ئۈچۈن مۇرت توپلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش دېيىشىپتۇمىش.ئەنە قارا، تۇنۇگۈن قادىرھاجى ئالاھىدە بىزنى يوقلاشقا ئۆزى كەپتۇ ئەمەسمۇ...

— شۇنداق بولغاندا ئەھۋال بەك جىددىيمۇ؟— سابىت جىددىيلىشىپ سورىدى.

— بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ھەر ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ... — سابىت ئۈنچىقارمىدى. تەۋپىق سۆكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئوغلۇم، تىرىشىپ ئۆگەن،... بىز ئۈمىدىمىزنىڭ سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا كۆچكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. ئەمدى بىر ئىلمىي خادىم بول، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى خەلقىمىزگە ھەممىدىن زۆرۈرى مەنىۋى قورال. ئۇنىڭسىز تانكا، ئايروپىلانلار بىلەن قوراللانغانمۇ بىكار... — سابىت ئۇنىڭ جىكىلەشلىرىنى گەپ قىلماستىن ئاڭلاپ ماڭدى. ئۇلارنى ساپېرىقتا ئوسمان قازاخۇنۇم كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئىزچىلارنى بىر كۈن قونۇپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى. ئاتۇشنىڭ بوسۇغىسىغىلا كېلىپ قالغان چاغدىكى بۇ تۇنەش ئاتا-ئانىسى ۋە ئائىلىسىنى سېغىنغان ئىزچىلارغا خېلىلا ئېغىر كەلدى. سابىت تېخى بۇگۈن كەچ گۈلزادىنىڭ قۇچىقىدا بولىمەن، ئۇ قارا قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ، تۈگىمەس سوئاللار بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ، دەپ چېكى يوق شېرىن خىياللارنى سۈرگەنىدى. ئەمدى بولسا قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىغا كېلىپ قالغان ۋىسال شاتلىقىدىن قىزىپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدى ئاستا- ئاستا سوۋۇپ ئۆز ھالىغا كەلدى. تەۋپىقمۇ مەلىكىزادىنى سېغىنغانىدى، ئۇنىڭ سېغىنىلىشىرىنى ئەڭ نازۇك سۆزلەر بىلەنمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ كۈنى كېچىسى ئىزچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ

قالغان چاغدا ھويلىدا ئاستا مېڭىپ يۈرۈپ، ئوي- خىياللىرى بىلەن سىردىشىپ، سالقىنلاپ يۈردى. پېشايۋان ئالدىدىكى باراڭنىڭ ئاراشلىرىدىن زەيتۇنرەڭ ئاسماننىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرى كۆك تاۋاننىڭ پارچىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ باراڭ ئاستىدىن چىقىپ كۆككە باقتى. ئۇلار كەتكەندە تومۇزىدى. ئەمدى كۆز كىرىپ قالغانىدى. تەۋپىق مانا مۇشۇنداق سېنتەبىر ئاخشىمىنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق ئاخشاملىرى دېڭىز بويىدا سەيلە قىلىش ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىدى. ئاسمان بىلەن دېڭىز بىر رەڭدە بولۇپ، يىراق چېتى بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ شۇتاپ يېنىدا ئەدىبە بارەكلا ھېس قىلدى... ئاستا- ئاستا ئۇنىڭ خىيالى قاناتلىنىپ ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزغىن غايىسىگە، كەتتى... ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھاياتى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئاخىر ئۇ يەنە بۇگۈنكى رېئاللىققا قايتىپ كەلدى. ئەتە ئاتۇشقا يېتىپ باراتتى. ئاتۇشقا قانداق يېڭىلىقنى ئېلىپ كىرىش ھەققىدە قىزغىن ئويلارغا غەرق بولدى. كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ نېرىۋىلىرىنى شۇنچىلىك سەگەكلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى.ئۇ كۆڭلىدە بۇ ساپ ھاۋالىق سېنتەبىر كېچىسى ھەققىدە لىرىكا توقۇشقا باشلىدى...

ئەتىسى ئىزچىلار يۈرتقا قايتىپ بېرىش قىزغىنلىقىدا ئىنتايىن روھلۇق تۇرۇشتى. ئىشتىلا، چۈگە كەنتلىرىنى ئارىلاپ بېغىرىققا كەلدى. بەشكېرەم بازىرىدا ئاخىرقى بىر مەيدان ئويۇن قويۇپ، بەشكېرەم لەنگەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمالتاغنى قاق ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان "ئىت يولى" بىلەن ئاتۇش لەڭگەرگە چىقىشتى. ئۇلار ئەمدى زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلىشمايتتى. ئاچيار بويىغا كەلگەندە تەۋپىق ئىزچىلارنى توختاشقا بۇيرىدى.

— ئارام ئېلىڭلار، ئەزىمەتلەر، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— ھارمىدۇق، ئەمدى ئاز قالغاندا دەم ئېلىپ يۈرمەي مېڭىۋېرەيلى، — دېيىشتى، يۇرتنى سېغىنغان ياشلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا بىر ئايچە بولۇپ قالغانىدى.

— يۇرتقا مۇشۇنداقلا قايتىپ كىرىمىزمۇ؟ — دېدى تەۋپىق ئىزچىلارغا

سىناش نەزەرىدە قاراپ.

— ئەمىسە...؟

— ھېچ بولمىسا بىرەر يېڭى ناخشا ئېلىپ بارمامدۇق؟ بىر نەرسە يازمامسىلەر؟

— بىزگە قالسا ئىش ئارقىدا كېتىدۇ، — دېدى قۇربان جاپپار، — ئۆزىڭىزلا...

— شۇنداقمۇ؟ — مەمتىلى ئەپەندى يارنىڭ كۆك يانتاق بېسىپ كەتكەن قىرغاقلىرىدا ئۇيان- بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى گاھ تىك كۆتۈرۈپ كۆككە باقسا، گاھ يەرگە سېلىپ ماڭاتتى. ئىزچىلار ئۇنى بىرەر ناخشا ئىجاد قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىنى قىلغاچ، ئۇستازىنىڭ يېڭى ناخشىسىنى كۈتۈشتى.

بىردەمدىن كېيىن تەۋپىق ئىزچىلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

— ھازىرول! — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا بۇيرۇق قىلىپ. ئىزچىلار تېزدىنلا قاتار تىزىلدى، — ئۇنداق بولسا يۇرتىمىزغا ئوقۇغاچ كىرىدىغان يېڭى ناخشىنى ئۆگىنەيلى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلارغا ناخشا ئۆگىتىشكە باشلىدى.

ئۇلار ناخشىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاچيادىن ئۆتۈپلا يېڭى ناخشىنى ياڭرىتىپ، بويامەتنى كېسىپ ئۆتۈشتى:

سەپەر قىلدۇق، تاغلار ئاشتۇق،
يېڭىلىقتىن نۇرلار چاچتۇق.
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق.
ئىشسىز بىكار ھەم قالمىدۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

پىيادە چۆللەردىن ئۆتۈپ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغىتىپ.
كونىلىقنى قورقۇتۇپ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

— مەمتىلى ئەپەندى قايتىپ كەپتۇ!....
— ئىزچىلار قايتىپ كېلىۋاتىدۇ!

بويامەت خەلقى سېغىنىش ھېسياتى بىلەن كوچىلارغا چىقىپ، ئىزچىلارنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋالدى ھەم باغرى قاناماسلىق تۈيغۇسىدا ئۆزىتىپ قالدى. نىزامىدىنمۇ زورىخان بىلەن خەلق توپىدا بارىدى. مەمتىلى ئەپەندى جەڭگىۋار سەپ بىلەن كېتىۋاتقاچقا يولدىكى خەلققە كۈلۈمسىرەپ قاراپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. نىزامىددىنىنىڭ باللىرى — غېنى، ئايىمگۈل، رەجەپلەر:

— موللىكا! موللىكا توختاڭ،... — دەپ توۋلاشقىنىچە ساي بويىغىچە ئەگىشىپ ئىزچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ كەلدى.

ئۇلار تېجەنگە كەلگەندە بۇ يەردە ئابدۇقادىرھاجى ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

— سەپىرىڭلارنىڭ ئاخىرقى تۈنىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈڭلار، — دېدى ئۇ.

بۇ تۈنەش ئائىلىسىدىكىلەرگە چەكسىز ئىنتىزارلىق ئازابى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى پۈتۈن يۇرت ئاڭلاپ بولغانىدى. كۈتۈشتىن تاقىتى- تاق بولغان ئاتا- ئانىلارنىڭ بەزىلىرى تېجەنگە ئالدىرىدى. مەلىكىزاد بىلەن گۈلزادە بولسا بارلىق خۇشاللىقى يوقىتا چىققاندەك لەسسىدە بولۇپ قالدى.

# ئونىنچى باب

## 1

سېنتەبىردىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتمىدى. بۇ مەزگىلدە لىيۇبىڭنىڭ ”مەھمۇد سىجاڭنى يوقلاش“ باھانىسى بىلەن بۇ تەرەپكە قاتنىشى كۆرنەرلىك كۆپىيىپ قالغان، ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ ”كۆز- قۇلاقلىرى“ نىڭ بەزى مۇھىم شەخسلەرنى پايلىشى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. يىلنىڭ بۇ ئالتۇن پەسلى يېغىلىق تەرەپدارىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق ئورنىغا، كۆڭۈللەرگە ئەنسىزچىلىك، چىرايلارغا غەمكىنلىك بەخش ئەتكەنىدى.

بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئەفرىسسىف قەشقەرگە كەلگەنىدى. ئەفرىسسىف بىلەن مەھمۇد مۇھىتى 6- دېۋىزىيىنىڭ ئىشتابىدا كۆرۈشتى، كۆرۈشۈشكە ئابدۇللا دامولla نەئىمى، ئېبېرخوفلار قاتناشتى. ئۇلاردىن باشقىلار بىللە بولمىدى.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قەلبىدە تەسەللىيسىز تەشۋىشلەر ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرسىمۇ، ھەربىيلەرگە خاس قىياپىتىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزەلمىگەنىدى. ئۇ ئەلچىنىڭ چىرايىدىن بىرەر نەرسىنى ئالدىن بېلىۋېلىشقا تىرىشىپ، بىلىندۇرمەي قاراپ قويدى. ئەمما ئەفرىسسىفنىڭ چىرايىدا دېپلوماتلارغا خاس ئىپادە باردى ياكى ھېچقانداق ئىپادە يوقىدى.

— مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم،— دېدى ئەفرىسسىف يەنىلا ئىپادىسىز چىرايىنى مەھمۇد سىجاڭغا قارىتىپ، — كېلىشىمدىكى ئاساسىي مەخسەت شۇ. سىز بىلەن كۆرۈشۈشتىن مەخسەت بولسا، ئۆز- ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش.

مەھمۇد مۇھىتى يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەخسىتىنى ئۇقالمىدى. شۇڭلاشقا ئەفرىسىفكە نېمە دېيىش مەسىلىسىدە تارىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئەمما گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېلىشىمۇ توغرا بولمايتتى.

— چۈشۈنۈش ھاسىل قىلماقچى بولغان بولسىڭىز مېنى بەك خۇرسەن، قىلىسىز، سىز بولۇپمۇ قايسى جەھەتلەرگە بەكرەك قىزىقىسىز؟

— سىز ھازىرقى ھۆكۈمەتكە نېمە دەپ قارايسىز؟ يەنى بۇ ھۆكۈمەت سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا مۇۋاپىقمۇ؟ — ئەلچى شۇ قەدەر ئوڭايسىز سوئاللارنى سوراۋاتقاندىمۇ چىرايىدا قىلچىلىك خىجىللىق ئىپادىسى بولمىدى.

مەھمۇد مۇھىتى ئاقسۇدا خوجانىيازھاجى بىلەن بولغان ئاخىرقى چاغلىرىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا خوجانىيازھاجى دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ ۋاستىسى بولۇشى، سالا قىلىشى بىلەن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ خوجانىيازنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈشىنى ماقۇل كۆرمىگەنىدى. لېكىن خوجانىيازھاجى بەربىر رەئىسلىكنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدە نارازىلىق قېلىۋەرگەنىدى. ئەمدى بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قانداق ئىشقا سايە قىلماقچىدۇ؟ ھەر ھالدا بۇلارنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈللۈك بولمايدۇ! ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاش كېرەكمۇ ياكى يەنە ۋاقىتلىق يوشۇرۇش كېرەكمۇ؟ قورققانلىقىمدىن يوشۇرىمەنمۇ؟ ئاشكارىلاش كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈن زىيان كەلتۈرمەسمۇ؟ ھەر ئىككىسىگە ياتمايدىغان مەجھۇل سۆزدىن بىرنى تېپىپ نۆۋەتنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرەي... مەھمۇد مۇھىتى ئىنتايىن چاپسان پىكىر قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر قەدەم ماڭسىلا ئۇرۇقىدىن بىرنى قارشى تەرەپ يۆتكىدىغان ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزلىدى ۋە ئاخىر:

— سىزنىڭ قارىشىڭىزچۇ؟ مېنى قانداق دەپ چۈشىنىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— پەمىمچە، — دېدى ئەلچى سىر بەرمەسلەرگە خاس ئۇستىلىق بىلەن، يەنە بىر قەدەم قىستاپ كېلىپ، — ھاجىنى رەئىسلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئارىچى بولۇپ كەلگىنىمدە سىز ھاجىغا تەكلىپىمنى قوبۇل قىلماسلىق

پىكرىنى بەرگەنىدىڭىز، هازىرمۇ سىز شۇ ھېسياتتىمۇ قانداق؟

مەھمۇد مۇھىتى بىرىنچى بولۇپ ئورۇقلىرىنى يەم قىلىشۋەتكۈسى كەلمەي، زىيانسىز ھەم پايدىسىز يولدىن يەنە بىرنى تېپىپ مېڭىپ، نۆۋەتنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى.

— بۇ سىزدىكى گۇمانمۇ ياكى مېنىڭ مەيدانىم ھەققىدە بىرسىدىن ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— بۇ سىر ئەمەس، ئەپەندى، سىز ھېلىمۇ ھۆكۈمەتتىن نارازى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئەفرىسىف يەنە قىستاپ كېلىپ، — ئەنسىرىمەڭ، مەن سىزنىڭ تەقدىرىڭىزدىن قايغۇرىمەن، سىزدەك ئېزىلگەن ئەلدىن چىققان كاتتا ئادەمنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەننى ئايىمايمەن، ئەمما، سىز ئەقىل پاراستىڭىزنى بىرلىك يولىغا بېغىشلاڭ.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ غەزىپى ئۆرلەشكە باشلىدى. كالتە سېرىق ساقاللىرى دىرىلداپ، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ دۆگلەكلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇرۇقتىن بىرنى دادىل مېڭىپ، رەقىبىنىڭ قانداق يەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى:

— ئەگەر، ھۆكۈمەت مېنى دۈشمەن دەپ قاراپ، يۇقۇتۇۋېتىشنى ئويلاۋاتقان بولسىچۇ؟

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، — ئەلچى خاتىرجەملىك، ئىشەنچ بىلەن باش چايقىدى، — بۇنداق بولىدىغان بولسا ھاجىنى رەئىسلىككە تەكلىپ قىلمايتتى، سىزنى قەشقەر گارنىزونىغا قوماندان قىلمايتتى.

— بۇ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ تەقەززاسى ئىدى. ئەمما ھازىرچۇ؟

— ھازىرمۇ؟ ھازىرمۇ ئوخشاشلا ھۆكۈمەت سىزنى ئۆزىنىڭ خادىمى دەپ قاراۋاتىدۇ، سىز شۇ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ بىر گېنېرالىغۇ؟ — ئەلچى ئىلاجى قىلىپ مەھمۇد مۇھىتىنى ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا قىستىماقتا ئىدى.

— ئەجەبا ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ خادىمىنى نېمىشقا يەكلەيدۇ؟

— مەسىلەن؟

— ھۆكۈمەت ئەينى ۋاقىتتا گەرچە ۋەزىيەتنىڭ ئالدىرىتىشى تۈپەيلى بىزنى 6- دىۋىزىيە قىلىپ، ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ چاغدا قىلىغىنى ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. بۈلتۈر كۈزدىن باشلاپ 6- دىۋىزىيىنىڭ تەمىناتى ۋاقتىدا بېرىلمەيدۇ ياكى تولۇق بېرىلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۆزى ئەسكەرلەر بىلەن كوماندىرلار ئارىسىغا ئىختىلاپ تېرىش، شۈبھە تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق، سىز يېڭىلىشىۋاتىسىز، — دېدى ئەلچى بېشىنى چايقاپ، ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك خاتىرجەم ئىدى. — بەش قولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولامدۇ؟ بەزىدە ھۆكۈمەتمۇ ھەممە ئىشقا تەڭ يېتىشىپ كېتەلمەيدۇ - دە، بۇنى قانداقمۇ دۈشمەنلىكنىڭ ئالامىتى دېگىلى بولسۇن؟

— يېڭىشەھەردىكىلەرگە ۋە باشقا قىسىملارغا ھەممە نەرسە ۋاقتىدا ۋە تولۇق بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغۇ؟ بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

— بايا دېدىمغۇ، بەش قولنى تەڭلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدۇ. گاھىدا سىزگە بالدۇر بولىدۇ. بۇنداق سېلىشتۇرۇش بالىلىققۇ.

— ياق، بۇ ھەمىشە شۇنداقلا بولۇۋەرگىنى نېمىسى؟ دىۋىزىيىمىز نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى. چۈنكى ھەمىشە تەمىنات، مۇئاش يېرىم - ياتا.

— ھازىر ھۆكۈمەتتە قىيىنچىلىق بار، ئىقتىسادچىلراق بولساڭلار بولدى ئەمەسمۇ؟ بارنى يىيېتىشتۇرۇپ ئىشلەتسەڭلار، بولمامدۇ؟

— ئەجىبا بۇ قىيىنچىلىق پەقەت ئالتىنچى دىۋىزىيىنىڭ ئۈستىگىلا چۈشەمدۇ؟ بىز ھەتتا باشقا قىسىملارنىڭ تەمىناتى ئاشۇرۇپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، كۆچەيتىلىۋاتقانلىقىنى ھەم بىلىمىز.

— بۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجى، ئېھتىيات يۈزىسىدىن شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. ئېيتايلۇق سىز، تەمىنات، مۇئاش يېرىم-ياتا دېگەننى باھانە قىلغىنىڭىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە نىيىتىڭىز باشتىن- ئاخىر ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش. مەن سىزگە سەمىمىي نەسىھەت قىلىمەن، ھەرگىز بۇنداق نىيەتتە بولماڭ. ئاستا- ئاستا دۆلىتىڭىزلارمۇ بىزنىڭ ئېلىمىزدەك بولىدۇ. ئەمما سىزغۇ سوۋېتكىمۇ بەك قارشى. بولدى، بولدى، ئۆزىڭىزنى ئاقلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىلىمىز، ئىككى يىلدىن بېرى قەشقەردە بولۇنغان كوممۇنىزىمغا

قارشى تەشۋىقاتلارنى كىم قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ پانتۈركستلەرنى، پان ئىسلامچىلارنى، كوممۇنىزىمغا، سوۋېتكە قارشى جاھىللارنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ كەلدىڭىز...

— مەن ھۆكۈمەتكە قارشى ئەمەس بولغاندىمۇ، ھۆكۈمەت مېنى قارشى چىقىشقا قىستاۋاتىدۇ.

— سىز ئەگەر قارشى ئەمەس بولسىڭىز، خەلقئارا جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈمىگەن بولاتتىڭىز!- ئەلچىنىڭ سۆزى دوققا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدا غەزەپلىك ئىپادە يوق ئىدى.

— نېمە؟!

— سىز باياتىن بىرى مەيدانىڭىزنى يوشۇرۇپ ھەر نېمە دېدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ ھۆكۈمەتتىن نارازى ئىكەنلىكىڭىز پاكىت! سىز ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىككى ئادەمنىڭ بىرى — مۆمىناخۇن دېگىنى قايتىپ كېلىش سەپىرىدە قولغا چۈشتى. ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى!

مەھمۇد مۇھىتى بۇ كەم ئۇچرايدىغان تۆھمەتنىڭ بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ توقۇلغانلىقىدىن ھەيران قالدى. ئۇ شۇنى ھېس قىلدىكى، ھۆكۈمەت ئۆزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بولۇپتۇ! ئۇ مۆمىناخۇنلارنى ياپۇنىيىگە ئەمەس، نەنجىڭغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاشنى ھار ئېلىپ، بىر خىل جاھىلانە ئىرادە بىلەن بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەلچىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇردى.

— ئۇنداق قىلماي ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىك ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتۈڭ، مەن سىزنى ھىمايە قىلماقچىمەن.

— كۆيۈنگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت!

— ئويلىنىپ باقارسىز، مەن كەتكىچە يەنە كۆرۈشىمەن.

مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشۈشنى خالىمىدى. ئەفرىسىنى مۇشاۋۇر ئېبىرخوفنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى. بۇمۇ ئالتىنچى دېۋىزىيىنىڭ يوقىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇندىن كېيىن دېۋىزىيىدىكى كادىرلار ئىچىدە ئارىسالدىلىق، كۆڭلى سۇۋۇش خاھىشلىرى ئاشكارە پەيدا بولدى. مەھمۇد مۇھىتى ئۈچۈن

ئىشەنچلىك بولغان ئادەملەرنىڭ تايىنى قالمىدى. ئۇ ئۆزىنى يەككە- يېگانە ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بەلكىم شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، ئۇ ھەر جۈمە كۈنى ئەڭ يېقىن مەھرەملىرىدىن 30 ـ 40 ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، مەپە بىلەن ئوپال تەرەپكە كېتەتتى. شىكار قىلىمەن دەپ ماڭسىمۇ، ئۆزى مەپىلىك، سىپاھلىرى پىيادە بولاتتى. بۇنىڭ شىكار ئۈچۈنمۇ ياكى ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈنمۇ بولىۋاتقىنى بەلگىسىز ئىدى.

2

بۇ ۋەزىيەت 6- دېۋىزىيىنى باشپاناھ بىلىپ كۆڭلى توق يۈرۈشكەن زىيالىلار ئىچىدىمۇ يامان تەسىر قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر ھەقىقىي بەشىرىلىرىنى ئاشكارىلاشقىمۇ ئۈلگۈرۈشتى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدا تېپىرلاشتى. بۇ ۋەزىيەت ئىلگىرى پارقىراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئالتۇن ياكى مىسلىقىنى ئايرىيدىغان بولدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئەفرىسىسىق كېلىپ كەتكەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىپ ئەنە شۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى كۆردى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى ۋە ئۇنىڭ بۇيامەتتىكى جەڭگىۋار ئەترىتىنى قۇراللاندۇرۇش ھەققىدىمۇ گەپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى سەزدۈرمەستىن، كەسىپداشلىرىغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرەتتى.

ئۇ بۈگۈن مەكتەپتىن يېنىپ ئابدىراخمان ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇنىڭ تۇل قالغان ئاياللىرى بۈۋىسارە، گۈلجامالالارنى ئۇ ھەر قاچان ۋاقىت چىقىرىپ يوقلاپ تۇراتتى. بۇ ئاياللار، بولۇپمۇ بۈۋىسارە ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق جۈپتى ئۈچۈن ھەر قاچان ياش تۆكەتتى. بۈگۈنمۇ بۈۋىسارە كۆز ياشلىرىنى ئۈنسىز تۆكۈپ، مەمتىلى ئەپەندىدىن تەسەللىي تاما قىلغاندەك قارىدى.

تەۋپىق بۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، ئابدىراخمانھاجىنىڭ پاجىئەسى، بالا- چاقىلىرىنىڭ نالە - زارىنى ئويلاپ

بىردىنلا تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇردا ئۆزىنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى پەيدا بولغانىدى. تەۋپىق قولغا ئېلىنغان، مەلىكىزاد بىلەن تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتى زار- زار يىغلاپ يۈرگەن بۇنداق تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىۋەتتى. ئۇنىڭدا ئاجىز، تۆۋەن كەيپىيات پەيدا بولۇپ، روھىي چۈشۈپ كەتتى. شۇئان ئايالىنى كۆرۈش، جاپسانىراق ئۆيگە قايتىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە يەنىلا ئاشۇ خىل ئىنتىزارلىق ئوتىدا يېنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئۆيگە كىرىپلا:

— مەلىكەم، بارمۇسىز؟ ياخشى تۇرىۋاتقانسىز؟— دېدى ئەنسىزلىك بىلەن.

— ياخشى. نېمە بولدىلا؟ نېمانداق ئەنسىزلىك قىلدىلا؟— دېدى ھەيران بولغان مەلىكىزاد. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ رەڭگىگە قان يۈگرەپ، گەپنى چاقچاقتا بۇرىدى:

— سىزنى نەچچە يىل كۆرمىگەندەكلا سېغىنىپ كېتىپتىمەن. ئۆزگىرىش بولمايۋاتامدۇ؟ ئۇ ئايالىنىڭ ئاي- كۈنى يېقىنلاشقاندىن بېرى پات- پات شۇنداق سوراپ تۇرىدىغان بولغانىدى.

مەلىكىزاد جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتسىلا ئۇنى قەشقەرگە — ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ قوياتتى. ئۇ ھالدا ئۇ مەمتىلىدىن ئايرىلاتتى. شۇسەۋەبتىن ئۇ خېلىدىن بېرى ئىككىلىنىپ يۈرەتتى. بىراق، تاساددىي مۇشۇ يەردە تۇغۇپ قويۇشتىنمۇ خىجىل بولاتتى. تۇنجى تۇغۇتنى ئەرنىڭ ئۆيىدە تۇغۇش ئاتۇشتا ئۆرپ- ئادەتكە توغرا كەلمەيتتى. ئۇ ئاخىر قەتئىي قارارغا كېلىپ:

— قەشقەرگە كەتسەممىكىن، ... — دېدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— مېنىڭ ئاپىرىپ قويۇشۇمنى خالامسىز، ياكى...؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— سىز ئالدىراش، ئاكامنىڭ باللىرىدىن بىرسى ئاپىرىپ قويسىمۇ بولىدۇ، — دېدى مەلىكىزاد.

مەمتىلى ئەپەندى ئۈنىڭ چىرايىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ، ئۈنىڭ تەنە قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

— بۇگۈنلىمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ھەئە، بۇگۈنلا...

مەمتىلى ئەپەندى دەرھال بۇيامەتكە بېرىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ دەرھال ئېتىنى توقۇپ مىندى ـ دە بويامەتكە يۈرۈپ كەتتى.

ئەسلىدە ئۇ ئايىمگۈلنى ۋە غېنىنى قوشۇپ، كىرا پوچتىسى ياللاپ يولغا سالماقچى بولغانىدى، زورىخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېيىن ئىنىسىنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپ:

— ئۈنداقلا ئۆزىنى يولغا سېلىپ قويساق دوست- دۈشمەن ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، قائىدە ـ يوسۇنغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئادەتتە تۈغىدىغان كېلىنىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىگەندە بىر نەچچە ئايال بىرگە ئاپىرىپ قويىدۇ. تېخى داستىخان راستلاش كېرەك،— دېدى.

— بۇنىسىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئەمىسە ئۆزىڭىز بىلىپ توغرىلىماسىز، بۇگۈن ماڭغىلى بولامدۇ؟— دېدى.

زورىخان بۇگۈن مېڭىشقا بولىدۇ دەپ خاتىرجەم قىلدى. ئاندىن ئايىمگۈلنى ھەمرا بولۇپ بارىدىغان بىر نەچچە ئايالغا خەۋەر قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى دەرھال داستىخان ئۈچۈن قازانغا تۇتۇش قىلدى.

مەمتىلى ئەپەندى قايتىپ كېلىپ ئۆيدە كۈتۈپ تۇراتتى. ئىككى سائەتچە ۋاقت ئۆتكەندە زورىخان باشلىق بىر نەچچە ئايال، ئايىمگۈل يېتىپ كەلدى. بۇلارغا مەشھەدتىكى قوشنا ئاياللاردىنمۇ بىر نەچچىسى قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر بۇ مېھماندارچىلىق قوشۇنى يولغا چىقىشقا تەييارلاندى.

مەلىكىزاد ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا مەمتىلى ئەپەندىگە مۆلدۈرلەپ تىكىلدى. بۇ تىكىلىشكە چەكسىز ئامراقلىق يوشۇرۇنغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئايالنىڭ ھويلىغا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەلىكىزادنى يەڭگىل قۇچاقلاپ، قىزىل لەۋلىرىگە بىرنى سۆيدى ۋە:

— ئامان بولۇڭ، سۆيۈملۈكۈم، ئەگەر ئوغۇل تۇغسىڭىز ئىسمىنى ئىتىسقلال قويۇڭ، قىز بولسا ئەدىبە قويۇڭ. خۇدا سالامەتچىلىكنى نېسىپ

قىلار.

مەلىكىزاد بارلىق ئاياللارغا ئوخشاشلا كۆزنىگە لىق ياش ئالدى ۋە ئۆمچىيىپ، گەپ قىلالماستىن هويلىغا قاراپ ماڭدى. بىردەمدىلا ئاياللارنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭى، ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، كۆڭلىدە پەيدا بولۇۋاتقان غېرىبسىنىشنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. مەمتىلى ئەپەندى تاكى ئاياللار هارۋىغا جايلىشىۋالغىچە، مەلىكىزادقا قاراپ تۇردى. هارۋا قوزغىلىپ قۇمباغدىن چىقىپ كەتكىچىمۇ تۇرغان جايىدىن قوزغالمىدى.

*

**

ئەتىسى كەچقۇرۇندا ئايىمگۈللەر بىلەن باشقا ئاياللار قايتىپ كېلىشتى. ئايىمگۈل مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئانامنى خانئاچام كەتكىلى قويماي تۇتۇپ قالدى. ئانام ئەتىگىچە كېلىمەن دەپ قالدى. — دەپ خەۋەر قىلدى.

— خانئاچاڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟— دەپ ئاسماقچىلاپ سورىدى، مەمتىلى ئەپەندى.

— شۇنداق ئوخشايدۇ. لېكىن ئۆزى گەپ قىلمىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتىلا يەڭگىيىدىغانلىقىنى، ئەسلىدە ئۇنىڭ تولغىقى تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردىلا باشلانغانلىقىنى پەملىدى. دېگەندەك ئەتىسى كەچقۇرۇن زورىخان قايتىپ كەلدى. ئۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىكەن.

— مەلىكىزاد تېنچ- ئامان يەڭگىۋالدى. ئۆزى خېلى تېتىك، بوۋىقىمۇ بودىلاقتەك،— دېدى ئۇ خۇش خەۋەر قىلىپ، مەمتىلى ئەپەندى بولسا ئۇنىڭ ئايالارغا خاس ئۇششاق سۆزلۈك بىلەن گەپنى سوزۇپ، ئەڭ مۇهىم يېرىنى دېمەيۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ:

— بۆرىمۇ- تۈلكىمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ بارلىق دادىلاردا بولىدىغان قىزىقىش ئىدى.

— تۈلكە،— دېدى زورىخان. هەم دەرهاللا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دېگەندەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى،— تۈلكە بوغىنى بىلەن بۆرىگە بەگۈسىز...

— مەيلى، يەڭگە، تازا كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بوپتۇ، ئۆزى سالامەت بولسىلا بولدى. بۆرە تۈلكىسىنىڭ پەرقى يوق، ئاللاھنىڭ بەرگىنى. ھەممىسى ئۈچۈن مەن خۇشال،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى. ئۇ ئەمدى ئەدىبەنى ئۆز ئۆيىدە كۆرۈپ تۇرالايدىغان بولغىنىدىن خۇشال ئىدى.

ئۇ زورىخان كەتكەندىن كېيىنمۇ قىزىنىڭ قانداقراق جان ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن بولدى. نېمىدۇر بىر نەرسە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پات- پاتلا قىزىتىپ تۇراتتى. قولى ئىشقا بارمايلا قالدى. شۇ كېچىسى ئۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭدا تۇنجى رەت پەرزەنت كۆرۈپ تۇرغان ئاتىلاردا بولىدىغان خۇشاللىق، بەختىيارلىق تۇيغۇرسى ھۆكۈمران ئىدى. گەرچە ئىلگىرى تاتار ئايالى سەرۋەردىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، ئوغلى يېرىم ياشقا كىرگەندىلا ئايرىلىپ كەتكەچكە، بالا مېھرى، ئاتىلىق مۇھەببەت ئۇنىڭغا قايتاباشتىن يېڭىلىققا ئايلانغان ئىدى. ئۇ كېچىچە ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا باشلىدى. چۆچەكتە ئۆتكەن ھاياتى،... سەرۋەرگە ئۆيلەنگەنلىكى، سەۋەرنىڭ يەڭگىگەنلىكى،... ئوغلى ئابدۇسەمەت، ... كېيىن شەمەيگە چىقىپ كەتكەنلىكى، ئاندىن ئوغلىنى ۋە ئوقۇمۇشلۇق خوتۇنىنى قويۇپ تۈركىيىگە كەتكەنلىكى. تۈركىيىدىكى ھاياتى،.. دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش، ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ياردىمى، ئۇنىڭ قىزى ئەدىبەنىڭ مۇھەببەتلىك قارشىلىرى... تۈركىيە قىزى ئەدىبەنىڭ ئىسمىنى قىزىغا قويۇش بىلەن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇنجى ئوغلى ۋە ئوقۇمۇشلۇق خوتۇنى سەرۋەرمۇ يادىغا يەتتى. ”ھازىر ئابدۇرسەمەت سالامەتلا بولسا سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇ توشقان يىللىق ئۇ ئەگەر قېشىمدا بولسىلا، سىڭلىسى بىلەن بىر جۈپ قىزىل گۈلدەك ئۆتەتتى - دە،... ئۇلار چۆچەككە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن... ئۆگەي دادىنىڭ قولىدا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىسى بولمىدى. مەن تازىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلدىم...“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كۆزلىرى ئېچىشىپ كېتىۋاتسىمۇ كۆزى ئىلىنمەستىن يېتىپ، تۈن يېرىم بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ھويلىدا بىر نېمىنىڭ ئاۋايلاپ ماڭغان ئاۋازى، تامغا سۈركەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەمتىلى

ئەپەندى دىلىڭ چۆچۈپ، ئورنىدا ئولتۇرۇپ، نەپەسىنى توۋەنلىتىپ سىرتقا قۇلاق سالدى. جىمجىتلىق...

بۇ ئۆزۈمنىڭ خاتا سەزگۈسى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ياتاي دەپ تۇراتتى، دېرىزە تۈۋىدىن بىر سايە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى، ئارقىدىن هويلا تېمى تۈۋىدە بىر نېمە گۈپ قىلىپ سادا چىقاردى. شۇندىلا مەمتىلى ئەپەندى ئىشىنىڭ تازا ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئاستا، ئېهتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كەشىنى سايپتى ۋە تۆشۈك تەرەپتىن سىپاشتۇرۇپ كەكىنى تاپتى - دە، ئىشىكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىردەم جىم تۇرۇپ تىڭشىدى ۋە شەپە چىقارغۇچى گۇمانلىق نەرسىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئوبدان قىياس قىلىۋالغاندىن كېيىن ئىشكنى ناهايىتى تېز ئاچتى - دە، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ بولدى. بىرقارا نەرسە هويلا تېمىدىن يېرىم گەۋدىسىنى چىقىرىپ، دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى. ئۇ نېمە بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە بولغان كۆز- يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلقتا مەمتىلى ئەپەندى كەكىنى قارا كالەڭگۈگە قارىتىپ قاتتىق ئاتتى. سايە ئىختىيارسىز ”ۋاي!“ دەپ ۋارقىرىدى - دە، چۈشۈپ كەتتى. هويلا ئىشىكنى ئېچىپ چىققاندا ئېگىز بويلۇق بىرسى خېلى يىراقتا قېچىپ كېتىۋاتاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بايا نامەلۇم كىشى تۇرغان جايغا بېرىپ قاراپ باقتى. ئۇ بۇ يەردە بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاچىسىغا دەسسەپ، تامدىن يېرىم گەۋدىسىنى چىقىرىپ تۇرغانىكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئېرىق ئىچىدىن كەكىنى ئىزلەپ تېپىپ، هويلىغا قايتىپ كىردى.

هويلىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىرگۈسى كەلمەي كۆككە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ”ئۇ كىم؟ ئوغرىمۇ؟ ياق، ياق. ئوغرى دېگەن باينىڭ ئۆيىگە كىرمەي، هچقانداق روزغارى بولمىغان ئادمنىڭ ئۆيىدە نېمىش قىلار؟ ئۇ ئوغرى ئەمەس! ئەمىسە كىم؟ دۈشمەنمۇ؟ ئەلۋەتتە دۈشمەن! قانداق دۈشمەن؟ پايلاقچىمۇ؟ سۇيقەستچىمۇ؟ هەر ئىككىلىسى بولۇشى مۇمكى... بۇ ئۆلارنىڭ تۇنجى قېتىم كېلىشىمۇ؟ ياكى مېنىڭ تۇيغىنىم تۇنجى قېتىممۇ؟...“ ئۇ بىپايان دېڭىزدەك كۆك ئاسمانغا قاراپ، قارىيىپ كۆرنىۋاتقان دەرەخلەرگە قاراپ ئۇزاق تۇردى. سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىقى كۈنلىرى بولغاچقا

كېچىسى تېمپېراتۇرا خېلى تۆۋەنلەيتتى. ئۇ توڭۇشقا باشلىغاندىلا ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئەمما يەنىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇيقۇسىزلىق ئازابىدىن تاشقىرى ۋەھىمىلىك خىياللار زىڭىلدىتىۋەتكەن بېشىغا ئارام بەرمەي كېلىۋالغاچقا كىتابتىكى سۆزلەر زادىلا مېڭىسىگە كىرمىدى. شۇنداق قىلىپ تۈننى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋەتتى. باش توخۇ چىللىغاندىلا يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى كېيىپ، ھويلىدا گىمناستىكا ئوينىدى. ئاندىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇياق- بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇ تاكى ناماز بامداتقىچە ئەنە شۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن ۋاقت ئۆتكۈزدى.

ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆي ئىگىسى نىزاخۇن كۆردى ۋە:

— ئارامىسىرلاندىڭىزمۇ، ساقلىغىڭىز يوقمۇ؟ كېچىچە ئۇخلىماي چىقتىڭىزغۇ دەيمەن،— دېدى ئۇ.

— ھەئە، سەل ساقلىقىم يوق، كېچىسى تالاغا چىقىپ تۇردۇم،— ئۇ شۇنداق دەپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ تاھارەت ئالدى ۋە جامائەتكە قوشۇلۇپ ناماز بامداتنى ئوقۇغىلى مەسچىتكە ماڭدى.

نامازدىن كېيىن كېسەللەرنى كۆرۈپ بولۇپلا مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ناشتا قېلىشنى تامامەن ئۇنۇتقانىدى. موھىمى ناشتىلىق تەييارلاپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا ئۇنىڭ تۇرمۇش تەرتىۋى ئىزدىن چىققاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىزچىلارنى يىغىپ، بۈگۈندىن باشلاپ بازار ۋە ئەتراپتىكى يېزىلارنى ئوبدان چارلاشنى، گۇمانلىق ئادەملەر بارمۇ-يوق، دىققەت قىلىشنى بۇيرىدى. ھەمدە ئەسلىكرەك ئىزچىلاردىن بىر نەچچىسىگە كېچىسى ئۆزى كۆرگەن ئىشلارنى قىسقا ۋە ئاددىي قىلىپ سۆزلەپ بەردى ۋە نامەلۇم ئادەمگە كەكە تەككەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۈزى ياكى بېشىدا جاراھەت بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئاشۇنداق ئادەملەر ئۇچرىسا داۋراڭ قىلماستىن ئۆزىگە خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدى.

ئىزچىلار كالتەك ۋە بايراقچاقلىرىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتتىگەنلىك دەرسكە كىرىش ئۈچۈن سىنىپقا قاراپ ماڭدى.

مەمتىلى ئەپەندى دەرسنى ئىنتايىن تەستە تۈگەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە

قاتتىق بىر ۋەھىمە كىرىۋالغان بولۇپ، ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇ ۋەھىمىنى كۆڭلىدىن قوغلاپ چىقىرالمىدى. كۆن بويى قولى ئىشقا بارمىدى. شۇنداق سەراسىملىك ھالەتتە تۇرۇپمۇ تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتمىدى. مۇئەللىملەر ئارىسىدا ئۆزى كۆرگەن بۇ شەرمەندىچىلىكنى سۆزلەپمۇ يۈرمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىشنى خالىمىغانىدى.

ئۈنىڭدىكى قىزغىن سىياسىي ئېتىقاد، گۈزەل غايىلەرنىڭ ئوتى ئۆچكەنىدەك، ئۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىدىلا بولىدىغان ئاجايىپ پېرسوناژلاردىن بىراقلا رېئال شەخسكە ئايلانغانىدەك ئەمدى ئۇنى ئاللىقانداق تەشۋىشلەر ئارىغا ئېلىپ قىسىشقا باشلىغانىدى. غايە ئۈچۈن قوربان بولۇش ئىرادىسى ئورنىغا ياشاپ قېلىش خاھىشى مەزمۇت ئاياغلىرى بىلەن دەسسىۋالغانىدەك قىلاتتى. ئەمدى ئۈنىڭدا ئۆي- مۈلۈككە تارتىنىش، خوتۇنىغا تارتىنىش،...تەك پاسسىپ جاھانسازلىق قەيسەر، قەھرىمانانە ئىرادىگە، قۇربان بولۇشتىن قورقماسلىق ئىرادىسى ئالدىغا توغرا تۇرۇۋېلىۋاتقانىدەك قىلاتتى. ئۈنىڭ مەخلۇق (ھايۋان)لىق خۇسىيىتى، يەنى ھايۋانلار توپى بىلەن ئوخشاش چاغدىكى ئادەم— يەنى، غايە، سىياسىي مەسلەككە ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇشتىن مۇستەسنا ھالدىكى ئادەمنىڭ — خۇسۇسىيىتى، ياشاش، پەرزەنت ۋە ئۆۋۈسىنى قوغداش ئىستىكىلا قالغانىدەك، باشقا تۈيغۇلاردىن خالاس بولۇپ كەتكەندەك ۋەسۋەسە ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، يولدا ئۈچرىغانلارنىڭ سالىمىنىمۇ ئاشۇنداق تۇمانلىق تۈيغۇلار قورشاۋىدا تۇرۇپ قوبۇل قىلدى. بۇ سالاملار ئۈنىڭ ئېسىگە ھايۋانلار توپىدىن بۆلىنىپ چىققان ئادەملەرنى كەلتۈردى. بۇ سەزگۈ بولسا ئۈنىڭدا غايىلەرنىڭ ئوتىنى پۈۋلەپ يالقۇنتىش رولىنى ئوينىدى. ئۇ شۇنداق خىتاپ قىلدى:

— بارلىق قەھرىمانلارنىڭ روھى، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتەن مىللەت ئىشلىرىغا بەخش ئەتكەن قەھرىمانلارنىڭ روھى، ئۆي- مۈلۈك ۋە ئۆزىنىڭ جېنىنى توغرىسىدا ئويلىمىغان بۈيۈك قەھرىمانلارنىڭ روھلىرىنى مەندە مۆجەسسەم ئەيلە، يا رەببىم!... — دەپ خىتاپ قىلدى ئۇ.

ئۈنىڭدا مەلىكىزاد ياتقان ئۆي ئەتراپىدىمۇ ئەنە شۇنداق گۇمانلىق

كۆلەڭگۈ! ئەگەر يۈرگەن بولسىچۇ؟ دېگەن دەھشەتلىك پىكىر ئويغىنىشى بىلەن، تۇتقاقلىقى باردەك تىترەپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزىنى رەھىمسىز ئەيىبلىدى: ”ئاۋازىڭ شۇنچىلىك ياڭراق ۋە كەسكىن چىقاتتى، بۇنىڭدىن خېلى قەھرىمانلىق قولۇڭدىن كېلىدىغاندەك قىلاتتىڭ ھالىڭ شۇمۇ؟ سىناق مەيدانىدا كىملىكىڭ ئاشكارە بولدىغۇ!...“، ”بىراق، دۈشمەنىڭ دۈشمىنى مەنغۇ؟ ئاجىز مەزلۇمدا نېمە گۇناھ؟ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بوۋاقتا نېمە گۇناھ؟ ئۇمۇ رەڭگارەڭ شەئىي بىلەن تولغان دۇنيانى كۆرىشى كېرەكقۇ؟ ئۇ دۇنياغا كېلىپ ھېچنېمىنى كۆرمەي كەتسە بولاتتىمۇ؟ ئۇ ياشىشى كېرەك!...“ بۇ ھېسسىيات ئۇنى يەنە لەسسىدە قىلىپ قويدى. دۈشمەنىڭ نېمىلىكىنى، ئاتا- ئانىسىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيدىغان قىزى ئۇچۇن ئىچى سىرىلاتتى. بوۋاقتا ھازىر چوغنى تەڭلىسىمۇ ئەمچەك دەپ ئاغزىنى ئېچىۋېرىدىغان دەرىجىدە ئاقكۆڭۈل ھەمساددا تۇرسا، ئۇمۇ جازاغا تارتىلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭدا ھەممە جانلىقلاردا بولىدىغان پەرزەنت ۋە ئۆز جۆرىسىنى قوغداش تۇيغۇسى ئاخىرقى چەككە يەتتى. ئۇ ئەنسىرەپ زادىلا تۇرالماي، ئەتىسى ئەتتىگەندىلا قەشقەرگە بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ شۇندىلا سەل يېنىكلەشكەندەك بولدى. ئەمدى ئۇ ئۇيۇشمىغا بېرىپ، قەشقەرگە كىرىدىغانلىقىنى ئىسلامئاخۇنغا ئېيتىپ قويۇش كېرەك ئىدى. ئۇ ئۇيۇشمىغا كەلگەندە ئىسلامئاخۇن، قۇتلۇقئاخۇن، ئېيسائاخۇنلار مەلىكىزادىنىڭ يەڭگىگەنلىكىنى ئوقۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنى قەشقەرگە بېرىپ كېلىشكە دەۋەت قىلايلى دېيىشىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن ئۆزى بېرىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. شۇڭا مەمتىلى ئەپەندى كىرىپ كەلگەندە ئۇلار بىرئېغىزدىن ئۇنى مۇبارەكلەشتى.

— ئەمدى، يېڭى مېھماننى كۆرگەچ قەشقەرگە بېرىپ كېلەسىز،— دېدى ئىسلامئاخۇن گەپ يومىزاپ.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى سەلدىن كېيىن ئاڭقىرىپ، ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالغاندىن كېيىن:

— شۇنداق قىلسام بولارمىكىن،... — دېدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلمامدىغان، ئەپەندىم،— دەپ ئۇن قاتتى قۇتلۇقئاخۇنمۇ،— بولسا ئەتىلا يولغا چىقىڭ، بۇمۇ بىر مۇھىم ئىش.

بۇ ئىش مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئېيتىپ ئولتۇرغىنىدىن ئاسانراق بولدى. ئۇ ئەتىلا يولغا چىقىدىغان بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

بۇ كېچىنىمۇ قارا بېسىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى سەھەر نامازدىن كىرىپ ئۇ يولغا تەيارلىنىۋاتقاندا ئىزچىلاردىن ئىككىسى كىرىپ كەلدى. بۇلار ئابلىز ھوشۇر بىلەن قۇربان جاپپار ئىدى.

—نېمە بولدى، ئوغلۇم؟— دەپ سورىدى ئۇ ئابلىزغا قاراپ.

— سىز كەكە ئاتقان ئادەمنى تاپتۇق،— دېدى ئابلىز.

— نېمە؟ كىمكەن ئۇ؟

— مەمتىمىن ئىكەن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، ئوغلۇم، ھەر ھالدا ”ئوۋنىڭ ئوۋچىنى تونۇپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوق“ — دېدى ئۇستاز. ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ شۇنچىلىك چاققانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈنگەنىدى، — بېرىڭلار، ئوغلۇم، ئۆگىنىشلارغا بېرىڭلار. بۇ ھەقتە ئەتە يەنە سۆزلىشىمىز.

ئىزچىلار كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن چىقىپ كەتكەندە، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدە تامامەن خاتىرجەملىكنىڭ ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ خاتىرجەملىكنىڭ بىر سەۋەبى، ئەنە شۇنداق شاگىرتلىرىنىڭ بولغىنى بولسا، بۇ كىچىككىنە غەلىبە خەۋىرىنىڭ سەپەر ئالدىدا يېتىپ كەلگىنىنى ئۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى دەپ تەبىر بەرگەنىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ خېلى روھىنى كۆتۈرۈپ، ئىلاخۇن ئېلىپ كەلگەن قارا ئاتقا يىگىتلەرچە چەبدەسلىك بىلەن مىنىۋېلىپ، يورغىلاتقىنىچە مەشھەتتىن چىقىپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باپ

## 1

مەھمۇد مۇھىتى دېكابىر ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە يىغىن چاقىردى.

بۇ يىغىننى چاقىرىش ئاخىر زۆرۈر تېپىلغانىدى. شىڭ شىسەينىڭ بېسىمى، 6- دېۋىزىيىنى پارچىلاش سۇيىقەستى بۇلارنىڭ سەۋرىسىنى قۇرۇتقانىدى. ئاللىقاچان قىش كېلىپ قالغان بولسىمۇ قىشلىق كىيىم - كېچەك تارقىتىلمىغانىدى. بۇھال ئەسكەرلەرنىڭ قوشۇندىن قېچىش، كومادىرلاردىن نازارى بولۇش كەيپىياتىنى ئەدىتىۋەتكەنىدى. بۇنداق كېتىۋەرسە 6- دېۋىزىيە ئىچىدىن بۇزۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىپ كېتەتتى. شۇڭا مەھمۇد مۇھىتى "قولىمىزدا ئەسكەر، قورال تۇرۇپ نېمىشقا بوزەك بولۇپ تۇرىمىز؟ ‹يېتىپ قالغىچە ئېيتىپ قال› دەپتىكەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى" دەپ ئويلاپ بۇ يىغىننى چاقىرغانىدى.

يىغىنغا يېقىن ئەسكەر باشلىقلىرىدىن ئىسمائىل بەگ، مەخەت پەيزى، ياقۇپ (مۇئاۋىن پولكوۋنىك)، سەمتىھاجىلارنى چاقىردى. يىغىننىڭ كەيپىياتى جىددىي ھەم سۇرلۇك ئىدى. مەھمۇد مۇھىتى ئارتۇق گەپلەرگە ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، يىغىن ئەھلىنى دەرھال مۇھاكىمىگە جەلپ قىلدى:

— قوزغىلاڭ كۆتۈرەمدۇق، ياكى ئاخىرىدا نېمە بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرامدۇق؟ ئاۋۋال مۇشۇ ئىشتا بىر يەرگە كېلەيلى.

كۆپچىلىك جىددىي غۇلغۇلا قىلىشتى. قوزغىلاڭ كۆتۈرەيلى

دېگۈچىلەرمۇ، تىنچلىق ئەۋزەل دېگۈچىلەرمۇ بولدى.

— قەئىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كېرەك! ھەقىچان بىر ئۆلۈم! — دېدى ياش ئوفېتسىرلاردىن بىرى.

— تەۋەككۈلچىلىك قىلغانلىقنىڭ پايدىسى يوق، خوجانىيازھاجى بار چاغدا شۇنچە كۆپ كۈچ بىلەن ھېچنىمە قىلالمىدۇق، ئەمدى ماغدۇرىمىزنىڭ تېگىگە تۈگىگەندە قوزغىلاڭ قىلىمىز دېگەن تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماق بىلەن باراۋەر،— يەنە بىر قوماندان شۇنداق دېدى.

— خەلق شىنىڭ سىياسىتىدىن خېلى ئۈمىد كۈتكەنىدى، كۈتكەن ئۈمىدى يوققا چىقتى، شۇڭا خەلقتىمۇ نارازىلىق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە يىلدىن بېرى مائارىپ، مەكتەپلەر ئارقىلىق خېلى ئاڭلىق ئادەملەر مەيدانغا كەلدى. شۇڭا بۇ قېتىم قوزغالساق ئاۋۋالقىسىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

— شۇنداق، نېمىگە تارتىنىپ ئولتۇرۇشمايدىكەنمىز؟ قوزغالساق تۈگەپ كېتىمىز دەپ جىم ياتساق، يېنىمىزنى قۇرت يەپ تۈگىتىۋېتىدىغانلىقى مانا مەن دەپ تۇرامدۇ،...

ئاخىرىقى نەتىجىدە قوزغىلاڭ قىلىمىز دېگۈچىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قاراشتى. يەنە كېلىپ بۇلار كۆپ سانلىق ئىدى. شۇڭلاشقا قوزغىلاڭ قىلىش كېرەك. دېگەن قارارغا كېلىشتى.

— ئۇنداق بولسا، قوزغىلاڭ قىلىدىغىنىمىز راست بولسا، قانداق ئىش باشلايمىز. شۇنى كېڭىشىپ باقايلى،— دېدى مەھمۇد مۇھىتى كۆپچىلىككە قاراپ.

كۆپچىلىك بۇ جەھەتتىمۇ ئۇزاق تالاش- تارتىش قىلىپ، ھەر خىل چارە- تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئاخىرىدا مەھمۇد مۇھىتى ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— قىشلىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ جىددىي تەييارلىق قىلىمىز. تەييارلىق پۈتكەندە يەكەندىكى قوشۇنلار ۋە يېڭىساردىكى قوشۇنلار مەخپىي ھالدا يولغا چىقىپ بۇياققا باستۇرۇپ كەلسە، سەمەتھاجى، قۇربان نىيازلار بۇ تەرەپتىن ماسلىشىپ يېڭىشەھەرنى ۋە كونا شەھەرنى تىنجىتىمىز. ئاندىن چوڭ ياشتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ۋە باشقا ياشلاردىن ئەسكەر ئېلىپ ئارقا سەپتە

تەربىيىلەيمىز، بۇلار ئارقا سەپتە زاپاس تۇرىدۇ. كونا ئەسكەرلەر دۋاملىق شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ...

مەھمۇد مۇھىتنىڭ پىلانى بىردەك ماقۇللاندى.قوزغىلاڭنىڭ ئېنىق ۋاقتى بېكىتىلمىدى. بۇنى تەييارلىق ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىدىغان بولۇشتى. تەخمىنەن ۋاقتى كېلەر يىلى باھار دەپ قارالدى.

يىغىنىدىن كېيىنلا تەييارلىق جىددىي باشلىنىپ كەتتى. يېڭى ئەسكەرلەرگە ئاتاپ، قىلىچ — نەيزىلەر سوقتۇرۇلىدىغان بولدى. ھەربىي مەشىقلەر قاتتىق تۇتۇپ ئىشلەندى.

شۇ كۈنلەردە كىچىكاخۇن يېڭىساردىن كېلىپ قالدى ۋە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، قوزغىلاڭ قىلىشنى پايدىسىز ۋە ئىنتايىن زىيانلىق دەپ قارىدى، ئۇ:

— بۇ تەرىقە ھۆكۈمەت بىلەن سوقۇشساق يوق بولۇپ كېتىمىز، ئازغىنە خاپىلىق ئۈچۈن سوقۇش ئېچىپ، ئۆزىمىزنى، ئەسكەرلىرىمىزنى ھالاك ئېتىپ، يۇرتنى ئۇلارغا ئىككى قوللاپ تاشلاپ بەرگەندىن نېمە پايدا چىقار؟ شىڭنىڭ يوغان تېرىكى بار، يەڭمەك ئاسان ئەمەس، بىر- ئىككى يىل مادارا قىلىپ تۇرساق، ئاخىرى بىر پۇرسىتى كېلىپ قالار... — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ پىكرى ئوتتەك قىزىغان كۆڭۈللەرنى سوۋۇتىۋەتتى. تەرىييارلىقمۇ سۇسلىشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن كېڭىشىپ، مۇزاكىرىلەردىن كېيىن، كىچىكاخۇننىڭ پىكرى قوبۇل كۆرۈلدى. بۇرۇنقى پىلان ۋاقىتلىق قالدۇرۇلدى.

## 2

يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ياتاقلىرى جايلاشقان قاتارنىڭ بۇ يېقىدا ئوفىتسېرلار ئىشلىتىدىغان خالا بارىدى. بۇ يەردە ئايالالار بولمىغاچقا ھەر ئىككى تەرىپىنى ئورتاق ئىشلىتىۋېرىشەتتى. مەھمۇد مۇھىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز ئەتراپىدىكى ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ ئازىيىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇرۇپ گاھ بۇ تەرەپتىكى خالاغا، گاھ ئۇ تەرەپكە كىرىدىغان بولغانىدى. چۈنكى بۇ دېۋىزىيە ئىشتاۋى بويىچە ئەڭ خالىي جايىدى.

سوغۇق راسا كۈچەيگەن بىر ئەتىگىنى ئىدى، ئۇ بامدات نامازدىن كېيىن ئالدىراپ خالاغا ماڭدى. چۈنكى بۈگۈن سەھەردىلا بىر روتا مۇھاپىزەتچىسىنى ئەگەشتۇرۇپ سەمەتھاجى كەلگەنىدى، مەھمۇد مۇھىتى بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلەشمەكچىكەن.

سىجاڭنىڭ ئارقىسىدا مۇھاپىزەتچى روتىسىدىكى بىر ياش ئەسكەر باردى. ئۇ سىجاڭدىن بىر نەچچە قەدەم ئارقىدا بولۇپ، ھۇشيار كۆزلىرىنى ئۈچ تەرەپكە تىكىپ كېتىۋاتاتتى، مەھمۇد مۇھىتى بىر ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن ئۆتۈپ ئوچۇق جايغا چىققاندا ئوڭ تەرەپتىكى خالادىن بىرسىنىڭ بېشى غىل- پال كۆرۈنۈپ، يەنە ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدەك بولدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا سەمەتھاجى قانداق يامان خەۋەر بىلەن كەلدى؟ ئۇنىڭ بۇنچە سەھەردە، يەنە كېلىپ، بىرمۇنچە ئەسكەر بىلەن كېلىشىدىن قارىغاندا شەھەر تىنچسىز ئوخشىمامدۇ؟ بۇ تىنچسىزلىق نېمە سەۋەبتىن، كىمنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققاندۇ؟ دېگەنىدەك خىياللارنى سۈرۈپ كېتىۋاتقاچقا، خالادىن بېشى كۆرۈنگەن كۆلەڭگۈنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەيرى ئىنكاس تۇغۇلمىدى، پەقەت ئۇنىڭدا مېخانىك ھالدا ”بۇ تەرەپتە ئادەم بارىكەن، بۇ ياققا كىرەي“ دېگەن خىيال تۇغۇلدى. چۈنكى بۇ يەردە ئاياللار بولمىغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئىشلىتىدىغان بۇ خالانىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى ئەرلەر ئىشلىتەتتى، مەھمۇد مۇھىتى ئۆزىمۇ بىردە ئوڭغا، بىردە سول تەرەپكە كىرەتتى.

مۇھاپىزەتچى سىرتتا قالدى. مەھمۇد مۇھىتى خالانىڭ سول تەرىپىگە كىردى. ئۇ يەنىلا خىيالغا بەند ئىدى. بىراق، ئاۋۇ تەرەپتىن ئىككى ئادەمنىڭ ئېھتىيات بىلەن شىۋىرلىغىنى ۋە يەر سىيپاپ ماڭغىنى ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. بۇلارنىڭ شۇنچە ئاۋايلاپ مېڭىشى بىر ئاز گۇمانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىۋىرلىشىپ كېتىشكىمۇ ھاجەت يوق ئىدى. شۇندىلا سىجاڭنىڭ خىيالىغا بايا ئوڭ تەرەپتە بىرسىنىڭ بېشى كۆرۈنۈپ يوقاپ كەتكەنلىكى كېلىپ، غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، مۇھاپىزەتچىدىن سورىدى:

— مايافتىن ئادەم چىقتىمۇ؟

— ياق، چىقمىدى، سىجاڭ.

سىجاڭ ئويلىنىپ قالدى. ”بۇ كىم؟ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت خالادا نېمە قىلىدۇ؟“

— كىرىپ باق، — دەپ بۇيرۇدى سىجاڭ مۇھاپىزەتچىگە، ئۇنىڭدا گۇمان تۇغۇلماقتا ئىدى.

مۇھاپىزەتچى ئۇ تەرەپكە ماڭغاندا، سىجاڭمۇ ئارقىدىنلا بىللە ماڭدى.

— ئادەم يوقتەك قىلىدىغۇ؟ — دېدى خالانىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ مۇھاپىزەتچى.

بۇ سىجاڭنى تېخىمۇ گۇمانلاندۇردى. بايا پىچىرلاش ۋە ئېھتىيات بىلەن سىياپ دەسسەلگەن تىۋىشنى ئاڭلىغىنى ئېنىق ئىدى - دە.

— كىرىۋەر، ئادەم بار! — دېدى ئۇ كەسكىن هالدا، ھەمدە ئۆزى دەرھال خالانىڭ ئارقىسى تەرەپكە ئۆتتى.

— كىمسەن؟ توختا! — مۇھاپىزەتچىنىڭ ئاۋازى خالا ئىچىدىن ئاڭلاندى. ھەمدە تاپانچا زاتۋۇرىنىڭ شاراقلىغىنى ئىشتىلدى.

مەھمۇد مۇھتى شۇندىلا خالانىڭ گەندە چۈشىدىغان يېرىدە، تامغا چاپلىشىپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇياققا چىق! — دېدى ئۇ قورۇقلا. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بۇيرۇق، پوپوزا، تەھدىت ئاھاڭىمۇ يوق ئىدى.

نامەلۇم كىشى ئۇ يەردىن چىقتى. مەھمۇد مۇھتىنىڭ يېنىدا قورال يوقىدى. شۇنداق بولسىمۇ نامەلۇم ئادەم قولىدىكى تاپانچىنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ، لاغىلداپ تىترىگىنىچە تىزلاندى.

— تۇر، چاپسان تۇر! — دېدى سىجاڭ ئۇنى شىلدىسىدىن تارتقاچ يەردىكى تاپانچىنى ئېلىپ بۇياق- بۇياققا قاراپ، — يۈر، — ئۇ ئۇنى باشلاپ خالانىڭ ئولڭ تەرەپ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلگەندە، مۇھاپىزەتچى، بۇ يەردىن يەنە بىر ئادەمنى ئېلىپ چىقىۋاتاتتى، — كىرە، ئىچكىرى كىرىڭلار، — دېدى ئۇ ۋە باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن خالانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

مۇھاپىزەتچىنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرىدى.

— كىمسىلەر؟ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

— بىز.... خۇدا ھەققى، كەچۈرسىلە، سىجاڭ، بىز ھېلىقى... — پۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دۇدۇقلاپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قىينىلاتتى، نىھايەت ناھايىتى تەستە پۇلارنىڭ ئوسمان ئەلى دېۋىزىيىسىدىن قالغان، ھازىرقى بىرىنچى پولكقا تەئەللۇق ئەسكەرلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. پۇلار دېۋىزىيە ئىشتاۋىدا تۇرىۋاتقان روتىدىن ئىكەن؟

— خالانىڭ ئاستىدا نېمە قىلماقچىدىڭلار؟

— خۇدا ھەققى، رەھىم قىلسىلا، سىجاڭ، بىزدە گۇناھ يوق، بىز پوق يەپتۇق، شەيتان ئازدۇرۇپتۇ...

— قايسى شەيتان ئازدۇردى سىلەرنى؟ نېمە قىلىشقا ئازدۇردى؟

— سەمەتھاجى،... ئاشۇ سەمەتھاجى بولمامدۇ. تىللا بەرگەن، كېيىن يەنە بېرىمەن دېسە،... ئازماس خۇدا، خام سۈت ئەمگەن بەندىدە بىز...

— نېمە قىل دەپ سېتىۋالدى سىلەرنى؟ چاپسان گەپ قىلىڭلار!

— بىرسىمىز ئىچىدە تۇرۇپ قايسى تەرەپكە كىردىغانلىقلىرىنى كۆزىتىپ، تۇرىدىغان، ناۋادا شۇ يەرگە كىرىپ قالسا شۇ قول سالىدىغان، سول تەرەپكە كىرسىلە ئاستىدا تۇرغىنىمىزغا خەۋەر قىلىدىغان بولغان، ئاندىن ئۇ تېگى تەرەپ بىلەن پۇياقىقا ئۆتۈپ...

— ئەمىسە بايا قولۇڭدا قورال تۇرۇپ نېمىشكە ئاتمىدىڭ؟

— قورقۇپ كەتتىم، سىجاڭ، پۇت- قولۇمدا جان قالمىدى...

— ياخشى ھەربىي ئەمەسكەنسىلەر! بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنى جازالاش كېرەك ئىدى، خەير، ھازىرغىچە ئورنىڭلارغا قايتىڭلار، ئەمما بۇ يەردە يېرىم سائەتچە تۇرۇپ ئاندىن كېتىڭلار، باشقا گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى، — مەھمۇد مۇھىتى مۇھاپىزەتچىنى باشلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى سەمەتھاجىنىڭ شۇنچە سەھەردە كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئاشكارا بولغانىدى.

بايىقى ئۆينىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا ئۇ مۇھاپىزەتچىگە:

— سەن بېرىپ دەرھال سەمەتھاجىنى مېنىڭ ئىشخانامغا باشلا، "سىجاڭ خالاغا كەتتى، ھازىرلا كېلىدۇ، سىزنى ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ تۇرسۇن،

دېدى“ دېگىن، قورالىڭ بەتلەگلىك بولسۇن، ئۇنىڭ قولىدىن كۆزۈڭنى ئۈزمەي قاراپ تۇر. ئېلىياسقا دەپ يۈرمە، پىچىرلىشىپ يۈرسەڭلار سەمەتھاجى گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئارقاڭدىنلا يېتىپ بارىمەن.

مۇھاپىزەتچى كەتتى. مەھمۇد مۇھىتى دوقمۇشتا بىردەم كۈتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاۋۋالقىدەكلا سالماقلىق، تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن جىددىيلىك ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىغانىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ سەمەتھاجىغا ئاۋازىنى ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن كوماندىرلار بىلەن دوقۇرۇشماسلىققا تىرىشىپ ماڭدى. ئۇ بىرىپلا ئىشخانىسىغا كىردى. كۈتۈش بۆلۈمىدە ئابدۇللا داموللا ۋە ئىلياس ئولتۇراتتى. ئۇلار سىجاڭنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى، سىجاڭ ئۇلارغا گەپ قىلماسلىقنى ئىشارەت قىلىپ، ئىچكىرى كىردى.

سەمەتھاجى پۈتۈن دىققىتى بىلەن سىرتقا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىكەن، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا چۆچۈپ كەتتى. رەڭگىمۇ بىلىنەرلىك ئۆزگەردى. قولى ئىختىيارسىز ھالدا بەل تاسمىسىغا سوزۇلدىيۇ، يەنە دەرھال ئۆزىنى تۇتىۋالدى.

— بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا بەربىر ئامال يوق، بۇرادەر، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى تەئەددىگىمۇ، ئېچىنىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا، — خالا تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشىنى كۈتۈپ، قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ تۇرغان بولغىيتىڭىز؟ شۇنداق بولغاندىمۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز ئويلىغىنىڭىزدەك بولمايتتى. قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، بۇ يەردىن قانداق چىقىپ، ئادەملىرىڭىزنى كېيىنكى ئىشلارغا بۇيرۇيتىڭىز؟ — مەھمۇد مۇھىتى ياش ئەسكەرگە قاراپ قويدى. مۇھاپىزەتچى كۆزىنى ئۈزمەستىن سەمەتھاجىنىڭ قولى بەلۋېغى تەرەپكە كېتىۋاتامدىكىن دەپ قاراپ تۇراتتى.

— نېمە دەۋاتىسىز، سىجاڭ؟ يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟...

— ھۇ لومودى! — دېدى سىجاڭ ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن ۋارقىراپ، — ئىلياس! — دەپ توۋلىدى تاشقارقى بۆلۈمگە قاراپ.

— خوش، خىزمەت، سىجاڭ، — دېدى ئىلياس شۇئان بوسۇغىدا پەيدا

بولۇپ.

— سەمەتھاجىنى قولغا ئېلىڭ!

— سىجاڭ، بۇ نېمە گەپ؟ توختاڭ ئىلياس...

— مەن بۇيرۇقنى ئورۇنداشتىن باشقىنى ئۇقمايمەن، بۇرادەر.

— ئۇنىڭ ئورنىغا ياقۇپ بېرىپ تۇرىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ... سىجاڭ! ئىلياس، بۇرادەر...

— ھازىرچە قاماپ قويۇڭ، بىكار بولۇپ سوراق قىلىمەن، — دېدى سىجاڭ.

ئابدۇللا داموللىمۇ ئارا ئىشكتە بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى، ئىلياس سەمەتھاجىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەھمۇد مۇھىتى كاتىبىنىڭ مەنىلىك قارىشىغا:

— ئەتىگىچە چۈشىنىپ قالىسىز، داموللام، — دېدى- دە، ياش مۇھاپىزەتچىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى.

*

**

ئەتىسى ئەسكەرلەر خالاسىدا مەھمۇد مۇھىتىغا قەست قىلماقچى بولۇپ تۇتۇلۇپ قالغان ئىككى ئەسكەرنىڭ جەسىتى بايقالدى. ئۇلار پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، خالانىڭ تۆشىكىگە قاپلاپ قويۇلغانىدى. بۇ پاجىئەلىك نەق مەيداننى كۆرۈپ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

— ئۇلارنى قويۇپ بەرگىنىم ئەخمەقلىق بولغانىكەن. مەن بۇلارغا مەرتلىكىمنى كۆرسىتىمەن دەپ، قاتىلنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپتىكەنمەن- دە! — دەپ ئويلىدى سىجاڭ.

بۇ ۋەقە پۈتۈن دېڭىزىيە ئىشتاۋىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. شتاپ ئىچىدە بۇنداق بىر سۇيىقەستنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىلالىغانلىقى ئۆكتىچىلەرنىڭ خېلى چىڭ ئاساسى بارلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇ سۇيىقەستكە قاتناشقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئىككى ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا خالاغا بېرىشى

نا تايىن ئىدى. ئۇنى ياتاقتىن ئېلىپ چىقىش، ئۆلتۈرۈپ تۆشۈككە قاپلاپ قويۇشلار ئۈچۈن ئاز ئادەم بولسا بولمايتتى. كېيىنكى سۈئىقەستنىڭ سەمىتاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرىلىشى، بۇ سۈئىقەستتە باشقا باشلامچىلارمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلايتى.

”مەن بۇ دۈشمەننى تېپىپ چىقىمەن! بۇ دۈشمەننى چوقۇم تاپىمەن!“ دەپ جەزىم قىلدى، مەھمۇد مۇھىتى. ئاندىن سەمەتھاجىنى قاتتىق سوراق قىلىش ئۈچۈن قايتتى. تەجرىبىلىك رازۋېتچىكلاردىن بىر نەچچىنى ئىشتاپ ھويلىسىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇپ، سەمەتھاجىنى سوراق قىلىش ئۈچۈن ئىشخانىغا ئەكەلدۈرۈدى.

لېكىن سوراقنىڭ نەتىجىسى بولمىدى، سەمەتھاجى ئۆزىنىڭ كىمگە سېتىلغانلىقىنى، يەنە كىملەرنىڭ بۇ گۇرۇھتا بارلىقىنى ئىقرار قىلمىدى. بۇلار پەقەت قولغا چۈشكەن تاپانچىلارنىڭ چەت ئەلدە ئەڭ يېقىندا ياسالغان قورال ئىكەنلىكىنىلا بىلدى. شۇنداق قىلىپ، سەمەتھاجىنى يەنە قاماپ قويۇشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، بۇ چاغدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پات- ئاردا يوقىلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ دەھرى كالتە- چاپانلارنى يىغىشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە پىتنە- ئىغۋالار ئەدەپ كەتتى. مەسچىتلەردە يەنە سوپىلارنىڭ، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى كۆچىيىپ قالدى. ئۇلار بالىلىرى ئوقۇۋاتقان ئاتا- ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سېلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماقتىدى.

قەشقەردىكىلەرمۇ سىجاڭنىڭ ھازىر ھەر جۈمە كۈنى ئوپال تەرەپكە شىكار قىلىمەن دەپ ھارۋا بىلەن، مەھرەملىرى پىيادە بولۇشۇپ چىقىدىغان ئادەتنى ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمىشقىدۇر ھەممىدىن كۆڭلى قالغاندەك روھى ھالەتتە ئىكەنلىكىنى سۆزلىشەتتى.

يىلنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدە بولۇپ قالىدىغان ئاللىقانداق بىر خىل پۇراقلىرى بىلەن باھارنى ئەسلىتىدىغا ئىزغىرىن شامال چىقىپ، بۇلۇڭ- پۇشقاقلاردىكى ئەخلەت- چاۋا، قۇرۇق غازاڭلارنى شىلدىرلىتىپ، يۈزلەرنى نەشتەردەك چېقىپ، ئۆتەتتى. كەچ كىرگەنسېرى شامال كۈچىيىشكە، سوغۇقمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى، تەۋپىق بويامەتتىن جەڭگىۋار ئەترەت —”ئەلەمدارلار“ قېشىدىن قايتىپ كېلىپلا «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسىگە كىرىشىپ كەتتى. يېقىندا ئۇ شەۋقى بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكى، ياخشى كۈنلەرنىڭ پات ئاردا يوق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەشكەن ھەمدە «دىۋان»نى

دەرھال قولدىن چىقىرىۋېتىش، باشقا ئىشلارنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇش ھەققىدە كېڭەشكەنىدى. «يېڭى ھايات»نى ھۆكۇمەت قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن گېزىت خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، شەۋقىنىڭ كۆڭلىمۇ سوۋۇغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاساسىي ۋاقتىنى «دىۋان»نىڭ تەرجىمىسىگە قاراتقانىدى.

مەمتىلى ئەپەندىمۇ فولكلور توپلاش- رەتلەش، خەلق سەنەملىرىنى نوتىغا ئېلىش، ئۆزىنىڭ شېئىرلار دىۋانىنى تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقتىنچە توختاتتى. ئۇ فولكلور خۇسۇسىدا بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ئۈلگۈرگەنىدى. بىر چۆچەكلەر توپلامى، بىر قوشاق توپلامى تەييارلاپ بولغانىدى. خەلق سەنەملىرىنى نوتىغا ئېلىشتىمۇ ئۆزى ئاڭلىغان، ئىمكانىيىتى يار بەرگەن سەنەملەرنىڭ ھەممىسىنى نوتىلاشتۇرۇپ بولغان، ئىلى سەنەمى، كۇرچار سەنىمى، قۇمۇل سەنىمى قاتارلىقلارنى چالىدىغان ياكى مۇكەممەل چالالايدىغانلار بۇ تەرەپلەردە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىز قالغانىدى. قىسقىسى ئۇ ھازىر جىددىي ياشىماقتىدى. ھايات ئالدىراتماقتىدى.

مەلىكىزاد بىرىنچى قېتىم ئەدىبەنى ئېمىتىش ئۈچۈن ئويغانغاندا، ئۆز مەمتىلىسىنىڭ چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، جىددى تەپەككۇر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بەكلا ئىچى ئاغرىدى. غۇۋا چىراق يورۇقىدا مەمتىلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭدا ئۆز - ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ئويغىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەر- خوتۇنچىلىق مېھرى- مۇھەببىتىگە قانماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئېرىنىڭ ھامان ئەنە شۇنداق كېچىلەرگىچە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇشى ئوغىسىنى قاينىتىپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىنىدىن بۇيانقى ۋەھىمىلەر ئۇنى ئەنسىرەتمەكتىدى...

مەلىكىزاد ئەدىبەنىڭ يىغىسىدىن ئويغانغاندا مەمتىلى ئەپەندى يەنىلا بىر خىلدا چېكىسىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا قەلەمنى تۇتۇپ، كىچىك شىرەچاق ئۇستىگە قويۇۋالغان كىتابقا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزلىرى ھۆرغىنلىقتىن يۇمۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان، قانداق كۈچ مۇشۇنداق قىلىشقا ئۇندەۋاتقىنىغا چۈشەنمەستىن ھەيران بولاتتى. ئۇ يەنە بىر ھازا خىيال

سۇرۇپ، ئۇيقىغا كېتەي دېگەندە، ئۆگزىگە ئېغىر بىرنەرسە "گۈپ" قىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن تامنىڭ كەينىدە بىر كىملەر دۈپۈرلىشىپ مېڭىشتى. مەلىكىزادنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قارىۋېدى. ئۇمۇ قەلىمىنى قويۇپ، تالاغا قۇلاق سېلىپ جىم تۇردى.

بىردەمدىن كېيىن هويلىغىمۇ ئاللىقانداق بىر نەرسىلەر تاشلاندى. شۇندا مەمتىلى ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا كەكىنى ئالدى.

— نېمىش قىلىلا؟— ئەنسىز سورىدى مەلىكىزاد.

— چىقىپ باقاي، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ.

— ياق، چىقمىسىلا...

— گەپ قىلماڭ. نېمىشكە چىقمايمەن؟ ئۆي مېنىڭ...

— چىقمىسىلا، چاتاق بولمىسۇن...

— نېمە چاتاق؟ هەر قاچان ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئوغرى مىڭ بولسىمۇ، ئاجىز ئۆي ئىگىسىدىن ئەيمىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە هامان بىر دەككە-دۈككە، خاتىرجەمسىزلىك بولىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ،— ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

مەلىكىزاد ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىدىغاندەك ئۆرە بولدى. لېكىن يەنە ئىككىلەنگەندەك تۇرۇپ قېلىپ، بىردە بۆشۈكتىكى ئەدىبەنىڭ بىر خىل پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقىنىغا، بىردە دەرىزىگە قاراپ، يۈرىكى دۈپۈلدىگەن هالدا توختاپ قالدى. سىرت يەنە تىمتاسلىقتا چۆككەن بولۇپ، ناهايىتى يىراق بىر جايدا ئىتنىڭ قاۋىغىنى ئاڭلىناتتى. بۇندىن باشقا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ سېلىشى ئېنىق بولۇپ ئاڭلىناتتى.

ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى قايتىپ كىردى. ئىچىنى ۋەهىمە تاتىلاۋاتقان مەلىكىزاد ئېرىدىن گەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. گويا هەممە خەۋپنىڭ تۈگۈنى ئۇنىڭ گەپ سورىشىغا باغلىقتەك، ئۇ گەپ سورىغان هامان خەۋپنىڭ توغىنى ئېچىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى.

— ئەمدى ئۇخلىسىلا بولاتتى،— دېدى مەلىكىزاد ئۆتۈنۈش ئاهاڭىدا. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى رەد قىلمىدى. ئەمما ئۇ ئورنىغا

كىرىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ ئۇخلىمىدى، بەلكى ھەر ئىككىلىسى ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى سەھەردە گىمناستىكا ئويناش ئۈچۈن ھويلىغا چىققان تەۋپىق، ھويلىغا كېچە تاشلانغان كېسەك پارچىلىرىنى ھەمدە بىر تال چالمىغا باغلاپ تاشلانغان قەغەزنى كۆردى. بۇ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئىچىۋېدى، بۇ بىر پارچە خەت ئىكەن.

”ھوشۇڭنى تاپ، دەھرى! كاللاڭغا ئاگاھ بول!“ دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بۇ خەتتە ئاساسەن مەمتىلى ئەپەندىگە تەھدىت سېلىنغانىدى. تەھدىت ئۈچۈن تاللىۋالغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ھاقارەتلەر ئىدى. قىسقىسى، مەمتىلى ئەپەندى ھازىرقى پائالىيەتلىرىنى توختىتىپ، بۇ يۇرتتىن يوقالمايدىغان بولسا، مۇبارەك ئىسلام دىنىمىزنىڭ شەۋكىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنداق قىلىمىز، بۇنداق قىلىمىز، ئۆيۈڭنى چاقىمىز، ئوت قويىمىز،... خوتۇنۇڭنى... دېگەندەك سۆزلەر ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ نادان ئەلدە ئاخىرقى ھېسابتا پاتماي قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئىچ - ئىچىدىن ئېچىندى. تەھدىت خېتىنى پۇرلاپ سىقىمدىۋېلىپ، گىمناستىكىنى تۈگەتتى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، پۇرلانغان خەتنى بۆشۈكنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.

— نېمە قىلىۋاتىلا؟ — دېدى مەلىكىزاد بۆشۈك كۆرپىسىنى قايرىپ يۇرگەن ئېرىگە قاراپ، ئۆي يىغىشتۇرىۋاتقان يېرىدە توختاپ.

— ئۇ يەرگە قەغەز قويۇپ قويدۇم، ئەسكى قەغەز، بالىنىڭ تەرىتىگە ئىشلىتىڭ، — دېدى تەۋپىق خاتىرجەملىك بىلەن.

تەۋپىق قۇمباغ مەسچىتىدە نامازدىن كېيىن، ئىمامنىڭ ئورنىغا ئۆتتى.

— ئەپەندىمنىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ، توختاڭلار، جامائەت، — دەپ تۈۋلىدى ئىمام.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدا توختاشتى ۋە بۇ تەرەپكە قارىدى.

— ئەي، ۋەتەنداشلار، مەن سىلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ ئازراق سۆزلىمەكچى، سۆزلىرىم ئورۇنلۇقمۇ-ئەمەسمۇ، بۇنى ھەر كىم ئۆز ئەقلى بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ باقار، — تەۋپىقنىڭ چىرايىدىن ياخشى ئىش قىلىمەن

دەپ بالاغا قالغان ئادەمنىڭ ھەسرىتى، ئاچچىقى، جىلىچىلىكى چىقىپ تۇراتتى، — بۇگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقسام بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ، بۇ خەتنى كىچىسى نامەلۇم ئادەملەر ئوغۇرلۇقچە كىلىپ ھويلامغا تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. خەت ئىمزاسىز يېزىلغان، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن خەت يۇزغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىكى، قورقۇپ تۇرىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، كېچىدە يوشۇرۇن كېلىپ تاشلىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ ناھايىتى پەسكەشلىكىنى، ھەتتا بۇ پەسكەشلىكنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۆڭلىدە سېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ. بۇ شەرمەندە ئىش بولغاچقىلا، ئۇ ئەل-جامائەتنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن قىلغان.

— خەتتە، — دەپ داۋام قىلدى تەۋپىق كۆتىرەڭگۇ روھلۇق ئاۋازدا، — ماڭا تەھدىت سېپتۇ. ئويلاپ تاپقان گەپلىرى شۇنچىلىك پاسكىنا گەپلەردىنكى، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدۇ. لېكىن، ئۇ بۇ تەھدىت ھەربىكىتىگە "دىنى ئىسلامنىڭ شەۋكىتىنى قوغداش ئۈچۈن..." دېگەن چىرايلىق تونىنى كېيدۇرۇپتۇ، قېنى كۆپچىلىك ئېيتىپ باقسۇن، بىزنىڭ دىنىمىز ئاشۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا، ئاشۇ نامەلۇم ئادەم مېنىڭ ئۈستۈمدە قىلماقچى بولۇپ تېرە تاراقشىتقان ئىشلارنى قىلىشقا يول قويامدۇ؟ بۇنداق بۇزۇق ئادەملەر قانداقمۇ دىنىمىزنىڭ شەۋكىتىنى قوغدىيالىسۇن؟ شۇڭا مەن بۇ پاسكىنا قەغەزنى بالامنىڭ تەرىتىگە ئىشلەتتىم.

— خەتتە، — ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ داۋام قىلدى، — مېنى دەھرى دەپتۇ، قىلىۋاتقانلىرىمنى دىنسىزلىق، دىنغا قارشى مۇقام دەپتۇ. قېنى كۆپچىلىك ئېيتىپ باقسۇن، قايسى ئىشىم، دىنىمىزنىڭ قايسى مىزانىغا مۇخالىپ؟

كۆپچىلىك سۈكۈت قىلىپ تۇرىشاتتى. سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ھېچكىم ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئۈزىۋېتىشنى خالىمايتتى.

— ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىۋەتكەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ داۋام قىلىپ، — ئەسلىدىكى يوغان سەللە خام قاپاقلار، ھارام تاماقلار، يەپ كېلىۋاتقان نەپلەرنى مائارىپقا — خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا قاراتتىم، مانا بۇ ئۇلارنىڭ چىچاڭشىپ كەتكەن يېرى. بۇنىڭدىن مەلۇم

بولىدۇكى، ئۇلار دىنىنىڭ شەۋكىتىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىماقچى! ئومۇم خەلق پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ نەپسىگە تىقماقچى. بۇ بالاخور ئىتلارنى ھەر قاچان پەپىلەپ باقىدىغان خوجايىنمۇ تېپىلىدۇ. بۇ خوجايىن ئۇلار تەلەپ قىلغان ئۇستىخاننى بېرىش ھېساۋىغا، ئىتلارنى بىزگە سالىدۇ. لېكىن، مەن قورقۇپ قالمايمەن! بىز قورقۇپ قالمايمىز. مەن بۇ ئىشقا كىرىشىدىغان چاغدىمۇ دېگەن، مەن بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ تۇرساممۇ يولۇمدىن قايتمايمەن. ئەگەر كىمكى مېنى خەلققە زىيانلىق، دىنغا قارشى ھەرىكەت قىلدىڭ دېيىشكە جۇرئەت قىلسا مەيدانغا چىقسۇن! ئاۋام ئالدىدا مۇنازىرە قىلىشىمىز!
— شۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئۇ كۆپچىلىككە بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، — سۆزۈم تۈگىدى. كۆپچىلىكنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى.
جامائەت غۇلغۇلا قىلىشقان، تالىشىپ ۋارقىراشقان ھالدا مەسچىت ھويلىسىدىن تارقاشقا باشلىدى. مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئۆيىدە مۇشۇ سائەتتە قوبۇل قىلىدىغان كېسەللەرنى ئويلاپ، ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

2

مەمتىلى ئەپەندى باشقا مائارىپچىلارغا تەھدىت بولۇپ تۇيۇلمىسۇن دەپ، پەقەت ئىمزاسىز خەت ھەققىدىلا گەپ قىلىپ، ئۆگزىدىكى تاراق- تۇرۇقلار، ھويلىغا تاشلانغان كېسەكلەر ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغانىدى. ئەمما ئاللىقانداق يوللاردىن بۇ خەۋەر بەربىر كىشىلەرگە ئۇقۇلدى.
مائارىپ بۇيۇشمىسىدىكىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، بىرەر تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇشتى. ئىسلامئاخۇن، نۇرۇللا، مەھەممەت قارىلار ھەرخىل چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئۇنى بىر ياققا كېتىشكە دەۋەت قىلماقچىمۇ بولدى. بەزىلەر ئۇنى يەنىلا چەتئەلگە چىقىپ كەتكىنى ياخشى دېيىشتى.
— مېنىڭچە، — دېدى مەھەممەت قارى زەكى، — ئەپەندىنىڭ ئۆيىنى

كېچىسى ئىزچىلار قوغدىسۇن.

— ئەمما بۇنى ئەپەندى ماقۇل كۆرمەسلىكى چوقۇم،— دېدى ئىسلامئاخۇن.

— ئۆزى نېمە دەرىكىن، شۇنى ئاڭلاپ باقسامىكىن،— دېدى نۇرۇللا.

ئۇلار شۇنداق باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشقىنىدا مەمتىلى ئەپەندى ئۆيۈشمىغا كېلىپ قالدى.

— خوش، بۇرادەرلەر، نېمىنى كېڭەش قىلىۋاتىسىلەر؟— دېدى ئۇ خوشخۇيلۇق بىلەن.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا دۈشمەننىڭ پەيلى بۇزۇلغاندەك،— دېدى ئىسلامئاخۇن، تەستىرەك جاۋاب بېرىپ،— ھازىر كۆپچىلىك سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز شۇ توغرۇلۇق باش قاتۇرۇۋاتاتتۇق.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيىپ باقسىڭىز، بولاتتى،— دېدى نۇرۇللا.

— بەللى، نۇرۇللا، مەن نېمىنى ئېيتىمەن؟ نېمە قىلماقچىمەن؟ شۇنىمۇ؟ مەن ئىلگىرى نېمە قىلىپ كېتىۋاتقان بولسام شۇنداق قىلماقچى، ھېلىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق.

— بۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن،...

— ھەي مۇسۇلمانلار، دۈشمەن تارقاتقان پىتنىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان! ھازىر مەھمۇد مۇھىتى تېخى ئورنىدا! ئۇ بار، بىزگە چېقىلىشقا ھېكىم جۈرئەت قىلالمايتۇ. قاچامدىكىن دەپ ھۈركۈتۈپ باقسا قېچىپ كەتسەك، باغ ئۇنىڭغا ئوڭچە قالامدۇ! — مەمتىلى ئەپەندى ئېچىلىپ كۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غەم- ئەندىشىلىرىمۇ تۈتەكتەك تارقاپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى بولسا ئاۋۋالقىدەكلا مائارىپ ھەققىدىكى تېمىغا قايتىپ ئۇلار بىلەن يېقىن كەلگۈسىدىكى ئىشلار، نۆۋەتتىكى ”توپلانتى“ دا مۇزاكىرە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر، كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازلىق كىيىم- كېچەكلىرىنى تەييارلارپ قويۇش مەسىلىسى... قاتارلىقلار ھەققىدە سۆھبەت باشلاپ كەتتى. ئۇلارمۇ بايىلا كۆڭۈللىرىنى چۇلغۇۋالغان ۋەھىمىنى پۈتۈنلەي

ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك، مەمتىلى ئەپەندى باشلىغان تېمىدا قىزغىن پىكىرلىشىپ كېتىشتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

ھىجرىيە 1335- زۇلھەججەنىڭ 13- كۈنى ئىدى (1937- يىل 12- مارت) قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپلا 6- دېۋىزىيىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كابىنېتىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېغىلىشتى. يىغىن ناھايىتى مەخپىي ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن قۇربان سەئىدى قاتارلىقلاردىنمۇ سىر تۇتۇلدى.

يىغىن جىددىي كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلدى. قارشىلىق قىلىش كېرەكمۇ-يوق دېگەندەك مەسىلىلەر غۇلغۇلىغا قويۇلمىدى. بەلكى قارشىلىقنىڭ شەكلى غۇلغۇلا قىلىندى.

— بارلىق قوشۇنلارنى قەشقەرگە توپلاش كېرەك! — دېدى ئىسمائىل بەگ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېڭىشەھەرنى تازىلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە، — سۆز قىستۇردى ياقۇپ پودپولكوۋنىك، ئۇ ھازىر سەمەتھاجى پولكىنى باشقۇرۇۋاتاتتى.

— شۇنداق، يېڭىشەھەرنى تازىلىۋەتسەكلا قەشقەردىن يەكەنگىچە بولغان ئارىلىق بىزنىڭ ئارقا سېپىمىز بولىدۇ،— دېدى مەخەت پەيزى.

ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى سىجاڭ نېمە دەيدىكىن دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىشتى. مەھمۇد مۇھىتى يوغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە پىكىر قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھازىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئىدى.

سىجاڭنىڭ مۇنازىرىگە پىكىر قاتناشتۇرماي تۇرۇشى كېڭەش ئەھلىگە يەنىمۇ ئويلىنىشىپ بېقىڭلار دېگەندەك مەنا بېرەتتى. بۇلار ھەرخىل تەدبىرلەرنى

ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر ھەتتا خوتەندىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ، چارقىلىق تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ بېرىپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاستە ھوجۇم قىلىش قاراشلىرىنىمۇ ئېيتتى.

— ئەڭ ياخشىسى، — دېدى قۇربان ھېيت سەۋەبى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ قالغان ئابدۇنىياز،— تامام ئەسكەرنى يېڭىسارغا يۆتكەش، تۇڭگانلارغا ئەلچى ماڭدۇرۇپ، بۇلار بىلەن كېڭىشىپ، ھەمكارلىششقا تىرىشىش، شۇ يەردە تۇرۇپ، شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىل مۇئامىلىسى ھەققىدە دېيىشمەك كېرەك. بۇنىڭ بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، قەشقەر ھامان بىزنىڭ ئارقا سېپىمىز، بۇ يەردە تەسىرىمىز چوڭقۇر، ھېچ بولمىسا ئون يىگىرمە مىڭ ئوقۇغۇچى بىزنى قوللايدۇ. كۈنگەي تەرىپىمىز يەكەن، بۇ يەرمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا. دېمەك يېڭىسار ھوجۇمغىمۇ، مۇداپىئەگىمۇ ئەپچىل.

بۇ پىلاننىڭ ياخشى تەرەپلىرى ۋە يامان تەرەپلىرى ھەققىدە بىر ھازا قىزغىن مۇنازىرىلەر بولدى. شۇندىلا خېلىدىن بېرى مۇنازىرىلەرگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان سىجاڭنىڭ چېھرىسى نۇرلاندى. يوغان، غەمكىن كۆزلىرىدە شوخلۇقنى ئىپادە قىلغۇچى شولا كۆرۈندى.

— مەن ئابدۇنىيازنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن. ئۇ ياخشى ئېيتتى: يېڭىسار ھوجۇمغىمۇ، مۇداپىئەگىمۇ ئەپچىل! بىراق بۇ گەپنى ھەربىيچىسىگە ئەمەس، زىيالىيچىسىغا ئېيتتى. مەن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام يېڭىسار باشقا كۈن چۈشكەندە پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ قېچىشقىمۇ ئەپلىك! — ئۇنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر خىل ئىستىھزا بىلىنىپ تۇراتتى،— ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى بىزنى پىتىرىتىۋەتمەي جايىمىزدىلا يوقۇتۇش. شۇڭا لىيۇبىڭ بىزدىن پات-پات ئەھۋال سوراپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار بىزنى نازارەت قىلىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت رەسمىي قول سالغىچە بىزنى قاچۇرماستىن كاتەككە قاۋاپ تۇرماقچى. قەشقەر بىزنى قاۋاپ تۇرۇشقا تازا باب كېلىدىغان جىلغا، شۇڭا بىز دالىغا — يېڭىسارغا چىقىۋالغىنىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىق.

يىغىن ئەھلى سىجاڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بىر ھازا ۋەزىيەتنى ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى، قارشى تەرەپنىڭ ھەربىي نىشانلىرى، ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتى. مەھمۇد مۇھىتىنىڭ پىكرى بىلەن پىكرى

بىر يەردىن چىققىنى ئۈچۈن جانلىنىپ كەتكەن ئابدۇنىياز ئەمدى ئۆز پىلانىنى ئىجرا قىلىشنىڭ باسقۇچلىرى ۋە كونكېرت ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئەمىلى بۇ كېڭەشتە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ھەتتا بۇ كېڭەشكە قاتنىشىش سالاھىيىتى يوق بولسىمۇ ئۇنىڭ شۇنچە چېچەنلىكى سىجاڭغا ياراپ قالدى. ئۇ ئىلگىرىدىن ئابدۇنىيازغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. پەقەت ئۇنى سالماق ئەمەس دەپلا ياراتمايتتى. بۇ كېڭەشكە بولسا يەكەن قىسىملىرىغا ۋاكالىتەن قاتناشتۇرغانىدى. باشقا ئوفتسېرلارمۇ بۇ ئادەمگە ھەم قىزىقتى، ھەم ھەسەت قىلىشتى. لېكىن ھېچكىم ئۇ ئويلاپ يېتەلىگەن نەرسىلەرنى ئويلاپ يېتەلىگەن ئەمەس ئىدى، بۇ ئاجىزلىق ئۇلارنى بۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

نەتىجىدە قارار قوبۇل قىلىنىش بىلەن كېڭەش ئاخىرلاشتى. بۇنىڭدا يەنە ئېنىق ۋاقت بېكىتىلمىدى.

مەھمۇد مۇھىتى كېڭەشتىن كېيىن ئۇزاققىچە بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە نېمىلەر قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قۇربان سەئىدىدىن سىر تۇتقىنىغا بىر ئاز خىجىل بولۇپمۇ قالدى. ئۇ قۇربان سەئىدى بۇ پىلانغا قارشى تۇرشى، ھەتتا ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەر قانداق ھەرىكەتنى قوللىماسلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ساتقىنلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

مەھمۇد مۇھىتى بۇيان- بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بۇ پىلان ھەققىدە قۇربان سەئىدىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىشنى ماقۇل تاپتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ قۇربان سەئىدىنى كابىنىتىغا چاقىرتتى. ۋەزىيەت ھەققىدە قىسقا توختالغاندىن كېيىن:

— شۇنداق، بۇرادەر، ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، قوشۇنلارنى يىغىسارغا يۆتكەپ، يا قارشىلىق قىلىش ياكى قېچىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشمەكچى بولۇۋاتىمىز، ھەر ھالدا ھازىرقى ھالەتتە جىمجىتلا تۇگەپ كېتىدىغىنىمىز ئېنىق، بۇنىڭغا سىزنىڭ قارىشىڭىز قانداق؟

قۇربان سەئىدى كېڭەشنىڭ ئۆزىدىن يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈلگىنىگە كۆڭلىدە قاتتىق رەنجىدى. بۇ رەنجىش ئۇنىڭ تاشقى ئىپادىسىدىنمۇ بىلىنىپ قالدى.

— ئەگەر مېنىڭ پىكىرىمنى ئاڭلىماقنى زۆرۈر تاپقان بولسىڭىز، مەن بۇ پىلانغا قوشۇلمايمەن. ئەكسىچە، بۇنى ئىنتايىن زىيانلىق دەپ قارايمەن. ئالدىنقى نۆۋەتتە كىچىكاخۇن ئېيتقان پىكىرلەرنى قايتا تەكرارلاپ سەمىڭىزگە سېلىشنى ئورۇنلۇق ھېسابلايمەن. بىز ھۆكۈمەت بىلەن ئېچىشىشاق بىھۇدە قۇرۇپ كېتىمىز. ئۇندىن كۆرە پۇرسەت كۈتەيلى، بىر ئىككى يىل مادارا قىلىپ ئۆتەيلى، بۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز ئەلۋەتتە ئەركىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا.

سىجاڭ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ بىر قارارغا كېلىشكە ئۈلگۈرمەيلا، بۇ پىلاننىڭ دۈشمەنگە ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. رازۋېتچىكلار ئېرىشكەن يىپ ئۇچلىرىدىن بۇسىر كىچىكاخۇن تەرىپىدىن ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈلگەنلىكى سېزىلدى. ئەمما پاكت روشەن بولمىغاچقا كىچىكاخۇنغا چارە كۆرۈلمىدى.

*

**

بۇ مەزگىلدە بۈلتۈر سەككىزىنچى ئايدا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن غوپۇر پولكوۋنىك، قوربان نىياز، ھىمىت مەخسۇملار قەشقەرگە قايتىپ كەلگەنىدى. مەھمۇد مۇھىتى بۇلارنىڭ ئىچىدە غوپۇر پولكوۋنىككە ھەممىدىن ئىشەنچ باغلاپ كەلگەنىدى. ئۇنى ئاخىرقى كوزىر ھېسابلاپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئوقۇشقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن غوپۇرنى كابىنىتىغا چاقىرىپ مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە مەھمۇد مۇھىتى غوپۇرنىڭ ئاينىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىگە تەپ تارتماستىن شىڭ شىسەينى ئۇلۇغلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلى پەرىشان بولدى. ئۇ ئەتراپىدىكى بارلىق ئادەملەرنى بىر- بىرلەپ تارازىغا سېلىپ ئۆزى ئۈچۈن سادىقلارنى ئىزدىتىلاپ باقتى. نەتىجىدە يۇقىرى دەرجىلىك ئوفىتسېرلار ئىچىدە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىلگىرى ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك، ئۆز ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى يامانلىقىنى بىلىدىغان بولسىمۇ، ئەھۋالنىڭ بۇ قەدەر

ناچارلىقنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئۇ ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ئويلاپ يۈرگەن كىشىلىرىنىڭ نىيىتىنى كۆزلەپ ئاينىپ كەتكەنلىكىگە چۈشىنەلمەيتتى. ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىقىغا جان پىدا قىلىشقا بەل باغلاپ چىققان ئادەملەر ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار خەلققە قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭغا نېمە سەۋەبچى بولغاندۇ؟ نەپسى شەيتان، ئالتۇن- پۇل بۇلارنى ئېزىقتۇرغاندىمۇ؟ ياكى جان قايغۇسىمۇ؟ ياكى بولمىسا بۇلار بىر تىپىنىلىق ئەمەلىي پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قۇرۇق گەپلەرگە، دەبدەبىلىك مەسىلىلەرگە ئالدانغاندىمۇ؟

مەھمۇد مۇھىتى ئويلا- ئويلا كېينكى ئىشلاردىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇلارنىڭ قايتا قوزغىلاڭ قىلىش پىلانىنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمدى قېچىپ كېتىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى...

ئابدۇللا داموللا نەئىمى كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى:

— تېلېگراما، سىجاڭ،— دېدى دامولla.

— قەيەردىن؟— مەھمۇد مۇھىتى خىيال سەھراسىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن هالدا سورىدى.

— ئۈرۈمچىدىن، شىڭ دوبەندىن كەپتۇ،— تېلېگراما ئادەتتە ئەلچىخانا ئارقىلىق كېلەتتى.

— مەزمۇنى؟ قىسقىراق دەڭ.

— ئاساسىي مەزمۇنى 6- دېۋىزىيىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلاردىن 23 ئادەم ئوقۇشقا ئەۋەتىلسۇن، دەپتۇ، ئىسىملىكىنى ئۇقۇپ باقامسىز؟

—كېرەك ئەمەس! شۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇقتۇرۇڭ، ئوقۇشقا بېرىشقا تەييارلانسۇن!

ئابدۇللا دامولla بىر سىكونتچە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ سىجاڭنىڭ قارارىدىن ھەيران قالغانىدى. ئۇ چىقىپ كەتتى.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. هازىر دىۋىزىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلار ئاز قالغان، ھۆكۈمەت بولسا ئىچكى تاشقى جەھەتتىن ئۇنى قىستىيالايتتى. ئەگەر ئۇ بۇ

بۆيرۇقنى رەت قىلسا ئۆزىنىڭ قارشى مەيدانىنى ئىسپاتلاپ قويىاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم ئوقۇش نۆۋىتى كەلگەنلەر ئىلگىرىكىگە — ئالدىقاچان ئاينىپ كەتكەنلەرگە قارىغاندا مۇھىممۇ ئەمەس ئىدى. بۇ تەلەپ قىلىنغان پىچكلارنى ئالدىغا چىقىرىپ بېرىش ئارقىلىق قوغدىنىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا بولاتتى.

ئۇ ئەمدى ھېچكىم بىلەن كېڭەشمەستىن ھەرىكەت قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ھازىر ئىشەنگۈدەك ئادەممۇ قالمىغانىدى.

# ئون تۆرتىنچى باب

## 1

مارت ئېيى ھاۋارايىدا ئىنتايىن تېز ئۆزگىرىش بولاتتى. 1937-يىلىنىڭ مارتىدا بولسا سىياسىي ۋەزىيەتمۇ ناھايىتى تېز ئۆزگەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر شۇنچىلىك تېز ۋە بىر- بىرىدىن ۋەھىمىلىك ئىدى. ئالتىنچى دىۋىزىيىدىن 23 ھەربىي ئەمەلدار ئوقۇشقا كېتىشكىلا، كونسۇلخانىنىڭ خىزمەتچىسى يەنە بىر تېلگىراممىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ تېلېگراممىدا مەھمۇد مۇھىتى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغانىكەن!

مەھمۇد مۇھىتى ھۆكۈمەتنى مۇنچە بالدۇر قول سالىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۈرۈمچىگە بېرىش —شۈبھىسىز ئۆز پۇتى بىلەن دار ئالدىغا بېرىشتى. بارماسلىق — ئەمىرگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولاتتى، بۇنداقتا ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق تەدبىر قوللىنىشىغا باھانە تۇغۇلاتتى.

مەھمۇد مۇھىتىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتقانلىق ھەققىدىكى خەۋەر ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەندە مەمتىلى ئەپەندى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. سىجاڭ ئۇنىڭغا بىر پارچە مەخپىي خەت چىقارغان بولۇپ، ئۇ سۇيىقەستلىك ئويۇنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا يولىيورۇق بەرگەنىدى. ئۇ ئويۇشما ئەزالىرى ۋە ئىنچىلار بىلەن بىرلىكتە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، مۇنداق دېدى:

— سىجاڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشى ئىنتايىن خەتەرلىك! ئۇنىڭ تەقدىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭكىدىن يامانراق بولۇشى مۇمكىن. خوجانىياز ھاجىغۇ ھازىرچە ئەركىن، ئۆز ئۆيىدە مەھبۇس. لېكىن، مەھمۇد مۇھىتى ئۆز قوشۇنىدىن

ئايرىلغان هامان تۈتقۈن بولۇشى چوقۇم،— مەمتىلى ئەپەندى ۋەھىمىلىك تۈس ئالغان چىرايلارغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى. — ۋەتەنداشلار، بىز بۇ ئارقا تېرىكمىزدىن ئايرىلساق نېمە كۈنگە قالارمىز؟ بىز مۇشۇنداقلا قاراپ تۇرۇپ، ئۇنى يولۋاس ئاغزىغا ئۈزىتىپ قويامدۇق؟

سۈكۈتنى بۇزۇپ ئىسلىماخۇن خەلپىتىم سوئال سورىدى:

— نېمە قىلماق كېرەك؟ ئەپەندى ئاقىلانىراق چارە ئويلىغان بولسا ئېيتىپ باقسا، كۆپچىلىك ئاڭلاپ باقسۇن.

— ۋەتەنداشلار، بىز ئۇنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلايلى. ھەربىر مەكتەپ، ھەر بىر سىنىپ ئۇپچى خەت يېزىپ، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرەيلى.

— بۇ خەت ناھايىتى پات پۈرسەتتە كېرەكمۇ؟ — ئىسلىماخۇن سورىدى.

— شۇنداق، بولسا بۈگۈنلا تەييار بولسا، ئەتە مەن ئىزچىلارنى ئېلىپ قەشقەرگە ماڭسام ياخشى بولاتتى.

— بۇنداق بولسا ۋاقتنى سوزماي ئىشقا كىرىشەيلى.

— بولىدۇ. مەكتەپلەرگە دەرھال ئۇقتۇرۇڭلار، ئىزچىلار مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ماڭسۇن. مەن رۇشتى مەكتەپ نامىدىن يېزىلىدىغان خەتنى تەييار قىلاي.

بۇ مەزگىلسىز كېڭەش تېزلا تارقىدى.

نارازىلىق خەتلىرى شۇ كۈنىلا تەييار قىلىنىدى. ئەتىسى سەھەردە ئىزچىلارنىڭ جەڭگىۋار سېپى "ئىت يولى" بىلەن قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ئاۋۋال نوۋېشى مەكتەپكە كىرىشتى. يۈسۈپ ئەپەندى قاتارلىقلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەخسىدىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ئاۋاز قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى (ئەمما تەۋپىق سىجاڭنىڭ مەخپىي خېتى — يولىورۇقى ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى). شۇنىڭ بىلەن نوۋېشى مەكتەپمۇ جانلىنىپ كەتتى. بۇ ئىككى ئىزچىلار ئەترىتى ئۆز شۇئارلىرىنى توۋلاپ كوچىغا چىقىشتى ھەمدە ۋالى مەھكىمىسى ئالدىغا بېرىشتى.

بۇ ھەرىكەت ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن قەشقەر شەھىرىگە يېيىلدى. گۈلباغ مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن، قىزىل دۆۋە قاتارلىق شەھەر ئەتراپىدىكى

مەكتەپلەرنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشىغا قاتناشتى ھەمدە نارازىلىق خەتلىرىنى ئۈرۈمچىگە يوللاشتى. بۇ ھەرىكەت ھۆكۈمەت ئۈچۈن تازا باش ئاغرىقى بولدى.

كەچتە مەمتىلى ئەپەندىنى مەھمۇد مۇھىتى قوبۇل قىلدى.

ئۇلار سىجاڭنىڭ كابىنىتىدا يالغۇز ئولتۇرۇشاتتى. سىجاڭ گەپنى باشلاش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقاندەك بىرھازا شۈك ئولتۇردى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نارازىلىق ھەرىكىتى ھەققىدە توختۇلىدۇ، يا ماڭا ئاپىرىن ئېيتىدۇ ياكى تەنبىھ بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ، بەكمۇ جىددىيلەشتى. بىراق، مەھمۇد مۇھىتى نامايىش ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمىدى، ھەتتا چىرايىدىكى ئىپادىلەرگە قاراپ ئۇنى بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپمىغان دەپ ئويلاپ قېلىشقا بولاتتى. ئۇ سىجاڭغا يولىيورۇقنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىدىن دوكلاد قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىدىمۇ ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئەپەندىم، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟— دېدى، ئۇ ئەمدىلا ئېسىگە كەلگەندەك.

— ياخشى، ئەلھەمدۇلىللاھ.

سىجاڭ باش چايقىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر نەرسە تاتىلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ سىجاڭنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى.

— يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىڭىز قانداق؟ بۇرۇنقىدەكلا ئەمەستۇر؟

مەمتىلى ئەپەندى نۇرلۇق كۆزلىرىنى بۇ ھامىسىغا لەپ قىلىپ تىكىپ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىدىن بۇ سوئالدا نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى شۇندىلا چۈشەندى. ئەمدى ئۆز ئەھۋالىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. مەھمۇد مۇھىتىدىكى ھەربىي خاراكتېرمۇ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ گەپ ياساشنى يامان كۆرىدىغان خاراكتېرىمۇ ئەنە شۇنى تەلەپ قىلاتتى.

— ئەھۋال چاتاق، سىجاڭ،— دېدى ئۇ ۋە يەنە بىر قېتىم مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سېرىق ساقاللىق يۈزىگە قاراپ قويىدى ھەم بۇنىڭ خىيالچان چوڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ ئەمدىلا سوئالىنى چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلىپ باش لىڭشىتتى.

— سۆزلەۋېرىڭ،— دېدى ئۇ.

— قىش كىرگەندىن باشلاپ جاسۇسلا ئۆيۈمنى نازارەت قىلىدىغان بولدى. تەھدىت خېتى تاشلاشتى... ھەر خىل شەپە بېرىپ تەھدىت سالدى، جەمئىيەتكە بولسا، تەتۈر تەشۋىق تارقىتىپ، مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچىلارنى قاچۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوقۇشتىن چېكىنگەنلەرمۇ بار. ئاساسەن ئاتا-ئانىلىرى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ...

— سىز نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟

— مەن بۇ پىتنە ئېغۋالارغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە رەددىيە بېرىپ كەلدىم.

— ئىمكانىيىتىڭىز قانچىلىك بولىۋاتىدۇ؟

— گەپنىڭ راستى، ئىشلار ئىلگىرىكىدەك ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنىڭ سەۋەبى ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكىدىن، خەلققە بەرگەن دېموكراتىيىسىدىن ئەمدىلىكتە يېنىۋېلىپ بارغىنىدىن.

— ھە... سىزنى نېمە ئۈچۈن نازارەت قىلىۋاتىدۇ؟

— بەلكىم مېنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ قارىسا كېرەك؟

— نېمىشقا؟

— ھۆكۈمەتنىڭ رەزىل بەشرىسى ئاشكارىلانغانسېرى بىزنىڭ يولىمىز تاقىلىدىغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ ئىشەنچىلىك تېرىگىمىز بولغان ئالتىنچى پىرقىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقى.

— دېمەك، ئىلگىرى ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلمىغان دۈشمەن ئەمدى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىش دەرىجىسىگە بېرىپتۇ، بۇنى بىزنىڭ ھالىمىزنىڭ يامانلىشىپ قالغانلىقىدىن دەپ ئويلايدىكەنسىز ـ دە؟

مەتىلى ئەمدى سىجاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتامدىكىن دەپ ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى. لېكىن، گەپنى ياساپ ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ تونۇشىنى ئېيتتى.

— شۇنداق. بۇنىڭ سەۋەبى ئالتىنچى پىرقىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىدىن.

لېكىن سىجاڭ بۇنىڭغا ئاچچىقلىمىغانىدى. ئۇ دەرھال ئىسپاتلاندى:

— ئىنتايىن توغرا ئويلاپسىز! بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز، دەل سىز چۈشەنگەندەك. خوش، شۇنداق ئىكەن، ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟ قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟

— راستىنى ئېيتقاندا مەن بىرەر ئۇنۇملۇك مەسلىھەت بېرىشكە ئاجىزمەن. بىرىنچىدىن مەن سىياسىيون ئەمەسمەن، ئىككىنچىدىن، ھەربىي ئەمەسمەن، مەن پەقەت بىر مائارىپچى، ئاددىي مۇئەللىم، خالاس. لېكىن، ھەر قاچان تەسلىم بولغاندىن مەرتلەرچە ئۆلۈش ئەۋزەل، قېچىشتىن ئۆزىنى ئۇرۇش ئەۋزەل، دېگەن ئەقىدىگە ئىشەنگىنىم ئۈچۈن، ئەگەر بىرەر ئاقىلانە چارە — ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ چارە تېپىلمىغان ئەھۋالدا ئاخىرقى قارشىلىقنى كۆرسىتىش ئەۋزەل دەپ قارايمەن.

— بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن قانچىلىك قان ئاقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ئويلىدۇم. ئەڭ كىچىك راھەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ بىر مۇنچە جاپا چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ كۆزلەۋاتقىنىمىز ھۆرلۈك! ئۇنداقكەن، قان تۆكىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا چىداشقا توغرا كېلىدۇ.

— بىز ئەسلىدىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەسمىز، دۈشمەن بۇنداق باھانىنى تاپسا، كەڭ كالەمدە قەتلىئام قىلىدۇ، بۇ ھەرگىز جەڭ مەيدانىدىكى چىقىمنىڭ گېپى ئەمەس!

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن جەزمەن ئۆلۈشكە توغرا كەلگەندە جىم- جىت ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندىن كۆرە، تىپىرلىغانمۇ ئەۋزەل، بۇنىڭدا ھېچ بولمىسا جاللاتنىڭ قولى تالىدۇ، چارچايدۇ. زو زوڭتاڭ قانداق قىلغان؟ ئۇرۇش توختىغان، پۈتۈن يۇرتنى ئىستىلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەتلىئام قىلىپ مىليونلارچە خەلقنى قىرىۋەتكەن. دۈشمەن ھامان بىزنى ئۆلتۈرۈشنى توختاتمايدۇ. قارشىلىق قىلماسلىق بىزنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىسمىتىمىزنى ئۆزگەرتسىدى، كاشكى!

مەھمۇد مۇھىتى كابىت ئىچىدە بۇياقتىن- بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. مەمتىلى ئەپەندى يۈرىكىنى سىقىپ تۇرغان ئاللىقانداق نەرسىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغاندەك ئۇزاق بىر تىنىدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان جىملىقتىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى جايىدا چىپپىدە توختىدى ۋە:

— مەنمۇ ئاخىرقى قارشىلىقنى كۆرسىتىش زۆرۈر دەپ قارايمەن. لېكىن، بۇ بۇيرۇق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى. 6- دېۋىزىيە پۈر كۆتەك بولۇپ قالدى. ئۇ سىرتىدىنلا ھەيۋەتلىك ۋە زور. ئەمەلىيەتتە ئەسكەرلەرنىڭ قاچقىنى قاچتى، قايتقىنى قايتتى. ئەمەلدارلارنىڭ بولسا، كۆپچىلىكى ئايىنىپ كەتتى. ئەمدى بىر بۇيرۇق بىلەن پۈلارنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمىدى.

ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىدە يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، كۆرمىگەن مەمتىلى ئەپەندى چۆچۈپ كەتتى. سىجاڭ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— يېڭىۋاشتىن قوزغىلاڭ قىلىش ئۈچۈن يېڭى كۈچ بولۇشى لازىم. ئاڭ پىكرى ساغلام ، غەزەپ- نەپرىتى ئۆتكۈر يېڭى كۈچلەر بىلەن ئىش باشلانسا، ”پۈر كۆتەك“ ئەنە شۇ يېڭى كۈچلەرنىڭ چوقانى بىلەن جىمجىتلىقى بۇزۇپ تاشلانغان تېنىچسىز مۇھىتتا ئاۋاز قوشۇشقا يارايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ قىتماللىشىپ كەتكەن، تېنىچلىقتىن ۋە ئازغىنا كىرىم، مەئىشەتتىن قانائەتلىنىپ قالغان ئادەملەرنىڭ جىم- جىتلىقىنى بۇزغىدەك رەغدى يوق.

— دېمەكچى بولىسىزكى، — دەپ گەپ ئارىلىدى تىت- تىت بولۇپ كەتكەن مەمتىلى ئەپەندى، — ئەمدى قايتىدىن ئىنقىلاپ تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، يەنە بىر مۇھىت، شارائىت بولۇشى، شەرت- شارائىت پىشىپ يېتىلىپ، خەلق غەزەپتىن يانغىدەك ھالغا كېلىشى كېرەك دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئادەتتە بىر قېتىم قان قىزىپ بىر مۇنچە تەلۋىلىكلەرنى قىلغاندىن كېيىن قان سوۋۇيدۇ، بۇ چاغدا ئادەم ياۋاشلىشىپ، قورقۇنچاقلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم سەكرىشى ئۈچۈن ئۇ يەنە غەزەپلىنىشى كېرەك. بىراق، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز پۈتۈنلەي بۇنداقمۇ ئەمەس، — ئۇ يەنە بىر نېمىنى ئويلىنىۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇ ئۈچىنى چىقارغان ئاخىرقى ئىمكانىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. مەھمۇد مۇھىتى سۆزىنى

داۋام قىلدى:

— بىزنىڭ قولىمىزدا جەڭگىۋار ئىزچىلاردىن، ئاندىن سىزنىڭ ئالاھىدە تەربىيىلىنىۋاتقان جەڭگىۋارلىرىڭىزدەك ئوقۇغۇچىلار بار. بىز بۇلار ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئوت تۇتاشتۇرالايمىز. ئوت تۇتاشقاندىن كېيىن ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ ئوتنى يۇلغايتىشقا بولىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى ھەم نۇرلىنىپ، ھەم ھەيران بولۇپ سىجاڭغا باقتى.

— مەن سىز بىلەن مانا شۇ ھەقتە سۆزلەشمەكچىدىم.

— بۇ مېنى ئىنتايىن قىزىقتۇرىۋاتىدۇ، — دېدى ئەپەندى راستىنى ئېيتىپ.

— سىزنىڭ ئىزچىلىرىڭىزدىن باشقا مەخسۇس ھەربىي تەلىم- تەربىيە ئېلىۋاتقان 500 تەلەبىڭىز بار، يەنە باشقا بەزى مەكتەپلەرمۇ مۇشۇ ئۇلگە بويىچە بىرقىسىم ئوقۇغۇچىنى تەييارلىغان ئىدى، مانا بۇ بىزنىڭ تۇترۇقىمىز. سىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر قوشۇننى تەربىيىلىشىڭلارغا قىزىقىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ مانا بۇگۈنكىدەك بىر ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، مۇشۇنداق چاغدا بىر ئىشقا ياراپ قالار دېگەن مەخسەت ئىدى، «ئىلغىدا گۆشۈڭ بولسا بىر كۈن مېھمانغا ياراپتۇ» دەيدۇ ئەمەسمۇ، — مەھمۇد مۇھىتىنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىت ئاڭلاپ ئولتۇرغان تەۋپىق سۆزنى بۆلمىدى. مەھمۇد مۇھىتى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پۈتۈن قەشقەر تەۋەسىدىكى مەكتەپلەردە بۇنداق ئوقۇغۇچىلار ئازدۇر- كۆپتۇر بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلسا زور بىر قوشۇنغا ئايلىنىدۇ. باشقا تەلەبىلەر، ئەسكەرلەر ۋە باشقا خەلق قوشۇلىدۇ؟ بىز پەقەت ئوتنى ئوڭۇشلۇق تۇتاشتۇرالىساقلا بولغىنى، ئۇنىدىن كېيىنكى ئىش تەشكىللەشكە باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

— ئىنتايىن ئاقىلانە پىكىر، سىجاڭ، — دېدى چىراي ئېچىلىپ كەتكەن مەمتىلى ئەپەندى، — بۇنىڭ تەپسىلى پىلانىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرگەنسىز؟ ئىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرماقچى؟

— بۇ مەخپىي پىلان، ئەپەندى، بۇنى تېخى ھېچكىمگە دېگىنىم يوق،

تۈنجى قېتىم سىزگە ئېيتىۋاتىمەن. سىز ئاشۇ تەلەبىلىكىڭىزنىڭ ھەممىسىنى 12- ئاپرېل بايرىمىغا، تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى باھانە قىلىپ ئېلىپ كېلىسىز. بۇ ھېچكىمدە گۇمان تۇغدۇرمايدۇ، چۈنكى بۇ ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن. باشقا مەكتەپلەرمۇ كېلىدۇ. ئىشنى مۇسابىقە مەيدانىدا باشلايمىز. مۇسابىقىنى ئەسكىسادا ئۆتكۈزىمىز. بىزدە قورالمۇ بار، ئەنە شۇ چاغدا بىر تۈركۈم بالىلارنى قوراللاندۇرىمىز. ئىش مانا مۇشۇنداق باشلىنىدۇ. ئەمما بۇ سىر تاكى قورال تارقىتىلغانغا قەدەر تەلەبىلەرگىمۇ ئاشكارلانماسلىقى كېرەك. پەقەت ئۆزىڭىز ئىشەنگەن، ئىش بېشىدا بولىدىغان يېقىنلىرىڭىزدىن بىرنەچچىسىلا بىلىپ قالسا بولىدۇ.

— باش ئۇستىگە، سىجاڭ، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى شوخلۇقى تۇتۇۋاتقاندەك، — ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ مۇرادى ۋەتەن يولىدا ئۆلۈشتۇر.

— مەن بۇگۈن ئەتە ئىچىدە مەكتەپلەردىكى بۇرادەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولىمەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى تەييارلىقمۇ پىشىدۇ، سىز بىلەن قىلىدىغان مەسلىھەت شۇ. ھازىر روھى تەييارلىقتا بولۇش كېرەك، باشقا جەھەتتىكى تەييارلىقىڭلار جايىدا ھەقاچان؟

— چىقىشقا ئىجازەت بېرىڭ.

— ئامان بولۇڭ.

بۇلار شۇ تەرىقە خوشلاشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئاتۇشقا قايتىشقا ئالدىرىدى، دوست بۇرادەرلەر نوۋېتى مەكتەپتە كۈتۈپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ قونۇپ قېلىش ھەققىدىكى دالالەتلىرىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلدى.

ئۇ قايتىپ كېلىپلا يېقىن شاگىرتلىرىنى يىغىپ بۇ ھەقتە يىغىن ئاچتى. يىغىنغا تۇنجى قېتىم ناسىراخۇنمۇ موھىم شاگىرتلار قاتارىدا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ يىغىندا شاگىرتلارغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بوران-چاپقۇن ھەققىدە، ئاپرېل بايرىمى بىر ئۇلۇغ ئىنقىلاپنىڭ باشلىنىش مەزگىلى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ئەمما سىجاڭ بىلەن دېيىشكەن تەپسىلاتلارنى ئەينەن تەكرارلاشتىن ئۆزىنى تۇتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەممەيلەن بۇنى بىر قوزغۇلاڭ ھەققىدىكى چاقىرىق دەپ چۈشەندى

ۋە شۇنداق ھازىرلىقتا بولۇش ئۈچۈن تارقىلىشتى.

## 2

قەشقەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەھمۇد مۇھىتىنى ئۇرۇمچىگە چاقىرتىشقا قارشى ھەرىكىتى ئىنتايىن تېز ئارىدا پۈتۈن ۋىلايەتكە كېڭەيدى. يەكەن، پەيزىۋات، مەكىت، يېڭىسار خەلقى ئۆزى سۆيگەن بىر يېتەكچىسىنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىپ خەۋپكە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز نارازىلىقلىرىنى ھۆكۈمەتكە تەلەپ مەكتۇپلىرى ئەۋەتىش يولى بىلەن بىلدۈرۈشتى.

بىراق، شىڭ شىسەي ئارقا- ئارقىدىن بىسىم ئىشلىتىپ تېلېگرام يوللاشنى توختاتمىدى. تېلېگراممىلار مۇئاۋىن ”رەئىس“ خوجانىياز نامىدىن يوللىناتتى. سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى تېلېگراممىنى ئېلىپ كېلىشەتتى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇرۇمچىگە بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان قىياپەتتە قوزغىلاڭغا تەييارلىناتتى. دېۋىزىيە ئىشتابىدا ساقلىنىۋاتقان قورال- ياراقلارنى تەكشۈرۈپ- ئىدىتلاپ، دەرھال ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. باشقا ناھىيىلەردىكى ئىشەنچلىك ئادەملەرگە خەۋەر بېرىلىپ، شۇ جايدىكى مەكتەپ ۋە ھەربىيلەرنىڭ تەييارلىنىشىنى ئاگاھلاندۇرۇدى... بۇ ھەرىكەتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدىن ئۈمىد زور ئىدى. بۇ ھال روھى چۈشۈشكە باشلىغان سىجاڭنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەك ھەرىكەتچان، چاققان، تېتىك بولۇپ قالدى.

موھىم ئىزچى يېتەكچىلىرىنى توختاجىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىش كۆرىنىشىدە توپلاپ، ئۇلار بىلەن قوزغىلاڭنىڭ ئۇسۇلى، كونكرېت تەپسىلاتلىرى بېكىتىلىدىغان بولدى. پايلاقچىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن سىجاڭ بۇ توپلانتىنى مېھماندارچىلىق سۈپىتىدە قىلىش، چاقىرغۇچى ساھىپخان توختاجى بولۇش ئۇسۇلىنى توغرا تاپقانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى بۇ مېھماندارچىلىقتا ھېچقانداق يېقىن شاگىرتلىرىنىمۇ ئالماي كەلگەنىدى. ئۇسۇلى ھەققىدىكى مۇزاكىرىلەرنىڭ

ئاخىرىدا شۇنداق بېكىتىلدى:

12- ئاپرېل كۈنى ئەسكىسار تۈزلەڭلىكىگە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولىدىغان، تاماشابىن ئاممىنىڭ سانىمۇ ئەڭ كۆپ بولىدىغان بولغاچقا شۇ كۈنى قوزغىلاڭ ۋاقتى بولۇش ئەڭ مۇۋاپىق؛ ئالتىنچى دېۋىزىيىدە بار بولغان قوراللار بۇ كۈنى مۇسابىقە ئۈچۈن كېرەكلىك لاۋازىماتلار شەكلىدە ئىقاپلىنىپ، بۇ مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ بۇ كۈنى ئىشەنچىسىز قىسىملار دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلىپ، قورالسىزلاندۇرۇلىدۇ، تاماشا كۆرۈشكە جەلپ قىلىنىدۇ، تەرتىپ ساقلاشقا ئىشەنچىلىك قىسىملار بەلگىلىنىدۇ؛ ئاۋال ئەسكەرلەر ھەركەت باشلاپ، مەيداندا بولغان بارلىق ئەمەلدارلار، ساقچىلار، دۈشمەنگە ئىشلەيدىغانلىقى قىياس قىلىنىۋاتقان گۇمانلىق ئادەملەر تۇتقۇن قىلىنىدۇ؛ شۇ ئارىدا "لاۋازىمات" دېيىلگەن يۈك ماشىنىسى ۋە يا ھارۋىلاردىكى قوراللار ئىزچىلارغا تارقىتىلىدۇ؛ سورۇندا بولغان ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ بىرسىنىمۇ ساق چىقارماسلىققا دىققەت قىلىش شەرت! موھىمى ھالقىلىق پەيتتە ئارقىغا سىيىدىغان، قورقۇقلۇق قىلىدىغانلارنىڭ چىقىپ، سەپنىڭ پارچىلىنىشىغا، كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەپ بولماسلىقى ئۈچۈن، مەپكۇرە ئەھۋالى توغرا ئىگىلىنىشى، مۇجمەل ئادەملەر زادىلا قاتناشتۇرۇلماسلىقى كېرەك.

ئىزچىلارغا ھەقىقىي ئەھۋال ئوچۇق ئېيتىلمايدىغان بولدى؛ پەقەت، ئۇلارغا يېقىن ئارىدا ۋەتەن ئۈچۈن ھايات ـ ماماتلىق بىر ئېلىشىشقا تەييار تۇرۇش ھەققىدىلا سۆزلەش بىلەن چەكلىنىش بەلگىلەندى. بۇنداق بولمىغاندا قوزغىلاڭ ۋاقتى ۋە ئورنى پاش بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى تۇغۇلاتتى.

"مېھماندارچىلىق"تىن كېيىن مېھمانلار گويا ھەقىقىي جەڭگە تەييارلىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بىر بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئەمدى بۇلار 4 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە كۆرۈشمەيتى.

# ئون بەشىنچى باب

1

مارتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، باھار بۇ ئەزىم تۇپراقنى ھاياتبەخش رېڭى بىلەن قايتىدىن بوياپ چىقىشقا كىرىشكەنىدى. ھەزرەت سۇلتان ھويلىسىدىكى تېرەكلەر ۋە قېرى سۆگەتلەردىن باھار رۇخسارىنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. بىراق يۇرت ئۈستىدە ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. نۇرغۇن كۆڭۈللەرنى ئېغىر بىر نەرسە يەنچىپ ئۆتكەندەك، ئېغىر روھى ھارغىنلىقتىن سۆزلەشكە مادارى قالمىغاندەك، جىم ـ جىتلىق، سۈكۈت، ۋەھىمە تۇمانى يۇرتنى كېزىپ يۈرەتتى.

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن جامائەت بىللە بىلەن يانغان مەتىلى ئەپەندى ئەنە شۇنداق ھېس قىلدى. گەرچە كىشىلەر يەنىلا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى، جاھاندارچىلىقنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە پاراڭلىشىپ چىقىشۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەتراپ قەۋرىستاندەك جىم- جىت بىلىنەتتى. قاراڭغۇلۇقتا پېتىۋاتقان يۇرت، بارغانسېرى قارىيىپ بېرىۋاتقاندەك دەل- دەرەخلەر يىتىمسىرەپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى، كائىنات يىغلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە شۇئان ئايالىنى ۋە قىزى ئەدىبەنى كۆرۈش ئىستىكى ئوتتەك يېلىنجاپ كەتتى ۋە قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.

ھويلىدا ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىدا بەستىلىك بىرسىنىڭ ئۆرە تۇرغان گەۋدىسى قارىيىپ كۆرۈنىشى بىلەن ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ھويلىغا پات- پات كىرىپ تۇرىدىغانلارغا — ئىزچىلار ۋە ئۇيۇشمىدىكىلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ئېغىر بىر تىنىپ بوسۇغىنىدىن ئاتلىشى بىلەنلا قارا كۆلەڭگە زۇۋانغا كەلدى.

— سالام، ئەپەندى!

— هوي، نىمەتۇللامۇ سىز؟— دېدى ئۇ ۋە يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈشتىن ئاللىقانداق يېنىكلىك هېس قىلىپ ئېچىلىپلا كەتتى،— نېمىشكە بۇ يەردە تۇردىڭىز؟ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىزچۇ؟

— سىز نامازغا چىقىپ كەتكەنكەنسىز، شۇڭا مۇشۇ يەردىلا كۈتۈپ تۇردۇم.

— يۈرۈڭ.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى.

— مەلىكەم، مېهمان،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى دوستانىلىق بىلەن. مەلىكىزاد داستىخان راستلاشقا كىرىشتى.

— مەن ئالدىرايمەن، ئەپەندىم، سىزگە سىجاڭدىن مەكتۇپ ئېلىپ كەلدىم. دەرهال ئوقۇڭ- دە، جاۋاب بېرىڭ، دەرهال كېتىمەن،— دېدى نىمەتۇللا. ئۇ مەكتۇپنى تەۋپىققە سۇندى.

— ئەمىسە مەن خەتنى ئوقۇي، سىز داستىخانغا قاراڭ،— دېدى تەۋپىق ۋە خەتنى ئاچتى. خەت ئابدۇللا داموللىنىڭ پوچۇركىسى ئىدى. خەت ئۇزۇن ئەمەس، ئەمما تولىمۇ يامان خەۋەر بىلەن تولغانىدى:

"ئەپەندىم، پىلان پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتتى! ئەهۋالدىن قارىغاندا مائارىپچىلارنىڭ سېپىگە كىرىۋالغان ئىنتايىن يامان جاسۇس بار ئوخشايدۇ. ھەممە ئىش ھۆكۈمەتكە مەلۇم بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت بىزدىن ئارتۇق قورال- ياراقنى تاپشۇرۇۋېتىشنى يالغان باھانىلار بىلەن تەلەپ قىلدى. (بۇ باھانىلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن). بۇنىڭدىنلا ھەممە ئىش بۇزۇلغانلىقى مەلۇم بولدى. مېنىڭ پايلاقچىلىرىمنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا ھۆكۈمەت قوزغىلاڭدىن بۇرۇنلا جايلاردىن كېلىدىغان ئىزچىلارنى يولدا توسماقچى، قولغا ئالماقچى، ئاتماقچى بولغان ئوخشايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ بۇ دەرگاھتا تۇرمىقىمىز نۇرغۇن جانغا زامىن بولىدىغان يەرگە يەتتى. شۇڭا چەتكە چىقىپ كەتمەكچىمەن. مەن يالغۇز ئەمەس، سىزمۇ خالىسىڭىز قوشۇلۇڭ، خەۋەر قىلىڭ، تەييارلىق قىلىپ، ئۆگۈنلىككە ناماز بامداتقا قەشقەرگە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئىشەنچىلىك ئادەملىرىڭىزدىن كەتمەكنى ئىختىيار

قىلىدىغانلار بولسا بىللە كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ.
دەپ مەھمۇد مۇھىتى.
تارىخىي ھىجرىيە، 1356- يىلى مۇھەررەمنىڭ 3-كۈنى (1937- يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى)»
مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا يەر كۆمتۈرۈلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يۈرىكى سىقىلدى. بۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەمدى قاچماسلىق مۇقەررەر ئۆلۈم! يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ھامىيسى قېچىپ كەتسە، ئىگىسىز قالغانلارنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچىدى؟ مۇقەررەر ئۆلۈم! جاھالەتنى ياقلىغۇچى، خەلقنىڭ قان ۋە يىلىكىنى شورىغۇچى ھۆكۈمەت ئىسيانكار قېنى تومۇرلىرىدا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان يېڭىلىقپەرۋەر كۈچلەرنى مېھمان قىلاتتىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ياۋۇز پەنجىسىدە بۇلارغا خوۋلۇق يوق! بۇلارنى كۈتىۋاتقىنى خورلۇق! ئازاب! تۈرمە- زىندان، مۇقەررەر ئۆلۈم...
— سىجاڭ مېنىڭ يۇلۇمغا ئىنتىزار، ئەپەندىم،...
تەۋپىقنىڭ قۇلىقىغا نىمىتۇللاھنىڭ ئاۋازى غۇۋۋا ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىدا كۆرەش قايناپ كەتكەندى.
”ياشاشنى خالىساڭ ‹قوشۇلىمەن› دېگىن ۋەسسالام! ئۆلمەكچى بولساڭ قېلىۋەر! بىراق، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن پەرىشتىدەك ئايالىڭ ۋە تېخى دۇنياغا كېلىپ خوۋلۇق ياكى خوشلۇق كۆرمىگەن پەرزەنتىڭمۇ ئۆلسۇنمۇ؟ ئۇلارنىمۇ ئۆلۈمگە ئىتتىر مەكچىمىدىڭ؟ يا ھەزرەت، خۇدا پاناھىڭدا ساقلا! بۇدرۇق يۈزلۈك پاقلىنىم، ئۇ مېنىڭ ئۆمۈر كۆچىتىم! ئۇنى پاناھىڭدا ساقلا! مەن تېخى مۇھەببەتكە قانغىنىم يوق، راھەت كۆرگىنىم يوق، مەنمۇ ئۆلۈشنى خالىمايمەنغۇ؟ خالىمىساڭ قاچ! يۇرتنى، ۋەتەننى تاشلاپ قاچ! لېكىن، مېنىڭ پەرۋىشىم بىلەن ئۆسۈۋاتقان مىڭلىغان كۆچەتلەرچۇ؟... ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن خەق! مۆرىتى كەلدى. ئۇلاردىن ئايرىلدىڭ، بۇنىڭدا نېمە قىيالمايدىغان ئىش بار؟ قاچ!...“
— ئەپەندىم...
— سىجاڭغا ئېيتىڭ،... — ئۇ ئۆزىنىڭ قېچىشقا تەييارلىنىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولۇپ، يەنە مەلىكىزادىنىڭ كۆڭلىگە

ۋەھەمە سالماسلىق ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ئۈن- تۈنسىزلا پۈتتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، ھېلىقى خەتنىڭ ئارقا تەرىپىنى ئۆرۈپ، يېزىشقا باشلىدى:

”ھۆرمەتلىك مەھمۇد سىجاڭ، قارارىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم، مەنمۇ،...“ شۇئان ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. ”ياق، نېمىلەرنى يازماقچىمەن؟ بۇلارنى چوڭقۇرراق ئويلىناي، بۇنداقلا جاۋاب بېرىۋەتسەم كېيىن پۇشايمانغا قالىدىغان ئىش بولمىسۇن... ئەگەر مەن كەتسەم، مېنىڭ شاگىرتلىرىم، تەلەبىلىرىم نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟“ بەلكىم مېنىڭ كاساپىتىمدىن ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى قولغا ئېلىنار. ئەنە شۇ چاغدا نەپرەتلىك دۈشمەنلىرىم: ”ئەنە قاراڭلار، كالتە چاپان دەھرىلەرنىڭ بۇ كاتتىۋشى خەقنىڭ بالىلىرىنى گۇناھكار قىلىپ، ئۇتقا تىقىپ قويۇپ، ئۆزى تىكىۋەتتى“ دېمەسمۇ؟ شۇ چاغدا شاگىرتلىرىمۇ، ئەپەندىمۇ تازا ساختىپەزكەن، بىزگە جان پىدا قىلىش، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك... دەپ ئۈگىتىپ، ئاخىرىدا ئۆزى، ئۆز سۆزىگە ئەمەل قىلماي، بالاغا بىزنى قويۇپ قاچتى دېمەسمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولغان بولسا، مېنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ قىلغان – ئەتكىنىمنىڭ ھەممىسى بىر تېيىن بولىدۇ خالاس!...

— ئەپەندىم!...

ئەمدى مەمتىلى ئەپەندى نىمتۇللانى يەنە ساقلىتىۋېرىشنى خالىماي، خەتنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاپ يازدى، ئەمما يازماقچى بولغىنىنىڭ ئەكسىنى يازدى:

”... مەنغۇ بۇ قارارغا قوشۇلسام بولاتتى. بىراق ئويلاپ كۆرسەم مەن مىڭلاپ شاگىرت دىلىغا ۋەتەن، ئەركىنلىك يولىدا جان پىدا قىلىش توغرىسىدا ئوت يېقىپتىمەن، مەن ئۆزۈممۇ ئەنە شۇ ئەقىدە ئۈچۈنلا ياشاۋاتاتتىم. بۇ ئەقىدىنى كۆچەتلىرىمگە مۇۋەپپەقىيەتلىك سىڭدۈرۈپ كەلدىم. ئەمدىلىكتە ئۆزۈم بۇلارنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇلارنىڭ قەلبىدە تىكلەنگەن ئەنە شۇ ئەقىدە تېغىنى ئۆزۈم ئۆرىۋېتىپ كەتكۈدەكمەن. ئېسىمدە قېلىشىچە سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆھبەتلەشكىنىمدە بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئارمىنى ۋەتەن يولىدا ئۆلۈش دېگەنىدىم. تەقدىر بۇ سۆزنىڭ چىن ياكى ساختىلىقىنى سىنايدىغان مومېنتلار ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە كەتسەم، ۋجدانغا مۇخالىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ھەقىقىي ئىنسان ئۈچۈن تۈرمە- زىندانلاردا چەككەن ئازاپتىن ئۆز ۋجدانى

ئالدىدا چەككەن ئازاپ يامانراق ئەلۋەتتە. سىز ماڭا ئوخشىمايسىز، ھەربىسىز، ھەربىيلەر شارائىت يار بەرگەندە چېكىنىسە، كېيىن يەنە ھۇجۇم قىلسا بولىدۇ. ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، شاگىرتلىرىم ئالدىدا تەرغىپ قىلغان بۈيۈك ئەقىدىلەر يولىدا بېشىمنى بېرىپ، ئۆلارنىڭ قەلبىدە بۇ ئەقىدىلەرگە بولغان ئېتىقاتنى ئاشۇرۇشنىڭ پۇرسىتىدىن پايدىلىناي... سىزگە ئاق يول.

— سىزنىڭ:

مەمتىلى ئەپەندى توختاجى (تەۋپىق).

1937- يىل 3- كانىڭ 31- كۈنى كەچ"

— ئاق يول تىلەيمەن ئىنىم، — دېدى تەۋپىق نىمتۇللانى ئۇزۇتۇپ چىقىپ.

ئۆلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر نەرسە قىسىپ تۇرغاچقا باشقا سۆز قىلىشمايلا خوشلاشتى، نىمىتۇللاھ ئۆزىنى ئۇزىتىۋاتقان ئادەمنىڭ بىر مۇردا ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ تۇراتتى؛ ئۇ ئەتە يا ئۆگۈن مۇردىغا ئايلىناتتى، بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلەتتى. بىلىپ تۇرۇپ ئەنە شۇنداق خاتىرجەم كۆرۈنۈشتە ئۇنى ھاياتقا ئۇزىتىپ، ئۆزى ئۆلۈم بوسۇغىسىدا قېلىۋاتاتتى! ئۆلارنىڭ قانچە كۈن ۋە تۈنلىرى ئۇيقۇلۇق ۋە ئۇيقۇسىز بىللە ئۆتكەن، قانچە كۈلكە چاخچاقلار، لەتىپىلەر، كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەر بىلەن يۇرتتىن يۇرتقا، ئۆيدىن ئۆيگە تىنماي ماڭغان؛ ھەممىسى شۇ بۈگۈن ئۈچۈنمىدى؟ بىرى قاچاق ھاياتقا ئۇزىتىلىدىغان، بىرى كېلىشىنى بىلىدىغان ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئەجەل بوسۇغۇسىدا قالىدىغان قىسمەت ئۈچۈنمىدى؟ نىمىتۇللاھ ئىچ ـ ئىچىدىن كېلىۋاتقان كەلكۈنىدەك ھەيۋەتلىك يىغىنى توختىتىۋېلىش نىيىتىدە ئارقىسىغا قارىماسلىق ئۈچۈن تېز ـ تېز يۇرۇپ كەتتى. كەينىگە قارىغانىنىڭمۇ ھېچ پايدىسى يوقىدى! چۈنكى ئۇ ئۆز ئەپەندىسىنى بىلمەيتىمۇ؟ بىر يىل ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ، بىللە قوپقان مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ئۆز ئەمىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلمەي قالاتتىمۇ؟ پايدىسى يوقىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئارقىسىغا قارىماستىن كەتتى! ئەڭ سۆيگەن كىشىسىنى، ئەڭ ئىخلاس باغلىغان ئۇستازىنى، ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان باشلىقىنى،... كۆرىنىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمگە تاشلاپ كەتتى!...

مەمتىلى ئەپەندى نىمتۇللانىڭ ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى يۆتكىچە تالادا

تۇرۇپ قالدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭدا پۇشايمانغا ئوخشاش بىر ھېس پەيدا بولدى. ئاندىن كېيىن قايتىپ كىردى. مەلىكىزاد ئۇنىڭغا ئايانچىلىق نەزەردە قارىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئايالىغا بۇ يامان خەۋەرنى ۋە ئۆزىنىڭ خەتەرلىك قارارىنى سۆزلەپ بېرەلمەيتتى. مەلىكىزادمۇ ئادىتى بويىچە ئۇ دېمىگەن سۆزلەرنى كوچىلاپ سورىمايتتى.

2

1937- يىل 2- ئاپرېل (جۈمە)، ھىجرىيە 1356- يىلى ئەلمۇھەررەمنىڭ 5- كۈنى تاڭ سەھەردە مەھمۇد مۇھىتى شىكار قىلىش نامى بىلەن مەسلىھەتداشلىرىدىن مۇسۇلھاجىم(ئاكىسى)، باي ئېزىز(تىۋبى)، ئابدۇللا دامۇللا نەئىمى(كاتىبى)، مۆيىدىناخۇن، شىرىپ ئاخۇن، ياسىن قارى ئابدۇلھېمىت قەشقەردە تۇرۇۋاتقان يەكەندىكى 4- پولك پودپولكوۋنىكى بوساق نىياز قاتارلىق 35 ئادەمنى ئېلىپ ھىندىستانغا سەپەر قىلدى. يەنە بۇلار ئىچىدە ئىلگىرى رۇس تىلى تەرجىمانلىقىنى قىلغان ۋە ئىشتاپ باشلىقى بولغان ئىدرىسمۇ باردى.

بۇ خەۋەر شۇ كۈنى كەچقۇرۇن مىش- مىش بولۇپ كىشىلەر ئارىسىدا تارقالدى. گەپ دېگەن سۆيىغى دېگەندەك، ئىنتايىن تېز يامراپ ئاتۇشقا يېتىپ كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئەھۋالنى ئالدىن بىلىدىغان بولسىمۇ چاندۇرماستىن يۈرەتتى. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، 3- ئاپرېلدا مائارىپ ئويۇشمىسىغا كەلگەندە ئۇنى بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان يولداشلىرى، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا دالالەت قىلماقچى بولۇشتى.

— سىجاڭ چەتكە قېچىپتۇ، خەۋىرىڭىز باردۇر، — دەپ سورىدى ئىسلىماخۇن خەلپىتىم، سىناش نەزىرىدە ئەپەندىگە قاراپ، ئۇنىڭ ھەم بۇ يەردىكى باشقا ئەپەندىلەرنىڭ رەڭگى- روھىدىن ۋەھىمە سىياقى بىلىنىپلا تۇراتتى. بەزىلەردە روشەن ئېغىش مانا مەن دەپلا بىلىنەتتى؛ بۇ ھالنى سەزگەن تەۋپىق كۆڭلىدە: ”ۋاي، ئۇيغۇرلىقىمىزەي! شۇئانلا باشقا تۈرلۈك بولۇپ

كېتىشىدۇ ـ دە!“ دەپ ئويلىدى.
— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئادىتى بويىچە، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنەر- بىلىنمەس قىزىللىق پەيدا بولۇپ، يەنە دەرھال يوقالدى، — خوش؟ شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
ئەپەندىلەر بىر- بىرىگە قاراشتى. ئەپەندىنىڭ سوئالى، پوزىتسىيىسى ئۇلارنى ئېغىز ئېچىش قىيىن بولغان بىر خىل ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. سۈكۈت ئۇزاققا سوزۇلدى، تەۋپىق ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:
— مەھمۇد سىجاڭ قاچقان بولسا نېمە بوپتۇ؟ قورقۇۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— بىز نېمىشقا قورقاتتۇق؟ گەپ... — دېدى نۇرۇللا، ئۇ قۇتلۇقاخۇنغا قاراپ قويدى.
— سۆزلەۋېرىڭ، نۇرۇللا، — دېدى تەۋپىق چاقچاق قىلىپ، — نېمىش بولدى؟
— ھەممىمىز سىزگە بىر گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرۇشقان، راست گەپ... — دېدى زەكى.
— ئۇنداق بولسا قۇلىقىم سىلەردە، سۆزلەڭلار. سىز سۆزلەڭ خەلپىتىم، — دېدى تەۋپىق ئىسلىماخۇنغا قاراپ:
— راست گەپنى قىلساق، بايا بىز ئەپەندىلەر بىلەن بىر مەسىلىھەتكە كېلىپ، مەھمۇد سىجاڭ قاچتى، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ پەيلى ئۆزگىرىدۇ، ۋەزىيەت چاتاقلىشىدۇ، تەۋپىق ئەپەندىگە خەۋپ يېتىپ قالارمۇ؟ ئۆزىنى دالدىغا ئالسا بولارمىكىن، دېيىشىۋېدۇق. لېكىن، سىز... — دېدى ئىسلىماخۇن.
— ئەپەندىم، راست گەپ، ئەمدى ۋەزىيەت خەتەرلىكراق، بىر مەھەل ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرسىڭىز ئوبدان بولاتتى،... — دەپ تولۇقلىدى زەكى.
— شۇنداقمۇ؟ بۇ خەۋپ پەقەت ماڭىلا كېلەمدىكەن؟ — مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، يۈرىگىنى قاتتىق ۋەھىمە قاماللىۋالغان بولسىمۇ، ۋۇجۇدىنى شۈركەندۈرۈپ تۇرغان

قورقۇنۇچنى چاقچاق بىلەن يېپىپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ ئۆزى باشلىغان ئىشنىڭ ھەقلىقىنى، توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ ھەق يولدا قۇربان بولۇشنىڭ شەرەپلىكىنى، ھەقىقەت يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى قورقماسلىقى لازىملىقىنى ئۇلارغا ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىشى، ئۆزى ئۆلگە بولۇش ئۈچۈن ئىچكى دۇنياسىدىكى ساراسىمىلىك ھالەتنى، خەتەر ھاياتقا بېرىپ تاقالغاندا ھەر قانداق قەھرىماندىمۇ بولىدىغان قورقۇنۇچنى ئىمكان قەدەر يوشۇرۇپ، خاتىرجەم كۆرۈنۈشى كېرەكىدى.

— خەۋپ سىزگىلا كېلىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، — دېدى ئىسلىماخۇن، — ھەر ھالدا سىزگە ئوخشاش يۈز- ئابرويى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە خەۋپ كېلىشى مۇمكىن مائارىپچىلارنىڭ ھەممىسى سىجاڭغا يېقىن ئۆتكەن...

— سىلەرمۇ مائارىپچىلارغۇ؟ سىلەر سىجاڭغا يىراقمىدىڭلار؟

— بىزمۇ مائارىپچى، لېكىن، بۇ ئىشلارنىڭ باشلامچىسى سىز،...

— ھاھا... باشلامچىسى سىز؟ دېمەك، سىز ھەممە ئىشنى ماڭا ئىتتىرىپ قويىدىكەنسىز- دە، تېخى، — دەپ كۈلدى. مەمتىلى ئەپەندى يەنە خاتىرجەم ھالدا چاقچاق قىلىپ، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىغۇسىز، ئېچىشىپ كەتكەنىدى. دۇرۇست، ئۇ باشلامچى! ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا قىلغان ئىشلارنىڭ جىمىسى ئەمدى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاھ، قانداق دەھشەت!...

— ئەپەندىم، چاقچاق قىلماڭ، سىز ئۆزىڭىزنى دېمىسىڭىزمۇ بىز ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىڭ، بىز سىزدىن تەلەپ قىلىمىز... تىلەيمىز...

— شۇنداقمۇ؟ ۋەتەنداشلار، سۆزلىرىمنى چاقچاق دېگەن بولساڭلار، جىددى پوزىتسىيىدە سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەن، قولاق سالغايسىلەر، ماڭا قېچىش، يوشۇرۇنۇۋېلىش ھەققىدە سۆزلىگۈچى بولماڭلار، بۇنى يەنە تىلغا ئالىدىغان بولساڭلار ماڭا ھاقارەت قىلغانلىقىڭلار بولىدۇ. چۈنكى مەن قىلغان ئىشلىرىمنى جىنايەت دەپ قارىمايمەن، توغرا ئىش ئۈچۈنمۇ قورقۇش، يوشۇرۇنۇش لازىممىكەن؟ توغرا، بۇ ئىشلار جاھالەتنىڭ ھامىلىرىغا ياقمايدۇ. جازالىشى ھەم

مۇقەررەر! لېكىن، بۇنىڭ بىلەن بىز خەلق ئالدىدا ئۆز ئەقىدىمىزنىڭ توغرىلىقىنى، بۇنى دۈشمەن ئۆز مەنپەئەتلىرىگە زىت دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايمىز. دۈشمەن بولسا، ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇق بەشرىسىنى ئاشكارىلاپ، خەلقنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ... — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، ئۆز خاتىرجەملىكىنىڭ تەۋرەنمەسلىكىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە نۇرۇللا بىلەن زەكىگە قاراپ، — ”12- ئاپرېل“ بايرىمىغا كېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا كىرىشىڭلار، ئۇبدان قويىدىن ئىككىنى ئېلىپ قويۇڭلار. باشقا ئەپەندىلەر، ھازىردىن باشلاپ بايرام ئۈچۈن بالىلارنى تەييارلىسۇن، — دېدى. ئاندىن ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، — باشقا گەپ بولمىسا ھەممەيلەن ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشسەك بولار؟ مېنىڭ بويامەتكە بارىدىغان ئىشىم بار،— دېدى ـ دە، ئەپەندىلەردىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## 1

ئىزچىلار يەنىلا ئاۋالقىدەك قىزغىنلىقى بىلەن ”12- ئاپرېل“ بايرىمىغا كىرىشتى. بۇلار ئادەتتە بىر نەچچە كۈن بۇرۇن قەشقەرگە يېتىپ باراتتى. بۇ قېتىممۇ 10- ئاپرېل كۈنى قەشقەرگە قاراپ ئاتلىنىشتى. ئەمما پىلان بويىچە بارىدىغان «ئەلەمدارلار» قالدۇرۇلۇپ، يۈزگە يەتمەيدىغان تەنتەربىيىچى، تەربىيىچى ۋە مۇئەللىملەردىن تەركىپ تاپقان كىچىك قوشۇن يولغا چىققانىدى.

قەشقەردىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. كوچىلاردا ئىنتايىن بىشەم ۋە زوراۋان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى غادىيىپ يۈرۈشەتتى. نېمىشكىدۇر، بۇلار لۆجىدەك كۆپ، پات- پاتلا ئۇچراپ تۇراتتى. پۇقرالار بۆرىدىن قاچقان پادىدەك ئۆزىنى چەتكە ئېلىشاتتى. ئەسكەرلەر ئازراقلا باھانە تاپسا پۇقرالارنى قامچىلايتتى.

بۇنى كۆرۈپ مەتىلى ئەپەندىنىڭ كۆز ئالدىغا 1934- يىلىنىڭ باھارى كەلدى. شۇ چاغدا قەشقەردە مانا مۇشۇنداق تەرتىپسىزلىك، نالە - زار، ئاتلىق ئەسكەرلەر گاھ - گاھ دۈرۈكلەپ چېپىپ ئۆتۈشەتتى. دېۋانىلارنىڭ مۇڭلۇق ھۆكمەتلىرى ۋە سازا قىلىشلىرى كىشىدە ئېغىر ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئويغىتاتتى.

ئىزچىلارنىڭ كەيپى كۆرۈنەرلىك ھالدا سۇسلاپ كەتتى. ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ئەدەپسىزلىك بىلەن غادىيىپ مېڭىشلىرى تۈپەيلى قاتىرىمۇ

بۇزۇلۇپ كەتكەندى. شۇڭلاشقا ئۇلار شەھەر ئىچىدە تۇرۇشنى لايىق كۆرمەي، قىزىل دۆۋىگە چىقىپ كېتىشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئەكبەرنى نوۋېشىغا يۈسۈپ ئەپەندىگە خەۋەر قىلىشقا، ھەم شەۋقىگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىۋەتتى.

قىزىل دۆۋە مەكتەپتە بىر نەچچىلا ئوقۇتقۇچى باردى. گەرچە ھەپتىنىڭ بىرى (بۇ چاغلاردا جۈمە كۈنى دەم ئېلىش كۈنى ھەم بازار كۈنى بولغاچقا شەمبە كۈنى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى بولاتتى). بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان چوڭ ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قانچىسى ۋە قىزىل دۆۋە ئىزچىلىرى باردى. مۇھەممەت ئىمىناخۇن مېھمانلارنى ئانچە قىزغىن كۈتۈۋالمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاۋارىچىلىققا قېلىۋاتقان كىشىنىڭ بىزارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھالمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سەراسىمىلىك ۋەزىيەتنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىگە خاس خۇشخۇيلۇقى بىلەن كۆڭلىدىكى خاتىرجەمسىزلىكنى يوشۇرۇپ، ئىزچىلارغا نەرسە كېرەكلىرىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىغا، قوينى مەكتەپنىڭ ئېغىلىغا جايلاشتۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى مۇھەممەت ئىمىناخۇننىڭ تەكلىۋى بىلەن ئىشخانىغا كىردى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق، ۋەتەنداش؟ مەكتەپنى تەتىل قويىۋەتتىڭلارمۇ قانداق؟ نېمە ئانچە سۇسلۇق بۇ؟ — دەپ چېقىشتى مەمتىلى ئەپەندى.

— بالىلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئاتا- ئانىلىرى ئەۋەتكىلى ئۇنىمايدىغان بولىۋالدى. ئەپەندىم.

ئۇلارنىڭ پارىڭى بەربىر تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. نېمىدۇر بىرنەرسە خۇشال- خورام چاخچاقلىشىپ، ئېچىلىپ- يېيىلىپ ئولتۇرۇشقا كاشىلا قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى مەمتىلى ئەپەندى توختاجىنىڭ قانداق بولۇپ چەتكە چىقىپ كېتىشكە قوشۇلغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى.

— بىر شەنبە كۈنى كەچتە سىجاڭ بىر ئەسكەردىن خەت چىقارتىپتىكەن، —دېدى مۇھەممەت ئىمىناخۇن، —بىزمۇ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى بىلمىدۇق، توختاجى خەتتە نېمە دېيىلگەنلىكىنى دېمىدى. ئەسكەر كەتكەندىن كېيىن ئۇ توققۇزاققا بېرىپ كېلىدىغان زۆرۈر ئىشىم بار دەپ كەچقۇرۇندا ئاتلىق چىقىپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەتىسى مەھمۇد

مۇھىتىغا شۇ يەردىن قوشۇلۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بىز خەۋەرنى جۇمە كۈنى كەچتە ئۇقتۇق. بۇ چاغدا ئۇلار يېڭىسارغا بېرىپ بولغان، لېكىن چەتكە چىقىپ كېتىدىغان گەپ يوق، تۇڭگانلار بىلەن بىرلەشكىلى بارىدىكەن دېگەن گەپ چىققان. ئەمدى چەتكە چىقىپ كەتمەكچى بولغىنى بىلىنىۋاتىدۇ...

كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئىزچىلار كەچلىك تاماققا تۇرغان مەھەلدە ئەكبەر شەھەردىن چىقتى. ئۇنىڭدا يۇسۇپ ئەپەندىدىن، قۇتلۇق ھاجىمدىن ئىككى پارچە مەكتۇپ باردى.

يۇسۇپ ئەپەندى مەكتۇبىدا:

”شەھەرگە ئىزچىلار بىلەن كىرمىسىلە، بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ كېتىڭلار، كېتىدىغان چاغدا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىڭلار. زىيا“ دەپ يېزىلغانىدى. قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىنىڭ مەكتۇپىمۇ ئاساسەن شۇنى تەشەببۇس قىلغانىدى:

”ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشكىلى بارىمەن، باشقا ئىشلار ھەققىدە شۇ چاغدا سۆزلىشەرمىز. ئىزچىلار توپلىشىپ يۈرمىسۇن (بولۇپمۇ شەھەردە)، ئىسيان قىلدى دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىش خەۋپى بار. ئەتىگىچە ئامان بولغايلا. شەۋقى“

شۇندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى قايغۇسىنى يوشۇرالمايلا قالدى.

ئۇ تاماق ئۇستىدە ئىزچىلارغا گويا مېھرىبان ئاتا بالا قازاغا ياكى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بالىلىرىغا قارىغاندەك ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسىدا بىر- بىرلەپ قاراپ، گويا ئۇلارنى ئېغىر بىر ئىشقا بۇيرىۋاتقاندەك قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا:

— ناخشا ئوقۇماڭلار، يالغۇز يۈرمەڭلار، ھەم توپلىشىپ يۈرمەڭلا، ئۈچ- تۆرتتىن بىللە يۈرۈڭلار. ئىلاج قىلىپ، بۈگۈن ئەمدى مەكتەپتىن سىرتقا چىقمىساڭلارمۇ بولىدۇ... — دېدى.

2

ئەتىسى ئىزچىلار ناشتىدىن كېيىنلا قويدىن بىرى يوقالغانلىقىنى بايقاشتى. ئۇلار ئادەتتە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى باشلىنىش ئالدىدا بىر قېتىم، مۇسابىقىدىن كېيىن بىر قېتىم شوراپا سېلىپ يەپ كېتەتتى. كەلگەن ئادەم سانىغا قاراپ ئىككى، تۆرت ياكى ئالتە قوي ئېلىپ كېلەتتى. بۇ قېتىم پەقەت ئىزچىلارلا كەلگەچكە، ئىككى قېتىملىق كۇتۇلۇشكە ئاتاپ ئىككى قوي ئېلىپ كەلگەنىدى. مەكتەپ قوروسى ئېگىز پەخشى تام بىلەن ئورالغان بولۇپ، قوينى تامدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ھېچ بولمىسا بۇنى بىر ئادەم يالغۇز قىلالمايتتى. دەرۋازىدا بولسا دەرۋازىۋەن بار ئىدى.

— ئەپەندىم، قويدىن بىرسى يوق، — مەلۇم قىلدى ئىزچىلار ئەنسىرىگەن ھالدا.

مەمتىلى ئەپەندىمۇ چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاددىيلا قوي يۈتۈش مەسىلىسى ئەمەستەك ھەم بۇنى ئېلىپ كەتكۈچىلارمۇ ”قوي ئوغرىسى“ ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ، كۆڭلىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋەھىمىنى تەستە بېسىۋېلىپ، خاتىرجەم كۆرۈنۈشتە:

— شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ ئوغلۇم، ئوغرىنىڭ رىسقى ئوخشايدۇ. ئوغرىغا بۇيرىغان بولسا نېمە ئامال؟— دېدى.

— ئىزلەپ باقايلىمىكىن؟— دېيىشتى باشقا ئىزچىلارمۇ.

— قەيەردىن؟ ئوغرى سىلەرنى تېپىۋالسۇن دەپ قاراپ تۇرامتى؟

— شامالباغ تەرەپكە بىر قىسمىمىز، ئەسكى سا تەرەپكە بىر قىسمىمىز بېرىپ باقايلىكمىن؟ ئىشقىلىپ، كۆڭلىمىزدە غۇم قالمىسۇن، دەيمەن،— دېدي يارمۇھەممەت.

مەمتىلى ئەپەندى يەنىلا ماقۇللىمىغاندەك باش چايقاپ، خىيالچان ئولتۇرۇپ، ئويلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا شەۋقىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ياتاققا باشلاپ كىردى. ئىزچىلار ئۇلارنى خالىي قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى.

— ئەھۋالىڭىز نىچۇك، ئۇستاز؟— دېدى مەمتىلى ئەپەندى گويا ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن قەدىردانىنى ئەمدىلا تېپىۋالغاندەك ھاياجان بىلەن. ئۇ

ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆلكىدە گۈللىنىشكە باشلىغان مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەمدى بىردىنلا زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقىنىغا يۈرىكى ئېچىشىپ، ھەسرەتلىنىپ تۇراتتى.

— ياخشى، مەن ياخشى. سىلىچۇ، ئىنىم؟ سىلىدىن بەك ئەنسىرىدىم، سىلىنى ئاپرېلغا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بولمىسا ئادەم ئەۋەتىپ ئاگاھلاندۇراركەنمەن. نېمىشقا كەلدىلە؟ بەك قارامىلىق قىپلا، ياشلىق قىپلا...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ لەۋلىرى تۈتقاقلىقى باردەكلا تىترەپ كەتتى. ئۇ شەۋقىنىڭ قولىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتۇۋېلىپ:

— نېمىشكە كەلمەيمەن، ئۇستاز؟ مەن ئۆزۈم تىكلىگەن ئەقىدە مۇنارىنى ئۆزۈم ئۆرىۋېتىمەنمۇ؟ مەرتلىكنى ئۆزۈم تەشۋىق قىلىپ، قورقۇنچاقلىقنىڭ ئۈلگۈسىنى كۆرسىتىمەنمۇ؟ نېمىشقا كەلمەيمەن؟ كەلمىسەم، دوست نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ دۈشمەن نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ مۇشۇنچىلىككەن دېمەسمۇ؟

— بىراق، ئىنىم، سىلى بىر ئىلمىي خادىم، ۋەتەن سىلىدەك ئادەملەرگە مۇھتاج. ساقلىنىشنىڭ ئىلاجىلا بولسا ساقلىنىپ قالغانلىرى مۇشۇ مىللەتنىڭ بەختى.

— ياق، ساقلاندىم دەپ ھېلىتىنلا تۆشۈككە كىرىۋالساق، بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىم ئىشىنىدۇ؟ بىز سىلى بىلەن كۆچەت تىكتۇق، ئەمدى ئۇنى قان بىلەن سۇغىرىپ ئەھيا قىلىدىغان ۋاقت كەلدى. قان بەرگىمىز كەلمىسىلا قىلغان ئەمگىكىمىز زايا بولىدۇ. شۇنىسى يامانكى قېنىمىز بەرىبىر ئاقىدۇ، ئەمما گۈلنى سۇغىرىشنى خالىمىساق، دۈشمەن بۇنى ئادەم قۇشخانىلىرىنىڭ زىن قېرىمچىسىغا ئېقىتىدۇ. قان بىھۇدە كەتمىسۇن ئۈچۈن، بۇنى ئۆزىمىزنىڭ كۆچەتلىرىنى ئەي قىلىش ئىشى ئۈچۈن ئېقىتساق بولمامدىكەن؟

— مەن سىلىگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن، ئېنىم، لېكىن ئېھتىيات ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. خۇدا ماڭا شائىرلىق قەلبىنى ۋە قەلىمىنى بېرىپ، ناتىقلىق تىلىنى بەرمەپتىكەن، شۇڭا كۆڭلۈمدىكىنى ئىزھارلاپ بېرەلمىدىم.

— بۇ گەپلەرنى قويايلى، ئۇستاز، ماڭا ئاخىرىقى كۈنلەردىكى ئەھۋالىڭىزنى شۇنداقلا سىجاڭنىڭ ئاخىرىقى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ؟

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىسىڭىز «دىۋان» نىڭ سىز ئەۋەتكەن قىسىملىرىنى تەھرىرلەش بىلەن بولدۇم. گېزىتتىن كۆڭلۇم سوۋۇپ كېتىپتىكەن، ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىۋار قىلمايدىغان بولدۇم. سىجاڭنىڭ ئەھۋالىنى دېسىڭىز، ئۇ ئادەم كېيىنكى كۈنلەردە بەك جىددىي بولۇپ كەتتى. ھەر جۇمە بېرىپ ئەھۋاللىشىپ كېلەتتىم. ئۇ بولسا ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن دېگەنىدى.

— ئاشۇ جۇمە كۈنى ئەتتىگەندە 1937- يىل 2- ئاپرېل كۈنى سىجاڭنى يوقلاپ بارسام قۇربان سەئىدى سىپىل ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، پاختەكلى تەرەپلەرگە دۇربۇن قويۇپ قاراۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— سىجاڭنى ئىزلەپ كەلدىڭىزمۇ؟ ئۇ كىشى ”ئۇۋغا“ چىقىپ كەتتى، مەن ئۈلارنىڭ بىر ساسلىقتا جەرەن قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۇم،— دېدى. كېيىنكى كۈنلەردە سىجاڭ پات- پاتلا ئۇۋغا چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، قۇربان سەئىدىنىڭ سۆزلىرى سەل باشقىچىرەك ئىدى. شۇڭا مەن ئەنسىرەپ سورىدىم:

— زادى نېمە بولدى؟ بىر ياققا كەتتىمۇ؟ ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن دەپ يۈرەتتى. شۇياققا كەتتىمۇ ـ يا؟ — دەپ سورىدىم.

قۇربان سەئىدى ماڭا گۇمان ۋە تەئەددى بىلەن قاراپ، گويا سەن خۇپسەن بىلمەي قالامسەن، مېنى گەپكە سالما دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. شۇڭا مەن بۇ ئادەم بىلەن نېمە ئىشىم، ئەتە كېلىپ ئۇۋنىڭ ھاردۇقىنى سورارمەن دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئىجازەت سوراپ دەرھال كەتتىم. ئەتىسى كەچرەك بارسام سىجاڭ يەنە يوق، قۇربان سەئىدى تۈنۈگۈنكىدىن تېخىمۇ غەزەپلىك بولۇپ قاپتۇ. ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى مانا شۇ ئەتىسى ئۇقتۇم.

قۇربان سەئىدى سەل خاپىخان ھالدا:

— شىڭ دۇبەن ئۈرۈمچىگە چارقىرتقاندا بۇ ئاكىمىز ھەر قىسما ئويلاردا بولۇپ يۈردى. كېيىن مەن، ”ھۆكۈمەت چاقىرتقاندىكىن بېرىڭ، باشقا تەلەپلىرىڭىز بولسا كونسۇل ئارقىلىق كېلىشىمگە كەلگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۈرۈمچىگە بېرىڭ“ دەپ مەسلىھەت بەرگىنىدىم، ئۇ ”ئوكام، سېنىڭ سۆزۈڭ توغرىكەن، ئوقۇغان ئادەمنىڭ زېھنى ئۆتكۈر كېلىدۇ. مەن ئەمدى ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا تەييارلىق قىلىمەن“ دېدى. لېكىن ئۇ شۇ كۈندىن

باشلاپ قېچىشقا تەييارلىق قىلغانىكەن. ئەگەر بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ئۆگزىگە پىلمۇت قۇرۇپ مىدىرلاتمىغان بولاتتىم...ـ دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى.

— ئۇ كىشى قېچىپ كېتىپتىمۇ؟ قانداق قاچتى؟— دەپ سورىۋېدىم، قۇربان سەئىدى چېچىلىپ:

— ئەتىگەن سەھەردە ئۇلار ئوتتۇز نەچچىسى ”ئوۋغا“ چىقىمىز، دەپ راستلىنىشىپتىكەن، مەن كۆڭلۈمگە سەل گۇمان چۈشكەندەك بولۇپ تۇراتتىم، ئاكىمىز ماڭا: ”ئەسكەرلەر سىزگە قالدى، مەن ئوۋغا چىقىپ كىرەي“ دېۋىدى، يەنە قايمۇقۇپ قاپتىمەن. كېيىن ئۇلار مەپىلەرگە چۈشۈپ، قالغانلار پىيادە توققۇزاق تەرەپكە كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپكە ماڭغىنى قانداق دەپ ئويلاپ سۈرۈشتۈرسەم، ئەسلىدە ئۇ توققۇزاقتا بىر باينىڭ قوراسىغا ئاللىقاچان ئوتتۇز نەچچە ئاتنى تەييارلىتىپ قويۇپتىكەن. دىققەتنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردىن پىيادە، مەپىلىك چىقىپتۇ ـ يۇ، توققۇزاقتا ئاتلارغا مىنىپ مېڭىپ كېتىپتۇ... — دېدى ۋە قوشۇپ قويدى، — ”ئوۋ“غا چىقىدىغان بولغىنىغا ئۇزۇن بولغان، ھەر زامان چىقىپ كىرىۋېرىپ، گۇمانلانمايدىغانغا كۆندۈرگەن گەپكەن، قالتىس ئادەم جۇمۇ!...

— شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم لەسسىدە بولۇپ قايتىپ چىقتىم،— شەۋقى ئىنتايىن غەمكىن كۆرۈنەتتى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقۇشقا تىرىشىپ يەنە سورىدى:

— كېيىن يەنە قانداق يېڭىلىقلار بولدى؟ نېمىلەرنى ئۇقتىڭىز؟

— سىجاڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدرىسنى زورمۇ زور ئېلىپ كەتكەنىكەن، توققۇزاقتىن ئۆتۈپلا ئۇنى قورالسىزلاندۇرۇپ، باغلاپ، ئالدىنراق يېڭىسارغا ماڭدۇرۇپتۇ. كېيىن يېڭىسار قىزىلغا بارغاندا ئۇنى خائىنلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ئاتقۇزىۋېتىپ، تاشقا باستۇرۇپ قويۇپ كېتىپتۇ. بىلىشىمچە ئىدرىسنىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى، روسچە بىلەتتى ئەمەسمۇ. لېكىن بۇ سەپەرنىڭ مەقسىدى چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سەمىتاجىنى ئېلىپ كېتەلمەپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قاپتۇ. ئۇ يەنە كېتىدىغان

چاغدا مۇئاۋىن مىڭبېشى ياقۇپقا قۇربان نىيازنى ئېتىپ تاشلاپ، ئالاينى[1] باشلاپ ئارقىسىدىن كېلىشكە بۇيرۇق بېرىپ كەتكەنىكەن. ياقۇپ ئۇنىڭ پۇتىدىن يارىلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ پىلانىمۇ ئىشقا ئاشمىدى...

— ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللاچۇ؟ يېڭىسارنىڭ ئۇياغىدىكى ئەھۋال؟

— ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپالمىدىم، ھازىر بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى چاندۇرۇپ قويۇشمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى...

بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن شەۋقى جىددىي بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك ھەسرەتلىك تىنىپ:

— ما كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمسىز، كەچ بازاردا، — دېدى ئىچى تىت-تىت بولغاندەك، — ئەخمەد ئەپەندىنىڭ ئايالى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى، بۇ تازا ”ئۆزەم پاتمىغان كامارغا، غەلۋىر باغلاي قوڭامغا“ دېگەندەك ئىش بولدى دېسىلە.

— ئاپلا! سارماشىق كەلدىما؟ ئىستىقلال بىلەن؟

— ھەئە. تازا چاغدا كەلدى ـ دە، ئاخىرى نېمە بولاركىن؟...

باشقا ۋاقت بولىدىغان بولسا تەۋپىقنىڭ دەرھال ئەخمەد ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارغىنى سارماشىق بىلەن كۆرۈشۈپ تۈركىيەنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ ئەھۋاللىشىپ كەلگىسى كېلىپ تۇرالمايتى، لېكىن شۇ تاپتا نە شارائىت، نە ھەپىسلە يار بەرسە!

شۇ تەرىقە پاراڭلىشۋاتقاندا ئىزچىلار باشلىقى يارمۇھەممەت كىرىپ كەلدى:

— ئەپەندىم قوينى تاپتۇق، ئەسكى سار تەرەپتە بىرسىنىڭ هويلىسىدىكەن،— دېدى.

— قانداق ئادەمكەن ئۇ؟ ئوغرىمۇ؟ توغرىمۇ؟

— مەمتىلى ئەپەندى شاگىردى ئالدىدا خاتىرجەم كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ چاخچاق ئارىلاش سورىدى.

— ئۆي ئىگىسى بىر موماي ۋە كىچىك نەۋرىسى بىلەنىكەن. بالىنى

[1] ئالاي — پولك، مىڭلىق ئەسكىرىي بىرلىك، — ئا.

گەپكە سالساق ئۇنى ئىككى ئادەم ئەپكىرىپ قويغانىكەن. خەققە ئېيتماي بېقىپ تۇرۇشنى، ئېيتىپ قويسا ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ چىقىپ كېتىپتىكەن.

— دېمەك، ئۇ قوي ئوغرىسى ئەمەسكەن ـ دە، چىقىپ دەم ئال ئوغلۇم، — مەمتىلى ئەپەندى يارمۇھەممەد چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ”قوي يۈتۈش ۋەقەسى“ نىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەردى.

— دېمەك دىققەت قىلىش كېرەك، ئەپەندى، ئېھتىيات قىلىپ، باللارنى ساق- سالامەت ئېلىپ كەتسىلە. ھازىر ئىشپىيونلارنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇ يەردىن قوي ئوغۇرلىغىچە بولغىنىدىن قارىغاندا سىلەرگە ئاللىقاچان دىققەت قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز مەجىددىن ئەپەندى بىلەن يۇسۇپ ئەپەندىگە، ئەخمەت ئەپەندىلەرگە سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، يۇسۇپ ئەپەندى كۆرۈشسۇن دېگەن ئىكەن، مەن باللارنى سالامەت ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ باشقا كېلەي.

مەمتىلى ئەپەندى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىزچىلارنى ئېلىپ كېتىشكە راسلاندى. ئۇ قىزىل دۆۋە مەكتەپتىكى يولداشلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئىزچىلارنى 4-5 تىن كىچىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ، ئايرىم- ئايرىم كەتتى.

ئۇچ ئىزچى بىلەن قىزىل دەرياسىنى ياقىلاپ شەھەرنى كۈن چىقىش تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ باللار بىلەن ھەزرەتتە ئۇچرىشىش ئۇچۇن ماڭغان تەۋپىق ئەسكىسادىن ئۆتۈۋېتىپ غېرىپسىنىپ قالغان مەيدانىنى كۆرۈپ بەكمۇ يۈرىكى ئېچىشتى. بۇ يىلقى مۇسابىقە تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك بولىدۇ دەپ قارىغان قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئۇيۇشمىسى بۇ يەرگە ئالدىن ئالا سەھنىلەرنى ياسىغان، يەنە باشقا زۆرۈر تەييارلىقلارنىڭ ئېغىرلىرى قىلىنىپ بولۇنغانىدى. ئەمدىلىكتە ئىگىسىز باياۋاندەك ھوھۇلداپ تۇرىشى ئەتىيازدا بۇ يەردىكى قاينام ـ تاشقىنلىقنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇستاز ۋە شاگىرتلارغا ئوخشاشلا ئېغىر كەلدى. تەۋپىقنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئەكبەر خۇددى باققۇچىسىغا سۇۋاشقان قوزىدەك تەۋپىققە مەھكەم چاپلىشىپ، ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم، يىغلىۇغۇم كېلىۋاتىدۇ... — دېدى.

بۇ گەپ ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرغان تەۋپىققە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئەكبەردىنمۇ بالدۇرراق يىغلىۋېتىدىغاندەك نەپىسى ئىتتىكلەپ، بۇرۇن چاناقلىرى ئېچىشىپ، گېلىمۇ قۇرۇپ قالغاندەك ھېچ سۆزگە كەلمەي، ناھايىتى ئۇزاق ئېسەدەپ ھېچكىمگە قارىماستىن ماڭدى. ئاندىن:

— بەردەم بول، ئوغلۇم، سەن ئەزچى سەن! — دېيىشكە كۈچ توپلىدى.

# ئون يەتتىنچى باب

1

1937- يىلى ئاپېرىلدىكى جەنۇب ۋەزىيىتى ناھايىتى چىڭگىشلىشىپ كەتتى.

مەھمۇد مۇھىتى قەشقەردىن چىقىپ كەچتە يېڭىسارغا كەلدى ۋە 3- پولك ئىشتابىغا چۈشتى. 3- پولكتا ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن ئىسمائىلاخۇن، سايىت ئاخۇنلار بار ئىدى. مەمھۇد مۇھىتى ئۈچىنچى پولكتىكى بارلىق ئەسكەرنى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈردى. بۇ جەڭگىۋالىقى، تەدبىرلىكلىكى، سادىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ 1- روتا كوماندىرى ئابدۇنىيازنى ئۆز روتىسى بىلەن يېڭىشەردىن چىقىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ياپچانغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا بۇنداق مالىمان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ بىرەر ئەمەلگە ئېرىشىش ياكى ئۆز ئالدىغا باش كۆتۈرۈپ چىقىشنى خىيال قىلغان كىچىكاخۇن ئۆز روتىسى بىلەن چىقىپ كېتىپ، يېڭىسار ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر يېزىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى.

ئىشىنىڭ بۇ تەرىقە بۇرۇلۇشى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كەيپىنى ئۈچۈردى. ئۇ ئىلگىرىلا كىچىكاخۇندىن شۈبھىلەنگەنىدى، بۇ دەسلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلغان چاغدىن باشلىناتتى. مەھمۇد مۇھىتى بۇ ئىشنى ئۆز پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا خەۋپ دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ئۈچىنچى پولكنىڭ پودپولكوۋنىكى ئىسمائىل ئاخۇنغا كىچىكاخۇننى ۋە پولك بوغالتىرى ئابلىمىتنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

كىچىكاخۇن ھەر ئېھتىمالغا قارشى— مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئېھتىياجى ۋە ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش تەقەززاسى سەۋەبىدىن لىيۇبىلىك بىلەن ئالاقە باغلاشنى زۆرۈر ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ مەھمۇد مۇھىتىدىن ئادا- جۇدا بولۇپ چىققانلىقىنى، ھۆكۈمەتكە كۈچ چىقىرىشنى خالايدىغانلىقىنى، ھازىر ئۆزىگە ياردەم كېرەكلىكىنى، ياردەم بېرىلسىلا مەھمۇدنى توسۇپ قالالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدى ۋە بىر ئەسكەردىن يېگىشەرگە ئەۋەتتى. كىچىكاخۇن ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم مەھمۇد مۇھىتىلارنىڭ مەخپىي كېڭىشى ھەققىدە لىيۇبىلىك بىلەن ئالاقىلاشقانىدى. شۇڭا ئۇ لىيۇبىڭدىن زور ئۈمىد كۈتەتتى.

خەت ئېلىپ ماڭغۇچى ياپچان ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇرغان ئابدۇنىياز روتىسى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، خەت قولغا چۈشۈپ قالدى. ئابدۇنىياز خەتنى ۋە تۇتۇۋېلىنغان خەت توشۇغۇچىنى يېڭىسارغا — مەھمۇد مۇھىتىغا ئەۋەتىپ بەردى. مەھمۇد مۇھىتى بولسا يېڭىسار باجخانىدىكى پۇلنى ئېلىپ يەنە يولغا چىقتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا لىيۇبىڭنىڭ دەرھال قوغلاپ كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر پارچە ساختا مەكتۇپ يېزىپ يېڭىشەرگە ئەۋەتىۋەتتى. ئۇلار قىزىلغا يېتىپ كەلگەندە ئۆزلىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ ماڭغان ئىدرىسنى ئېتىپ، جەسىدىنى تاشقا باستۇرۇپ قويۇپ، ھىمىتنىڭ سېپىنى كېسىپ كۆكراۋاتقا قاراپ مېڭىشتى.

يەكەندە تۇرۇشلۇق 4- پولكىنىڭ پولكوۋنىكى سايىم قاتارلىق كادىرلىرى مەھمۇد مۇھىتىنى گۇمان ۋە دۈشمەنلىك نەزىرىدە كۈتىۋالدى. سايىم بۇ نەپرەت ئورنىقىنى ئۇرۇمچىدە شىڭ دۇبەن كۈرسىدا ئوقۇشتىن ئالغانىدى. مەھمۇد مۇھىتى بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزى يولغا چىققان ھامانلا دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. سىجاڭ ئۆزى تۇرغاندا بۇنداق دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى قوزغاش ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ۋە ئەسكەرلەر ئالدىدا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ نوپۇزى يەنىلا يۇقىرى ئىدى. ئۇ كىشىلەردىكى بۇنداق روھى ھالەتتىن پايدىلىنىپ سايىمنى ئاجىزلىتىدىغان بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ بىر قانچە مۇھىم پەرمان بەرادارلىرىنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ھەمدە 4 ـ پولكنىڭ پودپولكوۋنىكى بوساق

نىيازغا سايىمنى، بوغالتىر ھېكىمجان، يەركەن ھاكىمى ئەخمەتجان قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بانكىدىكى پۇلنىڭ ھەممىنى ئېلىپ 4- پولكنى باشلاپ يەركەن دەريا ساھىلىدىكى  كاچۇڭغا بېرىش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بەردى.

مەھمۇد مۇھىتى ماھىرلىق بىلەن تەدبىر قوللىنىپ، شارائىت ھازىرلاپ قويغاچقا بوساق نىياز بۇ بۇيرۇقنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، پولكنى ئېلىپ كاچۇڭغا ئاتلاندى.

بۇ چاغدا ئابدۇنىياز  يېڭىشەردىن كېلىدىغان خەۋپنى توسۇپ، ياپچاندا تۇرىۋېرىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېڭىسارغا قايتىپ كەلدى ھەمدە خېلىدىن بېرى يېڭىساردا تۇرمىدە ياتقان پودپولكوۋنىك مۆيدىننى تۇرمىدىن بوشاتتى. (بۇ كىشى ئىلگىرى قەشقەردە خاتالاشقانىكەن.) ئۆزى يەنە بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كەينىدىن كاچۇڭغا ئالدىن كەتكەنلەرنىڭ ئارقا تەرىپىنى قورۇغداپ ماڭدى. چېچىلىپ كەتكەن ئالتىنچى دىۋىزىيە جەڭچىلىرىنىڭ قەشقەردە قالغانلىرىدىن باشقىلىرى كاچۇڭغا توپلىناتتى.

بوساق نىياز پولكنى باشلاپ كاچۇڭغا بارغاندىلا مەھمۇد مۇھىتى بۇ يەردىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ يولدا ئاۋارە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىش مەقسىتىدە سۆھبەتلەشكىلى كېتىۋاتقانلىقى توغرۇقلۇق خەت يېزىپ ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتكەنىدىن كېيىن، ئۆزى ھەمراھلىرى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ تاغ بويلاپ مېڭىپ قاغىلىقنىڭ كۆكيارغا، كەلگەندە بىللە كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قايتىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى، ھەمدە قوشۇننى گۇمانلىق ئادەملەردىن تازىلاپ، 17 ئادەم بىلەنلا لاداخ يولى بىلەن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا بارلىق قالدۇق قىسىملار كاچۇڭغا يىغىلدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى باش قوشۇپ، بىر كىشىنى دىۋىزىيىگە كوماندىر قىلىپ تىكلەش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. مۆيدىن پودپولكوۋنىك ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ چوڭلۇقى سايىسىدە ئابدۇنىيازنى

كۆرسەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ پىكىرىگە تەتۈرلۈك قىلىپ كەچ بازاردا زىنددىيەت تېرىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز دىۋىزىيە كوماندىرى قىلىپ سايلاندى. توپلانغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئىدىتلاندى. بۇلار ئاساسەن 3- ، 4- پولكىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى 1-، 2- پولكىنىڭ جەڭچىلىرى ئىدى. مىڭدىن ئوشۇق بۇ ئەسكەر يەنە تۆرت پولكقا بۆلۈنۈپ، شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ 1937- يىلى 12- ئاپرېل كۈنى ئىدى.

## 2

قادىر ھاجى ئىشخانىسىدا مەھمۇد مۇھىتى قاچقاندىن كېيىن، جەنۇپ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېقىندا يارەمگە كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى ئىسھاقبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئامانلىق، ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە بۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشتى. شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلىدى.

— نېمە قىلىۋاتىلا، ھاجىم؟— دېدى قارشى تەرەپ.

— بىكار، — دېدى قادىر ھاجى سوغۇققىنا.

— كەچقۇرۇن مېنى كۈتسىلە، سىلى بىلەن مۇڭداشقىم كېلىپ قاپتۇ.

— ھىم! — بۇ قادىرھاجىنىڭ ماقۇل دېگىنى ئىدى. ئۇ تېلېفون بەرگۈچىنى دەرھال تونىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كەيپى ئۇچتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ بۇ سەللىلىك مەخسۇمنى زادىلا ياراتمايتتى، لېكىن، قېرىشقاندەك ئۇنىڭ خوجايىنىدىن ئەيمىنىش تۇيغۇسى تۈپەيلى، بۇ ئادەمنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ مەن- مەنچى، جاھىل ۋە ھاكاۋۇر تەبئىيىتىگە قاتتىق يامان تەسىر قىلاتتى.

ئۇ تورۇپكىنى قويغاندىن كېيىن ”سۇرناي“ دىن بىرنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، ئىسھاقبەككىمۇ سوغۇق قارىدى ۋە سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— باشقا گەپ- سۆزلەر بولسا كېيىن سۆزلىشەرمىز،— دېدى. بۇ ئۇنىڭ

ئىشىڭ تۈگىدى، دېگىنى ئىدى. ئىسھاقبەگ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قادىر ھاجى ئىچى يامان ئادەملەردە ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان خۇيى تۇتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بىر نەچچە تال ”سۋىرناي“ چەكتى.

ئارقىدىن ئۇ ئەسلىدە ”12- ئاپرېل“ غا نىشانلىغان قوزغىلاڭنىڭ بولماي قالغانلىقى تۈپەيلى، ئۆزىنىڭ خىزمەت كۆرسىتىشىنىڭ ياخشى پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ئۈستىدە خىيالغا كەتتى. ئارقىدىن بۇنىڭ ھەممە دەردىنى ئاخباراتچىلاردىن ھېلىقى ئۇزۇن بۇرۇننى راسا تىللىغۇسى كەلدى. ئۇ مۇشۇ نەشكەش ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ، پىلانغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىمىكىن دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەبلەخنىڭ تەۋەلىكىمۇ بەك مۇجىمەل ئىدى. ئۇ قادىرھاجى ئۈچۈنلا ئىشلەپ قالماي، لىيۇبىڭغىمۇ ئىشلەيتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ بەلكىم پۇلنى دەپ مەھمۇد مۇھىتى ئۈچۈنمۇ ئىشلىگەندۇر. ئىشقىلىپ ئۇنى داۋاملىق نازۇك، مەخپىي ئىشلارغا قويغىلى بولمايدۇ! ئەمما ئۇنىڭ خوشاللىقىمۇ بارىدى. ئۇنىڭ يايغان تورى مانا شۇ ئىسيان ھەققىدە ئۇنىڭغا ئالدىن خەۋەر بەرگەن. گەرچە ئۇ بىردىن بىر ئاخبارات مەنبەسى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ئاتۇش ئىزچىلىرى ئارىسىدا بىر ئانتىنا ئاپىرىدە قىلالىغانلىقى ۋە ئۇ بەرگەن خەۋەرنىڭ باشقا مەنبەلەردىن كەلگەن يىپ بۇچى بىلەن ئۇلىنىپ ئىسپات بولىشى ئۇنى خېلى مەغرۇرلاندۇراتتى.

ئۇ مۇشۇنداق خىياللاردىن كېيىن ئاخباراتچى ھەققىدە شۇنداق قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى سەل يېنىكلەشكەندەك ھېس قىلدى.

كەچقۇرۇن ئۇ ئۆزى ئەڭ بىزار بولىدىغان مەخسۇمنى كۈتتى.

مەخسۇم ئىلگىرىكىدەكلا ئۆزىگە خاس تەلەپپۇزدا چاخچاقچىمۇ مەسخىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل لاۋزىلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ كىرىپ كەلدى.

— ياخشى تۇرغانلا، ھاجىم؟

— ھە، مۇشۇنچىلىك.

مەخسۇم تەكلىپنى كۈتۈپ تۇرمايلا كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى. قادىر ھاجى خوش ياقمىغاندەك ئۇنىڭ قارشىسىغا كېلىپ جايلاشتى.

— خوش، هازىرقى ۋەزىيەتتىن خەۋەرلىرى باردۇر؟— دەپ سورىدى مەخسۇم قادىرھاجىنى ياراتمىغاندەك. گويا ئۇنى پەقەت قوپاللىق، زورلۇقتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا نازۇك ئىشلارنى مەن كۆپ بىلىمەن دېگەندەك بىر خىل ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى.

— بىلىمەن،— دېدى قادىرھاجى مەڭىز گۆشىنى پۇرۇشتۇرۇپ، تەكەللۇپسىز تەلەپپۇزدا.

— سىلىنىڭچە ھازىرقى ۋەزىيەت قانداق؟ نېمە خەۋپ، نېمە يېڭىلىق بار؟ ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى قايان؟

قادىرھاجى غەزىۋى تازا ئۆرلەپ تۇرغان بولسىمۇ جاۋاب بېرىش قارارىغا كەلدى. "بۇ تازا كىشىنى بالا قاتارىدا كۆرگەنلىكمۇ؟! ئۇبىلگەننى مەن بىلمەيتتىممۇ؟" دەپ ئويلىدى ئۇ.

— تەرتىپنىڭ بۇزۇلىشى مامۇتنىڭ قېچىشىدىن باشلاندى، — دېدى بىزارلىق بىلەن،— ھېلىقى سىلىنىڭ چوڭ "ئارقار" لىرى،— دەپ ئىزاھلىدى يەنە بىر ئىچى زەھەرلىك بىلەن،— ئۇ بىزگە مايىل بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىلىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ ئىچىدىن بۇزىمەن دەپ قىلغان جىمى ئىشى يوق بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا مامۇتنىڭ قوشۇنى ئابدۇنىيازنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۆتكەن دۈشەنبە كۈنى ئۇلار رەسمىي ھالدا يەركەن شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ماخۇسەنگە ئەلچى ماڭدۇردى. ئۇلار يېقىن ئارىدا يا، قاغىلىقتا ياكى يەركەندە رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتتە ئۇلار كېلىشىم ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار بىرلەشكەندىن كېيىن قەشقەرگە ھوجۇم قىلىدۇ...

— بۇنى ھازىر باللارمۇ بىلىدۇ،— دېدى مەخسۇم يەنىلا مەخسىرلىك تەلەپپۇزدا،— بۇنىڭ ئاقىۋېتىدە قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىمۇ؟

— ئۇلار ئىككى تەرەپ بىرلەشسە ھەربىي كۈچ جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن بولىدۇ. قەشقەرنى گەپ يوق ئىگىلەيدۇ! يەنە نېمە بولاتتى.

— لېكىن، مېنىڭ خوجايىنىم بۇنى ئاساسىي خەۋپ دەپ قارىمايدۇ.

چۈنكى بۇ ياۋايىلارنىڭ توپىنى ئاسانلا پارچىلىۋەتكىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار قەشقەرگە يېتىپ كەلسە ئۇلارغا بىر ئاغىلىق كۈچ قوشۇلۇپ كېتىدۇ. خاتىرىلىرىدە بارمىكىن، مامۇت بۇ كۈچنى پايدىلانماقچى بولغانىدى، ئۇلار ”12-ئاپرېل“ دا قوزغالماقچىدىغۇ؟ شۇڭا بۇ بالايى بەتتەرنىڭ ئالدىنى ئالماق كېرەك، ھاجىم،— مەخسۇم بىر تال ”سۇنىرناي“ نى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، رەسمىي تەلەپپۇزدا داۋام قىلدى،— خوجايىنىم مانا مۇشۇ يوشۇرۇن ياتقان يىلانلارنىڭ بېشىنى چانىۋېتىش زۆرۈر دەپ قارايدۇ، ھەم زۆرۈر تاپسىلا تەجرىبىلىك رازۋېتچىكلاردىن ئون- ئون بەشنى ياردەمگە بېرىدۇ. ئىسھاقبېك ئادەملىرى بىلەن بۇ ئىشنىڭ پېشىدە بولىدۇ. سىلى بۇ ئىشقا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى قويىسىلا. بۇ ئىشقا دەرھال كىرىشمەك كېرەك.

— ئادەم بولمىسىمۇ يېتىشىمەن، بولسا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ!ـ دېدى قادىرھاجى يەنە توغلۇق بىلەن. ئەمما ئۇنىڭ چېھرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلىش ئالدىدا تۇرغان جاللاتنىڭ، ئۇزۇن مەزگىللىك قان ئىچىش خۇمارى بېسىلىش ئالدىدىكى شاتلىقى سېزىلىپ تۇراتتى،— مەن بۇ ئىشقا كىمنى بەلگىلەشنىمۇ ئويلاپ قويدۇم.

— كىمنى كۆزدە تۇتىۋاتقانلىرىنى بىلدىم،— دېدى مەخسۇم دانالىق بىلەن، ئەمما بۇ سۆز قادىر ھاجىغا تازا ياقمىدى، — ئۇ سېزىلىپ قالغان نىشاندەك قىلىدۇ، ئۇنى بۇ ئىشقا قويۇش ئارقىلىق، ئۇنى ئايىنىپ كېتىشتىن ساقلاش كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئۇ ئايىنىپ كەتكەندىمۇ قارشى تەرەپ ئۇنى دوست ھېسابلىمايدۇ.

— ھىم...

— سىلى دېمىگەن بولسىلا مەن شۇنى دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، مەندىن كېيىن ئۇ كىشى كەلمەكچىدى. خوجايىنىم ئۇنى بۇ يەرگە ئەۋەتمەكچىدى.

— ھە...؟— دېدى قادىرھاجىم ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى.

— بۇ موھىم ئىش، بېسىپ كېلىۋاتقان كەلكۈندىن ساقلىنىش ئۈچۈن توغان تۇتقاندەكلا. ھەممىسىنىڭ بېشى كېسىۋېتىلسە، قۇيرۇقلىرى كېرەككە

كەلمەيدۇ.

مەخسۇم بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىنتايىن جىددىي ۋە تېز، شۇنداقلا تويۇقسىز ئورۇندىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تاپىلاشلىرىنى تۈگىتىپ، چىقىپ كەتتى. قادىر ھاجى  مەخسۇم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى رەزىل ئادەم ھەققىدە ئويلىنىپ، ئويلىغانسېرى گۆشلۈك يۈزى ئېسىلىپ، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## 1

ئاپرېلنىڭ 20- كۈنلىرى ئەتراپىدا يۇرتىنىڭ پۈتكۈل ئېتىكىنى باھار ئۆز قۇچىقىغا ئالغان، ۋادا باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ، يېڭىلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر يىلنىڭ ھەر قانداق مەزگىلىدىن يېشىلراق بولغان تال يوپۇرماقلىرىنى باھارنىڭ غۇر- غۇر سالقىنى بىلىنەر- بىلىنمەس يەلپۈپ تۇراتتى. بۇ مەيىن شامال كەچ كىرىشكە باشلىغانسېرى گويا ھەممە بۇلۇڭ- پۇشقاقلاردىن ئەخلەتلەرنى يىققاندەك ھاۋا بوشلۇقىدىكى بۇلۇتلارنى قىران دەريا ۋادىسى ئۈستىگە توپلاشقا باشلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېچىسى شۇنچىلىك قاراڭغۇ بولدىكى، ئۇنىڭ قارىلىقى ياۋۇز نىيەت ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئوخشايتتى. ھاۋا قارا نىيىتى كۈچىيىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك بارغانسېرى قارايماقتىدى. ھاۋانىڭ پۈرىقىدا كۆرۈنەرلىك نەملىك سېزىلەتتى، تەننى شۈركەندۈرگىدەك سوغۇقىدى.

تاڭ سۈبھىسى كۆتۈرۈلگەندىن باشلاپ، ئاۋۋال دانە- دانە يامغۇر تامچىلاشقا، كېيىن ئۇششاق سىم- سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. تېمپېراتۇرا كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، بىر خىل زېرىكىشلىك سىم- سىم يامغۇرنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرۇشى كىشىگە ئېغىر مۇسىبەت تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى. يامغۇر كىشىلەرنى ئۆي- ئۆيلىرىگە قوغلىۋەتكەچكە كوچىلارمۇ بوب- بوش، بۇ ھال كىشىنىڭ تېخىمۇ كەيپىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

سۇلتان سۇتۇقنىڭ گۇمبىزى سىم- سىم يامغۇر بىلەن ھۆللىنىپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇببىسى تۇمانلاشقان ھاۋانىڭ قوينىدا تېخىمۇ سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك، شۇنداقلا باياۋان جىمجىتلىقىدەك بىر خىل سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى. ھەزرەت سۇلتان جامەسىنىڭ قوش پېشايۋانلىرىدا تىرىكچىلىك ھەرىكىتىدىن مەھرۇم بولغان كەپتەرلەر گۇ- گۇلىشاتتى. پاختەكلەر پالاقلاپ ئۇچاتتى. يامغۇر بىلەن يۇيۇلغان دەل- دەرەخلەرنىڭ يېشىل رەڭگى تېخىمۇ قويۇقلاشقان بولۇپ، بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىراق مۇسىبەت جىمجىتلىقىدىكى بۇ گۈزەللىك ئادەمسىز باغچىدەك بىچارە ۋە كۆڭۈلسىز ئىدى.

رۇشتى مەكتەپ ھويلىسىدا ئاللىقاچان باشلىنىپ كېتىدىغان ھەرىكەتلەر، ياڭراپ تۇرىدىغان جەڭگىۋار مارشلار، قىسقىسى پۈتۈن يۇرتقا جان بېغىشلاپ تۇرغۇچى ھاياتلىق ھەرىكىتىمۇ ئاللىقانداق سېھىرگەر تەرىپىدىن جانلىقلىرى پۈتكۈل تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن تىلسىم ماكانىدەك تۈس ئالغانىدى.

ئەمما سىنىپلاردا يەنىلا تىرىك ئادەملەر ھەرىكەت قىلىشماقتىدى. قوشنا قىزلار مەكتىۋىدىمۇ، ئوغۇللار مەكتىپىدىمۇ ئوقۇغۇچىلار سىنىپلاردا جىم- جىت ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىماقتىدى.

تەۋپىق دوسكىغا ئاتۇش يېزىلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسىنى[1] سىزىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئاددىي خەرىتىلەرنى سىزىش، تەرەپلەرنى پەرق ئېتىش ھەققىدە دەرس سۆزلەۋاتاتتى. ئىشك چېكىلدى. مەمتىلى ئەپەندى پەرۋا قىلماي جۇغراپىيە دەرسىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە، ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلمەي يۈرگەنلىكلىرى، جاھانگىرلار بولسا بىزنىڭ يۇرتىمىز ھەققىدە بىزدىن ئوبدانراق بىلىدىغانلىقلىرى... ھەققىدە تەسىرلىك سۆزلىمەكتىدى.

ئىشىك يەنە چېكىلدى. مەمتىلى ئەپەندى سەل كەيىپسىزلەندى. چۈنكى ئۇ دەرس ۋاقتىدا ھەر قانداق زۆرۈر ئىش بولسىمۇ سىنىپقا كىرىشكە، ئىشىك چېكىشكە بولمايدىغانلىقىنى تۈزۈم قىلىپ بېكىتكەن، ئىككى

---

[1] ئۇ چاغلاردا خەرىتە «يۇرت بەلگىسى» دەپ قوللىنىلغان، — ئا.

يىلدىن بىرى ھەممە بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلمەكتىدى. تۈزۈم — بىرخىل مۇقەددەس نەرسە، بۇمۇ ئېتقادنىڭ كىچىك كاتېگورىيىسى. ئۇنىڭ بۇزۇلىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ دەرس سۆزلەش بىلەن ھاياجانلىنىپ نۇرلىنىپ كەتكەن چېھرىسىگە بىر خىل نارازىلىق، غەزەپ ۋە بىلىپ بولمايدىغان خاپىلىق سايە سالدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا:

— نېمە گەپ؟ قانداق ئىش بۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ھەتتا ئىشىك چەككۈچىنىڭ كىملىكىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئايرىپ ئولتۇرمىدى. ئىشىكتە لىۋاھىددىن تۇراتتى.

— قەشقەردىن ئىككى ئادەم چىققانىكەن، كۆرۈشمىز دەيدۇ، بىرىسى ھېلىقى سانايى نەپىسەدە ئىشلەپ يۈرگەن ئوبۇلقاسىم، — دېدى لىۋاھىددىن نېمىشكىدۇر تىترەك ئاۋازدا.

— ئوبۇلقاسىم؟ دەرىستىن چۈشكەندە كۆرۈشسە بولمامدىكەن؟ ئېيتمىدىڭىزمۇ؟

— ئېيتتىم...

— شۇنداق بولسۇن،... — مەمتىلى ئەپەندى سىنىپقا كىرىپ كەتمەك بولۇپ تەمشىلىۋىدى، كارىدور ئىشىكىدە ”مېھمان“ نىڭ ئۆزى كۆرۈندى. مەمتىلى ئەپەندى ئوبۇلقاسىمنى ساقچى فورمىسىدا كۆرۈپلا ئىشنىڭ تېگىگە چۈشەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بولغۇسى قىسمىتىگە باللارنى شاھىت قىلىشنى خالىمايتتى. شۇڭا قولىنى دەرھال ئىشىك تۇتقۇچىدىن تارتىۋېلىپ، تالاغا قاراپ ماڭدى ھەم كېتىۋېتىپ لىۋاھىددىنغا، — سىز سىنىپقا كىرىپ تۇرۇڭ، ئوغلۇم، ”يۇرت بەلگىسى“ نى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ، — دېدى- دە، ئوبۇلقاسىم تەرەپكە ماڭدى.

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي- ھالىتىنى تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجان سەۋەبىدىن نېرۋىلىرى تورمۇزلىنىپ قالغان، سەزگۈرلىكىنى يوقاتقان دېيىشكە بولاتتى.

كونا تونۇشلار كارىدور ئىشىكىدىكى پەللەمپەيدە ئۇچراشتى.

— كۈتمىگەن بولغىدىلە؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم بىر خىل كۆرەڭلىك ھەم مەسخىرىلىك تەلەپپۇز بىلەن، ئۇ ساقچى فورمىسىدا باشقىچە كۆرەڭ،

ئېگىز قاڭشىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈنەتتى. بەلۋىغىدىكى تاسمىسىدا ماۋزېرمۇ ئېسىقلىق ئىدى. ناراقتا ئۇنىڭ بىر ھەمراھى يېنىچە تۇراتتى. ئوبۇلقاسىم سوئالدىن كېيىن، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمداپ قويدى، چىرايىدا بولسا چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان بىر خىل كۈلۈمسىرەش باردى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇ سوئالنى سوراپ بولغان ۋە قاڭشىرىغا قول ئۇزىتىۋاتقان پۇرسەتتىلا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، تەسەۋۋۇر قىلدى، تەھلىل قىلدى، سېلىشتۇردى. ئاخىرىدا ئۇ ھەممە ئىشنىڭ تاسادىپى ئەمەسلىكىنى، بۇلارنىڭ ئالدىقاچان ئويلاپ قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ھەققىدە بىر قارارغا كېلىپ بولدى. بۇ ئىشنىڭ ھەل بولىشىغا بەلكىم بىر سىكونت كەتكەندۇر ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق كەتكەندۇر. ئۇ ئوبولقاسىمغا قىلچىلىك يۈز- خاتىرە قىلماستىن جاۋاب بەردى:

— ئەجەپلەنگۈدەك نېمىسى بار، ئەپەندىم، بىر تاشنى كۆتۈرسىڭىز تېگىدە يا يىلان ياتقان بولىدۇ، يا بىر نەچچە ئېشەك قۇرۇتى. يىرتقۇچ نىقابلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ مەڭگۈ ئادەمنىڭ سىياقىدا تۇرىۋەرمەيدۇ، - دە!

ئوبۇلقاسىم تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆرەڭلىكى ئەرش ئەلادىن بىراقلا تەھتى ئەسراغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. بىراق ئۇ زەھرىنى سانجىپ ئۆچ ئېلىۋالماقچى بولدى.

— ھەر قايسىڭ تېخى ئۆزەڭلارچە ھەممە ئادەمدىن بىز ئەقىللىقمىز دەپ يۈرىشىسەن، بىراق، ئاكاڭ قارىغاينىڭ يۇرىكىڭگە ئورنىشىۋالغانلىقىنى تويۇشمايسەن! كۆردۈڭمۇ؟

تەۋپىق ئۇنىڭغا ئۆزىگە خاس سوغۇق قارشى بىلەن، جاللاتنىمۇ تىترىتىۋېتىدىغان ئاجايىپ قارشى بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدى ۋە مېڭىشتىن ئاۋۋال رەقىبىنىڭ سۆزىگە تىغمۇ- تىغ جاۋاب بېرىشنى زۆرۈر تاپتى.

— ھەر قانداق كاتتا سورۇندىمۇ، شۇنداقلا نىجاسەت ئازگىلىدىمۇ چىۋىندىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بۇ ئەسلا چىۋىننىڭ چىۋەرلىكى، ئاقىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىپلاس، بىزەڭ تەبىئىتىدىندۇر!- شۇندىن كېيىنلا پەللەمپەيدىن چۈشتى.

— ماڭ! كۆچۈكلىرىڭ ئۈۋىسىدىن چىققۇچە ئامانى خۇدا يولغا چىقىپ كېتىلى، بولمىسا ساڭىمۇ، ئۇ نېمىلەرگىمۇ ياخشىلىق يوق! مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىن چىققۇچە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى خالىمايتى. ئەگەر يەنە ئازراق كېچىكىدىغان بولسا ئۇلار چىقاتتى - دە، تولىمۇ ئوڭايسىز ۋەزىيەت شەكىللىنەتتى. "ياق!ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن! تەلەيىلەر ئازابلىنىدۇ ھەم تۇرالماي قارالىق قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر مۇنچە مۇنەۋۋەرنىڭ بېشى كېتىدۇ! ئالدىراش كېرەك! "

مەمتىلى ئەپەندى مۇشۇ نۇۋەتتىكى دەرستىن چىقىپ شورۇق مەكتەپكە بارماقچى ئىدى. بۇ ئىشنى ئېلاخۇن بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئەپەندىنى كۆتكۈزمەستىن ئاتنى توقۇپ تەييار قىلىپ قوياتتى. ئۇ ئۆيۈشما تەرەپكە ماڭدى.

— نەگە؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم قوپاللىق بىلەن.

— ئېتىم ئويۇشمىدا، — دېدى مەمتىلى ئەپەندىمۇ قەھرى بىلەن. ساقچىلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاتلىق ئىدى.

— توختا، سەن بارما، — دېدى ئوبۇلقاسىم ۋە ھەمراھىغا قاراپ: — سەن بېرىپ ئېلىپ كەل، گەپنى ئاۋۇتماسلىق ئۈچۈن "مەمتىلى ئەپەندى ئاتنى ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتتى" دېسەڭلا بولىدۇ!

ئۇلار شۇ يەردە ئۇن مىنۇتچە كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ سۆھبەتلەشكەچ تۇرۇش ئېھتىمالى بولمىغاچقا، مەمتىلى ئەپەندى خىيالغا كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئات بىلەن بىر ياققا ماڭماقچى بولسا قاچان ماڭىدىغانلىقىنى ئېلاخۇنغا ئېيتىپلا قويسا ئۇ ئاتنى توقۇپ ھازىر قىلىپ قوياتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئادەتتە ئاتنى ئالغىلى ئۆزى ئاتخانىغىچە باراتتى.

— قاياققا، ئەپەندىم؟ — دەيتتى ئېلاخۇن دېھقانلارغا خاس ساددا چىراي كۈلۈمسىرەپ.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا جىددىي پوزتسىيىدە، گويا يېقىن پىكىردىشى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك قاياققا بارىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە:

— مالال قىلىپ قويدۇم، — دەيتتى.

— ھېچقىسى يوق، ئاقىۋل بولسۇن، ئەپەندىم، — دەيتتى، ئېلاخۇن. مانا شۇنچىلىك سۆھبەت ئۇزۇندىن بېرى بىر خىلدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مانا

بۇ ئاخىرقى كۈندە ئۇلار ئامانلىشالمىدى. يوچۇن بىر ئادەم كىرىپ كېلىپ ئاتنى ئېلىپ ماڭماقچى بولسا ئېلاخۇن نېمە دەپ قالار؟...

ئۇنىڭ بىردىنلا ئۆزى ئېلىپ چىقىشتا چىڭ تۇرىۋالمىغىنىغا يۈرىگى ئېچىشىپ كەتتى. ئۆزى ئېلىپ چىققاچ، ئىككى يىل جەريانىدا ئۆزى ئۈچۈن ئات توقۇپ بەرگەن دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ، ئاخىرقى رەت ۋىدالىشىپ چىقالمىغانلىقىنىغا ئۆكۈندى. ۋىدالىشىش ھەققىدە ئىنكاس قوزغىلىشى ھامان يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى...

”ئەمدى راستىنلا مەڭگۈلۈك قايتىپ كەلمەسمەنمۇ؟ ئېلاخۇن باشقا يولداشلارنى، سۆيۈملۈك تەلەبىلەرنى، ھەممىدىن مۇھىمى گۈزىلىم مەلىكىزادنى، بىر تاللاپۇشتۇم ئەدىبەنى قايتا كۆرەلمەسمەنمۇ؟...“ شۇنداقلا مەلىكىزاد بىلەن خوشلىشىش، ئەدىبەنى ئاخىرقى رەت سۆيۈپ قويۇش ئىستىكى ئۇنى ئېلىشتۇرۇپ قويغىدەك قىلدى. بىرەر كىشىنىڭ بالىخانىسىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ تاكى ھازىرغىچە بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇ جۇدالىق ئۇنى گاڭگىرىتىپ، ساراڭدەك قىلىپ قويغانىدى. ئەدىبەنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى، ئاتىسىز ئۆسۈپ يېتىلىشى،... مەلىكزادىنىڭ مەيۇس كۆلۈمسىرىگەن چاغدىكى ئاجايىپ گۈزەل رۇخسارى.... ”ئاھ خۇدا!...“

ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كەلگۈسى كېلىپ، خۇددى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگۈدەك بولغان ئادەمنىڭ كۆرۈنۈپلا تۇرغان جايدىكى سۇ تولدۇرۇلغان قاپاقىقا قولى يەتمىگەن تىت- تىتلىقى بىلەن ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشى ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۆمرىنى بەخش ئەتكەن ئىشلىرى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدا رومانتىك قەھرىمانلارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكىدەك ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەققىدىكى قالتىس ئوي ۋە ھەرىكەتلەر بولماي، پەقەت گۈزەل ئايالى ۋە قىزى ھەققىدىكى ئوي، ئازاپ يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇراتتى. يېرىم ئۇيقىلىق بىر ھالەتتە تۇرغان تەۋپىق گاھ ئۆيىگە خوشلاشقىلى بارغاندەك، گاھ مەلىكىزاد خەۋەر تېپىپ بۇ يەرگە كەلگەندەك، قان يىغلاپ، ئۇنىڭ پاچىقىغا ئېسىلغان ھالدا بىر نېمىلەرنى دەپ دۈشمەنگە يالۋۇرۇۋاتقاندەك... ئاللىقاچان چوڭ قىزغا ئايلىنىپ قالغان ئەدىبەمۇ يەردە

يۇمىلىنىپ يىغلاۋاتقاندەك بولاتتى...

ئۇنى ئوي- خىياللارغا قىيناپ شۇ دەرىجىگە ئېلىپ باردىكى، ئۇ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ، ”ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۆيگە بېرىپ كەلسەم...“ دېيىش گىراداۋىغا بېرىپ قالدى. ئۇ شۇ تاپ تېنىدە جۇش ئۇرىدىغان قەھرىمانلىق، چىدام، جاسارىتىنىڭ ئۆزىنى بىردەمگە يوقلاپ كېلىشنى تولىمۇ خالايتتى. ياكى بۇ كىشنى تۈنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىتنىڭ چاپسانراق ئۆتۈپ، يولغا چىقىپ كېتىشنى خالايتتى.

نىھايەت ئۇنى شۇنچە ئازابلىغان ۋاقىت پەقەت 7- 8 مىنۇتلا ئىدى. ئوبۇلقاسىمنىڭ ھەمراھى ئاتنى ئېلىپ چىقتى. مانا شۇ چاغدا تەۋپىق ئۆيىگە بېرىپ كېلىش ئىستىگىدە قوقاستا پۇچۇلانغاندەك بولۇپ كەتتى. بۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئارىلىقتا بۇ يەردىن قوزغىلىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۈندىكى ھەممە نەرسە بەلكى بۇ يورۇق دۇنيا، قوياش ۋە ئاسمانىنىمۇ قايتا كۆرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ ئوبۇلقاسىمغا ئىلتىماس قىلسا ئۇ رەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. پەقەت مەسخىرىلىك ھېجىيىپ، كۆرەڭلىك بىلەن بىر نەچچە ئېغىز زەھەرخەندە گەپنى قىلىۋالاتتى- دە، ئاجىزلار ئالدىدىكى غالىپتەك كۆرەڭلىك بىلەن، ئۆزىنىڭ كەڭ قوساقلىقىنى نامايىش قىلاتتى.

بىراق، بۇ تەۋپىق ئۈچۈن تەڭداشسىز يوقۇتۇش بولغان بولاتتى. بۇ شۇنداق يوقۇتۇش بولاتتىكى، يۈز يىللىق ئۆمرۈڭ بولسا ئۆمۈر بويى بىر مۇنارنى ئېگىزلەپ ياسايسەن، ئاخىرىدا كىچىككىنە جاپاغا، ئېيتايلۇق، بىر قېتىملىق ئۆتكۈنچى، پەقەت بىر ئاز جان قىيىنغۇچى خۇمارنى دەپ، ئۆمۈر بويى ياساپ چىققان مۇنارەڭنى ئۆرۈۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولاتتى.

ئېلىپ كېلىنگەن قارا يورغىنى ئوبۇلقاسىم ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ قىرچاقىغۇ ئېتىنى مەتىلى ئەپەندىگە بېرىپ مىنىشكە بۇيرىدى. مەتىلى ئەپەندى ”بىسمىللا دېمەستىن“ باشلانغان بۇ ئەدەپسىزلىككە قاتتىق غەزىۋى كەلگەن بولسىمۇ ھېچنەرسە دېمىدى. ئەمدى ھەر قانداق گەپ بۇلارغا كار قىلمايتتى. بۇلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان جىنايەتچىنى جازالاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان جاللاتقا ئوخشايتتى. بۇلار مەھبۇسنىڭ تىللىشى، يېلىنىشى، يولقۇنىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرەتتى.

تەۋپىق ئاتىنىڭ تېزگىنىنى ئالغاندىن كېيىن بىر سكونتچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ئۆيگە بېرىپ كېلىش ئارزۇسى ئۇنى يىغلىۋەتكۈدەكلا ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلغان تەۋپىق ئىختىيارسىز ھالدا خۇرسىنىشىنى ئىپادە قىلغۇچى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى بىلەن ئۆي تەرەپكە قاراپ قويدى. ”كاشكى شۇتاپ مەلىكىزاد بۇ ياقتا ئۆتۈپ قالسا...“ لېكىن، شۇئان تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭ تۇتقۇنلۇق ھالىتىنى گۈزەل ئايالىنىڭ كۆرۈپ تۇرۇشىنى خالىماسلىق تۇيغۇسى ھەممىدىن ئۈستۈن كەلدى.

— پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم مەتىلى ئەپەندىنىڭ خۇرسىنىشىنى ئاڭلاپ، — ئۇچۇشۇڭلارنى بىلىپ، چۈشۈشۈڭلارنى بىلمىگەندىكىن شۇنداق بولىدۇ! ئەمما تۆۋە قىلساڭ بولىدۇ، كېيىن، بارىدىغان يەرگە بېرىپ...

مەتىلى ئەپەندى جاۋابەن قەھرى بىلەن قاراپ قويدى- دە، ئاتقا سەكرەپ مىندى. ئوبولقاسىمنىڭ ئاشۇ گېپى بىلەن زەربىگە ئۇچرىغان غۇرۇرىدا شۇنداق قارشىلىق ئويغاندىكى، ”ئەمدى ئۇ مېنى ئۆيگە بېرىپ كەلگىن دېسىمۇ بارمايمەن!“ دېگەن نىيەتكە كەلدى ۋە ئاتنىڭ تېزگىنىنى يولغا توغرىلاپ تۇرۇپ:

— پەقەت گۇناھكارلارلا تۆۋە قىلىشى كېرەك. يەنە شۇمۇ بار، ئىت ئىتلىقىنى قىلغان بولسا بۇنىڭغا تۆۋە كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئىت.

— سەنمۇ تېخى شۇ ئىتقا ئوخشاپ قالىسەن، كۆرىمىزغۇ تېخى، قېنى ماڭ!

ئۇلار دەرھال يۈرۈپ كېتىشتى.

نېمىدىندۇر كۆڭلى ئۆيگەندەك ئارقىدىن چىقىپ باققىسى كەلگەن ئېلاخۇننىڭ قارىسى ئەگىمىدە كۆرۈنگەندەك قىلدى...

يامغۇر يەنىلا بىر خىلدا، ئىچى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ ئۈنسىز يىغىسىدەك ئىنتايىن سۈس سىمىلداپ ياغاتتى...

# 2

يادىڭدىمۇ، ئېيتچۇ، سەن تۇغۇلغاندا،
ھەممە كۈلگەن ئىكەن، بىر سەن يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا
ھەممەيلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.
— خۇسراۋ دېھلەۋى

دەرىزە ئەينىكى يامغۇر سۈيى بىلەن ھۆللىنىپ سىرتتىكى شەكىللەر غەلىتە ئىمىر- چىمىر كۆرۈنەتتى. لىۋاھىددىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، ”يۇرت بەلگىسى“ نى چۈشەندۈرۈشكە زادىلا تىلى كەلمەي قالدى ۋە دەرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ دەرۋازا تەرەپكە جىم- جىت قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئاللىقانداق ئۈنسىز يىغا ئۆرلەپ نەپسىنى سىقماقتا ئىدى. كۆز چاناقلىرى ئېچىشقاندەك بولىۋاتقاچقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىيالمىدى. ئوقۇغۇچىلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۇيۇقسىزلا چىقىپ كېتىپ، لىۋاھىددىنىنىڭ پەيدا بولغىنىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشقانىدى. ئۇلار ئىلگىرى بىر نۆۋەتلىك دەرس تۈگىمەيلا ئوقۇتقۇچى ئالمىشىدىغان ئىشنى كۆرمىگەن ھەم بۇنداق ئىش تۈزۈمگىمۇ توغرا كەلمەيتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلار لىۋاھىددىنىنىڭ جىم- جىتلا كىرىپ كېلىپ، دوسكا تەرەپكە بىرلا قاراپ قويۇپ دەرىزە تۈۋىگە بېرىپ تۇرىۋالغىنىغا ھەيران بولۇشماقتا ئىدى. ئۇلارمۇ ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى، ئويۇشمىدىكىلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندىنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغانلىقىنى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇنى رەت قىلغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار سۆيۈملۈك ئۇستازى سىڭدۈرگەن دەرسخانا ئىنتىزامىنى بۇزۇپ، لىۋاھىددىندىن بۇ ئىشنىڭ تېگى پېيىنى سۈرۈشتە قىلالمايتتى.

ئۇ، كىشىنى ئازاپلايدىغان جىم- جىتلىق، ئاخىرى دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى بىلەن بۇزۇپ تاشلاندى. لېكىن بۇ سىنىپتىكىلەر لىۋاھىددىنىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ يەنىلا قوزغىلىشمىدى. شۇ چاغدىلا لىۋاھىددىن ئوقۇغۇچىلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، سەل- پەل ئاخساپ، ئوتتۇرىغىراق كەلدى. ئۇ

ئايانچلىق كۆزلىرىنى مەسۇم چىرايلارغا تىككەن چاغدا ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدە پارقىراپ كەتكەن ياشنى كۆرۈپ، سەۋرىسى قورىدى.

— تەلەبىلەر،... — لىۋاھىددىن دۇدۇقلۇپ كېتىپ توختاپ قالدى ۋە قاقىلىپ تۇرۇپ تۇپرىكىنى يۇتىۋەتكەندىن كېيىن، — تەلەبىلەر، ئەپەندىنى ئېلىپ كەتتى!...

بۇ سۆز ئېنىقلىما بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان، مۇجمەل گەپ بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار چۈشەندى ـ دە گۇر قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە تالاغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

لىۋاھىددىن ئۇلارنىڭ قەيەرگە بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرمەستىن، مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگەن هالدا ئىشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ بۇ ئۆممىسە هالىتى ئەمدىلا دەرىستىن چۈشكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

— نېمە بولدى، لىۋاھىددىن؟ — دەپ سورىدى ئەمەت مەخسۇم هەيرانلىق بىلەن.

لىۋاھىددىن ئىزامىدىنغا قاراپ يىغلامسىرىغان هالدا:

— ئەپەندىنى ئېلىپ كەتتى!... — دېدى ـ دە، بوغۇلۇپ توختاپ قالدى.

— نېمە دېدىڭ؟ نەگە؟

— كىم؟ كىم ئېلىپ كەتتى.

هەممىنىڭ يۈرىكى بىر دەهشەتلىك شۇملۇقنى سەزگەندى، شۇڭا تۇشمۇ- تۇشتىن سورىشىپ كەتتى.

— ئوبۇلقاسىم ئېلىپ كەتتى،... ساقچىدىن كەپتۇ...

هەممەيلەن گويا ئۇنى قايتۇرۇپ كەلمەكچىدەك يۈگرۈشۈپ مەكتەپ قوراسىغا چىقىشتى بۇ يەردە خەۋەردار ئوقۇغۇچىلار خەۋەرسىزلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ، گودۇڭلىشىپ تۇرۇشاتتى. بۇلارنىڭ هېچبىرى بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا تازا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا قوشۇلۇپ دەرۋازا ئالدىغىچە چىقىشتى. لېكىن سىم- سىم يامغۇر بىلەن خېلى ئادالىنىپ قالغان كوچىلار جىم- جىت، ئاۋالقىدىنمۇ سۈرۈنرەك تۇراتتى. كوچىنىڭ هېس تۇيغۇسىز جىسمىدىن هېلىلا بىر زور جىنايەتلىك ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكى

بىلىنمەيتتى. بۇ گويا قايغۇغا پاتقان كۆپچىلىككە ئۆزىنى ئاقلاپ: ”نېمە ئامال، مېنىڭ كۆكسۈمدىن شاھ ئۆتىشىمۇ مۇمكىن، گاداي ئۆتىشىمۇ مۇمكىن، قاتىل مېڭىشىمۇ، مەھبۇس مېڭىشىمۇ مۇمكىن... بۇلارنى توسالمايمەن، ھەممىنى ئۆز مەنزىللىرىگە يۈزىتىش مېنىڭ بۇرچۇم!“ دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمە توپ بۇ؟ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بالىلىرى دۆۋلىشىۋاپتىغۇ؟ — دېدى يۇقىرى تەرەپتىن كەلگەن كىمدۇر بىرى.

— ئەپەندىنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى ئېلاخۇن بايىقى تۇرغان يېرىدىن ئەمدىگىنە قوزغىلىپ، ئادەملەر توپىغا كېلىۋېتىپ.

— مەمتىلى ئەپەندىنى ھېلىلا تۇتۇپ كېتىپتۇ دېيىشىدۇ،... — جاۋاب بەردى يەنە بىرى. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلاردەك قىلاتتى.

— نېمە دېدىڭ؟ ئاغزىڭغا قويايمۇ، تىلىڭگە كۆيدۇرگە چىققۇر! مېنىڭ بالامنىڭ بۇ دۇنيادا قىلىشى شۇ پەرىشتىدەك ئەپەندىنىڭ شىپالىق قولى بىلەن بوغان ئەمەسما، ئەمدى مەن دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ بۇنىڭدىن باشقا يېقىنىم باما، مېنىڭ؟! — بۇ ئىنتايىن قايغۇرغان دېھقان ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئەپەندىلەرمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇشتى.

گويا دېھقاننىڭ سۆزلىرىدىن كېيىنلا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى قىل سىغماس پاكىت سۈپىتىدە ئىسپاتلانغاندەك، پەقەت شۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى بىلەنلا، ھەممە بۇنىڭ بالىلارنىڭ مېھرىبان ئاتىسى، ئاتىلارنىڭ سىرداش دوستى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالغاندەك يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى. شۇ تەرەپتىن كىمدۇر بىرى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ھەسرەتلىك يىغلىۋەتتى.

ئەمدىلىكتە بولسا بىرسىنىڭ باشلاپ بېرىشىنى كۈتۈپلا تۇرغاندەك، مەكتەپ ئالدىنى ئۈنلۈك ۋە ئۈنسىز يىغا، خۇرسىنىشلار بىر ئالدى.

ئەڭ ئاۋۋال ئەمەت مەخسۇم قايغۇ ئىچىدىمۇ ئەقلىنى يوقاتماستىن، نىزامىدىننى بېقىندىدى:

— نىزامىدىنكا، كۆڭلىزنى بۇزماڭ، بۇنداق تۇرساق ھايال بولماي مەلىكىزاد ئاڭلاپ قالىدۇ، تەسەللىي بەرمىكىمىز تەس بولىدۇ. تەلەبىلەرنى

باشلاڭ، مەكتەپكە كىرىپ كېتەيلى، بولسا سىنىپقىلا كىرىپ كەتسەك تېخى ياخشى، — دېدى.

دېمىسىمۇ بۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتىكى خەلق مەكتەپ ئالدىدىن ئاڭلىنىۋاتقان يىغا- زارنى ئاڭلاپ بۇ تەرەپكە كېلىشكە باشلىغانىدى.

نىزامىدىن مەكتەپكە كىرىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئەگەشتى. سەبى چىرايلار ئۆمچىيىپ، ياش بىلەن ھۆللىنىپ كەتكەنىدى. بۇلارغا ئەگىشىۋالغان بىر قانچە دېھقاننىڭ كۆزلىرىمۇ ياشلانغانىدى. ئەمەت مەخسۇم لىۋاھىددىننى تارتىپ:

— مەن ئۇيۇشمىدىكىلەرگە خەۋەر قىلاي، ئۇلار مۇشۇ يەرگە كەلسە نېمە قىلىشىمىزنى مەسلىھەت قىلىشىپ باقايلى،مەلىكىزادقا نېمە دەپ ئوقتۇرۇشتىن بەكلا بېشىم قېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ماقۇل، خەۋەر قىلىپ قوي، مەن بۇلارنى سىنىپلارغا ئېلىپ كىرىپ كېتەي، ھەممە ئادەم ئۇقۇپ كەتكىچە بىر نەرسە دېيىشىۋالايلى، — دېدى لىۋاھىددىن ئۈنسىز يىغىدىن ئېسەدەپ تۇرۇپ.

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇلدى. ئەپەندىلەر ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. ھېچكىمنىڭ سۆزلىگۈسى كەلمەيتتى. نىزامىدىننىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلاتتى:

— كەتكىنى كەتكەن بولارمۇ؟ ئامال قىلغىلى بولماسمۇ؟... — دەپ ئېسەدەيتتى ئۇ.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ نىزامىدىنكا، ئەپەندى تېخى ھاياتقۇ، شۇنىڭغا شۈكرى قىلايلى، ئويلاشساق بىر ئامال بولۇپ قالار.

كۆپ ئۆتمەيلا ئويۇشمىدىكىلەر يېتىپ كەلدى. بۇلار بىلەن ئېلاخۇنمۇ بار ئىدى.

— كۆڭلۈم تۇيغان، مېنىڭ، — دەيتتى ئېلاخۇن كىچىك بالىدەك ئۆمچىيىپ تۇرۇپ، — كۆڭلۈم تۇيغان. بۇ ئەتىگەن 2- سائەتلىك دەرستىن چىقىپ شورۇقتا بارىمەن دېگەنىدى، شۇنىڭغا يېقىن قارا يورغىنى توقۇپ قويدۇم، بىر چاغدا يوچۇن سۆرۈن تەلەت بىر نېمە كەلدى، ”ئەپەندى ئاتنى ئېلىپ كەل، دېدى“ دەيدۇ. ئاندا-ساندا ئۇ ئۆزى كېلەلمىسە ئىزچىلىرىدىن

بىرىنى ئەۋەتەتتى. بۈگۈن تونۇمايدىغانلا بىر نېمە، بەرمەي دېدىم، يەنە تۇرۇپلا، ئەپەندى ئالدىراش بولغان بولسا مۇشۇنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن، كىم بىلسۇن،... ئەمما كۆڭلەم قويماي ئارقىدىن چىقسام قارا ئاتنى ھېلىقى چېرىك مىنىۋاپتۇ، ئەپەندىمنى بوز قىرچاڭغۇغا مىندۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتامدا! گاڭگىراپ كەتتىم... — ئېلاخۇن ئەمگەكچىلەرگە خاس قاتاڭغۇر قوللىرى بىلەن كۆز چانىقىنى سۈرۈتتى. باشقىلار گويا پەقەت ئېلاخۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشقا يىغىلغانلاردەك قاراپ تۇرۇشتى.

ئىسلىماخۇن خەلپىتىمنىڭ چىرايىدىن ئىبىسنى يوقاتقان ئادەمدەك ئېلىشاڭغۇلۇق چىقىپ تۇراتتى. قۇتلۇقئاخۇن ساقىلىنى سىيپاپ، تۇتقاقلىقى بارەدەك لەۋلىرىنى غەلىتە قىمىرلىتاتتى، بۇنىڭ قەلبىنى بىر زامانلاردا ئەپەندىگە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان تېتىقسىزلىقنى قىلىپ، ئىسلىماخۇن بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغىنى، بۇ تۇپەيلى كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىزلىكنى ئەپەندىنىڭ ھېچ بىلىندۇرمەيلا يۇيۇپ تاشلىغان چىۋەرلىكىنى يادىغا ئېلىپ يۈرىكى شۇنداق ئېچىشتىكى، ئاتا ـ ئانىسىنى خاپا قىلغان كەپسىز بالا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلارغا جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپ دۇئاسىنى ئالمىغىنى ئۈچۈن پۇچۇلانغاندەك، بوغۇزىغا پاتقۇسىز بىر يىغا بۇنى نەپەستىن توختاتقۇدەك بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. كۆزىدىن بولسا ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار ساقاللىرىدا پارقىرايتى، ئەمما ئۇ بۇنى تۇيىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى. نۇرۇللا كۆزلىرىنى پىيالىدەك قىلىپ چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. مەھەممەت قارى زەكى ئىشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قارىۋالغانىدى.

— ئىشنىڭ بېشىدا كىم بار؟ كىم كۆردى؟ بەلكىم باشقا بىر ئىشقا چاقىرتقاندۇ؟.... — دېدى خېلىدىن كېيىن ئىسلىماخۇن، — تازا ئەپلەشمىگەن بىر تەسەللىي بىلەن.

ھەممەيلەن بىر- بىرىگە قاراشتى. لىۋاھىددىن بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىش بىلەن سەل نەپىسىنى راسلىۋېلىپ:

— مەن بار ئىدىم، ئىككى ساقچى كەلدى. بىرسى ھېلىقى قەشقەر سانائى نەپىسدە ئىشلەپ يۈرگەن، كېيىن ”مىللەت باغچىسىغا“ مۇدىر بولغان

ئوبۇلقاسىم، ئوبۇلقاسىم، ئۇ ساقچى كىيىمىدە.

— ساقچى كىيىمىدە؟ يا پاناھ! ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگەن شۇ-دە! ما كىسپۇرۇچنىڭ يامانلىقىنى! ... — نىزامىدىن خۇرسىنىپ قويدى.

— ئاشۇ ئوبۇلقاسىممۇ؟ — سورىدى ئەمەت مەخسۇممۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك.

— شۇ، بىزنىڭ قەشقەردىكى بىر مۇنچە ئاپالىيەتلىرىمىزدە بىللە بولۇپ يۈرگەن ھېلىقى ئۇزۇن بۇرۇن.

— بۇنىڭ بىر ئامالى بولماسمۇ؟ ... — نىزامىدىن چوڭقۇر ھەسرەتلەنگەن ھالدا پەقەت شۇنداق دەيتتى.

— شۇنى بىر ئويلىشىپ باقايلى،... — دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— بۇ مېنىڭچە ھازىرلا ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئەقىلغە مۇۋاپىق راق ئىشلار ھەققىدە ئويلىشايلى، — دېدى ئىسلىماخۇن، — ئەپەندىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردە بىر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ئىش بولىدۇ. تاماق ئاپىرىپ بېرىپ تۇرۇش كېرەك. ئاندىن بۇنى مەلىكىزادقا قانداق ئۇقتۇرىمىز، مۇشۇلارنى ئويلايلى.

— راست گەپ، ھازىرچە بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغىنىمۇ شۇ، — دەپ قوشۇلدى لىۋاھىددىن.

— ھە، بۇ نەق گەپ بولدى.

— مۇشۇ يەردىن بىر ئادەم قەشقەرگە بېرىپ تۇرسا بولارمۇ؟ — سورىدى ئەمەت مەخسۇم.

— شۇنداق بولغىنى ياخشى.

— بىرسى بارىدىغان بولسا بىزنىڭ غېنى بارسۇن، — دېدى نىزامىددىن. ئۇنىڭ چىرايى بىردەمدىلا تونۇغۇسىز بولۇپ كەتەندى.

— ھە، بۇ ياخشى گەپ بولدى، غېنى كىچىك بولغاندىكىن بەك خەقنىڭ گۇمانىنى قوزغىمايدۇ، ئۇنى نەگە ئورۇنلاشتۇرساق بولار؟

— تۇخان كىچىك ئاپامنىڭ ئۆيىدە تۇرسا بولدىغۇ؟ جانان كوچىسىدا، — دېدى لىۋاھىددىن. ئۇنىڭ بۇ كىچىك ئاپىسى دادىسى — تاشاخۇنۇمنىڭ توقىلى تۇ خېنىم ئىدى.

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىش شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئىسلىماخۇن، — مەلىكىزادنى قانداق قىلساق بولار؟

— بىزنىڭ ئۆيگە كېتىپ شۇ يەردە تۇرسۇن، — دېدى نىزامىدىن، ھېلىلا بىرسىنى بۇيرىساق، بۇ ئىشنى ئۇختۇرمايلا بويامەتكە ئېلىپ كەتسە ئوبدان بولاتتى.

— شۇنداق قىلىلى.

ئۇلار مەلىكىزادقا ئوقتۇرماسلىقنى ئويلاشقان شۇ مەزگىلدە مەلىكىزاد بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغانىدى. ( ئوخشاش ۋاقىتتا باشقا ئىككى ئەسكەر ئۆينى ئاختۇرۇپ كىتاپ قولىيازما ھەتتا پىيانىنولارنى ئېلىپ كەتكەن. بويامەتتە قويۇلغان بىر قىسىم كىتابلارنىمۇ ئېلىپ كەتكەن).

گەپ دېگەن سۇ يېغى دېگەندەك بىردەمدىلا پۈتۈن ئاتۇشقا يېيىلىپ بولدى. ھەر قايسى كەنت مەكتەپلىرىدىكى ئەپەندىلەر بىردەمدىلا مەشھەتكە، — رۇشتى مەكتەپكە يىغىلدى. بۇ يەردە ئابدۇراخمان شائىرنىڭ دانىخورەك باسقان چىرايىدىمۇ يىغا ئالامىتى پەيدا بولدى. كەنت مەكتەپلىرىدىن بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلارمۇ كېلىشكەندى. قىزلار مەكتىپى ھويلىسىدا قىز ئوقۇغۇچىلار يىغلىشاتتى. بۇلارنىڭ ئايال جىنسىغا خاس ئاسان ھاياجانلىنىدىغان تەبىئىتى بۇ زەربىگە چىداپ تۇرالمىغانىدى.

قىسقىسى، بۇ مۇدھىش كۈن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارغا، ئەپەندىلەرگە، دېھقانلارغا زور مۇسىبەتتەك تەسىر قىلغان، بىر قىسىم مۇتئەسسىپلەرگە بولسا بايرام بولغانىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۆي ئاختۇرۇلمىغان تەقدىردىمۇ مەلىكىزادنىڭ بۇ خەۋەرنى ئۇقماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەسىدى.

مەلىكىزادقا ئۇختۇرماي ئېلىپ كېتىش خىيالى بەرباد بولغاندىن كېيىن، ئۇنى قان يىغلىغان ھالەتتە ئىككى ئىزچىغا قوشۇپ بويامەتكە يولغا سالدى. ئۇ ئىشەك ئۈستىدىن يىقىلىپ كەتكۈدەكلا ھالغا كېلىپ قالغاچقا، ئەدىبەنى ئىزىچلاردىن بىرى كۆتۈرىۋالغانىدى.

بۇ چاغدا سىم- سىم يامغۇر توختىغان بولسىمۇ ھاۋا ئىنتايىن قويۇقلىشىپ، قاتلامىمۇ- قاتلام قارا بۇلۇتلار كۈندۈزنى ناماز شام ۋاقتىدىكىدەك گۆگۈملاشتۇرۇۋالغان بولۇپ، كېچىسى ياكى ئەتە ئەتىگەندە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان

ئاق يېقىن باشلىنىدىغاندەك قىلاتتى.

## 3

1937- يىلى 22- ئاپرېل ئىدى. نىزامىددىن غېنىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاچقا، قەشقەرگە بارىدىغان بازارچىلارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن غېنىنى باشلاپ جانان كوچىسىغا تۇ خېنىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ يەرگە غېنىنىڭ نەرسە- كېرەكلىكىنى تاشلاپ قويغاندىن كېيىن ياۋاغ تۈرمىسىگە كەلدى.

تۈرمە ساقلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرغىز ئەسكەر ئىدى. ئۇلار گەرچە گومىنداڭ ھەربىي فورمىسىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، تەرتىپسىز پادىدەك گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئوخشىمايتتى. نىزامىدىن تۈرمە باشلىقىنى تېپىپ سۆزلەشتى.

— مۇمكىن بولسا ئىنىم بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويسىڭىز، ئۇنىڭغا يەڭگۈشلەيدىغان كىيىم- كېچەك، ئازراق يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلگەنىدىم، شۇنى بەرسەم،— دېدى نىزامىدىن.

— بولمايدۇ، سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ، نەرسە- كېرەكنىمۇ قوبۇل قىلمايمىز،— دېدى، تۈرمە باشلىقى توڭلۇق بىلەن.

نىزامىدىن خېلى ئۇزاق ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ماقۇلغا كەلتۈرەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئەتەي روسچە ئۆز - ئۆزىگە خۇرسىنىپ:

— بىچارە ئىنىم، بىز ئامالسىز كەلدۇق، رەنجىمەسسەن،— دېۋىدى، تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭغا يالت ئېتىپ قاراپ:

— Ах, вы знаете Русский язык? — دەپ رۇسچە[1] سورىدى.

—Знаю، — دېدى نىزامىدىن ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن سوۋېت

---

[1] ھوي، سىز رۇسچە بىلەمسىز؟ — ئا.

ئەلچىخانىسىدا تاغىسىنىڭ سودا ۋەكىلى بولۇپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇلار دەسلەپكى سوئال- جاۋابلاردىن كېيىنلا رۇسچە سۆزلىشىشتى.

تۇرمە باشلىقى نىزامىددىنىدىن ئىنىسىنىڭ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورىۋېدى نىزامىدىن:

— نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى، ئاللاھ گۇۋاھ، ھېچكىم كۆرگەن ئىش ئەمەس، ئىنىم مۇئەللىم ئىدى. يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقان گۇناھى بار،— دېدى.

— ھە، بىلدىم، بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۈركىيە جاسۇسى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، بۇلارنىڭ مۇددىئاسى بەك يامان،... — تۇرمە باشلىقى بېشىنى چايقاپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتماي توختاپ قالدى، كېيىن ئۇ نىزامىدىنغا، — مەن سىزنىڭ رۇسچە بىلگىنىڭىزنىڭ يۈز- خاتىرىسى ئۈچۈن، ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىپ قوياي، ئەمما كۆرۈشتۇرەلمەيمەن،— دېدى.

— Спасибо[1]!— دېدى نىزامىددىن ئىلاجىسىز. ئاندىن غېنىنى كۆرسىتىپ، بۇندىن كېيىن غېنىنىڭ تۇرمىگە نەرسە- كېرەك ئەپكېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تۇرمە باشلىقىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلدى.

تۇرمە باشلىقى رازى بولدى. ئۇلار تۇرمىدىن قايتىپ، شەھەردىكى سودا- سېتىقلىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆستەڭبويى كوچىسىغا قاراپ مېڭىشتى.

نىزامىدىن غېنىنى يەنە جانان كوچىسىغا — تۇ خېنىمنىڭ ئۆيىگە ئەپكىرىپ قويۇپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۆستەڭبويى كوچىسىدا كېتىۋاتاتتى، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ يان دەرۋازىسىغا يېقىن قالغاندا بىرسى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ: ”جامەگە كىرسىلە، گەپ بار“ دەپ پىچىرلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

نىزامىدىن ئىنىتايىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، بۇ

[1] رەخمەت، — ئا.

كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ جامەگە كىردى. ئۇلار خىلىۋەتراق بىر ياققا بېرىپ، گويا چەت ۋىلايەتلەردىن كېلىپ ھېيتگاھ جامەسىنى تاماشا قىلىۋاتقان قىياپەتتە نەقىشلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەچ سۆزلەشتى. تېخى جۈمە نامىزىنىڭ ۋاقتى بولمىغاچقا ئادەملەر كۆپ  ئەمەس ئىدى.

— سىلى نىزامىدىنغۇ؟— دەپ سورىدى ناتونۇش ئورۇق كىشى، — مەن نوۋېشى مەكتەپتە كۆرگەنتىم، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن كەپتىكەنلا، خۇداغا شۈكرى، خاتالاشماپتىمەن. مەنمۇ ئىلگىرى نوۋېشى مەكتەپتە مۇئەللىم ئىدىم. مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىللە بىر كېچىدىلا يۇسۇپ ئەپەندى، ئەخمەت ئەپەندى ئايالى ھەم بەش ياشلىق بالىسى بىلەن... يەنە باشقا مۇئەللىملەر قولغا ئېلىندى. شۇ كۈنى مەجىددىن ئەپەندى بىلەن شەۋقى ھەزرەت توققۇزاقتىكەن، ئۇلار ئامان قاپتۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ ئەھۋاللىڭلارنى ئوقۇشۇپ بېقىشقا بەكمۇ ئىنتىزار. يەنە ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئۆيدە، مەكتەپتە بولماي تۇرسۇن دەپ تاپىلاشقان. مەمتىلى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈردىمۇ قانداق؟ مەن شەۋقى ھەزرەتكە نېمە دەيمەن؟

— ئىنىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، ئەمما نەرسە- كېرەكلەرنى مىڭ تەسلىكتە ئالغۇزدۇم، چوڭ ئوغلۇمنى بۇ يەردە تاغامنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق، ئۇ پات- پات كېيىم-كېچەك، نان- پان يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئوبدان بوپتۇ. ئاۋۇ ئەپەندىلەر يەنە ئىلاج بولسا تۈرمىدىكىلەر بىلەن خەت ئالاقە قىلىشقىلى بولسا ئوبدان بولاتتى دېيىشكەنىدى، شەۋقى مەمتىلى ئەپەندىدە بەزى قىممەتلىك قولىيازمىلار بارلىقىنى ئېيتقان، شۇلارنىڭ دېرىكىنى ئېلىشقا بەكلا تەشنا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— قولىيازما دەمسىز؟ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاستىن- ئۈستۈن كەلتۈرۈپ قولىيازما تۈگۈل ئۇنىڭ ھېلىقى پىيانىنو دەيدىغان چالغۇسىدىن تارتىپ ئەپكەتكەن تۇرسا... — نىزامىددىنىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى.

— ئاپلا!...ـ دېدى ناتونۇش كىشى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن، ئارقىدىن نىزامىدىنىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى ئېيتتى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئوقۇشىنى توختاتماسلىق

كېرەكلىكىنى يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ، بۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## 1

مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ يوقلىقى ھەممىدىن ئاۋۋال مەكتەپلەردە بىلىنىپ قالدى. ئۇزۇن يىللار زۇلمەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن، مىجەزىگە قۇللۇق، قورقۇنچاقلىق، ھەممىگە سۇكۇت قىلىپ تۇرۇش، شۈكرى قىلىش سىڭىپ قالغان خەلق، بۇنى پاجىئەنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ ۋەھىمىگە چۈشۈشتى. بەزىلەر بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدى. ھەتتا بەزى مۇئەللىملەرمۇ مەكتەپنى تاشلاپ، كەلگۈسى بوران- چاپقۇندىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

بۇ ناچار كەيپىياتقا تۇرتكە بولۇپ خۇراپاتنىڭ جاھالەت تۇمانى يېيىلىشقا باشلىدى. ئەزەلدىنلا ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇتىئەسسىپلەر گورۇھى يەنە ئۆز رولىنى جارى قىلىشقا باشلىدى. مەسچىت- جامەلەردە يېغىلىشقا قارشى ۋەز- نەسىھەت، تەھدىتلەر باشلىنىپ كەتتى. بۇ مۇتىئەسسىپلەر ھەركىتىنىڭ مەدەتكارى يېقىندا توختى زۇنۇن، مۇتىئەسسىپ موللىلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئارقىسى ھۆكۈمەت ئىدى. ئاردا چاپارمەنلىك قىلىدىغىنى مەتىمىن ئاق كىرپىككە ئوخشاشلار ئىدى. خېلىلىراخمانىنىڭ يەنە يۇرتتا پەيدا بولغانلىقىنى سۆزلىشەتتى.

مەمتىلى ئەپەندىدىن دەككىسىنى يىگەن كەنجى قازاخۇنۇم، بويامەتتىكى مەھەممەت ئىمامغا ئوخشاشلار قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەندى. ئۇلار جاللاتنىڭ خىزمەتكارىغا ئوخشايتتى:

جالىللات ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ پۇت - قولىنى مويتۇڭزىغا ئەكىلىپ بېرەتتى ھەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىغا شۈكرى قىلىش، تەۋبە قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى ۋە بۇ ئۆلۈمنى خۇدادىن كەلگەن دەپ ئىشەندۈرەتتى. ئۇلار قول بېدىكلىرىگە ئوخشايتى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىمۇ قۇللار تەبىقىسىدىن ئىدى .خوجايىنلار قۇللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ ئەقلى ئۇستىگە نەپسى مىنگەن، ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ قولىنى يالاپ قاننى تازىلاپ ئاخىرىقى نەپىسىدىمۇ قۇللۇقنى بىجا كەلتۈرگۈچى يالاقچىلارغا ئىشارەت قىلىسىلا، ئۇلار ئۆز قەۋمىنى ئالداپ ئۇلارغا تۇتۇپ بېرەتتى. ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇپ، دىن يۈزىگە كۆپرى دېغى سۈۋاپ، بىدئەت ۋە خۇراپات بىلەن ئېتىقاد چىرىغىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئادەملەرنى ئوڭ - سولىنى بىلەلمەس گالۋاڭ قىلىۋېتىشەتتى.

كەنجى قازاخۇنۇم بوستان مەسچىتتە شۇنداق دېدىكى:

— مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ ناسارالارچە كېيىنمىكى، كالتە قۇيرۇق بولۇپ، يۈرمىكى دىنغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر؛ ناسارالارنىڭ كۆپرى كىتاپلىرىنى ئوقىغىنى ئاسىيلىقنىڭ راۋاجىدۇر. بۇنداقلار بىلەن ئارىلاشماق كاپىرغا قىز بەرگەندىنمۇ يامانراقتۇر. كىمنىڭ ئۆيىدە مۇشۇنداق كالتە قۇيرۇقلار بولسا بۇ خۇددى ناسارالار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغاندەك بۇلىدۇ . كالتە چاپان بىلەن مەسچىتكە كىرىپ ئوقىغان ناماز مەقبۇل بولمايدۇ!

قايتىدىن نوپۇزى تىكلەنگەن كەنجى قازاخۇنۇمنىڭ بۇ تەھدىتى ئاتا-ئانىلارنىڭ يۈرەكلىرىنى زىرىلدىتىۋەتتى. ئەمما ھېچكىم كىيىم بىلەن ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى سۆزۈڭگە قۇرئاندىن ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرۈپ باق، دېيىشكە پېتىنمايتى، ھېچ بولمىسا «بۇنداق بولىدىغان بولسا ئەينى ۋاقىتتا سەن نېمىشكە بۇ قاراشلىرىڭنى دەلىللەپ، ئەپەندىمنى ئۇسال قىلمىغان؟ ئەكسىچە ئۇ سېنى ئۇسال قىلغانتىغۇ؟» ياكى بولمىسا «ئەجەبا سەن توغرىدىن توغرا شۇتاڭغا بالا بەرسەڭ توغرا بولىدىكەنۇ، ئەپەندىمنىڭ ئاچقان مەكتىپىدە ئوقۇش ئۇنىڭدىنمۇ يامانمۇ؟» دېگەنلەرنى يادىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيتى. شۇنداقلا بىدئەت ۋە خۇراپاتلار بىلەن ئېتىقادنىڭ پارلاقلىقىغا داغ سۈۋالغان ئادەملەردە بۇنچىلىك بىلىممۇ، جۈرئەتمۇ يوقىدى!

بىلىمىنىڭ كىمدە بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۈگىنىشىنىڭ دەل رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېيتالمايتى. ئۇلارغا ئۈگىتىلگىنى ئەنە شۇنداق نۇقسانغا تولغان، ياخشىلىققا بېخىل، ئادەملەرگە ھەشەم ۋە جاپا سېلىشتىن باشقا يارارى بولمىغان غەلىتە بىرنېمىدى. ئۇلار بولسا بۇنى "دىن" دەپ بىلىشەتتى!

بەزى قاتتىق قوللۇق ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى دەرھال "ئىمانغا قايتىش" قا بۇيرىدى ھەم مەقسەتلىرىگە يېتىشتى. باشقىلىرى بولسا بالىلىرىنى سۆزگە كىرگۈزەلمىدى ۋە ئۆيلىرىدە مۇنازىرىلەر داۋام ئەتتى.

پەقەت سابىتنىڭ ئائىلىسى غەۋغالاردىن تېنىچ ئىدى. ئۇلارنىڭ «ئىمانغا دەۋەت قىلىدىغان» ئاتا- ئانىسى يوق ئىدى. بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سابىتنى ھۆرمەت قىلغاچقا ھېچكىم ئۇنى بىر نېمە دېمەيتى. ئۇ ئادەتتە تاھىر خەلپەتنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى مەسچىتتە ناماز ئوقۇيتى. كۈندۈزدە مەكتەپنىڭ مەغرىپ تەرىپىدىكى مەسچىتتە ئوقۇيتتى. ئۇلار مۇتئەسسىپلەر باشلىغان ھوجۇمنى ئۇقۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ ئىككى كۈچ ھازىرچە تېخى ئاشكارا، يۈزمۇ- يۈز ئېلىشىدىغان باسقۇچقا كىرمىگەن بولۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ تەشۋىقاتى قارشى تەرەپ يوق يەردە كېتىۋاتاتتى.

لېكىن، تەۋپىقنىڭ قولغا ئېلىنىشى سابىتلارنىڭ ئائىلىسىگىمۇ يامان كەيپىيات ئېلىپ كەلدى. سابىتمۇ، گۈلزادىمۇ خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزىدەك بىچارە بولۇپ قېلىشتى.

سابىت مەكتەپتىن كەلسىلا گۈلزادىنىڭ بىرىنچى سوئالى:

— ئەپەندىنىڭ خەۋىرىنى ئالالىدىڭىزمۇ؟— دېگەندىن ئىبارەت بولاتتى.

— قانداق خەۋىرىنى ئالغىلى بولىدۇ، دەيسەن، ھېچ گەپ يوق، بازار كۈنى ئىزامىدىنكام بىلەن كۆرۈشۈپ ئوقۇشۇپ باقىمەن،— دەپ جاۋاب بېرەتتى سابىت.

بارا- بارا سابىت ئۆيگە كېلىش ئالدىدا بېشى قاتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ گۈلزادىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بولغۇدەك گەپ تاپالماي قالاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قانائەتلەنمەيدىغان جاۋابلىرىدىن كېيىن ئارىنى بىر كۆڭۈلسىزلىك قاپلىۋالاتتى. سابىتنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ، گۈلزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ،

كۆڭۈللۈكرەك ئولتۇرۇشنى شۇنچە ئىستىسىمۇ زادىلا قولۇشالمايتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈلزادە ئېغىر بوي بولغاچقا چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ئىشلار ئۈچۈن خۇيى تۇتۇپ قالاتتى. كېيىن، سابىتنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ پەپىلەشنى بىلمەي بىچارىلىك بىلەن بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە قاراپ يەنە ئىچى ئاغرىپ، شوخلۇق بىلەن بەستلىك يولدىشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن سابىت ئۇنى ئەركىلىتىپ سۆيۈشكە باشلايتى. ئاندىن گۈلزادە كىتاب ئوقۇشقا، سابىت يېزىشقا كىرىشەتتى.

ئۇ بىر قېتىم بويامەتكە بېرىپ مەلىكىزاد بىلەن ھەسرەتلىرىنى ئورتاقلىشىپمۇ كەلدى. شۇندىن كېيىن بولسا كۆڭلىگە مەلھەم تېپىش ئۈمىدىدە سابىتتىن سوئال سوراپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئۇستازى ۋە غەمگۇزارى ھەققىدىكى غەملىرى يەتمىگەندەك، ئەمدى مۇتئەسسىپلەرنىڭ پىتنىسى، ھوجۇمى ئۇلارنىڭ كۆڭلۈللىرىگە سايە سېلىشقا باشلىدى. ئەمما، سابىتنىڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلىمىدا مەڭگۈ ئۇستازىنىڭ ئىزىددىن بېرىش، مەڭگۈ مەكتەپتىن ئايرىلماسلىق ئەقىدىسى كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىپ باراتتى. ئۇ گاھىدا ئۆزىنىڭ بۇ غايىسىنى گۈلزادىغا ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.

2

پۈتۈن يۇرتنى قاپلىغان مۇسىبەت پۈرىقى گويا مەلىكىزادنىڭ قەلبىدىن تارىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يوغان ھەم نۇرلۇق كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش پار بولۇپ، يامغۇر بولۇتلىرىنى ھاسىل قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا تەۋپىقنىڭ تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، قىزىللىق تېپىپ تۇرغان چىرايى، ئوتك كۆزىنىڭ قۇيرىقىدىكى بىلىنەر- بىلىنمەس تارتۇۋقنىڭ، كۈلگەندە كۆزىنىڭ قىسىلىشى بىلەن تۇرۇلگەن جايدا غايىپ بولۇشى؛ ناھايىتى تېز ۋە سىلىق مېڭىشلىرى، خوشاللىق بەخش ئەتكۈچى چاقچاقلىرى دەممۇ- دەم پەيدا بولغىنىدا چەكسىز ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇچىقىغا ئالاتتى. ئۇ

ئۆزىنىڭ ئاشۇ لەززەتلىك ھاياتتىن، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىن، مانا بۇلارنىڭ جىمىسىنى تەمىن ئەتكۈچى سۆيگەن كىشىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ھەر بىر ئويلىغىنىدا، بەدىنىگە قوقاس ياققاندەك بولۇپ كېتەتتى. لېكىن، تۇرۇپلا بۇ مۇدھىش تەقدىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىن- بىر تەسەللىسى قىزى ئەدىبە بولۇپ، مەلىكىزاد ئەدىبەنىڭ چىرايىدىن تەۋپىقنىڭ نەسىل ئىزنالىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى بوۋاققا تىكىپ، ئۇزاق- ئۇزاق ئولتۇرۇۋاتتى. بوۋاقنىڭ چىرايىدىن دادىسىغا ئوخشايدىغان بىرەر ئالامەتنى سەزگەن ھامان ئەسەبىلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلايتى - دە، تاكى بوۋاق قىرقىراپ يىغلىغاندىلا توختايتى. ئەسلىدە، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىكرانىدا، تەسەۋۋۇرىدا بوۋاق ئەمەس، تەۋپىق بار بولۇپ، ئۇ كۆڭلىدە تەۋپىقنى سۆيۈۋاتقان بولاتتى. ھازىر نىزامىددىنىنىڭ ئۆيىدىكى ھەممەيلەن كۆڭۈل بۆلىدىغان بىردىن- بىر مۇھىم ئىش، مەلىكىزادىنىڭ سۆزى، كۈلۈمسىرىشى بولۇپ قالغاندەك ئىدى، ھېچ بولمىسا كۆز يېشىنى توختىتىشنى تىلەيتى. بۇ يۇرەكنى ئەزگۈچى بىتىنىم يىغا ۋە تۈگىمەس كۆز يېشى ئۆيىدىكىلەرگە ھەتتا تەۋپىق ھەققىدىكى خىيالنىمۇ ئىككىنچى ئورۇندا قويۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

ئۆيدىكى چوڭ- كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى مەلىكىزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش دەپ بىلىشەتتى. شۇڭلاشقا ھەممەيلەن گويا ئەتىۋار بالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپلا يۈرىشەتتى. زورىخان دەممۇ- دەم:

— ئازراق چاي ئىچىپ باقامسىز؟

— كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ؟...— دەپ سوراپلا تۇراتتى.

ئايىمگۈلدىن تارتىپ نەبىگىچە بالىلارنىڭ ھەممىسى بىردەم ئەدىبەنى بېقىپ بەرمەكچى بولاتتى. بىردەم مەلىكىزادقا ياقىدىغان باشقا بىرەر ئىش تېپىپ قىلماقچى بولىشاتتى.

ۋاھالەنكى، بۇ چەكتىن ئاشقان مېھىر- مۇھەببەت مەلىكىزادنى تېخىمۇ ئېزىپ تاشلايتى. بۇ مېھرىبانلىق ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ھەممە نەرسىنى كەلتۈرەتتى؛ مېھرىبان ئېرى، ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان قاراشلىرى،

پەپىلەشلىرى، چاقچاقلىرى... نىھايەت ئۇنىڭ تۈگىمەس كۆز يېشى ئەدىبەنىڭ يۈزىنى ھۆللەيتى، ئۇنىڭ تۈگىمەسلىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى.

قىسقىسى، ئۇ سەل- پەل يالغۇز قالسىلا چەكسىز باياۋاندا يەككە- يىگانە تۇرغانىدەك مۇڭ ۋە قورقۇنچ بېسىپ يىغلىسا، كىشىلەرنىڭ خەيرىخاھلىق بىلەن پەپىلەشلىرىگە يولۇققاندا مېھرىبانلىق ئىلكىدە كۆڭلى ئېزىلىپ يىغلايتى. مەمتىلى ئەپەندى داۋاملاپ ساقايتقان بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ۋە باشقا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر بۇ ئۆيدىكىلەرگە تەسەللىي ئېيتىش ئۈچۈن يوقلاپ كىرىپ تۇراتتى. ئۇلار نىزامىددىنىڭ قايغۇلۇق چىرايى، مەلىكىزادىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشقاندا بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە ئۆكىنەتتى، ئەمما يوقلاپ كىرمەسلىككە كۆڭلى بۇنىمايتتى.

نىزامىدىن مەلىكىزادىنى قەشقەرگە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش بىلەن ئۇنى قايغۇدىن خالاس قىلماقچى بولدى. مەلىكىزادىنىڭ قاتتىق تۇرىۋېلىشى بىلەن تۇرمىگە باشلاپ بېرىپ، كۆرۈشتۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەنە ئىشقا ئاشمىدى. نىزامىددىن مەلىكىزادىنى قەشقەردە قالدۇرۇپ قايتىپ چىققانىدى، ئەتىسىلا مامۇتھاجىم ئۆزى مەلىكىزادىنى پوچتىغا سېلىپ ئاتۇشقا ئېلىپ چىقتى.

— خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم، ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ،— دېدى مامۇتھاجىم،— كېچىچە بىزنى سورىۋەتتى،...

مەلىكىزاد ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى تېخىمۇ غېرىپ ۋە بىچارە ھېس قىلىپ، ئاتۇشقا دەرھال قايتقۇسى كېلىپ، ھەسرەتلىنىپ يىغلىغانىدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان مۇھىتتىن ئايرىلىپ زادىلا چىدالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇنى يەنە ئەپكېلىپ قويۇپ كەتتى.

ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەك كۆز يېشىنى يامغۇر قىلىپ، كۈندىن-كۈنگە سولغان ھالدا نىزامىدىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى.

# يىگىرمىنچى باب

## 1

ئابدۇنىياز بىلەن ماخۇسەن ئارىسىدا كۆتۈلگەن سۆھبەت ئاخىرى ھەل بولدى. ماخۇسەن ئۆزىنىڭ خىل قوراللانغان 300 ئەسكىرىنى ئابدۇنىيازنىڭ ئىختىيارىغا بېرىدىغان، ئابدۇنىياز ئۇلارنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوشۇپ قەشقەر كونىشەھەرگە ھوجۇم قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

بۇ خەۋەر قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ھامان قەشقەر دائىرلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ جىددىيلىك تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ قىسمەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. سوراق ئىنتايىن ۋەھشىيانە تۈس ئالدى.

مەمتىلى ئەپەندى بايىلا سوراقتىن قايتىپ كىرگەنىدى. سىم قامچا تەككەن بويىنى ئۇزۇن بىر يول يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، قان چىقىپ تۇراتتى. يۈسۈپ زىيا قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يارىنى تاڭماقچى بولدى. دورىلانمىغان يارىنى بۇ يوسۇندا تاڭغاندا ياغلىق چاپلىشىپ قېلىپ، سويسا يەنە يارا بولاتتى. شۇڭا بۇ ياغلىق چاپلاشمايدىغان ئامالنى تېپىش ئۈچۈن ئويلىنىپ قالدى. پاختىلىق چاپان بولغان بولسا ئازراق پاختا سۇغىرىۋېلىپ، شۇنى بېسىپ ئاندىن تاڭسا بولاتتى. بىراق، پاختىسىق چاپان يوق. ئەمدى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە قاراملارچە چارە پوستەك توپا بېسىش ئىدى. بۇ يارا ئاغزىنى قۇرۇتۇپ، يىرىڭداپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پوستەك توپىدىن چىمدىپ ئېلىپ، يارىغا باستى. تەۋپىق ئۇيقۇلۇق جويلىگەنىدەك، چۈشىنىكسىز ئېڭراپ قويىدى ۋە مۇسكۇللىرىنى يىغىۋالدى. يۈسۈپ زىيا گويا ئۆزىنىڭ يارىسى ئېچىشىپ كەتكەندەك تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ يولدىشىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، ئۇنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويىدى.

— ئەپەندىنىڭ ھالى قانداقراق؟— دەپ سورىدى ياش كامىرداشلاردىن بىرى كۆڭۈل بۆلۈپ.

— ئۇخلاۋاتىدۇ،— دېدى يۇسۇپ ئەپەندى قىسقىلا. ئاندىن بۇ تار قەپەزدىكى زېرىكىشنى يېڭىشنىڭ بىردىن- بىر ئۇسۇلى كامېر تاملىرىدىكى ھەر خىل خەتلەر، بەلگە- ئىزلارنى يۇزىنچى قېتىم كۆزىدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىزلارنى كۆرۈشى ئۇچۇن ياردەم بېرىدىغان بىردىن- بىر يورۇقلۇق مەنبەئەسى تەسكەي تەرەپكە قارايدىغان كىچىككىنە روجەك ئىدى.

ئاشۇ روجەكتىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقتا كامېر تاملىرىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقان روھسىز ۋە ھالسىز مەھبۇسلار مۈكچەيگەن ھالدا قۇرۇق ئوتۇن كۆتەكلىرىدەك كۆرىنەتتى. بەزىلەر ئۇخلاۋاتقان بولسا، بەزىلەر غەمگە شېرىك مۇگدەشلىرى بىلەن كۆزىنى چالا يۇمىۋالغانىدى. يەنە بەزىلىرى بىكارچىلىقتىن تۇغۇلىدىغان جىمىكى بىمەنە خىياللارغا ئەسىر بولۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ قىلىشىدىغان پاراڭلىرىمۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. بىكارچىلىق ئۇچۇن پاراڭ توشامدۇ؟ ئۇلار ئاندا- ساندا بىر- ئىككى ئېغىز گەپلىشىپ قويىشاتتى.ئۇلارنىڭ سۆزلىشىپ تۇرۇشى ئۇچۇن نە يېڭىلىق، نە سىرتتىكىلەرنىڭ خەۋىرى بولمايتتى.

يۇسۇپ ئەپەندى تاملاردىكى چالمىدا يېزىلغان سۇس خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىغانىدى. بۇلار ئەنە شۇ مۇھىتنىڭ مەسىۇلىدى.

روھىم ئەجەم قىسىلدى، سىرتتىن خەۋەر ئالالماي،
ھېچكىمگە بىر گەپ قىلالماي ياكى بىر گەپ ئاڭلىيالماي.
يېشىم ئوتتۇز ئالتە ياش، تاشتىنمۇ قاتتى بۇ باش،
ئادا بولار ئوخشايمەن، ھەسرەت چېكىپ، ياتالماي.

بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىسىدىكىلەر ھەققىدە يۈرەكلىرى ئېچىشقان ھالدا غەم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قانداق پەرياد چېكىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشەتتى.

يۇسۇپ ئەپەندى تامدىكى شېئىرلارنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

خۇدا بىلۇر باللىرىم پەرياد چېكىپ يۇرىدۇ،
توغرا بىر يەرگە بېرىپ دادىنى ئاڭلىتالماي.
خۇدا ئۇرغان مەمتىمىن، ئىچى قارا كاپىردۇر،
يالغان خەۋەر بېرىپسەن، توغرا ئىشنى تاپالماي.
ھەي، مەلئۇن، ئەجەپ قىلدىڭ، ھالىمغا ۋابال قىلدىڭ،
ئاز كۇندە مەھۋ ئولۇرسەن، جاسۇسلۇقتا ياشالماي.

يۇسۇپ ئەپەندى بۇ يەردىكى قىممەتلىك ئەمەكنىڭ ئىككىنچىسى — كامىرداشلارنى بىر- بىرلەپ كۆزىتىشنى باشلىدى.

رۇجەككە يېقىنراق جايدا ئولتۇرغان تاز چىراي، ۋىجىك ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى كوسا ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ مۇشۇ كامېردىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كونا مەھبۇس ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ياكى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇنىڭ گۇناھى بولمىغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى سوراقلارغا ئېلىپ چىقمايتتى. ئۇ ھەمىشە بىر نەرسىدىن ھاياجانلانسا، مۇھىتتىكى بىرەر سۆز- ھەرىكەت ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قوزغاپ قويسىلا چىرايىنى ئۆمچەيتىپ، يىغلامسىراپ تۇرۇپ زارلىنىشقا باشلايتتى. يا خوتۇن-بالىلىرى ھەققىدە سېغىنىش ۋە ھەسرەتلىرىنى سۆزلەيتتى؛ بەزىدە يۇرتى ھەققىدە شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆز- ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولغاندەك زوق ـ شوقى بىلەن سۆزلەيتى. بۇ ئادەمنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىدىن ئەجەپلەنگىلى بولمايتتى. چۇنكى، ئۇ يىللاردا گۇناھسىز نۇرغۇن ئادەملەر تۇرمىلەرگە كىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ تاز چىراي كوسىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ مۇرىسىگە تايىنىپ ئۇخلاۋاتقان ساقاللىق ئادەممۇ ئاشۇنداقلا ئۆزىنى ئاقلاپ قاخشاپ تۇرىدىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ يومۇلاقراق كەلگەن كەڭ يۇزىنى قويۇق قارا ساقال قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن، شۇڭلاشقا بۇ پات- پاتلا يۇزىنى تاتىلاپ ئۇزاق قاشلايتتى. خالىغان ۋاقىتتا بېقىپ سەمرىتكەن پىتلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، قاغىنىپ تۇرۇپ ئۆلتۇرەتتى. پىتنىڭ چىرىسلاپ ئۆلگەن ئاۋازى كامېرنىڭ

باشقا بۇلۇڭلىرغىچە ئېنىق ئاڭلىناتتى. بۇ ئادەممۇ خېلى كونا ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئۆزىنى بوزەك ئەتمەكچى بولغان بىر ئەسكەرنى تىللاپ قويغىنى ئۈچۈن يېتەرلىك دۇمبالىغان ۋە تۇتۇپ كېلىپ سولاپ قويۇلغانىدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك يا سوراق قىلىنمىغان ياكى قويۇۋېتىلمىگەن. ئۇ قىرىق ياشلاردىن ئاشقان كىشى ئىدى. شۇڭا ھەمىشە ھەمراھىغا: ”سىلى ياش بولغاندىكىن...“ دەپ ئىش تاپشۇراتتى ۋە ئۆزى قېرى سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ ئۇخلايتتى.

ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ياش يىگىت بولسا مۇئەللىم ئىدى. ئۇ ھازىر تۇرمىنىڭ جاپالىق شارائىتى سەۋەبىدىن قېرى چىراي بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تېخى ئوتتۇز ياشقا بامىغانىدى. ئۇ سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇ تولىمۇ كەم سۆز يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ پات- پات يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلىدىغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن قارىغاندا ئۇ ئۆيلەنگىلى ئۇزۇن بولمىغان، ئېھتىمال ئۇ ئاشۇ ياش ئايالىنى سېغىنىپ يىغلايدىغاندۇر، ئەمما ئۇ ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشاتتى. كۆز يېشىنى كۆرسەتمەيتتى. ئۇ تەۋپىق بىلەن زىياغا بەكمۇ ئىخلاس قىلاتتى.

تارغىنا كامېردىكى بەش كىشىنىڭ ئۈچى پىكىر بىرلىكىگە ئىگە بولغاچقا، قالغان ئىككەيلەنمۇ بۇلارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق، بىرلىك بارلىققا كەلگەنىدى.

تەۋپىق، زىيالارنىڭ سەبداشلىرىدىن ئەخمەت ئەپەندى بۇلارغا تام قوشنا ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئايالى باشقا كامېردا، بەش ياشلاردىكى ئوغلى دادىسى بىلەن بىللە ئىدى. بالىنىڭ يۈرەكنى ئېزىپ يىغلىشى بۇ كامېرغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم بالا يىغلىغان چاغدا تەۋپىق بىلەن زىيا بىر بىرىگە قارىشىپ، چىرايى تاتىرىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ئۇلار جەزمەن بالىنىڭ بەختسىز ئانىسىنى ئەسلىرىگە ئېلىشاتتى. بۇ ئايال يولدېشىغا ئوغلىنى كۆرىشتىش ئۈچۈن ئۇزۇن يول بېسىپ تۈركىيەدىن كېلىپ مانا مۇشۇنداق پاجىئەگە يولۇققانىدى.

پات- پات تەۋپىق مارش باشلايتتى. كامېر ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغاچ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇيتتى. ئاۋۋال يۇسۇپ زىيا قوشۇلاتتى.

ئارقىدىن ياش مۇئەللىم قوشۇلاتتى. ھېلىقى ساقاللىق بىلەن كوسىمۇ يادىدا قالغان مىسرالارنى تەكرارلىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خوش قىلىپ، يۈرىكىنىڭ سىقىلىشىدىن قۇتۇلماقچى بولاتتى. ئەخمەت ئەپەندى ھېچ كىشىگە كەلمىگەن پاجىئەسىنى ئۇنتۇلۇش ئۈچۈن قوشنا كامېرىدىكى مۇئەللىملەر، مەدەنىي ئاقارتىش سېپىدىن تۇتۇپ قامالغان مەھبۇسلار تەڭ ۋارقىرىشىپ گۈندىپايلارنى ئالاقىزادە قىلىۋېتەتتى.

ئاتالمىش ئوسمانئالىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى نامى بىلەن نىقاپلىنىۋالغان قىزىل ئارمىيە 4- دىۋىزىيىسىگە تەۋە قىرغىز ئەسكەرلەر مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلايتتى، ئاخىر بولماي باشلامچىلىرىدىن بىر نەچچىنى تۇتۇپ چىقىپ پۇخادىن چىققۇدەك دۇمبالاپ ئەپكىرىپ تاشلاپ قوياتتى.

كامېرلارنى شۇ تاپ قەۋرىستاندەك جىملىق باسقانىدى. يۈسۈپ زىيانىڭ يۈركى سۇغىرىۋېلىنىپ چوڭقۇر يەر ئاستىغا كۆمۈپ تاشلىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپ بۇ جىملىقنىڭ بۇزۇلۇشىنى، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان شاۋقۇن سۈرەن باشلىنىشىنى خالايتتى. ئۆزىنىڭ ناخشا باشلىغىسى كەلدى، بىراق، ئەمدىلا سەل- پەل ئارام تېپىپ ئۇخلاپ قالغان سەبدېشىنىڭ ئارامىنى بۇزغۇسى كەلمىدى. ئۇ بۇنداق يۈرەكنى سىققۇچى جىملىق، زېرىكىش ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە كامېرداشلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ياش مۇئەللىم بېشىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ، تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۈرىلىرى بىلىنەر- بىلىنمەس سىلكىنىپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ يەنە ياش ۋە گۈزەل ئايالىنى سېغىنىپ يىغلاۋاتىدۇ. بىراق يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى پۇتۇن بەدىنى ئارقىلىق سەزگەن مۇئەللىم، ئۇياققا قاراپ تۇرۇپ، كۆز يېشىنى ئېيتتى. ئاندىن، ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— تەۋپىق ئەپەندى، ئۇ... — دەپ گەپ باشلاشقا ئۇرۇندى. ئۇ كىملا بولمىسۇن بىر كىشى بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىشنى، مۇنازىرىلىشىشنى خالايتى، بىراق، دەيدىغان گەپ تۇگەپ كەتكەندەك، بىر ئېغىزدىن سوئال- جاۋاب بىلەنلا

سۆزى ئاخىرلىشاتتى.

ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن ئارامى بۇزۇلغاندەك ساقاللىق باش كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ قويدى ۋە ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ئۇزاق ئۇۋۇلاپ، ساقىلى ئارىسىدا مىدىرلاپ، يۈزى ۋە ئېڭەكلىرىنى قېچىشتۇرۇۋاتقان پىتلارنى جىم تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، كوسىغا:

— خاپا بولما ئۇكام، ياش بولغاندىكىن ھېچقىسى يوق، كىچىككىنە كۆز يۇمىۋالاي،— دېدى- دە، كوسىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ كۆزىنى يۇمدى.

— قارىسىلا، يۇسۇپ ئاكا، بۇ يەردە سېرىق چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسى بار ئوخشايدۇ،— دېدى مۇئەللىم ۋە ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە يۈتىدا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىنى ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈرىۋەتتى.

— قارا چۆمۈلىمۇ بولسا ئىككىسىنى سوقۇشقا سالسا قىزىق بولاتتى،— دېدى يۇسۇپ ئەپەندى، بالىلىق چاغلىرى يادىغا يېتىپ، — ئەمما قارا چۆمۈلە سايە- سالقىن، نەم جايلاردا بولمايدۇ، كۆچلۈك ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان جايلاردا بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇلار گويا زۇلمەت ئىچىدە پىلىلداپ تۇرغان نۇر توچكىسىنى كۆرۈپ قالغاندەك بۇ تېمىدا بىر ھازا پاراڭلىشىشتى، ھەمدە كىچىك بالىلاردەك چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىنى تاپماقچى بولۇپ ئۇرۇنۇشتى.

— چۆمۈلىنىڭ شاكال، قۇرۇت ـ قوڭغۇزلارنى توشۇپ ماڭغىنى قىزىق- تە،— دەيتتى ياش يىگىت. يۇسۇپ ئەپەندى  چۆمۈلە ھەرىكىتىنىڭ شۇنچە سۇس، ئاجىزلىقىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى . ”خۇدا بۇنىڭ ئاللىقانداق گۇناھى ئۈچۈن بىز بىلەن بىرگە تۈرمىگە بەند قىلىپ قويغاندىمۇ؟...“

كامېر ئىشكى جالاقلاپ ئېچىلدى.

— مەمتىلى توختاجى! — دېدى گۇندىپاي ۋارقىراپ.

— ھۇشسىز ياتىدۇ،— دەپ جاۋاب بەردى يۇسۇپ ئەپەندى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە باردى.

— نېمە بولغان؟ نېمىشقا يېتىۋالدى، ھارازمىزادە!

— ئۆزۈڭلار يىرتقۇچلاردەك ئادەمنى تالاپ، يارىلاندۇرۇپ قويۇپ، يەنە

نېمە بولدى دېگىنىڭلار قىزىققۇ!

— ئال! — گۈندىپاي قولىدىكى تۇگۇچنى يۈسۈپ ئەپەندىگە ئاتتى ـ دە، ئىشىكنى جالاقشىتىپ ياپتى.

يۈسۈپ ئەپەندى تۇگۇچنى يەردىن ئېلىپ، ئاۋايلاپ ئاچتى. ئۇنىڭدا يۇيۇلغان كىيىم- كېچەكلەر بىلەن بىر نەچچە نان ۋە نان ئارىسىدا سامسا بار ئىدى.

بۇنى كۆرۈپ كوسىنىڭ ئورۇق يۈزىدە ئادەتتىكىدىن يوغان كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى ۋە ساقاللىقىنىڭ قىيسىق كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ياش يىگىتمۇ تۇپرىكىنى يۇتۇپ ئۇ ياققا قارىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن كۇرۇلداپ كەتكەن ئاشقازانلىرى ئۇلارنى تاقەتسىزلەندۇرۇۋەتتى. سەزگۈرلىكى ئېشىپ كەتكەن شۆلگەي بەزلىرى ئاللىقاچان ئۆز خىزمەتلىرىگە كىرىشكەنىدى.

يۈسۈپ ئەپەندى ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭمۇ ئىشتىھاسى ئۇنى ئالدىرىتىپ قويغانىدى. ئەمما، بۇلار غېنى تەۋپىققە كىرگۈزگەن نەرسىلەر ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تەۋپىق ئاخشامدىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال سەبدىشىنى ئاستا ئويغىتىشقا باشلىدى.

باشقىلار تەۋپىق ئويغىنىپ بۇ نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، جانلانغاندەك ئورۇنلىرىدىن قىمىرلاشتى. ئادەتتە يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن تەۋپىققە ئاندا- ساندا نەرسە كىرەتتى، باشقىلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر يول تاپالمىغاچقا ھېچنەرسە كىرگۈزەلمەيتتى. ئەمما ئەپەندىلەر ئۇلار بىلەن ھەرقاچان تەڭ ئورتاق بولىشاتتى.

تەۋپىق ئاستا كۆزىنى ئاچتى.

— غېنى نەرسە كىرگۈزۈپتۇ، ئەپەندىم، ئازراق بىر نەرسە يېۋالسىلا،— دېدى زىيا، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ. ئاندىن جاۋاب كۈتمەيلا ئۇنى يۆلەپ ئۆرە قىلدى.

تەۋپىق ئاغزىنى تامشىدى، مۇشۇ ئىش ئۇچۇنمۇ ناھايىتى كۈچەندى. گويا ئاغزىغا يىلىم تولدۇرۇپ قويۇلغاندەك تىلى تامغىقىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ ئەپەندى ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ئاستا تامغا يۆلەپ قويۇپ، تامنىڭ سۇ قويۇلىدىغان بۇلۇڭى تەرەپتىكى ئۆرىقتىن ھېجىرغا ئازراق سۇ قويۇپ كەلدى ۋە

ئۇنى ئاۋايلاپقىنا تەۋپىققە ئىچكۈزدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ تۇرغان يىلىمسىمان قويۇق سۇيۇقلۇق يوقالغاندەك بولدى.

بۇ ھەرىكەتلەرگە قاراپ تۇرۇپ سەۋرىسى پۈتكەن ساقاللىق چىداپ تۇرالماستىن:

—سادىغىلىرى بولاي، ئەپەندىم، ناندىن بىر بۇردا بەرسىلە ماڭا، قېرىغان ئادەم...،— دېدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرى غۇدۇڭشىشقا ئايلىنىپ كەتتى.

كوسىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئائىلىسى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى قوزغۇلۇپ، ئاغزىنى تامشىپ، يېنىدىكى قېرىمۇ ئاڭلىمىغۇدەك بىر نېمىلەرنى دېدى...

تەۋپىق يۈسۈپ ئەپەندىگە ئىشارە قىلىپ، ھەممىسىگە ناننى بۆلۈپ بېرىڭ دېگەننى بىلدۈردى. يۈسۈپ ئەپەندى سەل نارازىلىق بىلەن سەبدېشىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، تەۋپىققە سامىسىنى ئاز- ئازدىن ئۈشتۈپ يىگۈزۈشكە باشلىدى.

## 2

ماي قوياشى كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ تۈگىمەس- پۈتمەس نۇرلىرىنى زېمىنىگە ئايىماي چاچاتتى. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئوخشاش ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئادەملەرنى تۈرگە ئايرىپ ئولتۇرماي ھەممىسىنى زۆرۈر بولغان يورۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنسانلاردىن ھەق تەلەپ قىلمايتتى. پەقەت ئىنسانلار نىزاھ، تەپرىقە ئىچىدە بىر- بىرلىرىگە دۈشمەنلىك ساقلاپ، بىر- بىرىنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ، ھەممىنى ئۆزلىرى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئەسلىدە بۇ زېمىن ھەممىنىڭ ياشىشىغا يېتىدىغان بولسىمۇ، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ئورتاق پايدىلىنىش ئورنىغا چېگرا ئاتلىق شەكىلسىز تاملارنى توسۇۋېلىپ، ئەركىن ھەرىكەتكە بىر رامكا پەيدا قىلسا، ھەر بىر چېگرا تاملىرى ئىچىدىمۇ تەبىئەتنىڭ نېمەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمان بولۇش ئورنىغا يەنە بىر- بىرلىرىنى چەكلەيتتى ۋە ھەتتا قوياشنىڭ ھەممىگە بېغىشلانغان، شۇنداقلا ھەممىگە يېتىپ ئاشىدىغان نۇرىدىنمۇ

مەھرۇم قىلىدىغان، بۇ دۇنيانىڭ دوزىقى بولغان تۈرمىلەرنى بەرپا قىلىشاتتى. لېكىن قوياش تۈرمىنىڭ ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان ھويلىسىغىمۇ ئوخشاشلا نۇر چاچاتتى، ھەتتا قاراڭغۇ كامېرلاردىمۇ قوياشنىڭ سۇنۇپ قايتقان نۇرلىرى بولۇپ، مەھبۇسلارغا خىزمەت قىلاتتى. ئۇلارنى قوياش نۇرىدىن مەھرۇم قىلغۇچى— ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمران توپى، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇ قىسمەتنى سالغان بولسىمۇ، يەنە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوساقلىرىدا ساقلىنىۋاتقان سىرلىرىغىمۇ ئېرىشكىچە ئامان ساقلاشقا تىرىشاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار سېخى قوياشنىڭ بىھساپ نۇرىنى نورمىلىق چاغلاپ بېرەتتى.

كامېر ئىشكلىرى نۆۋەت بىلەن ئېچىلىپ، مەھبۇسلار ھويلىغا چىقىشقا باشلىدى. تەۋپىقلەردىن بۇرۇن ئاياللار كامېردىكىلەر بىلەن ئەخمەد ئەپەندىلەرنىڭ كامېردىكىلەر چىقاتتى. ھەر قېتىم ئەخمەت كامېردىن چىقىۋاتقاندا ئايالى گۈندىپاينىڭ دۆشكەلەپ ئىتتىرىشى بىلەن كامېرغا قايتىۋاتقان بولاتتى، رۇس ئەخلاقى سىڭدۈرۈلگەن قىرغىز ئەسكەرلەر ئايالغا قىلىقسىزلىق قىلىۋاتقىنىمۇ ئاشكارە كۆرۈنەتتى. ئايالىنىڭ قارىسىنى كۆرىۋېلىش، بالىنى ئاپىسىغا كۆرسىتىۋېلىش كويىدا ئەخمەت ئەپەندى بالىسىنى كۆتەرگىنىچە ئەڭ ئاۋۋال چىقىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئايالى بولسا قايتىشتا ئارقىدا قېلىشقا تىرىشاتتى ۋە بۇياققا تەلپۈنۈپ:

— Yavrum, İstiklal![1] — دەپ ۋارقىرايتتى ھەم ھەر قېتىم گەجگىسىگە مىلتىق پايىنىكىدىن بىر زەربە يەيتى.

— Anne![2] .. — ئىستىقلالمۇ ئاپىسىنى كۆرۈپ ئېچىنىشلىق چىرقىرايتتى. ئەخمەت ئەپەندى كۆز ياشلىرى چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ھالدا بالىغا تەسەللى ئېيتىپ، ئۇنى بىردەم ھويلىدا يېتىلەپ يۈرەتتى.

بەختكە قارشى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مەھبۇسلارنىڭ ئىسيان كۆتىرىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم ئېلىپ چىقاتتى. تەۋپىق ۋە

---

[1] ئىستىقلال، قوزام، — (تۈركچە) — ئا.

[2] Anne — (تۈركچە) ئانا، ئاپا — ئا.

زىيالار ھويلىغا چىققۇچە ئىستىقلالنىڭ يىغىسى بېسىلمايتتى. ئاياللار كامېرى تەرەپتىن ئىشىك باققۇچى گۇندىپاينىڭ:

—بولدى قىل! ئىتتەك ھۇۋلاۋەرمە! —دېگەن قوپال ئاۋازى تەكرارلىناتتى.

ھەر قېتىم تەۋپىق بۇ ھالنى كۆرگەندە ۋارقىراپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ھەممە نەرسە كېچەتتى. ئەخمەت ئەپەندىنىڭ تۇركىيىدىكى بەختلىك ئائىلىسى،... تاكى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگىچە چاقماق تېزلىكىدە تەسەۋۋۇر ئېكرانىدىن تىزىلىپ ئۆتەتتى. ئۇ شامالداپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى ـ دە، جەڭگىۋار مارشلارنى توۋلاشقا باشلايتتى.

بۈگۈن تەۋپىقنىڭ ھالى يوق بولغاچقا ياش مۇئەللىم بىلەن زىيا ئىككىسى ئۇنى قولتۇقلاپ ئېلىپ چىقتى.

— ئەپەندىنىڭ ھالى بولمىغاندىكىن، قوزغىمىساقمۇ بولاتتى،— دېدى تەرەت كۆپىنى كۆتۈرۈشكە تەمشىلىۋاتقان ساقاللىق.

— ئادەم كۈن نۇرىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق ياشىيالمايدۇ،— دېدى زىيا، — كۈن بويى زەيدە ئولتۇرۇۋاتقىنىمىزمۇ يېتەر، چاغلاپ بېرىلىدىغان نۇردىن بولىسىمۇ بەھرىمەن بولايلى.

ئىككىسى تەۋپىقنى قولتۇقلاپ ھويلىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى، تەۋپىقنىڭ كۆزى تۇرمە باشلىقى ئىشخانىسى ئالدىدا تۇرغان تۇرمە باشلىقى، مەۋلانوپ ۋە ئىسھاقبەگلەرگە چۈشۈپ قالدى. بۇ كۇشەندىسىگە ئۇچرىشىپ قالغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مېڭىشنى داۋام قىلدى.

ئادەتتە مەۋلانوپ تۇرمىگە ناھايىتى ئاز كېلەتتى. ئىسھاقبېك كۆپرەك كېلەتتى. ئۇنىڭ تۇرمىگە كېلىشى جىددىي ئىش بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ تۇرمە باشلىقىنىڭ باشلىشى بىلەن قورغاننى بويلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى، كامېرلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. گۇندىپايلار تاياقتەك قېتىپ تۇرۇشتى. مەۋلانوپ ئىنتايىن كۆرەڭلىك بىلەن تەۋپىقلەرنىڭ كامېرى ئالدىدىن ئۆتىۋاتقاندا گۇندىپاي ئۇلارنى كامېرغا ھەيدەۋاتاتتى. رەقىبلەر ئىشىك ئالدىدا ئۇچراشتى.

مەۋلانوپ كامېرغا ھەيدەۋاتقان گۇندىپايغا قولىنى كۆتۈرۈپ، توختاشقا

ئىشارە قىلدى. ئاندىن ئازاب ۋە شارائىتنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن زەئىپلىشىپ كەتكەن تەۋپىقنىڭ چىرايىغا مەسخىرىلىك قاراپ:

— قىيىنلىپ كېتىپسەن، يامان بوپتۇ،— دېدى. ئارقىدىن ساختا مېھرىبانلىق بىلەن،— توۋا قىلدىڭمۇ؟ توۋا قىلامسەن؟... — دەپ سورىدى.

— سەن توۋا قىل،— دېدى تەۋپىق كۆچىنىپ تۇرۇپ،— گۇناھكار توۋا قىلىشى كېرەك!

مەۋلانوپ نوپۇزى سۇنغان خوجايىنىدەك دەرغەزەپكە كېلىپ، ئارقىسىغا تۇتۇپ تۇرغان قولىنى شارتتىدە چىقىرىپ، تەۋپىقنى بىر تەستەك سالماقچى بولغانىدى، يۇسۇپ زىياغا تېگىپ، ئۇچۇيلەن تەڭ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى.

— چىرىپ ئۆل! — دېدى مەۋلانوپ.

گۇندىپاي ئۇلارنى ھەيدىدى. ئارقىدا كېلىۋاتقان ساقاللىق بىلەن كوسا قورققان ھالدا مەۋلانوپقا قاراپ ھېجىيىپ، باش لىڭشىتىپ ھۆرمەت بىلدۈردى، ئاندىن ئۆز ـ ئارا پەس ئاۋازدا:

— بۇ ئەپەندىنىڭ بويۇنتاۋلىقى ئۆزى بىلەنلا كەتسە مەيلىدىغۇ، ھۆكۈمەت بىزنىمۇ مۇشۇ قاتاردا ساناپ قالسا چاتاق ـ تە!...

قايتىپ كىرىپلا بۇ جىم- جىت ”قەۋرە“ تەۋپىقنىڭ يۈرىكىنى سىقتى. ئۇنىڭ ناخشا باشلاشقا ماغدۇرى يەتمىدى. ئۇ پاراڭخۇمار، چاخچاقچى، جىمخورلۇقتا تاقىتى يەتمەيدىغان ئادەم بولغاچقا ھەممىدىنمۇ بۇ يەردىكى سۈكۈنات ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا يۇسۇپ زىياغا:

— ئەپەندىم، ناخشا باشلاڭ، بىردەم بولسىمۇ بۇ جىمىلىقنى قوغلىۋېتىڭ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

يۇسۇپ زىيا سەبدېشىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن پەس ئاۋازدا ناخشا باشلىدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

1

بۇ جۈمە كۈنى پۈتۈن شورۇق خەلقى بوستاندىكى ئازنا مەسچىتكە نامازغا كەلدى. جۈمە نامىزى زور ھەيۋەت بىلەن ئوقۇلدى. ھېيت نامازلىرىدىمۇ بونچە كۆپ ئادەم بىر مەسچىتكە يىغىلمايتتى. مەسچىتنىڭ 30 تۈۋرۈكلۈك ئايۋىنىدا، كەپتەرلەر بوغۇلدىشىپ يۈرگەن قوش پېشايۋانى ۋە كەڭ ھويلىسى، ھەتتا دەرۋازا سىرتىدا كوچىلاردىمۇ ئادەملەر مىغىلدايتتى.

ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كەنجى قازاخۇنۇمنىڭ يوللۇق بەقەسەم تونغا پۈركەنگەن گەۋدىسى مۇنبەردە پەيدا بولدى. ئۇ بىردەم ئۆچكە ساقىلىنى سىيپاپ، قەھىرلىك كۆزلىرىنى پىلىلدىتىپ قىمىرلىشىپ تۇرغان نەچچە مىڭ نامازخانغا قاراپ چىقىپ، گېلىنى ياساپ سۆزلەشكە راسلاندى، ھەمدە ئېيتقاندىن كېيىن:

— ئەي، مۇسۇلمانلار!...- دېدى ئۇ ئىمكان قەدەر كوچىدا تۇرغانلارغىمۇ ئاڭلىتىشقا تىرىشىپ،— مۇشۇ مۇبارەك جۈمە نامىزىدىن باشلاپ، ھەممەيلەن بۈيۈك دىنىمىزنىڭ شانۇ- شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى. بۇندىن ئىلگىرى جەدىتلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، دىندىن يۈز ئۆرىگەن ئاسى گۇناھكارلار ئۆز گۇناھلىرىنى يۇسۇن!- ئۇ ۋارقىراش بىلەن بەك كۈچىنىپ كەتكەچكە بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، بوينىنىڭ قېرىلىق يەتكەن تېرىسىنى كۆتەردى. شۇڭا ئۇ سەل سالماقراق ئاۋازدا گويا ئېچىنىشلىق ئەسلىمە

سۆزلەۋاتقاندەك داۋام قىلدى،— يۇرتىمىزدا بىر مەھەل دەھرىلەر ھۆكۈم سۈرۈپ، مۇبارەك ئىسلام دىنىمىزغا مۇخالىپ، ناشايان ئىشلارنى يامرىتىۋەتتى. ئەرلەرنى ئايالغا ئوخشىتىپ چاچ قويىدىغان، كالتە قويرۇق بولۇپ چاپان كىيگەن ئازغۇنلار كۆپىيىپ كەتتى. دىنىنىڭ بۈيۈك ئەقىدىلىرى ئاقماي قالدى. جىن- شەيتانلار پەرىشتە سۈپەت ئۆلىمالارنىڭ رىسقىنى بىكار يەپ، مەشرەپ قىزىتتى...

قازاخۇنۇمغا يېقىن تۇرغانلاردىن بىرى ئۇنى قوللاپ غۇدىرىغان ئاۋازدا ئۇن قاتتى.

— خۇدا كۆرسەتمىسۇن...

باشقىلارمۇ خوشامەكۈيلۈك بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلاردىن ئۆز ئەقلىگە لايىق قۇسۇر چىقىرىپ ئۆز ـ ئارا تەستىقلىشىپ قويدى. چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇر ئىدى ۋە ئۇلار تونۇگۇنلا ئۆزلىرى قىزغىنلىق بىلەن قوللىغان ئىشنى بۈگۈن بىرسى خاتا دېسە، تەڭ قوشۇلۇپ خاتا دېيىشەتتى!

— جىم! مۇسۇلمانلار، جىم! — كەنجى قازاخۇنۇم سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئېھتىمال بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نامى خالىس ھۆكۈمىتىمىز، ھەم بىز مۇسۇلمانلارنىڭ باشپاناھى، دىنىي ئىسلامنىڭ ھامىسى شىڭ دۇبەن جانابلىرى خۇدا ئالدىدا ساۋابلىق، بىزنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ، ناشۇكرى جەدىتلەرنىڭ، ئازغۇن دەرھىلەرنىڭ، ئەدەبسىز كالتە قۇيرۇقلارنىڭ، چاچلىق ئالۋاستىلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بىز بۇ باشپاناھ ھۆكۈمىتىمىز ۋە شىڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرى ھەققىگە ھەر نامازدا دۇئا قىلايلى. ھۆكۈمەت بىزنىڭ يولىمىزدىكى تىكەنلەرنى چاناپ ئېلىۋەتتى، ئەمدى بىز ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن ئىنسابنى، دىيانەتنى، مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ پەرھىز- سۈننەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇبارەك دىنىمىزنىڭ شەۋكىتىنى قايتا تىكلىمىكىمىز پەرھىز ھەم قەرزدۇر.

— بەرھەق!

— قازاخۇنۇم كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدى!

— تاقىتىمىز قۇرۇپ، ۋاقتى يەتكەن...

ئۇ يەر- بۇ يەردىن خوشامەتچىلىك بىلەن ئاۋاز قوشقانلارنىڭ گۇڭۇلدىشى

ئىشتىلەتتى. قازاخۇنۇم سۇرلۇك نۇتقىنى داۋام قىلدى:

— كىمكى ئۆزىنى مۇسۇلمان بالىسىمەن دېسە، دەھىرىلەر يولىدىن ۋاز كەچسۇن، ھەم مۇسۇلمان مۆمىنلىكنىڭ جىمى پەرھىزلىرىنى ئادا قىلسۇن! نامازغا چىقمىغانلارغا جەرىمانە قويىلىدۇ. بامداتقا بىر قېتىم ئۈلگۈرەلمىسە بىر چارەك بۇغداي جەرىمانە تۆلەيدۇ. بۇ بولسا شۇ مەسچىت ئىمامىنىڭ ھالال رىسقىدۇر.

يەنە بىر مەھەل چۈشىنىپ بولمايدىغان شاۋ- شاۋ مەسچىت ھويلىسىنى بىر ئالدى. ئەمما بۇ ئومۇمىي شاۋقۇننىڭ ئالقىش ياكى نارازىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. كەنجى قازاخۇنۇم غەزەپكە تولغان كۆزلىرىنى ھەر بىر سۇرەن سالغۇچىغا تىككەندە دەرھال بېسىلدى. ئۇ بولسا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يېڭى بىر تېمىغا كۆچۈپ داۋام قىلدى:

— مەمتىلى تەۋپىق دېگەن دىنسىزنى دىنىنىڭ باشپاناھى بولغان ئۇلۇغ ھۆكۈمىتىمىز ھەپسىگە سولىدى! ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ خائىن ئائىلىسىدۇر. خائىننىڭ يولىدا ماڭغانلارمۇ، خائىننىڭ ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلغانلارمۇ شەرمەندە خائىندۇر...

— مەمتىلى ئەپەندى قانداق خائىندۇ؟— كىمدۇر بىرى ھەيرانلىق بىلەن شۇ سوئالنى قويىۋېدى، قازاخۇنۇم دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرالدى ھەم شۇ كىشىنى تاپماقچى بولۇپ ئۇرۇندى. تاپالمىغاندىكىن:

— كىم؟ كىم ئۇ ئۆندەرىگەن!؟— دەپ ۋارقىرىدى.

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن ۋارقىراپ:

— دانانىڭ سۆزلىرى ھەر قاچان توغرىدۇر، ياخشى ئادەم زىيانلىق گەپ قىلمايدۇ، بىزگە باشپاناھ بولىۋاتقان ھۆكۈمەت خائىن دېدىمۇ، بولدى، خائىن! بىزگە بۇنى سۈرۈشتە قىلماق ئارتۇقچىدۇر. ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى ۋاجىپ!

— بەرھەق! بەرھەق!

— قازاخۇنۇمنىڭ سۆزلىرىمۇ بەرھەق! ئۇ بىز خەقنىڭ غېمىنى يەۋاتىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان!...

—...

ۋەز تۈگىگەندىن كېيىن خالايىقنىڭ ئارىسىدىن ناھايىتى چاپسانلا بىر

يول ئېچىلدى، كەنجى قازاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئاشۇ يول بىلەن سۈرلۈك قىياپەتتە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن خالايىق ئاندىن ئۆز يوللىرىغا تارقاشقا باشلىدى.

سابىت ئابلىمىت قارى بىلەن بىر توپ نامازخانىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئالدىدىكى نامازخانلاردىن بىرى ئۇياق- بۇيېقىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— بىچارە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نېمە يامان ئىش قىلغىنىنى مەنغۇ كۆرگىنىم يوق،...ـ دەپ غۇدۇڭشىدى. سابىت ئۇنىڭ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كىچىك "دوستى" ئابلەقنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى تونىدى.

— يامان ئىشنى دەمسىز؟— دېدى يەنە بىر دېھقان،— ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسەك كۆرگەندۇق، يامانلىقىنى بىلمەيمىز...

— خەپ ـ شۇك، "ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ" . بۇرادەرلەر...

— خۇدا ساقلىسۇن...

سابىتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇ بۇ كۆلۈڭسىزلىكنى ئايالىغا قانداق سۆزلەپ بېرىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا ئۇ ئۆگەي قېينئانىسىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. بىراق، ئۇ سابىتنى كۆرۈپلا ھويلىغا كىرىپ كەتتى. بۇمۇ بىرخىل سوغۇق ھوجۇمنىڭ يەنە بىر تۇرلۇكى ئىدى. ئۇ ھەتتا ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يەنە بىر توپ كىشىنىڭ ئارىسىدا قېينئاتىسى بارلىقىنىمۇ سەزدى. بىراق ئۇ ئادەممۇ قورقۇۋاتقاندەك ئەتەي قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، سابىتنىڭ ئۆز دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئومۇمىي ھوجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، ئۇستازى باشلىغان ئىشنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.

## 2

مەلىكىزاد ئەمدى قوشنىلارنىڭ تەسەللىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى.

بۇيامەت مەسچىتتە مەھەممەت ئىمام مەتنىلى ئەپەندىنىڭ خائىنلىقى، خائىنلار بىلەن ئارىلاشقانلارنىڭ ئوخشاش خائىن ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىقاندىن كېيىن، بۇ روھى ئاجىز مىللەتنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن خەلقى ئۆز باشلىرىغا ئاغرىق تېپىۋېلىشتىن قورقۇپ، نىزامىدىنلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن باردى- كەلدى قىلماس بولۇشتى. ئەڭ سادىق دوستلارمۇ ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشىپ، يوشۇرۇن كېلىپ ئەھۋال سوراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ھال نىزامىدىن ئائىلىسىگە يەنە بىر ئېغىر زەربە بولدى. مەلىكىزاد تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. شۇنداق ئەھۋالدىلا مامۇت ھاجىم ھارۋا قوشۇپ كېلىپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي، مەلىكىزادنى ئېلىپ كەتتى. مەتنىلى ئەپەندىنىڭ ئەمدى ئەركىنلىككە چىقىشىدىن ئۈمىد يوقلىقىنى، نىزامىددىن ئائىلىسىنىڭمۇ ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئاتا، قىزىنىڭ داۋاملىق بۇ يەردە تۇرۇشىنى ماقۇل كۆرمىگەن، بەلكى، ئوتنىڭ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىگە تۇتىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندى.

مەلىكىزاد ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، نىزامىدىن ئۆز ئۆيىنى شۇنچە يات ھېس قىلدى. ئۆيىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە بىردىن- بىر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان جاھازىدىنمۇ ئايرىلىپ، ئۆي پۈتۈنلەي بوشاپ قالغاندەك بولدى. لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ مەكتەپكە بېرىپ تۇراتتى. ئىنىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋام قىلىش بىلەن تەسەللىي تاپماقچى بولاتتى. بىراق، ھازىر مائارىپ ئويۇشمىسىدىكىلەردىمۇ، مۇئەللىملەردىمۇ ئاللىقانداق تەشۋىش بولغىنى ئۈچۈن، قىزغىنلىق كۆرىنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتكەندى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بازاردا خېلىلىراخمانىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى، مەتنىمىنىنىڭ ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشى، باشقا مۇتىئەسسىپ غالچىلارنىڭمۇ ئۈچەكتىن چىققان قۇرۇتلاردەك لۆمشۈشكە باشلىشى بىلەن، كەيپىيات تېخىمۇ يامانلاشقان ئىدى. نەشىكەش بەڭگىلەر، ئوغرى قىمارۋازلار، لۈكچەكلەر، پاھىشىۋازلار قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، ئەزىم مەشھەدنى يەنە ھەممە ئادەم سەسكىنىدىغان، ھەممە ئادەم «خوشۇلغاي» دەپ ئاۋايلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان قورقۇنۇچلۇق جايغا — جىدەل ماجرانىڭ مەركىزىگە،

ئەدەپىيات تەرەپلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىشلىرى ئايلاندۇرۇشقا باشلىغانىدى. يەنە بۇرۇنقىدەك دادىسىنىمۇ ئىلغا قىلمايلا «سولامچى، پالان...» دەيدىغان بەزەپ گەپلەر ئاڭلىنىدىغان بولدى.

يۇرتىنىڭ بۇ يوسۇنغا چۇشۇشى تۇپەيلى ياخشى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھەمىشە كۇلۇپ تۇرىدىغان خۇشخۇي چىرايى پەيدا بولۇش بىلەن، ئۇنىڭ قىممىتىمۇ ئېشىپ باراتتى. بىراق، خەلقتە قارشىلىق كۆرستىش روھى سۇنغان، ياخشىغا يۆلەك بولۇش، مەرتلىك، جاسارەت ئاجىزلاپ كەتكەچكە، كۆپ ساندىكىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ توغرىلىقىنى مانا مۇشۇ ئەمەلىي سىلىشتۇرمىدىنمۇ ئىسپات قىلالايدىغان تۇرۇپ، يامانلارغا رەددىيە بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرەتتى. بۇ ھال گويا جاھاندا ياخشى ئادەملەر، ھەقتە تۇرىدىغانلار ئازلاپ، ھەممە يەرنى پاسىقلار قاپلاپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىپ، باشقىلارنى تېخىمۇ جۈرئەتسىز قىلىۋېتەتتى. بۇ ئىككى تائىپىنىڭ قايسىسى كۆپ سانلىق ئىكەنلىكىنى مەيدانغا چىقىرىش بولسا — بىر تەشكىللىگۈچىنىڭ ۋە كۈچىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنداق نوپۇز كۈچى بولمىغاچقا، بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل بولماي، يەككە شەخسلەر ھالىتىگە كەلگەن، ھەر شەخس ئۆزىنىلا كۆرگەچ، ھەم باشقا ئۆزىدەك قاراشتىكىلەرنىڭ كۆپلىكىنى ئاڭقىرالمىغاچقا يامانلار ئۇچۇن ئالتۇن دەۋر باشلانغانىدى.

نىزامىدىن، لىۋاھىدىنلار، ئەمەت مەخسۇم، ئابدىغوپۇر، ئابدىراخمان شائىر، سابىتلار گويا قەھرىتان قىش كېچىسى پايانسىز چۆلدە قالغان يولۇچى، ئەڭ ئاخىرقى بىر تال چوغنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇلخان ياندۇرۇشقا قانچىلىك كۆيۈپ- پىشىپ تىرىشسا، ئۇلارمۇ بۇ ئۆچۈشكە يۈزلىنىۋاتقان قىزغىنلىق ئوتىنى قايتىدىن لاۋۇلدىتىش ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆيۈپ پىشاتتى.

ئۇلار ئوتنى ئۆلغايتالمىسىمۇ، ھەر ھالدا بۇ ئاجىز چوغنى ئۆچۈرمەستىن ساقلاپ كېلىشمەكتىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

1

ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ سۈرئىتى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ تېزراق، جەڭگىۋارلىقىمۇ يۇقىرىراق ئىدى. بۇ ھال گانىزورن قوماندانى لىيۇبىڭنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئۇ يېڭىشەردىكى  قىسىملارنى پائال ئورۇشقا تەييارلىنىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كونىشەھەرگە كەلدى. ئۇ ئالتىنچى تۈمەننىڭ 1-، 2- پولكلىرىدىن قالغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرگە مۇۋەققەت تۈمەن بېشى بولۇپ قالغان قۇربان سەئىدى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى.

لىيۇبىڭ شەھەر رەستىلىرىدىن ئاتلىق كېتىۋېتىپ، ئادەتتىكە مۇۋاپىق ئىنتايىن قۇۋلۇق بىلەن ئىككى تەرەپتىكى دۇكانلارغا، يايمىچىلارغا ۋە ئۆتكۈنچىلەر ئارىسىدىكى يوغان سەللىلىك مۆتىۋەرلەرگە ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، پۈتۈن چېھرىسىگە كۈلكە يۈگۈرتىپ سالام قىلىپ ئۆتەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن كىشىلەرنىڭ تەرىپلىرى ئاڭلىناتتى (تەرىپلەرمۇ ھەر قاچانقىدەك ھەر خىل بولاتتى):

— بۇ خىتتاي كاپىر بولغىنى بىلەن بەزى ئىمانى بۇلغانغان مۇسۇلمانلاردىن ياخشىراق جۇما،— دەيتتى ئۆتكۈنچى مۆتىۋەر يېنىدىكى ھەمراھىغا.

— ئادىمگەرچىلىكىنى خېلى بىلىدىغان خىتتاي جۇما، بۇ، — دەيتتى

دۇكاندار ئالدىدىكى خېرىدارلارغا،— بىز خەقنى خېلى ياخشى كۆرىدۇ.

— "يولۋاسنىڭ چىشىنى چىقارغىنى كۆلگىنى ئەمەس" دەپتىكەن، بۇ تۈلكە خىتتاي، ھېچىيىپ تۈرغىنى بىلەن تازا "ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان"نېمە، جۇما،— دەيتتى مىسكەر شاگىرتلىرىغا قاراپ.

— ...

لىيۇبىڭ دېۋزىيە ئىشتابىغا كېلىپ قۇربان سەئىدى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ بۇرۇن مەھمۇد مۇھىتىغا قانداق خوشامەت قىلغان، كۈچۈكلەنگەن بولسا، ئەمدى قۇربان سەئىدىگىمۇ ئەنە شۇنداق ياغلىمىچىلىق قىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قۇربان سەئىدىنىڭ ئابدىنىيازغا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن پارچىلاش، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادەتلەنگەن چارىسى بولغاچقا، لىيۇبىڭ قۇربان سەئىدىگە دەل ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن گەپ قىلدى:

— ئابدىنىياز كەلسە نېمە قىلىمىز، ئاكا؟— دېدى ئۇ سىناش نەزىرى بىلەن سۆھبەتدىشىغا قاراپ.

قۇربان سەئىدى. بۇ قاقۋاش ئادەمگە ئانچە ئىلتىپات كۆرسەتمەستىن قاراپ قويۇپ:

— ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەرسىز؟— دېدى.

— ئۇنىڭ مەقسىدى نېمە؟ ئۇ نېمە قىلماقچى؟ — لىيۇبىڭ دەي- دەيگە سېلىش ئۇچۇن گەپنى مەقسىدىگە توغرىلاشقا ئالدىرىدى.

— قەشقەرنى ئالىدۇ، ئاندىن يەنە ئۇرۇمچىگە قاراپ يۈرىدۇ. بۇ ئۇرۇش تاكى ئۇلارنى توسىۋالالايدىغان كۈچكە توغرا كەلگىچە داۋاملىشىدۇ.

— بۇغۇ كېيىنكى ئىش،— دېدى لىيۇبىڭ قۇۋلۇق بىلەن ھېجىيىپ تۇرۇپ، باش چايقاپ، — قەشقەرگە كېلىپ ئالدى بىلەن نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— نېمە ئىش قىلىدۇ؟— دەپ سورىدى قۇربان سەئىدى قايتۇرۇپ.

— يېقىندا قولۇمغا چۈشكەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئۇنىڭ مەقسىدى ئالتىنچى دېۋزىيىنى رەسمىي ئۆز قولىغا ئېلىش، ئۇ ئۆزىنى سجاڭ دەپ ئېلان قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سجاڭلىقىنى ھېچقانداق يۇقىرى ئورۇن ئېتىراپ قىلمايدۇ. سىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئالتىنچى دېۋزىيىنىڭ بىر

مۇنچە ئەسكىرى سىزنىڭ قولىڭىزدا شۇڭا ئۇ سىزنى كۆشەندە دەپ قارايدىكەن، ئەڭ ئاۋۋال سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئېلىپ شەھەردە سازايى قىلماقچىمىش...،— لىيۇبىڭ قەستەن سۆزىدىن توختاپ، گويا كېيىنكى دەشەھەتلىك ئاقىبەتلەر ھەققىدە سۆزلەشكە پېتىنالماي قالغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ئۆز ئاتا- بوۋىلىرىغا ئوخشاشلا قۇۋلۇقنى بىلمەيدىغان، كاللىسى ئاددىي ھەمـــدە ئاســـانلا ئـــۆچلىكى قوزغىلىلـــدىغان قۇربـــان ســـەئىدىمۇ، مىللىـــي خاراكتېرگە مۇۋاپىق دەرھاللا جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغانىدى.

— مەن ئىلاجى قىلىپ سىزنى قوغداشقا تىرىشىمەن، سىز بۇ يەردە ئۆزىڭىزنى يامان ھېس قىلسىڭىز يېڭىشەھەرگە كېتىڭ، بىللە تۇرايلى، — دېدى لىيۇبىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن. ئۇ قۇربان سەئىدىنىڭ بۇ كونا ئورنىنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— رەھمەت، ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ باقاي،... —دېدى قۇربان سەئىدى، ئويچان ھالدا.

— بولمىسا ياردەم كېرەك بولسا ماڭا دەڭ، تارتىنماڭ،— دېدى لىيۇبىڭ يەنە.

— ھازىرچە ھېچگەپ بولماس، ۋاقتى كەلگەندە ئېيتارمەن،— قۇربان سەئىدى ئاخىرى شۇنداق دېدى. كۆڭلىگە ھەرقىسما ئوي- خىياللار كېلىشكە باشلىغانىدى.

لىيۇبىڭ ئۈنىڭدا ھەم ئەندىشە ھەم ئۈمىد، ھەم غەزەپ، ھەم دوستانىلىق قوزغىتىپ قويغاندىن كېيىن، قادىر ھاجى، مەۋلانوپ، ئىسھاقبەكلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىغا كەتتى.

لىيۇبىڭ ساقچى ئىدارىسىدا ”ئۆز- ئارا زىددىيەتكە سېلىش“ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ يەردىكىلەر ئىشەنچلىك ئادەملەر ئىدى. شۇڭا ئەمەلىي ئىشلار ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشتى.

ئۇلار سىياسىي مەھبۇسلار ئۈستىدىكى سوراقنى جىددىيلەشتۈرۈش، ئىلاج قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئېلىش، شۇندىن كېيىنمـــۇ ئـــۇلارنى ســـاقلاپ قېلىـــشقا تىرىـــشىش، پەقەت كونىـــشەھەر

قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا ئەگەر يېڭىشەرگە يۆتكەپ كەتكىلى بولمىسا ئاندىن ئۇلارنى تۇگەل يىغىشتۇرۇۋېتىش ھەققىدە پىكىرلەشتى. ئەسلىدە بۇرۇنلاردا ئۆلتۈرۈلىدىغان مەھبۇسلار قارا ئات قوشۇلغان ئاق مەپىگە سېلىنىپ، يېڭىشەرگە ئېلىپ كېتىلىپ شۇ يەردە غىمىسىدە ئۆلتۈرۈلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ نەدە، قايسى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، جەسىدى قەيەرگە تاشلانغانلىقى سىرلىق قالاتتى. ھەتتا ئۇ يەردە خىتايلار ئۇلارنى سويۇپ يەيمىش دېگەن مىش- مىشلارمۇ باردى. ھازىر يېتىپ كېلىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەت بۇنىڭغا مۇسائىد ئەمەسىدى، شۇڭا ئۆز جايىدىلا يوقۇتۇشتىن باشقا ئامال قىلغىلى بولمايتى.

لىۇبىڭ كەتكەندىن كېيىن قادىر ھاجى ۋە مەۋلانوپلار بۇ ئىشلارنىڭ كونكرېت تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

2

ماينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. ھاۋا تىنچىق ئىسسىق ئىدى. مەيىن شامالدا بۇغدايلىقتىن بۇغداينىڭ ئۆزگىچە خاس ھىدى كېلەتتى. بۇ مايسەن ئۈرۈكلەرنىڭ پىشىدىغان مەزگىلى ئىدى.

نىزامىددىن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جاھاندارچىلىق تەقەززاسى ئۈچۈن بۇياقخانىدا ئازراق ئىشلىدى، ئىگەمبەردى، تەشمەتلەرگە كۆرسەتمىلەر بېرىپ، ئەتىسى ئۆزى يوق چاغدا قىلىنىدىغان ئىشلارنى تاپىلىدى. ئاندىن ئۇلارغا قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

قاش قارايغان مەھەلدە ئۇنى ياش كەسپداشلاردىن بىرمۇنچىسى يوقلاپ كەلدى. ئاۋۋال ئەمەت مەخسۇم، ئابدۇغوپۇر، قۇناجىلار، لىۋاھىدىن بىلەن كىرىپ كەلدى. ئارقىدىن ئابدۇراخمان شائىر كەلدى. كېيىنىرەك سابىتمۇ، ئابلىمىت قارى بىلەن كىرىپ كەلدى.

ئۇلار پىشايۋان سۇپىسىدا مايسەن ئۈرۈكنى يېگەچ ھازىرقى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ دىققىتى كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ

ئىشقا مەركەزلەشكەنىدى.

— ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئابدۇنىياز كونىشەھەرنى ئىگىلەپ كەتكۈدەك تۇرىدۇ،— دېدى ئابدۇراخمان شائىر بىر تال ئۇرۇكنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — ھازىر قەشقەر مۇھاسىرىدىكەن، بۇنىڭ ئۆزى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزاق چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە كېلىپ ئابدۇنىيازلار يۇمۇلاق شە تەرەپتە ئۇرۇشىۋاتقانىكەن، قۇربان سەئىدى قىسىملىرىدىكىلەر ھەدەپ سېپىلدىن سەكرەپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈۋاتقاندەك.

— ئابدۇنىيازلار قەشقەرنى ئىگىلىسە ھۆكۈمەت تۇرمىدىكىلەرنى قانداق قىلار؟ — ئەندىشە بىلەن سورىدى ئەمەت مەخسۇم،

شۇ چاغدا قۇۋان شەيخ بىلەن ئاتۇشنىڭ بېگى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مەھەللىسىدىكى يېقىن ئۆتۈشىدىغان قوشنىلاردىنمۇ ئىككىسى كىردى. ئۇلارنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن سۆھبەت ئازراق ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى.

— تۇرمىدىكىلەرنى تاشلاپ كېتەرمۇ، ئاشۇ قانخورلار؟— دېدى ئابدۇغوپۇر، ئەمەت مەخسۇمنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— كىم بىلىدۇ، ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ ئېلىپ كېتەلمەي قالسا تاشلاپ كېتەمدۇ... — لىۋاھىدىن ئىشەنچىسىزلىك بىلەن گەپ قاتتى.

يەقەت سابىتلا يوغان قىيادەك تىك ئولتۇرۇپ، ھېچنەرسە دېمەيتتى.

— قىرغىن قىلمىسىلا بولاتتىغۇ...

— خۇدا ساقلا.....

— مەنىدىمۇ ئابدۇنىيازلارنىڭ كونىشەھەرنى ئېلىشى بىلەن سولاقتىكىلەرگە نىجاتلىق بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بار،.....— دېدى نىزامىدىن ئېغىر قايغۇ بىلەن. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئابدۇراخمان شائىر:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، بولسا بىر نەچچىمىز بېرىپ باقساق، ئابدۇنىياز قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ پىدائىي بولۇپ شەھەرگە كىرسەكمۇ بولاتتى. ئەگەر ئەپەندىنى قۇتۇلدۇرىۋالىدىغانلا بولساق،... — دېدى.

ئابدۇراخماننىڭ بۇ سۆزى سۆھبەتداشلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى، سىناپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىكەن دەپ ئويلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىرەيلەن مۇشۇ ھەقتە

چارە- تەدبىر ئويلىنىپ، ئۆزى بىلگەنچە پىكىر قىلىشتى.

ئاخىر ”يېتىپ قالغىنىچە ئېتىپ قال“ دېگەندەك تەلەي سىناپ بېقىش توغرا تېپىلدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بېرىشقا رازى بولۇشتى. نىزامىددىن ئۇلارنىڭ بۇنداق جانپىدارلىق روھىدىن تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىلدى، ھەمدە:

— رەھمەت، رەھمەت ،..... ھەممەيلەن بارىمىز دېسەكمۇ بولماس، ئادەم تولا بولسىمۇ بەزى ئىشلار ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ، تۆرت بەشەيلەن بېرىپ باقساق بولار، سابىت، ئىنىم، سىز بارمىسىڭىزمۇ بولار، سىزنىڭ ئۆيىڭىز يالغۇز، بۇنىڭ ئۈستىگە بىز قاچان كېلىمىز، قاچان ئەمەس، خۇدا بىلىدۇ،... — ئۇ شۇنداق دەپ سابىتنى ۋە چوڭ ياشتىكى بىر قانچەيلەننى بېرىشتىن توستى. ئۇ ئۆزى ياشلاردىن بىر نەچچىسى بىلەن بارماقچى بولدى.

لىۋاھىددىن پۇتى ئاجىز بولغاچقا بارالمايتتى. بۇ ھال ئۇنى خېلى تىت-تىت قىلدى. ئۇ قەتئىي بارماقچى بولغان بولسىمۇ، نىزامىددىن ئۇنىمىدى.

ئۇلار ئەتە ئەتىگەندىلا مۇشۇ ئۆيگە توپلىنىپ، مۇشۇ يەردىن يۈرۈپ كېتىشكە كېلىشتى. بۇ چاغدا يازنىڭ قىسقا تۈنى يېرىملىشاي دەپ قالغانىدى. ئۇلار ساھىبخان بىلەن خوشلىشىپ، قايتىشقا ئالدىراشتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## 1

مۆيدۈن باشچىلىقىدىكى 600 ئەسكەر تېرىم يېزىسى ئارقىلىق، ئابدۇنىياز ئۇدۇل يول بىلەن 700 ئەسكەرنى باشلاپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككى قوشۇن دۆلەتۋاغدا ئۇچرىشىپ تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ كېرەم باققا يېتىپ كەلگەندە قەشقەر ج خ ئىدارىسىدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملار — قىرغىز ئەسكەرلەر سېزىپ قېلىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ قەشقەر بۇسۇغىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق قارشىلىشى ئىدى. بىراق ئارىلىق يىراق بولغاچقا قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرى كېرەمباغقا يېتىپ كېلەلمەيتتى.

ئابدۇنىياز مۆيدىن، ئىسمايىل، كامال، بوساق نىياز، ياقۇپ قاتارلىق مۇشاۋۇر ۋە پولكوۋنىكلىرى بىلەن قەشقەرنى ئېلىش چارىلىرى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلدى.

— بۇ يەردىكى ئاساسىي كۈچ ئىسهاقبېك، مەۋلانوپلارنىڭ قىرغىز ئەسكەرلىرى. بىز ئادەم سانىمىزنىڭ كۆپلىكىگە تايىنىپ ياۋاغ دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىرەيلى، ئۇلارنى يوقاتساق قارشىلىق ئاساسەن تۈگەيدۇ، — دېدى پولكوۋنىكلاردىن بىرى، — تۇرمىدىكىلەرنىمۇ ئازاد قىلالايمىز.

— مېنىڭچە، دېدى ياقۇپ پولكوۋنىك، — بىز چىنىۋاغ تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ بېرىپ يۇملاق شەنى قورشۇۋالايلى. بۇ يەردىكىلەر نېمىلىكى بولمىسۇن ئۆز ئادەملىرىمىز، ھەر ھالدا بىز بىلەن كېلىشىپ قېلىشى

مۇمكىن، ھېچ بولمىسا جان پىدالىق بىلەن بۇرۇشمايدۇ.

— ...

— مەن ياقۇپنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئابدۇنىياز ۋە بۇ ھەقتە كونكرېت ئوي- پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېڭەش نەتىجىسىدە مۇشۇ چارە قوبۇل قىلىنىپ، ئەسكەرلەر غەربىي جەنۇپ تەرەپكە يۆتكۈلۈشكە باشلىدى.

ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى چاپسانلا يومۇلاق شەھەرگە يېتىپ كەلدى ۋە سېپىل بويلاپ مۇھاسىرە توچكىلىرى بۇيۇشتۇردى. سابىق 6- دېۋىزىيىنىڭ قۇربان سەئىدى قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا قارشى ئوق چىقىرىشقا باشلىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە سېپىل ئىچىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. بۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا ئۇلار مۇھاسىرە قىلىپ يېتىۋېرەتتى، ئىلگىرلەش بولمايتتى.

ئابدۇنىياز كېچىسى يەنە كېڭەش ئۆتكۈزدى. بېسىپ كىرىشنىڭ چارىلىرى ھەققىدە پىكىرلەشتى. مانا شۇ چاغدا  رازۋېتكا ئەترىتىنىڭ كومادىرى نىمىتۇللا سىجاڭغا پىكىر بەردى:

— سىجاڭ ماڭا ئىجازەت بەرسىڭىز، كېچىسى شەھەرگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەرغىبات قىلىپ كۆرۈشكە ئورۇنۇپ باقسام، مېنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىم مەھەللىكاخۇن شۇ ياقتا. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى مېنى تونۇيدۇ.

— ئەگەر بۇ ئىشىڭىز ئاقماي قالسا ۋاقىت قولدىن كېتىدۇ، بىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇنىياز.

— قاملاشتۇرالماي قالسام كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەيمەن، — دېدى نىمىتۇللا قەتئىيلىك بىلەن، — بىر تەلىپىم ،— سىلەر ئوت ياقماڭلار، شەپە چىقارماڭلار، ئۇلار بىخۇتلاشسۇن.

سىجاڭ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى.

نىمىتۇللا ئۆزىنىڭ قاۋۇل يارەمچىلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئېلىپ سەھەر سائەت 4-3 لەردە سېپىلغا شوتا قويۇپ چىقتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ يارەمچىلىرى سېپىل ئۈستىدىن بىرەر كۆلەڭگۇ كۆرۈنۈپ قالارمىكىن دەپ

ھوشيارلىق بىلەن ئېگىزگە تىكىلگىنىچە قورالللىرىنى بەتلەپ تۇراتتى. سىپىل ئۈستى گويا جىمى ھاياتلىق ھەرىكەتتىن توختاپ كەتكەندەك جىم- جىت ئىدى. سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسى قاراۋۇلنىڭ كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇپ، قويغانىدى. سېپىلنىڭ باشقا تەرىپىدە تىرىك ئادەم بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان شەپىلەر كېلەتتى.

نىمىتۇللانىڭ قاۋۇل گەۋدىسى لىپ قىلىپلا سېپىل ئۈستىگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن رازۋېتچىكلارنىڭ يەنە بىرى تېزلىك بىلەن شوتىغا ياماشتى. ئۈستىدە ئۆز كوماندىرى بولغاچقا ئۇ ئىشەنچلىك ھەرىكەت بىلەن چاپسانلا سېپىلغا چىقىۋالدى، باشقىلار پەستە قالدى.

قاراۋۇل ئىككى قەدەم بېرىدىلا مىلتىقىنى ئىككى تىزى ئارىسىغا قىسىۋېلىپ، زوڭزىيىپ، ئولتۇرغىنىچە ئوخلاپ قالغانىدى، نىمىتۇللا ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ تۇرۇپ، قاتتىق نوقىدى. ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئاللىقاچان تارتىۋالغان ۋە ئىككى قولىنى چىڭ تۇتىۋالغانىدى. قاراۋۇل ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ئۆزىنى بۇركۇت پەنچىسىدىكى كەكلىكتەك سەزدى. نىمىتۇللا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇنۇڭنى ئۆچۈر، بولمىسا ئۆلىسەن! پەس گەپ قىل، مەڭلىكاخۇن نەدە؟

— ئۇ دەم ئېلىۋاتىدۇ.

— مېنى تونۇمسەن؟ مەن نىمىتۇللا.

— نىمىتۇللا؟ تونۇيمەن، تونۇيمەن، سىز مەھمۇد سىجاڭ بىلەن كەتكەنغۇ؟

— ھە، كەتكەن، لېكىن كۆكياردىن قايتىپ كەلدىم. بىز يەنە ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتۇق. بىزگە نېمىشقا ئوق ئاتىسىلەر؟ قۇربانىنى ئېتىۋېتىپ قېچىپ كېتەيلى. توختا، بىزنى مەڭلىكاخۇننىڭ ئالدىغا باشلاپ بارالامسەن؟

— باشلاپ بار دېسىڭىز باشلاپ باراي، لېكىن ئۇ پەستە، ياتاقتا، تۇتۇلۇپ قالساق ئۈچىلىمىزنىڭ كالللىسى كېتىدۇ.

— ئەمىسە سەن ئۇنىڭغا مېنىڭ گېپىمنى يەتكۈزۈپ قوي. ھەر ئىككى

تەرەپ ئۆز ئادەملەر تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر- بىرىمىزگە ئوق ئاتمايلى.

— مەن دەپ قوياي. پوس ئالمىسىشدىغان چىغىمىز بولۇپ قالدى، ئۆزۈڭلارغا ھېزى بولساڭلار بولاتتى.

— ماقۇل، ساڭا ئىشىنىپ بىز چۇشۇپ كېتەيلى، بىراق تاپشۇرۇقنى ئورۇنلىمىساڭ، بىز ھامان قەشقەرنى ئالىمىز، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭ بىل!

— خاتىرجەم بولۇڭ.

نىمتۇللا مايمۇندەك چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن بىردەمدىلا چۇشۇپ كەتتى ۋە رازۋېدچىكلىرى شۇتا قىلىنغان ئۇزۇن ياغاچنى ئاۋايلاپ تامدىن ئېلىپ، يۈرۈپ كېتىشتى.

## 2

شۇ كۈنى چۈشتىن تارتىپلا دەھشەتلىك ئېتىشما ئاۋازى تۇرمىگە ئاڭلىنىشقا باشلىغاندى. مەھبۇسلارنىڭ بىر مۇنچىسى ئاپرېلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قولغا ئېلىنغانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى 6- دېۋىزىيە ئەسكەرلىرىنىڭ يەكەنگە توپلانغانلىقى، ئابدۇنىيازنىڭ سىجاڭ بولغانلىقى، ماخۇسەن بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش باشلىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىغاندىلا ئابدۇنىياز قىلىسىملىرىنىڭ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. بۇندىن باشقا تۇرمە ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ جىددى ھەرىكەتلىرى، كوماندىرلارنىڭ ئالدىراش كېلىپ كېتىشلىرى ۋە ۋارقىراشلىرى، قورغان ئۈستىگە پىلىمونتلارنىڭ بەتلەپ قويۇلغانلىقى قاتارلىق ئىچكى ئۆزگىرىشلەرمۇ بۇ نوقتىنى دەلىللەيتتى.

بىر خىلدىكى زېرىكىشلىك مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتقان، يەتكۈچە ئازاپ چەككەن تۇتقۇنلار ئوق ئاۋازىدىن يېڭى ئەمەك ياكى ئۈمىد تاپقاندەك، تەسەللىگە ئېرىشكەندەك بولۇپ قېلىشتى.

مەمتىلى ئەپەندى پۈتۈن تېنىنى جاراھەت باسقان ھالدا بىر نەچچە كۈن ھالسىز ياتقاندى، ئەمدى ئۇق ئاۋازىدىن ئويغانغاندەك بىلىنى رۇسلاپ ئۆرە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قېنى قېچىپ تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىدىن تولىمۇ دەرمانسىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. كامېرداشلاردىن ياش مۇئەللىم بىلەن كوسا پەنجىرە تۈۋىگە بېرىۋالغان بولۇپ، سىرتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە پەرەزلىرىنى سۆزلىشەتتى.

— ئابدۇنىيازلارغا خۇدايىم نۇسرەت ئاتا قىلسىكەن، — دېدى مۇئەللىم.

— تېچلىق ياخشى، بالا، نەدە بولسا تىرىك تۇرغىنىمىز ئەۋزەل، — دېدى كوسا، — بۇ مالىمانچىلىقنىڭ زىيىنى بىزگە تەگمىسىلا بولاتتىغۇ....

— جەزمەن پايدىسى بولاتتى....

ساقاللىق بولسا ھەر قاچانقىدەك ئۆزىنى ناھايىتى قېينىلىۋاتقان، ئەڭ ئازاپ چەككەن، ئۇۋۋال بولغان كىشى ھېساپلاپ، ھالسىز ھالدا تامغا يۆلىنىپ ئاندا- ساندا ۋايساپ ئولتۇراتتى.

يۈسۈپ زىيا ئورۇن كۆرپىسى ئۈستىدە ھۇشسىز دېگۈدەك ياتاتتى. ئۇ تۈنۈگۈنلا قاتتىق ئازاپلىنىپ، مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ تاشلانغانىدى. بۇ يۈسۈپ زىيا ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى سوراق بولغانىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ، ئاستا ئۈنى نوقىدى:

— يۈسۈپ ئەپەندى، ئاڭلاۋاتامسىز؟ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — ئابدۇنىياز شەھەرگە بۆسۈپ كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

— بوپتۇ، دوستۇم، ... ماڭا ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى...

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، بىز ئازادلىققا چىقىمىز ۋە يەنە پائالىيەتلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز...

— لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ئازادلىقتا تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن،... — دېدى يۈسۈپ زىيا ھالسىز ھالدا بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، مەمتىلى ئەپەندى ئۈنى يۆلەپ، بېشىنى تىزىغا ئېلىۋالدى، — مەن ئۇ كۈنلەرنى كۆرەلمەيمەن،... سىلى بەلكىم... — يۈسۈپ زىيانى ئاخىرقى سوراقتا مەۋلانوپىنىڭ قان ئىچەرلىرى ئۇرۇپ لەختە- لەختە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ھەقىقەتەنمۇ ئۈمىد يوق ئىدى.

— ئۈمىدسىزلەنمەڭ، ئەپەندىم، سىز دېگەن نۇر، كىشىلەرگە ئۈمىد بېغىشلىشىڭىز كېرەكقۇ؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولماق كېرەك، ئۈمىدسىز شەيتان دېگەن گەپ بارغۇ، دوستۇم؟

— ياق، تەۋپىق، مەن ئۈمىدسىزلىنىۋاتمايمەن،... راست، ھالىم ئۇسال،... نېمىشكە ئۈمىدسىزلىنىدىكەنمەن؟ ... سىلى بىر چاغدا ئېيتقان... پۈتۈن بىر ئورمانغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە بار ياغاچنىڭ ھەممىسىنى كۆۋرۈك ئۈچۈن دەسمايە قىلىش كېرەك... بۈنچىلىك ياغاچقا قىيمىغاندا پۈتۈن ئورمانغا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ... شۇنداق مەن بىر تال ياغاچ بولدۇم، يولنىڭ كۆۋرۈكى ئۈچۈن ... مەيلى...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ شائىرغا خاس ئاسان ھاياجانلىنىدىغان قەلبى ئۇنىسىز يىغىغا تولدى. ئۇ يولدىشىنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپقىنا كۆتىرۈپ يوتىسىغا راۋۇرۇس جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن، چاچ ساقاللىرى ئۆسۈپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن بېشىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— دوستۇم، سىز ياشايسىز!...

— شۇنداق، مەن ياشايمەن، بىراق، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ... — دېدى يۈسۈپ زىيا ئۈزۈپ- ئۈزۈپ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ، كاللىسىنى خىيال چىرمىۋالدى. مەۋلانوپىنىڭ ۋەھشىيانە قىياپىتى، قادىر ھاجىنىڭ كۆرەڭلىك چىقىپ تۇرغان سېمىز يۈزى، دۈپچەك بەستى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، سوراقلاردىكى كەسكىن مۇنازىرىلەر تەسەۋۋۇر ئەينىكىدە قايتىلاندى. ئۇ خەلقنى ياتلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ساتىدىغان، ھايۋانلاردەك نەپسى ئۈچۈن ئويغىمۇ، دۆڭگىمۇ قارا-قويۇق چاپىدىغان بۇ مەخلۇقلارنىڭ قايسى يۈزى بىلەن ئۆزلىرىگە روبىرو بولۇپ يۈرگىنىگە ھەيران بولاتتى.

ئۇ ئوق سادالىرىدىن نىجاتلىق ئۈمىدىنى كۆرگەندەك بولغان بولسىمۇ، مەۋلانوپىنىڭ ۋەھشىيانە پوزىتسىيە بىلەن كۆكرىكىگە مۇشتلاپ:

— ھەر قانداق ئەھۋالدا نىجاتلىقتىن ئۈمىد كۈتمە! ئابدۇنىياز ئەمەس، ئەمدى مامۇتنىڭ ئۆزىمۇ سېنى قۇتقۇزىۋالالمايدۇ! مەن ھاياتلا بولسام سېنى

بــوش قويمــايمەن!... — دېگەنلـرنــى ئەســلەپ، بــۇ ئــادەم قىياپەتلــك يىرتقۇچنىڭ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يەنە لەسسدە بولۇپ قالـدى. شـېرىن ئۇمىـد ئارقىسىدىن بېسىپ كەلـگەن ئۈمىدسىزلىك كىشىنى بەكمۇ ئېزىـۋېتەتتى. بـۇ ھېسيات ئـاچچىق تولغاققا ئوخـشايتتى. ۋاھالەنكى، بۇ تولغاق ئۇنىڭدا شـېئىرىي مىسرالارنى تۇغماقتىدى. ئـۇ يۇسۇپ ئەپەندىگە ئېگىشىپ قارىۋېدى، ئۇ ئۇخلاپ قالغاندەك جىم بولۇپ كەتكەنىدى. مەمتىلى ئەپەندى:

— زىبا! — دەپ چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن جاۋاب بولمىغانـدىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى چاپىنى ئۇستىگە قويۇپ ئورنىدىن تـۇردى. ئـۇ ياتقان يېرىدىن بىر پارچە چالمىنى ئېلىپ، تامنىڭ يەنە بىر ئاق يېرىگە بايقى ئاچچىق تولغاق بىلەن كەلگەن مىسرالارنى يېزىشقا باشلىدى:

بۇركۇتمەن، قەپەز ئىچرە بەند قىلىنغان،
باغرىم زامان پەيكانىدىن تىلىنغان.
يۇرىكىم تەلپۈنەر بىپايان كۆككە، ئۇچۇشقا،
گۈزەل تاغلارنىڭ پەيزىن قوچۇشقا.

ئىخ، بۇ تار قەپەزنى چاقسام، قۇتۇلسام،
ئەركىن قانات يېيىپ سامادا ئۇچسام.
مەن قەپەز ئەھلى ئەمەس، يۇرتۇم تاغۇ- دەشت،
ۋەرىپەم قۇزغۇن ئۇۋلاش، بېرىپ شىكەست.

مېنىڭ نەسلىم ئەسلىدە بوران بىلەن چاقماق،
ئارمىنىم تاڭ نۇرى — ساباسىغا يۇرەك ياقماق.
ئوغۇز ئەۋلادىمەن، سادىرنىڭ پۇشتى،
ئەرك سۆيگەچكە شۇ قىسمەت باشىمغا چۇشتى.

كىم مەغرۇر ياشاشنى قىپتۇ ئارزۇ،
جاھالەت ئۇنى باستى، ئاستى شۇ!

مەيلى، مەن ئۆلسەم ئەۋلادىم ئالار ساۋاق،
قەپەزسىز هايات ئۈچۈن باسار ئاياق!...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پۈتلىرى تىترەشكە باشلىدى. زادىلا ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ سەنتۈرۈلگەن هالدا ئورنىغا — يۇسۇپ زىيانىڭ قېشىغا كېلىپ يېتىۋالدى. پۈتۈن بەدىنى سىقىرايتى، بېشى قايغاندەك بولاتتى. قۇلىقى تۇۋىدىلا ئوق ئاۋازلىرى ياڭراۋاتقاندەك بولاتتى...

ئۇنىڭغا باياتىن دىققەت قىلىپ تۇرغان ياش مۇئەللىم ئاستا پەنجىرە تۈۋىدىن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— تەۋپىق ئەپەندى، مىجەزلىرى يوقمۇ، نېمە؟ — دېدى تەشۋىشلىنىپ.

— ساقمەن، پەقەت ماغدۇرۇم يوق...ــ دېدى تەۋپىق، — ئۇزاقراق ئۆرە تۇرسام...

— بىردەم ئارام ئالسىلا... — دېدى مۇئەللىم كۆڭۈل ياساپ، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئارام ئېلىشتىن باشقا يەنە نېمە ئىش بولاتتى.

مەمتىلى ئەپەندى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە مەلىكىزادىنىڭ گۈزەل سىماسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىرايلىق بۇلاق كۆزلىرىدە ياش دۇردانىسى لىغىرلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قولىدا ئەدىبە تىپىرلاپ، سەبى ۋە ئوماق يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ دادىسىغا باقاتتى.

## 3

ساقچى ئىدارىسىدا قادىر هاجىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىسھاقبېك، مەۋلانوپ، قادىر هاجى قاتارلىق بىر قانچە ئەمەلدار جىددىي مۇزاكىرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قادىر هاجىنىڭ يوشۇرۇن رەقىبى مەخسۇممۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چىراي ۋە گەپ سۆزلىرىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— هازىر ئەھۋال جىددىي، قۇربان سەئىدى قوشۇنلىرىدا جىددىي

بۆلۈنۈش يۈز بەردى. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا سىپىلدىن چۈشۈپ ئابدىنىياز تەرەپكە قېچىۋېتىپتۇ. ئەگەر مۇھاسىرە مۇشۇ ھالدا يەنە بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلىدىغان بولسا يۇمىلاق شەھەر ئەسكەر قالمايدىغان ئوخشايدۇ... — دېدى مەخسۇم. قارىغاندا بۇ جىددىي خەۋەرنى ئۇ ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— بۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىن ئىككى چوڭ زىيىنى بار،— دەپ مۇلاھىزە قىلدى مەۋلانوپ،— بىرى، ئابدۇنىياز قوشۇنلىرى سان جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ، ئۇلار تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. يەنە بىرى، قاراقسىز قالغان شەھەر بەربىر ئۇلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىدۇ.

— سىلىنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟— قادىر ھاجى مەۋلانوپتىن سورىدى.

— مېنىڭچە بىز ۋاقتىلىق شەھەرنى ئۇلارغا بوشۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق، يۇملاق شەھەردىكى قۇربان سەئىدى ئەسكەرلىرى بىلەن ئابدىنىياز قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىمىز، ئۇرۇمچىدىن كۈچ كەلگىچە قەشقەرنى تېنچ تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك.

— بۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن؟— قادىر ھاجى سورىدى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت كونسۇلخانا ئارىچى بولۇپ، پۈتۈشتۈرۈپ قويىشى كېرەك، بۇنىڭسىز ئاقمايدۇ.

— مەخسۇم، سىلى كونسۇلخانىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ باقامىلا،— دېدى قادىر ھاجى. سەللىنىڭ ئىچىدىكى ئاۋاق باشقا قاراپ.

— ياق، ياق، مەن كۆپ- كۈندۈزدە، يەنە كېلىپ بۇ كۈندە كۈنسۇلخانىغا نېمە دەپ بارىمەن، باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار، مەن كېتىمەن، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇ توغرا دەيدۇ، كېتىۋېرىڭ، بىز باشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرىمىز.

مەخسۇم كەتكەندىن كېيىن مەۋلانوپ قادىر ھاجى قاتارلىقلار چېكىنىش تەييارلىقلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى.

— مەھبۇسلارنى بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بۇنى ئويلاپ كۆردىلىمۇ؟— دەپ سورىدى قادىر ھاجى مەۋلانوپتىن.

—شۇنداق. ئەگەر تېنچلىق بىلەن شەھەرنى بېرىش پىلانىمىز ئىشقا

ئاشسا ئۇلارنى ئېتىۋېتىشنىڭمۇ ئىلاجى يوق! — دېدى مەۋلانوپ.

— سىلىنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— ھەر ھالدا مەھبۇسلارنى ئازادلىققا چىقىرىشقا، بولۇپمۇ ھېلىقى بىر قانچە خەتەرلىك ئەپەندىنى يۆتكەپ كېتەلمىگەندە ئازادلىققا چىقىرىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىپ كېتىشكە مەجبۇرمىز. ئەمما چېكىنىش ئالدىدا، ئەڭ ئاخىرىقى سائەتتە.

— قانداق قىلىپ؟

مەۋلانوپ قادىر ھاجىغا پىچىرلىدى...

*

**

كۆپ ئۆتمەي تۇرمە ھويلىسىغا كاجىۋا[1] ئارتىلغان بىر خېچىر كىرىپ كەلدى. كاجىۋىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سوۋېتتە ئىشلەنگەن 20 قاداقلىق كىرسىن باكىدىن بىر قانچىسى بار ئىدى. خېچىرنى ھەيدەپ كىرگەن ئۇيغۇر ئەسكەر باكىلارنى چۈشۈرۈپ بولىشىغىلا تۇرمە ساقلىغۇچىلار ئۇنى دەرھال قايتىشقا ئالدىراتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار باكىلارنى بىر-بىرلەپ تۇرمە ئۆگزىسىگە توشۇدى.

ئارقىدىن يەنە بىر ئەسكەر شال پاخلى بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ كىرىپ كەلدى. ھارۋىكەش ئەسكەر پاخالنى ھويلىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باغلام- باغلام پاخاللارمۇ ئۆگزىگە توشۇلۇپ، ھەر بىر كامېر ئۈستىگە بىر قانچە باغلامدىن قويۇلدى. ھەر بىر دۆۋە قېشىغا كىرسىن باكلىرىدىن بىرى قويۇلدى. بىر ئۈنتېر- ئوفىتسېر(تۆۋەن دەرىجىلىك سۇباي) كىرسىن باكلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قويدى.

---

[1] كاجىۋا — ياغاچتىن ياسالغان شوتا شەكىللىك سايمان. ئۇنى ئېشەككە ئارتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا كېسەك قاتارلىق ئاغامچا بىلەن تاڭغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى توشۇشقا ئىشلىتىلەتتى.، — ئا.

# يىگىرمە تۆرتىنچى باب

1

پىشىم مەھەلىدە ئابدىنىيازنىڭ قوماندانلىق ئورنىغا (ئۇ بىر پۇقرانىڭ بىر ئېغىر ئۆيىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتاتتى) مۇلازىم ئەسكىرى كىرىپ كېلىپ، مەلۇم قىلدى:

— سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن ئورۇنباسار كونسۇل ئەپەندى كەپتۇ، سىز بىلەن كۆرۇشمەكچىكەن.

ئابدۇنىياز كونسۇلنىڭ نېمە ئۉچۉن ئىزدەپ كېلىشى ئېھتىمالى بارلىقى توغرىسىدا بىردەم ئويلىنىپ كۆردى، ئەمما قىياس قىلالمىدى. پەرەز ئۉچۉن ياردىمى بولارمىكىن دەپ ئەسكەردىن سورىدى:

— ئۆزى يالغۇزمۇ؟

— يالغۇز.

— ئۇ بىر نېمە دېمىدىمۇ؟ ئۆزى ۋاقتى چاغ كۆرىنەمدۇ؟

— ئۇ بىر نېمە دېمىدى،... ئۆزى خوشمۇ ئەمەس، خاپىمۇ ئەمەس...

— چاقىر، — دېدى.

كونسۇل كىرىپ كەلگەندە ئابدۇنىياز يۇنىڭغا تازا دىققەت بىلەن قارىغان بولسىمۇ، بۇ دىپلوماتنىڭ تاشقى ئىپادىسىدىن ھېچنىمىنى چۉشىنەلمىدى. ئۇ سالاملاشقاندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇردى. ئابدۇنىياز يۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— ئالدىڭىزغا بىر خالىس ئەلچى سالاھىيىتىم بىلەن كەلدىم، — دېدى

كونسۇل دىپلوماتلارغا خاس يېقىملىق تەلەپپۇزدا،— نېمە دەپ قارايسىزكىن؟

— خوش، نېمە ئىش خۇسۇسىدا؟ ئوچۇقراق ئېيتسىڭىز.

— قەشقەر شەھىرى قەدىمىي شەھەر، ئاھالە زىچ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چەتئەللەرنىڭ پۇقرالىرىمۇ بار، مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇمنى ئادا قىلماقچى بولدۇم. سىزنىڭ مەقسىدىڭىز شەھەرنى ئىگىلەش بولسا مەن قۇربان سەئىدى ئىككىڭلارنى كېلىشتۈرۈشكە تىرىشىپ كۆرسەم دەيمەن. ئىشىنىمەنكى سىزمۇ خەلقنى دەپ كۇرەش قىلىۋاتقان ئادەم، بىهۇدە قان تۆكۈشنى خالىمايسىز.

ئابدۇنىياز ناھايىتى قىيىن بىر ئۆتكەلدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدىغان چارىغا تاسادىپىي ئېرىشكەندەك خوشال بولۇپ كەتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنىڭ شۇنداق ئاسان ھەل بولىشىغان، ئۆزى ئاڭلاپ تۇرغان بۇ گەپلەرنىڭ راستىلىقىغا ئىشەنگىسى كەلمىگەچكە، خوشاللىقىنى زورىغا بېسىپ، ”بۇ تۇلكە راست دەۋاتامدۇ، ياكى ھىيلە- مىكىرمۇ؟“ دېگەندەك كونسۇلغا دىققەت بىلەن قارىدى. كونسۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ئەستايىدىللىق، ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئابدۇنىياز ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن گەپكە سالدى:

— سىزنىڭچە بۇنىڭغا ھۆكۈمەت تەرەپ ماقۇل بولارمۇ؟ ياكى بۇ شۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بولىۋاتقان ئىشمۇ؟

— مەن تېخى ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىم يوق. قارىشىمچە ئۇلارمۇ ئىشنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولىشىغا قارشى تۇرماس. سىز بۇنى ئەمەلدارلىرىڭىز بىلەن، بولسا ماخۇسەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ. ئەگەر مېنىڭ مەسلىھەتىم سىلەرگە ماقۇل كەلسە ئاندىن شەھەردىكىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن.

— بولىدۇ، مەن مۇشاۋۇر، مەسلىھەتچىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي. ماخۇسەننى چاقىرتىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ مەسلىھەتلىشىپ باقاي، — دېدى ئابدۇنىياز.

— ئەمسە مەن كۇتەي، مەسلىھەتىڭلار پىشقاندا ماڭا ئادەم ئەۋەتەرسىز.

كونسۇل كەتكەندىن كېيىن ئابدۇنىياز ئۆز قىسمىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشتاپقا چاقىرىپ جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى.

ئەمەلدارلار بىردەك:

— بىز قايتىدىن قوزغالغاندا ماخۇسەن بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، بۇ ئىشقا كەلگەندە ئۆز ئالدىمىزغا ئىش كۆرسەك ئىككى ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ماخۇسەننىڭ مەسلىھەتىنى ئالايلى،— دەپ پىكىر قىلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز يېڭىشەر ئەتراپىدىكى ماخۇسەنگە چاپار ئەۋەتتى.

ماخۇسەن خېلى ئۇزاقتا كەلدى. ئۇ بىر روتا مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنىڭ قورۇقچىلىقىدا كەلگەندى. بۇنىڭدىن بۇ ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ئۆز- ئارا ئىشەنچ نەقەدەر كەمچىل ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئىشىڭ بولسا ئۆزۈڭ بارساڭ بولمامدۇ؟ قول ئاستىڭدىكى ئادەمنى چاقىرغاندەك بۇ يەرگە چاقىرىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟— دېدى ماخوسەن كۆرەڭلىك بىلەن.

ئابدۇنىيازنىڭ راسا جۇدۇنى تۇتتى- يۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ پەيلىگە هاي بېرىپ، ئېغىر- بېسىقلىق بىلەن كونسۇل كېلىپ كەتكەندىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئىشلارغا ئۆزىمىز جاۋاب بەرسەكمۇ بولاتتى، ئەمما ئىشنى بىللە باشلاپتۇق. كېڭەش بىلەن ئىش قىلايلى دەپ سىزنى چاقىرتتىم،— دېدى ئابدۇنىياز ئاخىرىدا.

شۇندىلا ماخۇسەن سەل پەسىيدىن چۈشۈپ، مەسلىھەتكە قوشۇلدى. ئۇلار يەنە بىر هازا غۇلغۇلا قىلىشقاندىن كېيىن، كونسۇلنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار بۇ ئىش بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن، تالاپەتسىزلا شەھەرنى ئىگىلەيدىكەنمىز دەپ قاراشتى. شۇنىڭ بىلەن كونسۇلغا چاپار ئەۋەتتى.

كونسۇل كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— هۆكۈمەت تەرەپ بىلەن رەسمىي توختاملىشىمىز، سىز خالىس گۇۋاهچى بولۇپ بېرىڭ. ئۇ تەرەپكە بارغاندا توختامنىڭ رەسمىي نۇسقىسىغا قول قويدۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭ، بىز ئۇلارنىڭ شەرتلىرىنى كۆرۈپ باققاندىن كېيىن قول قويىمىز،— دېيىشتى.

كونسۇل شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتۈش ئۈچۈن ماخۇسەن ئابدۇنىياز قېشىدا قالدى. ئابدۇنىياز بۇ سەبدېشىنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن قوي سويۇپ، كاتتا زىياپەتكە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا قوياش غەرپ تەرەپكە قىيسىيىپ، بۇلۇتلارنىڭ بىرتەرىپىنى قىزغۇچ رەڭگە بويىغانىدى.

ئۇلار ماخۇسەننى كۈتىۋېلىش زىياپىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كونسۇل شەھەردىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ تورارىغا كەلدى. بۇ چاغدا جىمى جان ئۇيقۇغا چۆكۈشكە باشلىغان بولۇپ، ھەربىي ئەمەلدارلار ئابدۇنىيازنىڭ ۋاقىتلىق ئىشخانىسىدا كونسۇلنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىدى.

كونسۇل توختامنى ئۇلارغا تاپشۇردى.

توختامنىڭ مەزمۇنى: قۇربان سەئىدى ئاز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىش، ئابدۇنىياز يۇمىلاق شەھەرگە ئورۇنلىشىش، شەھەردىكى باشقا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار چېكىنىپ كەتكىچە ئابدۇنىياز يۇمىلاق شەھەردىن چىقماسلىق، شەھەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پۇقرانىڭ مال- جېنىغا زىيان يەتكۈزمەستىن، پەقەت ئۆزلىرىلا چىقىپ كېتىش... ۋاھاكازا ئىدى.

ئابدۇنىياز، ماخۇسەنلەر يەنە بىر ھازا غۇلغۇلا قىلىشقاندىن كېيىن توختامنامىگە قول قويدى.

— قۇربان سەئىدى ئەتە سەھەردىن باشلاپ يېڭىشەھەرگە يۆتكىلىدۇ. سىلەر چۈشتىن كېيىن ياكى ئۇنىڭدىن كەچراق يۇمىلاق شەھەرگە كىرىدىغان بولدۇڭلار،— دېدى كونسۇل.

ئابدۇنىيازلار خوشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىتى توغرىسىدا ئانچە- مۇنچە پو ئېتىشتىنمۇ خالىي بولىشالمىدى؛ چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمەت تەرەپ بىزنىڭ ھەيۋىمىزدىن قورقۇپ، شەھەرنى بىكارلاپ بېرىشكە رازى بولدى دەپ قارىشاتتى.

ماخۇسەن بۇنىڭدا بىز تەرەپكە پايدىسىز بىر يېرى بولماي قالمايدۇ، ھەرھالدا سوۋېت ئارىلاشقان ئىشتا خەير يوق، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرگەن

بولسىمۇ، بۇنىڭدىن نېرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي، نۆۋەتتە بۇنىڭدىن باشقىمۇ يول يوق، دەپ ئۆز- ئۆزىنى بەزلىدى- دە، خەۋەرنى ئۆز قىسىملىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېچىلەپ تۇرارىغا قايتتى.

## 2

نىزامىددىن، ئابدۇراخمان شائىر، ئابدۇغۇپۇرلار ئابدۇنىياز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ۋاقىت چۈش بولغان بولۇپ، ئابدۇنىياز قىسىملىرى شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىنىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئابدۇنىياز ئۆزىنى ئىزلىگۈچىلەرنى سىرتتىلا، كۆرسەتمە بېرىپ يۈرگەن يېرىدە قوبۇل قىلدى.

— ۋۇي، سىلەرنى كىمكىن دەپتىمەن، بىز سىلەر بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆھبەتلىرىدە بىللە بولغان ئەمەسمىدۇق،— دېدى ئابدۇنىياز ئابدۇراخمان بىلەن ئابدۇغوپۇرنى تونۇپ.

— شۇنداق، بىز شۇ زاتنىڭ شاگىرتلىرىمىز، — دېدى ئابدىراخمان جاۋاب بېرىپ،— بۇ كىشى ئەپەندىنىڭ ئاكىسى نىزامىدىن بولىدۇ.

ئابدىنىياز ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىراش ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى:

— مەن بىلەن كۆرۈشۈشتە مېنىڭ بىرەر ياردىمىم كېرەكمىدى. قانداق؟

— خەۋىرىڭىز بار،— دەپ باشلىدى نىزامىدىن،— سىجاڭ قەشقەردىن كېتىشى بىلەنلا بىزنىڭ جىمى ئىشىمىزنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باستى، شۇ قاتاردا ئەپەندىمۇ قولغا ئېلىندى، ھازىر ئۇ ياۋاغ تۈرمىسىدە، بىز سىلەر قەشقەرنى ئىگىلىسەڭلار، شۇلارغا نىجاتلىق بولارمىكىن دەپ كەلگەنىدۇق،...

— ھە، مۇنداق دەڭ، مەن باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، تۈرمىدە بىر مۇنچە سەرخىل ئوغۇللىرىمىز بارلىقىنى خاتىرەمدە تۇتماپتىمەن. مانا بىز ھازىر شەھەرنى ئىگىلەيمىز، ھەممە ئىش بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ يېڭىشەھەرگە چېكىنىپ كېتىدۇ. تۈرمىدىكىلەر بىزگە قالىدۇ. خاتىرجەم

بولۇڭلار،— دېدى ئابدۇنىياز.
— بىز سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىنلا شەھەرگە كىرىشنى خىيال قىلىۋاتىمىز.
— مەيلى، بىراق، سەل كەچرەك كىرىڭلار، بىز ئۇ يەرگە جايلىشىۋالغىچە باشقا ئىشلارغا چولىمىز تەگمەي قېلىشى تۇرغان گەپ.
— ياردىمىڭىزنى ئالالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز، ماقۇل ئەمىسە، سىزنى مالال قىلدۇق.
— خەير، يەنە كۆرىشەرمىز.
نىزامىددىنلار ئابدۇنىيازنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ خوشلاشتى.

*

**

قاراڭغۇ چۈشكەندە نىزامىددىنلار يۇمىلاق شەھەرگە كىرىپ، ئابدۇنىياز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇشتى. بىراق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ياتاقلارغا جايلىشىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۇلارغا پىسەنت قىلىدىغان، ئابدۇنىيازنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى بولماي، گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى.
بىز ھازادىن كېيىن نىمتۇللا ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى.
— سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى چۈشتىن كېيىن ئاڭلىغان ئىدىم، ئابدىنىياز بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىپتىكەنسىلەر، — دېدى ئۇ، سىلەرنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ تۇراتتىم. ئەپەندىنىڭ ئىشى بىلەن كۆرۈشمەكچىمىدىڭلار؟
— شۇنداق، زىنداندىكىلەر بىر سائەتلىك بولسىمۇ پاتراق ئەركىنلىككە چىقسا ياخشى بولاتتى،— دېدى نىزامىدىن.
— يۈرۈڭلا، مەن سىلەرنى باشلاپ باراي، ئابدۇنىياز سىجاڭ ھەقاچان ئالدىراش، شۇنداق بولسىمۇ بىر نېمە دېيىشىپ باقايلى.
ئۇلار سىجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كېتىۋاتقاندا رېھىممۇ ئۇلارغا قوشۇلدى.

ئۇ نىمەتۇللانى ئىزلەپ كېلىۋاتقانىكەن. رىھىم كېتىۋېتىپ ئابدىغوپۇر بىلەن ئابدىراخمانغا كىيىنكى ھاياتى ھەققىدە، قانداق قىلىپ ئەسكەر بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى: ئۇ قوزغۇلاڭچى قوشۇن ئارالغا كەلگەندە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئارالدا مەكتەپ ئاچىدىغان ئىشى ئەمدىلەتىن قاملىشاي دەۋاتقاندىلا سىجاڭنىڭ قىچىشى، ئارقىدىن تۇتقۇنلار باشلىنىپ كەتكەچكە تازا غەزىپى تېشىپ تۇرغانىكەن، شۇڭا بۇ قوشۇندا نىمەتۇللاھنى كۆرۈپلا ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئۇلار سىجاڭنىڭ كابىنىتىغا كىرگەندە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالدىراش ئىكەن. ئۇ نىزامىدىننى كۆرۈپ ھەم سەل تەئەججۇپلەندى ھەم سەل ئىغىر ئېلىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— تۇرمىدىكىلەرنى پاتراق ئازاد قىلماقنىڭ ئىلاجىسى بولسا بىردەم بولسىمۇ پاتراق ئەركىن نەپەس ئالسا بولاتتى، سىجاڭ،— دېدى نىزامىددىن ئابدىنىيازنىڭ تەئەججۇپ بىلەن قارىشىغا جاۋابەن.

— ئەپەندىم، چۈشتە دېگەندىمغۇ، بىز ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزۈشتۇق، ئۇلار يىغىشەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكىچە بىز ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىپ ئالدىراتساق، ياكى بېسىمغا ئالساق، ئەھدىمىز بۇزىلىدۇ. ئۇلار ھېچكىمگە زىيان- زەخمەت قىلماستىن كېتىدۇ. ئەتە ئەتىگەنگە قالماي كېتىپ بولىدۇ. ئەتە سەھەردە دېمىسىڭىزمۇ ئۇلارنى ئەركىنلىكتە كۆرىسىز، بۇ كېچىدە ھەرەج تارتىپ مېڭىپ يۈرگىچە خاتىرجەم دەم ئېلىڭلار، نىمەتۇللا سىلەرنى جايلاشتۇرۇپ قويسۇن،— ئابدۇنىياز ئەمدى سۆز تۈگىدى، دېگەن مەنىدە نىمەتۇللاغا بۇيرىدى،— نىمەتۇللا، سىز بۇ مېھمانلارنى باشلاپ چىقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭ.

”مېھمانلار“ يەنە تۇرىۋېرىشكە ئوڭايسىزلىنىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بۇرالغاندا نىزامىددىننى چاقىرىپ توختاتقاندىن كېيىن:

— ئەتە ئەتتىگەندە ئىنىڭىزنى ئېلىپلا كېتىپ قالماڭ جۇمۇ، مەمتىلى ئەپەندى مەن ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قەدىرلىك، ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشىنى ئۇنۇتماڭ. مەن ئەپەندى بىلەن مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىمەن،— دېدى.

— بولىدۇ، خۇدا بۇيرىسا، سىزگە سالام بېرىپ كېتىشنى ئۇنتامدۇق،— دېدى نىزامىدىن.

ئۇلار قايتىپ چىققاندىن كېيىن نىمتۇللا بىلەن رېھىمنىڭ ياتىقىغا كېتىشتى.

ياتاققا بارغاندىن كېيىن نىزامىددىن ئۆزىنىڭ زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قاقشىدى:

— پەقەتلا كۆڭلۈم تىنمايۋاتىدۇ، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ توختامىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىمەن، بۇنىڭدا بىرەر ھىيلە يوقلىقىغا ئىشەنمەيمەن، نېمىلا دېگەن بىلەن ھۆكۈمەت شۇ بىز بىلىدىغان خىتاي ئەمەسما... — دەيتى ئۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا،— دېدى رېھىم تەسەللىي ئېيتىپ،— ئابدۇنىياز سىجاڭ كاللىسى ئوبدان ئىشلەيدىغان ئادەم، تېگى خام ئىشنى قىلمايدۇ.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىڭلار ئارام ئېلىۋېرىڭلار، مەن كېچىسى چارلاشقا چىقىمەن، تۆرمە تەرەپكىمۇ بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن، سىلەرگە كۆڭۈل تىندۇرىدىغان خەۋەر ئېلىپ كەلسەم، ئەجەپ ئەمەس،— دېدى نېمتۇللا. ئۇنىڭ رازۋېتكا ئەترىتى كېچىسى ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقاتتى.

بۇ چاغدا قەشقەر شەھرى جىم- جىتلىققا چۆكۈشكە باشلىغان بولۇپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ پەردىسى قىزىل دەريا، تۈمەن دەريا ۋادىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بولغانىدى.

شۇ چاغدا جىم- جىتلىقنى بىردىنلا بۇزۇپ، شەرقىي- شىمال تەرەپتىن بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دىڭگىدە چۆچۈپ كېتىشتى. تەجرىبىلىك رازۋېتچىك نىمتۇللا ئوق ئاۋازىنى قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى دەرھال قىياس قىلدى. شۇنداقلا بۇنىڭ تاپانچا ئوقى ئىكەنلىكىنىمۇ قىياس قىلدى. ئۇ نىزامىددىننىڭ كۆزىگە لەپ قىلىپلا قاراپ ئورنىدىن تۇردى. نىزامىددىن بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

نىمتۇللا تالاغا چىقىپ كېتىشى ھامانلا باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىشتى. دېۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ھويلىسى پاتپاراق بولۇپ كەتكەن

بولۇپ، ياتاقلاردىن چىقمىغانلار سورىشاتتى:
— قايسى تەرەپتە ئىتىلدى؟
— ماخۇسەنلەر يېڭىشەھەرگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بىلەن ئېتىشىپ قالمىغاندۇ؟
— ياقەي، ئوق ياۋاغ تەرەپتىن ئاڭلاندى.
— ياۋاغ تەرەپتىن؟...
نىزامىددىن ئاشۇ ئالدىراش سوئال- جاۋابلارنى ئاڭلاپلا يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. بىراق كىمدۇر بىرى غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلارغا قاراپ كېلىۋېتىپ:
— دېمىڭلارنى ئېلىڭلار، سىجاڭ بۇيرۇدى. خاتىرجەم ئۇخلاڭلار، شەھەردە تېچلىق، توختام بويىچە تېچلىق ساقلاڭلار... دەيتتى.
— هوي، بۇ ئىشنى ئىنقىلاپ بېقىش كېرەك ئىدى، سىجاڭ بىر نېمە دېمىدىمۇ؟ ئوق ئاۋازى تېرەكلىك جۇزىدىن (ساقچى ئىدارىسى تەرەپتىن) ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلغاندىمۇ؟
— سىجاڭ بولغان ئادەمگە سېنىڭ ئەقلىڭنىڭ كېرىكى يوق...
بىراق، خاتىرجەملىك ئۇزۇنغا بارمىدى. ئارىدىن بىر سائەتچە ئۆتكەندە يەنە شۇ تەرەپتىن يەنە بىر پاي، ئارقىدىن پىلىموتنىڭ تاتاتىلىشى ئاڭلاندى. بۇ قېتىم دېۋىزىيە ئىشتابى رەسمىي جىددىيلەشتى.
خېلى ئىلگىرى بۇ يەردىن غايىپ بولغان رېھىم نىمتۇللانىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:
— ياۋاغ تۇرمىسى تەرىپىدىن ئوت كۆرىنىۋاتىدۇ. ئەھۋال جىددىي. بۇنى سىجاڭغا مەلۇم قىلغانىدىم، سىلىنى بېرىپ بېقىشقا بۇيرىدى،— دېدى.
— ئۇنداق بولسا ھەممەيلەن تەييارلانسۇن!ـ دېدى نىمتۇللا ھەمدە يۇگىرگىنىچە ياتىقىغا كىرىپ، تاسمىلىرىنى باغلاپ، تاپانچىسىنى ئوقلىدى ۋە بىلىگە قىلىچىنى ئاستى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا كىرىشكەن نىزامىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئۈنسىز قاراپ تۇرۇشتى. پەقەت نېمتۇللا راستلىنىپ بولۇپ، تالاغا قاراپ ماڭاي دېگەندىلا نىزامىددىن:
— ئۇ ياقتا بىر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟— دەپ سورىدى

جىددىيلىنىپ.

— شۇنداقراق گەپ بار، ئەمما ئېنىق ئەمەس،— مەن بىرىپ كۆرۈپ كېلەي.

— بىزمۇ سىز بىلەن بىللە بارساقمىكىن...

— ياق، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بۇ ئويۇن گەپ ئەمەس، سىلەر دەم ئېلىۋېرىڭلار، مەن بولغاندىكىن سىلەرنىڭ بېرىشىڭلارغا نېمە ھاجەت؟ خەير، خۇدايىمغا ئامانەت.

نىزامىدىن ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىۋاتقاچقا باشقا گەپ قىلالمىدى. بۇ چاغدا نىمتۇللا تەييارلىنىپ بولۇشقان سەبداشلىرىغا بىردەم قارىۋېتىپ، ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۇلارنى باشلاپ چاپقان پېتى چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ۋاقت كېچە بىرلەر بولۇپ قالغانىدى...

نىمتۇللا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار رازۋېتكا ئەترىتىنى باشلاپ ياۋاغقا يېقىنلاشقاندا پۈتۈن ئەتراپنىڭ يورۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى. ئوت تۈرمە تەرەپتە كۆيىۋاتاتتى. ئوتنىڭ قىزىل تىللىرى ھېلىلا قان يالىغاندەك، ئەمدى يەنە يالاش ئۈچۈن قان ئىزلەۋاتقاندەك كۆككە سوزۇلۇشقا باشلىغانىدى. بۇ دەشھەتلىك ئوت دېڭىزى يېقىن ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتقان بولۇپ، يىراقتا تۇمەن دەرياسىدىمۇ ئوتنىڭ شولىسى جىلۋە قىلاتتى.

شىددەت بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلار بۇ غايەت ئوت تېغىدىن ئۈركۈپ، يۈنىلىشنى ئۆزگەرتىشكە، قاشىيىپ تۈرۈۋېلىشقا باشلىدى.

نىمتۇللا بۇ تەرەپتىن يۈگرەپ كېلىۋاتقان بىر نەچچەيلەننى توۋلاپ توختاتتى. بۇلار ئوتتىن قاچقان پۇقرالار ئىدى.

— نېمە گەپ بۇ؟ سىلەر كىم؟— دەپ سورىدى ئۇ.

— يا ئالla، خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم بۇ تىرىك دوزاقتىن ئۆزى ساقلىسۇن، بىز ئاشۇ ئوتتىن قورقۇپ قاچتۇق، نېمىسىنى ئېيتىلا ھەپسىدە 300 دەك ئادەم بار دەپ ئاڭلايتتۇق، مانا ئەمدى تۈگىدى دېگەن سۆز!

— كىم ئوت قويىدى؟

— كىم بولاتتى قادىر ھاجى، مەۋلانوپ دېگەنلەر بولمامدۇ.

— ئۇلار ئۆزلىرىچۇ؟

— ئۆزلىرى؟ ئۆزى تۇرامتى، قىرغىز ئىسكەرلەرنى ئېلىپ قارقى دەرۋازا تەرەپ بىلەن يېڭىشەھەرگە قاراپ تىكىۋەتمەمدۇ.

— رەھىم!ـ دەپ ۋارقىرىدى نىمتۇللا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، — سىز ئۇنبەش ئادەم بىلەن جاللاتلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاڭ! ئۇچرىسا ئېتىۋېرىڭلار! ئەمما شەھەردىن چىقىپ كەتمەڭلا. قالغىنىڭلار ئاتتىن چۈشۈڭلار! تۇرمىدىكىلەرنى قوتقۇزۇۋالايلى، چاپسان بولۇڭلار! — نىمتۇللا ۋارقىراپ خىتاپ قىلغىنىچە ئوت كۆيىۋاتقان تەرەپكە يۈگرەپ كەتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

3

مەمتىلى ئەپەندى ئىستامبۇلدا — مەرمەرە دېڭىزى ساھىلىدا سەيلى قىلىپ يۈرەتتى. مەنزىرە شۇ قەدەر گۈزەل بولسىمۇ شۇنچىلىك دىمىق، تىنجىق ئىدىكى، ئۇ ئاران- ئاران نەپەس ئالاتتى. ئۇ دېڭىز ساھىلىدا بۇنداق تىنجىق ھاۋا بولىدۇ دېسە ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ قىزى ئەدىبە ھەمرا ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ تۈركىيە قىزىنىڭ روخسارىغا خۇدۇكسىرىگەندەك پات- پات ئوغۇرلۇقچە قاراپ قوياتتى. ئەدىبەنىڭ چىرايىدا نېمىشكىدۇر نارازى بولىۋاتقاندەك توتۇقلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمما بۇ ھېچ نارازىلىقا ئوخشىمايتتى. بەلكى زىرىكىپ ۋىسال كۈتكەن، ئەمما جىمى ئارزۇ- ئارمانلىرى يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتىلگەن كىشىگە ئوخشاش روھسىز ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى قىزى ئەدىبەنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، قىزچاقنىڭ يەنە بىر قولىنى ئىستامبۇللۇق ئەدىبە تۇتىۋالغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئەدىبەنىڭ تېخى يېقىندىلا ئايىغى چىقىپ چوپ- چوڭلا بولۇپ قالغىنىغا ھەم سۆيىنەتتى، ھەم ھەيران بولاتتى. قىزى ئەدىبە ئۇنىڭغا مەلىكىزادنى ئەسلەتتى. ”توۋا، نەلەردە يۈرىدىكىن؟“ بۇ ئىستامبول قىزىغا ئوغۇرلۇقچە قارىۋېدى، بۇ ئەسلىدە مەلىكىزاد ئىكەن.

— ۋۇي، مەلىكىزادمۇ سىز؟

— ھەئە.

— ھېلى ئەدىبەدەك كۆرۈنۈۋېدىڭىزا؟

— ئىككىسى بىر گەپ، مەن تۇركىيىدە ئەدىبە، ۋەتەندە بولسام مەلىكىزاد. ھەيران بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز يېڭىلىشمىدىڭىز.

مەمتىلى ئەپەندى يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلىۋېدى، ھەمرىيىنىڭ ئەدىبە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ”ھەئە، ئەسلىدە ئىككىسى بىر گەپ ئىكەن ـ دە! ئۆكىنىپ يۈرمىسەممۇ بولغۇدەك...“

— بىراق، قىزىمىز بىلەن ئىسمىڭىز ئوخشاش بولۇپ قالدىغۇ؟

— ھېچقىسى يوق...

ئۇلار بىردەمدىلا ناھايىتى كەڭ ۋە ئازادە يولغا چىقىپ قالدى. بۇ يول ئۇلارنى بىر تىك قىيا تاشلىق قىرغاقتا ئېلىپ باردى. مەمتىلى ئەپەندى بىلەن ئايالى ئەدىبە، قىزى ئەدىبەنى يېتىلەپ قىيا ئۈستىگە چىقتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا ئۇپۇق بىلەن سۈيىشىپ تۇرغان قارا دېڭىزنى كۆرسىتىپ، ئاجايىپ بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى... بىردىنلا دېڭىز ئۈستىدە قارا بوران كۆتۈرۈلۈپ ئۇچەيلەننى ئايرىۋەتتى. ئانا بىلەن قىز بىر- بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىشىۋالغان بولۇپ، قاينام ھاسىل قىلىپ بۇژغۇنلاۋاتقان دېڭىز تەرەپكە تەلپۈنەتتى. مەمتىلى ئەپەندى كۆز يەتكۈسىز ئېگىزلىكتىن قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان سۇرلۇك دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى... قىرغاقتا قىزىنى قۇچاقلىۋالغان ئايال (بۇ بىردەم ئەدىبەگە، بىردەم مەلىكىزادقا ئۆزگىرەتتى) پەرياد ئۇرۇپ، ئارقىسىدىن ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاشقا ئىنتىلەتتى... تەگسىز چوڭقۇرلۇققا تېخىچە چۈشۈپ كېتىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ پەريادىدىن، بەكمۇ ئازابلىنىپ، ئۇچماقچى بولغاندەك، قانات كېرىشكە ھەرىكەت قىلغاندەك تېپىرلاپ كەتتى...

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا شۇنچىلىك تەرلەپ كەتكەن ئىدىكى، ئىچ كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپلا قالغانىدى، پۇت- قولى تىترەپ تۇراتتى. ئويغىنىپلا ئۇنى ئىلىكىگە ئالغىنى سېغىنىش ئوتى بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەلىكىزاد كەلدى، پاقلان بولغان ئەدىبەنى ئويلىدى. ئارقىدىن تۇركىيەدىكى ئەدىبەنىمۇ ئەسلىدى... شەمەيدە مۇساپىر بولۇپ قالغان تۇنجى ئايالى سەرۋەر ۋە

ئوغلى ئابدۇسەمەت كۆڭۈل ئېكرانىدا پەيدا بولدى... ئۇنىڭ خىياللىرى بىر- بىرىگە ئايلىنىپ، ئۆز - ئاراچىگىشلىشىپ كەتتى.

غېنى ئاخىرقى قېتىم كەلگىنىدە ئۇنىڭ ئىزچىلار بىلەن ئوخشاش فورمىدىكى سەندىلىنى ئىچ كىيىملىرىنى ئېلىپ كېتىپ، تۇركىيەدىن كېيىپ كەلگەن ئەجنەبىيلەر پوسۇندىكى پەتىنكىسىنى ۋە باشقا كىيىملىرىنى كىرگۈزۈپ بەرگەنىدى. بىراق تۇرمە دائىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەچكە ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكىمۇ ئىلاج بولمىدى. ئۇ خارامۇش ئولتۇرۇپ، يېقىنىدا ئۇخلاۋاتقان يۇسۇپ زىيانىڭ پىشانىسىنى تۇتۇپ باقتى. ئۇ قاتتىق ماغدۇرسىز بولغاچقا ھەر قاچان سوغۇق تەرلەپ تۇراتتى. ئۇ دوستىنىڭ پىشانىسىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئوڭشاپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. كامېر ئىچى چىدىغۇسىز سېسىق پۇراققا تولۇپ كەتكەنىدى.

كامېرداشلاردىن ياش مۆئەللىم بىلەن كوسا پەنجىرە ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. ساقاللىق بولسا ئورنىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇ ئاغرىپ قالدىم دەپ غىڭشىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ راست ئاغرىق ئىكەنلىكى ياكى باشقىلاردا ھېسداشلىق قوزغاش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ھورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەر قاچان زارلىنىپلا تۇرغاچقا قايسى راست، قايسى يالغان، بىلىپ بولمايتتى.

— ئەپەندىم، تالا تىم- تاس قالدىغۇ، چۈشنىڭ بۇياقى ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمىدى، نېمە بولغاندۇ؟— دېدى مۆئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندىگە:

— تۇرمىدىكى ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتى قانداق؟ — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ پەنجىرىدىن ئالىقاچان گۈگۈم پەردىسى بىلەن يوشۇرۇنغان تۇرمە ھويلىسىغا قاراپ.

— كەچكە يېقىن بۇ خەق ئۆگزىدە بىر نېمىلەر قىلىپ يۈردى. پىلمۇتلارنى ئورناتتىمىكىن دەيمەن.

— يەنە پاخالدەك بىر نېمىنى باستىغۇ دەيمەن،— دېدى كوسا گەپ قىستۇرۇپ.

— پاخال؟...— مەمتىلى ئەپەندى ئويلىنىپ قالدى. ئەمما كۆڭلىگە

كەلگەن پىكرىنى ئاشكارىلىمىدى،— شۇنداقمۇ؟ ھە، يەنىچۇ؟

— پەمىمچە بىر مۇنچىلىرى بىر ياقىا كەتتى بولغاي، بۇ يەردە ئازراقلا ئادەم قالغاندەك.

— شۇنداقمۇ؟ بۇلارنىڭ ئەلپازى قانداق؟

— ئەلپازى قانداق بولماقچىدى، تالاشتىن يانغان ئىتتەك، ھەم ھارغان ھەم غەزىپى تاشقان ھالەتتە، ھەربىكەتلىرى ئالدىراش...

مەمتىلى ئەپەندى يەنە ئويلىنىپ قالدى. ”ئوق ئاۋازى چۈشتىن كېيىن پۈتۈنلەي توختىغان تۇرسا، يەنە بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نېمە دەپ كېتىپ قېلىشتى؟ قارىغاندا بۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچ- قۇدرىتىدىن قورقۇپ، ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالدامچىلىق قىلىپ ھۇنەر ئىشلەتكەن ئوخشايدۇ - دە! قانداق ئالدامچىلىق قىلىشى مۇمكىن؟ ھە، جەزمەن كېلىشىم! شەھەرنى بۇلارغا بېرىپ، يېڭىشەھەرگە چېكىنىش!...“

”بۇ ھۆرلۈكتىن بىشارەت بېرەمدۇ؟...“ ئۇ بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمىدى. چۈشتىن كېيىن تېچلىق ئورنىتىلغان تۇرسا يەنە نېمىشكە شامالداشقا چىقارمايدۇ؟ مەمتىلى ئەپەندى بۇ يەردە شۇملۇق بارلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى. لېكىن، ئۇ يەنە مەن ئۇخلاۋاتقاندا شامالداشقا چىقارغان بولىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلاپ سوردى:

— چۈشتىن كېيىن شامالداشقا چىقارمىدىمۇ؟

— ياق، كۆپمۇ توشۇپ كەتتى. سېسىقچىلىقتىن مېڭىمىز ئېلىشىپ بىردەم بولسىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ نەپەس ئېلىۋاتىمىز، نېمە گەپ بۇ،— دېدى مۇئەللىم.

— ئەخمەت ئەپەندىلەردىن خەۋەر بارمۇ؟

— ئۇنى قاتتىق ئاغرىق دېدىمۇ ياكى بالىسىنى ئاغرىق دېدىمۇ ئىشقىلىپ ھېلىقى بىر گۇندىپايدىن سورىسام شۇ گەپنى قىلدىغۇ... ھە، يەنە ئەخمەت ئەپەندىنىڭ خوتۇنى چەتئەل پۇخراسى بولغاچقا بالىسى بىلەن ئىككىسىنى قويۇۋېتىپتىمىش، راست دەمدۇ، يالغانمۇ بۇنىسىنى بىلگىلى بولمىدى. شامالداشقا چىققان بولساق بىلەتتۇق... — مۇئەللىم ئەمدى قەشقەر ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەندىشىلىنىپ سوردى، — ئەپەندىم سىلىنىڭچە

قانداق بولار؟ بىزنى قانداق قىلار؟ ئابدۇنىيازلار شەھەرگە كىرەلەرمۇ؟

— مېنىڭچە ئۇلار شەھەرگە كىردى ياكى كىرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىدىغان بولۇشتى. بىراق بۇ بىر قىلتاقتەك تۇرىدۇ. ئابدۇنىيازلارنى ئالدىغاندەك. ئۇلار ئۆزلىرىنى روسلىغىچە بۇلار تۇرمىدىكىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، يا بولمىسا يۆتكەپ كېتىدۇ. ياق، ياق، يۆتكەپ كەتسە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى كېتىپ قالمايتتى،...

— بەلكىم، كېلىشىم بويىچە ئۇلار تىپ- تېنچ چېكىنىپ كېتەر...

— تىپ- تېنچ دەمسىز، ئىنىم؟ ھەي...

ئارىنى يەنە سۈكۈت باستى. بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق جىمى ياقنى زۇلمەت قوينىغا ئالدى. ئاندا- ساندا قاراۋۇللارنىڭ قولچىراقلىرى پەنجىرىلەرگە سانجىلىپ ئۆتەتتى. ئۆگزىدە كىملەردۇر يۈرەتتى.

— ھازىر سائەت قانچە بولدىكىن،— دېدى تەۋپىق ۋاقتنى بىلگۈسى كېلىپ.

— سائەتنى كىم بىلىدۇ دەيسىز، ئىشقىلىپ خۇپتەن بولدى، يا يېرىمىدىن ئۆتتى.

— قاراڭغۇ بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇلار بىزنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققاندا،...— مەمتىلى ئەپەندى ئەنە شۇ چاغدا بىرەر قۇتۇلۇش چارىسىنى قىلىشنى ئېيتماقچى بولۇپ، توختاپ قالدى. چۈنكى دۈشمەن ئۇلارنى قورغاندىن چىقارماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئۇ گېپىنى ئۆزگەرتىپ،— بەلكىم ئابدۇنىيازلار مۇشۇ يەردە— ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۆزىدە بۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇر. ئۇلار مەھبۇسلار يوق، دەپ نەيرەڭ ئىشلىتىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا بۇ يەردە سۈكۈنات ئورناتقاندۇر... بىز غالىپلارغا نېمىشكە ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلدۈرۈپ قويمايمىز؟

— قانداق قىلىپ؟ گەپ تاپىلاپ ئەۋەتكۈدەك ئادىمىمىز بولمىسا...

— ناخشا توۋلايلى، شۇنداق قىلساق بەلكىم دۈشمەن ئالىقىزادە بولۇپ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچىلىقىنى چاندۇرار.

مەمتىلى ئەپەندى بىر دەم تۇرۇپ پۈتۈن قورغان ئىچىنى ئىلىكىگە ئالغان

سۇرلۇك جىملىقنى بۇزۇپ تاشلاشنى چىن يۈرىكىدىن خالاپ قالدى. ئۇنىڭدا باللارچە قىرىشقاقلىق، شوخلۇق ئامىللىرىمۇ بار ئىدى، ئۇ گېلىنى ياساپ، راستلىنىۋېلىپ، ناخشا باشلىدى:

ئۇيغۇر، بۇيۇك باباڭ[1] ئوغۇز، ئاتىللا، چىڭگىز،
ئۇلار ئىدى شول زاماندا ھەممىدىن ئېگىز!
. . .. . . . . . . .

بۇ ئاۋاز بۇ جىمجىتلىقنى يىراقلارغا قوغلىۋەتتى. ئۇنىڭغا دەسلەپ ياش مۇئەللىم قوشۇلغانىدى، ئارقىدىن قوشنا كامېردىكى كىمدۇر بىرى ئاۋاز قوشتى:

سۆڭرە پەلەك سېنى ئەزدى بىرنەچچە زامان،
ئەسىرلىكتە بولدى ھالىڭ بەك تولا يامان!
. . . . . .

ئاخىرىدا باشقا كامېرلاردىنمۇ ناخشىغا ئۈن قېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمە قورغىنىدىكى جىم- جىتلىق پۈتۈنلەي قوغلىۋېتىلدى.

— ئەپەندىم، نېرى تۇرسىلا، مەۋلانوپ كېلىۋاتىدۇ!ــ كوسا مەمتىلى ئەپەندىنى تۇرىتىۋېدى، ئۇ رەد قىلدى:

— تېخىمۇ قاتتىقراق ئوقۇش كېرەك! — ئۇ غەزەپ بىلەن شۇنداق دېدى. ئەمما بۇ چاغدا باشقا كامېرلار يەنە ئاۋالقىدەك جىمىپ قالغانىدى.

مەۋلانوپ پەنجىرىدىن ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئۈنۈڭنى ئۆچەر!

— سېنىڭ ئۈنىڭ ئۆچسۇن! — دېدى مەمتىلى ئەپەندى غەزەپ بىلەن.

— خىيالىڭنى خام چاغلايسەن!... — دېدى مەۋلانوپ تاپانچىسىنى شاراقلىتىپ، كۆكۈش كۆرىنىپ تۇرغان بوشلۇقتا تاپانچىنىڭ سايىسى كۆرۈندى.

— قاچسىلا، ئەپەندىم!ــ بىرسى مەمتىلى ئەپەندىنى قاتتىق تاتتى.

---

[1] بابا — (تۈركچە) — دادا — ئا.

"پاڭ!" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدىن بىر يول يورۇق سىزىق سىرغىپ ئۆتتى.

— قېرىنداشلار ! — دەپ ۋارقىرىدى مەمتىلى ئەپەندى، — ئابدۇنىيازلار شەھەرگە كىردى، بىز ھۆرلۈككە چىقىمىز، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يېڭىشەھەرگە چېقىپ كېتىدۇ. لېكىن بۇلار ھىلە ئىشلىتىۋاتىدۇ، نارازىلىق بىلدۈرەيلى!

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ! — دېدى مەۋلانوپ، بۇ تەرەپتە كېتىۋېتىپ، — مەن سەنلەرنىڭ ئۇنۇڭنى ئۆچۈرمەي تۇرۇپ ھېچيەرگە كەتمەيمەن!

مەۋلانوپ كامېرنىڭ ئىشىكلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا قايتىپ بېرىپ:

— ئەمدى ئىشنى باشلاڭلار، لېكىن ئىشىك بالدۇر كۆيۈپ كېتىپ بۇلار قېچىپ كەتمىسۇن، چىقىپ كېتىشكە بۇرۇنغانلار ئوققا تۇتۇلسۇن! دەرھال ئورۇنداشقا كىرىشىڭ! — دېدى.

*
**

كۆپ ئۆتمەيلا كامېرنىڭ ئۆگزىسىدىن كىشىلەرنىڭ ماڭغىنى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئۆگزىنى چانغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا، ئاندىن مەھبۇسلارنىڭ باشلىرىغا توپا چۈشۈشكە باشلىدى...

— بۇ خەق ئۆگزىنى تېشىۋاتامدۇ نېمە؟!... — دېدى مۇئەللىم چۆچۈپ.

— نېمە قىلماقچىدۇ؟ خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم، ئۆزۈڭگە ئامانەت!

— بۇ ئىتلار ئاشۇ يەردىن بىزنى ئاتىدىغان ئوخشايدۇ!...

— ۋۇي، ئاغزىلىرىنى ئۇچلىمىسىلىچۇ، بىز تېخى،...ــ دەپ ۋايسىدى كوسا. بۇ چاغدا ساقاللىقمۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كامېرداشلىرىغا ۋە تۈۋرۈسقا قاراپ، ۋاقتى كەلگەندە قېچىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك يان- يېنىغا چەكچىيىپ بېقىشقا باشلىغانىدى.

— ئەمىسە بۇ يەردىن نان تاشلاپ بېرىدۇ دەمىلا؟...ــ دېدى مۇئەللىم كوسىغا جاۋابەن.

مەھبۇسلارنىڭ غۇلغۇلىسى قىزىپ كەتتى. ھەممە كامېرلاردا

ئادەملەرنىڭ غاۋۇر-غۇۋۇۋۇرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بەزى ئادەم كۆپ، چوڭ كامېرلاردا چوقان ئاڭلانغىلى، ئىشىكلەر تاقىلىدىغىلى تۇردى. بەزىلەر جىم-جىت هالدا تۇرۇسقا قاراپ تۇرسا، بەزىلەر ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى هۆرلۈككە چىقىشتىن ئۈمىد يوقلىقىغا كۆزى يېتىپ، يىغلاشقا باشلىغان كوسىغا ۋە بالىلىرى ۋە ئايالى هەققىدە ئاللىنېمىلەر دەپ ۋايساۋاتقان ساقاللىقىقا بىر- بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن هوشسىز ياتقان يۈسۈپ زىيا بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

— يۈسۈپ ئەپەندى! زىيا، هوي زىيا! — ئۇ كېسەلنىڭ قۇلىقىغا ئېڭىشىپ بىر نەچچە قېتىم چاقىردى.

— هىم، ...كىم سىلى؟...دادامىمۇ سىلى؟...هە؟ جىگىرىم ئوغلۇم، بۇ سەنمۇ؟... — كېسەل يېرىم هوشسىز، يېرىم ئۇيقىلىق هالەتتە جۆيلىگەندەك ئۇن قاتتى.

— مەن، تەۋپىق، مەمتىلى مەن،— دېدى تەۋپىق قاتتىقراق شىۋىرلاپ،— خوشلىشىۋالايلى، قېرىندىشىم!

— ...نېمە؟ سىلى بىر يەرگە كېتەملا؟...

— شۇنداق، دوستۇم، هەمىمىز كېتىدىغان بولدۇق...ــ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. هەم كۆزىدىنمۇ ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى،— رازى بولۇڭ، دوستۇم، مەنمۇ ...

بۇ چاغدا تۇرۇستىن يوغان بىر تۆڭلۈك ئېچىلغان بولۇپ، ئاۋۋال بۇ يەردىن يۇلتۇزلۇق كۆكۈش ئاسمان كۆرۈندى. ئارقىدىنلا تۆڭلۈك ئالىقانداق نەرسە بىلەن توسۇۋېلىندى، هەم كىملەرنىڭدۇر ئالدىراش دەسسىشى بىلەن تۆڭلۈككە قاپلانغان نەرسە يوغان كاللەك بولۇپ كامېرغا چۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ نەرسىنىڭ كىرسىن بىلەن نەمدەلگەن پاخال ئىكەنلىكىنى بىلدى. پاخال كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەندىن كېيىن يەنە بىر سىكۇنتچە كۆك ئاسمان كۆرۈندى. شۇئان تۆشۈكنىڭ ئۇدۇلىدا لەپەڭشىپ تۇرغا مەشئەل پەيدا بولۇپ، كۆك ئاسمان ئوت يورۇقىدا كۆرۈنمەي قالدى. ئۆگزىدىكى مەشئەل تۇتقان كىشى مەشئەلنى تۆڭلۈكتىن كامېر ئىچىگە تاشلىدى.

— ئوت! ئاه بالىلىرىم!...ــ ساقاللىق ئۆگزىدە مەشئەل كۆرۈنگەندىلا

پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىغانىدى، ئەمدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ گويا بىرسى ئۇنىڭغا ئىشكنى داغدام ئېچىپ قويغاندەك ئۆزىنى ئىشىككە ئۇردى ۋە كوسا شېرىكىنى قىستاپ ئىتتىرىۋېتىپ، ھەدەپ ئىشىكنى جالداقشىتقىلى تۇردى. بۇ ئىشلارغا بارى يوق پەقەت بىر نەچچە سېكونتلار ۋاقت كەتتى.

مەھبۇسلار گاڭگىراش ئىچىدە نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە كامېر ئىچى دوزاققا ئايلاندى. مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئاللىقانداق كۈچىنىڭ ئىنتىلدۇرۇشى بىلەن دوستىنىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ، ئوت ئىچىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، ئىشىك تۈۋىدىكىلەرنىڭ قىسىلىشقان توپىغا قوشۇلدى.

ئوتنىڭ رەھىمسىز ئىسلىرى تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتمەكچى بولىۋاتقاندەك، ھەدەپ كۆككە ئىنتىلەتتى. نەتىجىدە تېز ئارىدىلا ياغاچلارغىمۇ ئوت تۇتىشىپ كەتتى. ئۆگزىلەردىكىلەر ھەدەپ ئاللىقانداق بىر نەرسىلەرنى تاشلايتتى. ئوت يورۇقىدا تامدىكى ئىمىر- چىمىر ئىزلار گاھى تۇتۇق، گاھى ئوچۇق كۆرىنەتتى. بۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى ئىدى.

مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جېنىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغان بولۇپ، ھۇشسىز ياكى يېرىم ھوشسىز ھەمراھلىرىنى دەسسەپ، گويا چىقىپ كەتكىلى بولىدىغاندەك ئىشىك تۈۋىگە تىقىلىشىۋالغانىدى. بولۇپمۇ بۇنداق ئەھۋال چوڭ كامېرلاردا ئېغىرراق ئىدى. ئۇلار كۆپ بولغاچقا جان- جەھلى بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، ئىشكنى ئۆرىگىدەك قىلىشقىنىدا قارشى تەرەپتىكى ئۆگزىگە قورۇلغان پىلىمۇتتىن ئوق ئېتىلىپ، مەھبۇسلاردىن بىر نەچچىسى يىقىلدى. باشقىلار ئوقتىن قېچىپ ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇشتى ۋە شۇئانلا ئېسىگە كېلىپ، كېيىملىرىگە ئوت ياماشتۇرۇۋالغان ھالدا يەنە ئىشىككە ئۆزىنى ئورۇشقا باشلىدى. ھەر بىر ئادەم باشقىلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈشكە تىرىشاتتى ھەم جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرايتتى.

مەمتىلى ئەپەندىلەرنىڭ كامېرىدىمۇ ياش مۇئەللىم، ساقاللىق ۋە كوسا بىر- بىرىنى قىستىشىپ ئىشك تۈۋىگە- باشقىلارنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈۋېلىشقا تىرىشاتتى. نەتىجىدە مەمتىلى ئەپەندى ئەڭ ئارقىدا- ئوتقا يېقىن تۇرۇپ قالدى. يۇسۇپ زىيا ئاللىقاچان قىپ-قىزىل ئوت خامىنى ئىچىدە قالغان، ئۇ ئاللىقاچان ۋارقىرىشتىن توختاپ بولغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى دەممۇ- دەم

ئۆزىگە يامىشىۋاتقان ئوتنى ئالقانلىرى بىلەن بېسىپ ئۆچۈرۈشكە تىرىشاتتى. قالغان ئۈچەيلەنمۇ ئۆزلىرىگە ياماشقان ئوتنى باشقىلارغا تۇتاشتۇرماقچى بولغاندەك ھەدەپ ئۇلارغا يېپىشاتتى. ئۇلار ھەم چىرقىراپ، ھەم ئالدىراپ، تەنتەكلەرچە ھەرىكەت بىلەن ئوتتىن قوتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ سەكرىشەتتى.

— ۋاي، باللىرىم! قانداق قىلارمەن!

— خۇدا!!!!...

— ھۇ،... ھى...

مەمتىلى ئەپەندى ۋارقىراش ۋە يەنە باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمدى جاننى قۇتقۇزۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ھالدا لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە تۇرۇپ، سىرتقا قۇلاق سالاتتى. كۆيىۋاتقان جايلىرىنىڭ ئېچىشىشىغا چىدالماي، بەزىدە ۋارقىراۋېتەتتى. بۇ غالىپلار تۈرمىگە بېسىپ كەلسىكەن دېگەن ئۈمىد بىلەن، پۈتۈن دىققىتىنى تالاغا قاراتقانىدى.

شۇ چاغدا يېقىنلا بىر يەردىن نۇرغۇن ئادەمنىڭ چوقانى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ چىرقىراشلىرى ئىچىدە ئانچە بىلىنمىدى. شۇنداق بولسىمۇ:

— تېز بولۇڭلار! تېز ...ـ دېگەن ئاۋاز خىلى ئېنىق ئىشىلتىلدى. مەمتىلى ئەپەندى خېلى جانلىنىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ كىيىملىرىگە پۈتۈنلەي ئوت تۇتىشىپ بولغانىدى.

قايسىدۇر بىر كامېرنىڭ ئۆگزىسى گۈمۈرلۈپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا يەنە بىر كامېرنىڭ "گۈلدۈر- غالاپ" قىلىپ ئۆرۈلگىنى ۋە مەھبۇسلارنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئۈمىدسىز چىرقىراشلىرى ئاڭلاندى. شۇ چاغدىلا مەمتىلى ئەپەندى ئۆلۈمنىڭ ئاخىرى ئۆزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى. كۆڭلىدىكى بارلىق مۇجمەل خىيال، چېگىش ئويلار ئىچىدىن شىئېرىي مىسرالار ئەپسۇس قىلغاندەك تىزىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ چىشلەپ قانىتىۋېتىلگەن لەۋلىرى سۇس مىدىرلىدى:

مىللىتىمنى جاھان ئارا قىلسام شۆھرەتلىك،

مۇرادىغا يېتەر ئىدى مېنىڭ ئارمىنىم.
كۆپ تىرىشتىم، يالغۇز كەلدىم، بولمىدى ئاخىر،
ئەزرائىلدىن خەۋەر كەلدى پۈتتى دەرمىنىم.
نادانلىق ۋە ئىناقسىزلىق بىزدىكى ئىللەت،
جەننەت ئۈچۈن تامادادۇر تېخى بۇ مىللەت!!

...

ئەمەلىيەتتە، بۇلار ئۇنىڭ يىراقتىكى خىيالى بولۇپ، لەۋلىرىدىكى پىچىرلاش بۇ شېئىرغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ پىچىرلىشى هايات ئۈچۈن بولىدىغان قىيماسلىق، ئىزتىراپ، ئەپغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈلنى خىرە قىلغۇچى پۇشايمان ئامىللىرىمۇ باردەك قىلاتتى. لېكىن، بۇنداق پۇشايمان ھەقىقىي قەھرىمانىدا هامان ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغاندىلا مەيىن سالقىندەك غىل- پالىلا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئەمما بۇنى هېچكىم بىلمەيتتى. بۇ ”سالقىن“ نى پەيدا قىلىۋاتقىنى بولسا هاياتنىڭ هەر بىر مەخلۇق ئۈچۈن تەڭداشسىز قىممەتلىك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يېمىرىلمەس ھەقىقەتلىكىدە ئىدى...

توروستا ئاللىقانداق بىر نەرسە قاراس قىلىپ سۇندى، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك بولۇپ قالدى...

بۇ مۇدهىش ۋەقە هېجىرىيىنىڭ 1365- يىلى رەبىيئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئۈچىنچى كۈنى[1] — شەنبىدىن يەكشەنبىگە ئۆتەر كېچىسى بولغانىدى.

[1] قەشقەرنىڭ يەرلىك ئارخىپلىرى ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتىنىڭ ئارخىپلىرىغا، شۇنداقلا تارىخ ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسىدىكى ئەسلىمىلەردە بىردەك ياۋاغ تۈرمىسىگە ئوت قويۇلۇش ۋاقەسى شەنبىدىن يەكشەنبىگە ئۆتەر كېچىسى دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مىلادىيە 1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگە ئۆتەر كېچىسىدۇر، — ئا.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

1

شەرق ئاسمىنى خىرە- شىرە ئاقىرىشقا باشلىدى. تۇرمە خارابىسى ئالدىدا بىر مۇنچە ئادەم تۇراتتى. بۇلار نىزامىددىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن باشقا مەھبۇسلارنىڭ يېقىنلىرى، بۇندىن باشقا نىمتۇللانىڭ ئەسكەرلىرىدى. بۇ چاغدا ئوت ئۆچكەن بولۇپ، ئاندا- ساندا چوغلارمۇ كۆرىنىپ قالاتتى.

خارابىزالىقتا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئېغىر سۈكۈتتە تۇرۇشىدىن، ئۇلارنىڭ كېچىچە بارلىق ئامالنى قىلىپ كۆرگەنلىكى، بىراق ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. نىمتۇللا ئەسكەر تۇرۇپ كارغا يارىمىغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، سۆزلىيەلمەيتتى. رېھىممۇ قاتىللارنى قوغلاپ بېرىپ ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلگەن ۋە شۇندىن كېيىن ئوت بىلەن ھەپىلىشىپ تۈننى ئۈزىتىپ قويغانىدى. ئەمدى ئۇلار ئابدىنىيازنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

كۆپ ئۆتمەي غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىر ئەسكەر خارابە يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— ئابدىنىياز سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى،— دېدى ئۈنلۈك ھالدا، بۇنىڭ شۇ سۆزى بىلەنلا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى دېققەتكە تۇردى،— تۇمەن بويىغا

يەرلىك قېزىلىپ تاڭ ئاتقاندىلا تۇرمىدىكى شېھىتلەر دەپنە قىلىنسۇن!

— يارامسىزلىقىمىزنى كەچۈرۈڭ، بىز تاڭ ئاتقاندا كېلىمىز،... — دېدى- دە نىزامىدىننىڭ ھەمراھلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئېتىغا مىندى ۋە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ گۆگۈم قوينىغا كىرىپ كەتتى.

— راستىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە رەھمەتلىكلەرنىڭ بېشىغا ئابدىنىيازنى چىقتى دېسىمۇ بولىدۇ،— دېدى شەھەرلىك مويسىپىتلەردىن بىرى.

— قانداق دەيلا؟— ئۇنىڭ ھەمراسى قايغۇلۇق ئاۋازدا سورىدى.

— ئابدىنىياز شەھەرنى ئالدىم دېگىنى بىلەن بەربىر ئۇزۇنغىچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. تېنچلىق بىلەن شەھەر ئالدىم دەپ، زوگۇدىلا دامىغا چۈشتى. ھۆكۈمەت ئۇنى بالىنى ئالدىغاندەك ئالداپ كەتتى. مەن دەيمەن، ئابدىنىياز بۇ ئاقمايدىغان ئىشنى قىلمىغان بولسا، ھۆكۈمەت ماۋۇ ئىشنى قىلمايتتى. بۇلار بىر كۈن بولسىمۇ كۆپرەك ياشايتى.

نىزامىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ يۈرىكىنى زېدە قىلىشنى خاھلىماي، خارابىگە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئابدىراخمان، ئابدىغوپۇرلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېلىھەم بىلىنەر- بىلىنمەس تۇتۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چالما ـ كېسەك دۆۋىسىگە يېقىنلىدى. گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن تورۇسنىڭ توپا، كاكۇلىرى ئىچىدىن چالا كۆيگەن ياغاچ ۋە بادىرىلارنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى.

— ئىزلەپ باقامدۇق، نىزامىدىنكا؟— ئابدىراخمان شائىر شىۋىرلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا مەرسىيە ئاھاڭى باردى.

— ئىزدەپ باقساقمۇ بولاتتى، بىراق، قەيەردىن ئىزدەيمىز؟ بۇ يەردىكىلەردىن قايسى بىرسىنى شۇ دەپ بىلەرمىز؟...— نىزامىدىننىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇرغاچقا ئاۋازىنىمۇ ھازا قوشىقى ئېيتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

بۇ چاغدا باشقا شېھىدلارنىڭ يېقىنلىرىمۇ يىغا- زارە قىلىشىپ ئۆز قېرىندىشىنىڭ جەسىدىنى ئىزلەشكە كىرىشكەندى. ھېچكىم تاڭ ئاتقاندا ئۆز يېقىنلىرىنى ئۇپچى ئايرىپ تۇمەن بويىغا كۆمىۋېتىشنى جاھلىمايتى. مۇشۇ

ئالدىراشلىق ئىچىدە كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ھازىردار ئىكەنلىكىنى ئىپسىدىن چىقىرىپ قويغاندەكمۇ قىلاتتى.

— غېنى بىلەرمىدى، قايسى سولاقخانىدا بولغىنىنى؟— دېدى ئابدىغوپۇرمۇ ھەسرەت بىلەن.

— غېنى بىلەرمىكىن، تاڭ، ئۇنى چارقىرىتىپ كېلەيلىمۇ يا؟ ئۇ قەيەردە تۇرىۋاتىدۇ؟

— ئۇغۇ جانان كوچىسىدا... بىراق ئۇ كېلىپ قالارمىكىن دەيمەن،...نىزامىدىنىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئۆمىسە ئاڭلاندى. چۈنكى تاڭ بارغانسېرى سۇزۇلمەكتىدى. ئۇ بولسا ئىنسىنىڭ جەسىدىنى ئىنىسى- جىنىغا ئۇقتۇرماي ئېلىپ كېتىشنى خاھلايتتى...

— دادا!...

نىزامىددىن ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئارقىدىن چەكسىز خوشال بولدى.

— غېنى؟ بالام، بۇ سەنمۇ؟ بۇنچە ئەتتىگەندىلا كېلىش قانداق ئەقىلگە كەلدى؟

— سىلەرچۇ؟ بۇنچە سەھەردە قەيەردىن پەيدا بولدۇڭلار؟

— بوش گەپ قىل، بالام،... بىز موللىكاڭغا نىجادلىق بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئابدۇنىيازنىڭ ئارقىسىدىنلا شەھەرگە كىرگەنىدۇق... ئەمدى مانا بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ... بىز ئۇنىڭ مۇردىسىنى بولسىمۇ تاپساق، دوست- دۈشمەنىنىڭ كۆزى چۈشكىچە ئېلىپ كەتسەك دەپ تۇراتتۇق...نىزامىددىن بوغۇلۇپ توختاپ قالدى.

— ئاخشام مىلتىق ئېتىلغاندىلا مىش- مىش گەپ تارقالغىلى تۇرغان،— دېدى غېنى، — كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، شۇڭا سەھەردىلا بۇياققا قاراپ چاپتىم...

— موللىكاڭنىڭ قايسى سولاقخانىغا قامالغىنىنى بىلمەي تۇرىمىز، سەن بىلەمسەن؟

— مەن كۆرگەن، نېرىدىن كۆرگەنتىم، توختاپ تۇرۇڭلار،— غېنى باللارچە ھەرىكەتلەر بىلەن ئەتراپىغا زەڭ سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن،—

ھە، بىلدىم، ئاۋۇ ئۆي شۇ، — دېدى غېنى كامېرلاردىن بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇمۇ ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى ئۇگىلاپ ئېسەدەيتتى.

ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئىچ- قارنى بوشىغۇدەك، ۋارقىراپ يىغلاشنى ئىستىسمۇ نىزامىددىن ئۇلارنى ئېھتىيات قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغاچقا، ھەممەيلەن ئىچىدە ھەسرەتلىنىش بىلەن چەكلەندى.

— ئابدۇنىيازلارنىڭ بۇ ئىشىمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ، شىڭ دېگەن مۇناپىق بۇلارنىمۇ يوقىتىۋېتىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئىشەنچلىك تېرىكىمىز يوق. بۇلارنى باستۇرۇپ بولغاندا خاپىلىق تارتماسلىق ئۈچۈن مەمتىلىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەتكىنىمىز شەپىسىز بولغىنى ياخشى. كىم بىلىدۇ،...— ئۇ ھەمراھلىرىنى باشلاپ ھېلىقى كامېرغا يېقىنلاپ كېتىۋېتىپ پىچىرلايتتى.

ئۇلار دەرھال تۇرۇستىن چۈشكەن توپا- كاكىللارنى كولاپ، جەسەتلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. بىراق، جەسەتلەرنى تونىغىلى بولمايتتى. بەزى جەسەتلەر ساقراق بولسىمۇ يۈزىنى تونىغىلى بولمايتتى. بەزىلەرنىڭ بىرقولى ياكى بىر پۇتى ئېغىرراق كۆيگەن، بەزىلىرى تامامەن كۆيۈپ كىچىكلەپ، قورۇلۇپ قالغانىدى. بۇلار يەنە جەسەتلەرنى كولاپ چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە تىڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— تونىغىلى بولمىسا نېمە قىلغۇلۇق ئەمدى؟

— شۇنى دەيمەن...

غېنى بالىلارغا خاس زېرەكلىك بىلەن جەسەتلەرنىڭ پۇتىغا زەڭ سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدە كۆڭۈلگە پۈككىنى بار ئىدى. ئۇنىڭدا ھەم بالىلارغا خاس زېرەكلىك، ھەم يىگىتلەرگە خاس جىگەر بار ئىدى. (چۈنكى بۇ دەل مۇشۇ ئىككى دەۋر چېگرىسىدىكى ياشتا ئىدى). ھازىرقى جىددىيلىك ھەممىنى بېسىپ چۈشكەچكە قورقۇش يادىغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆيۈپ غەلىتە شەكىلگە كىرىپ قالغان بۇ جەسەتلەر يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، كىشىنى قورقۇنچقا سالمايتتى.

— قارا، دادا، مانا مۇشۇ جەزمەن موللىكام! — دېدى غېنى بىر جەسەتنى كۆرسىتىپ، بۇ جەسەتنىڭ ئوڭ پۇتى كۆيۈپ يىغىلىپ قالغان، سول پۇتى توپا ئاستىدا بېسىلىپ قالغاچقا ئانچە كۆيمىگەن، ئەمما توپىغا كۆمۈلۈشتىن

ئىلگىرى تېرىسى كۆيۈپ كەتكەچكە شەلۋەرەپ كەتكەنىدى. يۇقىرىقى قىسمى بولسا ئادەم جەسىتىگە ئوخشىماي قالغانىدى.

— قانداق دەيسەن، بالام؟ قانداق بىلدىڭ؟— نىزامىدىن تەقەززالىق بىلەن سورىدى.

— مانا ئەمەسمۇ، موللىكامنىڭ پەتىنكىسى، ئاۋۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ ھېلىقى ئىزچى سەندىلىنى ئېلىپ كېتىپ، بۇنى ئەپكېلىپ بەرگەن. ئۆزۈڭمۇ تونۇيسەنغۇ، بۇنى.

— راست، شۇدەك تۇرىدۇ. بۇ مەتىلىنىڭ تۇركىيىدىن كېيىپ كەلگەن پەتىنكىسى. ئەمما باشقا ئادەم بولۇپ قالسىچۇ؟

— ياق، مۇشۇ ئەپەندى بولسا كېرەك،— دېدى ئابدىراخمان قوشۇلۇپ،— بۇنــداق ئايــاغنى كىيىــدىغانلار كــۆپ ئەمەس، ئەپەنــدى ئارىلىــشىدىغان زىيالىيلارنىــڭ ئىچىــدىمۇ بۇنــداق ئايــاغنى كەيگەنلەرنــى كــۆرگىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.

نىزامىددىن ئەمدى پۈتۈنلەي ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. چۈنكى بۇ زاماندا بۇنداق يېڭى پاسوندىكى ئاياغنى كىملەر كىيەتتى، دەيسىز؟ شۇڭا ئەمدى يەنە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى.

— ئەمىسە چاپسانراق مىدىرلاڭلار، باللار، ئېلىپ كېتەيلى،— دېدى ئۇ، ئېسەدەپ تۇرۇپ، ئۇ شوخ ھەم تىنىمسىز بىر ئىنسانىنىڭ چالا كۆيگەن كــۆتەكتەك ھــالەتكە كېلىــپ قالغــانلىقىنى زادىــلا يــۈرىكىگە پاتقۇزالمــاي قالغانىدى.

ئابدىراخمان ئۆزىگە خاس چېچەنلىك بىلەن چالا كۆيگەن پادرىدىن ئىككى تالنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئابدۇغوپۇرنىڭ چەكمەن چاپىنىدا ئاددىيغىنە جىرغا ياسىدى. ئۈستىگە نىزامىددىن ئۆزىنىڭ چاپىنىنى ياپتى.

ئۇلار ئالدىرىغىنىچە خارابىلىقتىن ئايرىلىپ، قۇياشنىڭ دىسلەپكى نــۇرلىرى بۇلۇتلارنىــڭ بىــر تەرىپىنــى قىزارتقــان مەھەلــدە ھەزرەت يولىغــا چۈشۈۋېلىــشقا ئۈلگۈرگەنىــدى. بــۇ چاغــدا تېنچلىــق ئەسلىــگە كېلىــپ، تىرىكچىلىك ھەرىكىتىمۇ ئىزىغا چۈشكەنىدى. بۇ مىلادىيە 1937- يىلى 30- ماينىڭ پاجىئەتلىك تېڭى ئىدى.

نىزامىددىنلار يات ئادەملەرنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھارۋا يالغۇزلۇقلاي پىيادىلا ماڭدى. ئۇلار ”ئىت يولى“ غا كەلگەندە پىشىم بولغانىدى. ئىت يولى ئېغىزىدىن چىقىدىغان يەردە توختىدى. كۈندۈزى ئاتۇشقا بارغىلى بولمايتتى. مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتمەكچى بولۇشۇپ، جەسەتنى بىر دالدىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى يىراقراقتا ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئولتۇرۇشتى...

2

ياۋاغ تۈرمىسىنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكى ھەش- پەش دېگۈچىلا يىراق- يېقىنغا ئاڭلاندى 30- ماي ئەتىگىنى خارابىلىققا يەنە نۇرغۇن ئادەملەر توپلاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەرھۇملارنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن باشقا، ھەرھۇملار تونىمايدىغان، مۇناسىۋەتسىز قىزىقچىلارمۇ بار ئىدى.

ئاتۇشتىنمۇ نۇرغۇن ئادەم كەلدى. بۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك تەربىيىسىنى ئالغان بارلىق ئوقۇغۇچىلار، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىدا شىپالىق تاپقان كىشىلەر، ھەمدە ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشكەن باشقا كىشىلەر ئىدى. سابىت قەشقەرگە جابدۇنۇپ ئېشەك توقۇپ چىققاندا ئابلەق ئۆزىنىمۇ ئالغاچ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. سابىت ئۆزىگە خاس تەمتىرەش بىلەن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ئابلەقنىڭ دادىسى ئەبەيدۇللا ئۆيدىن چىقىپ قېلىپ:

— سابىت، ئىنىم، ئېغىر كەلمىسە ئېلىۋېلىڭ، بۇ ياخشىلىق قىلغان ئادىمىنىڭ ياتقان يېرىنى كۆرۈپ كەلسۇن، ئۇلاغ يوق بولۇپ قالدى، بولمىسا بالامنى ئېلىپ ئۆزۈم باراتتىم،... — دېدى قايغۇلۇق ئاۋازدا.

سابىت ئابلەقنى ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلدى. دادىسى بالىنى سابىتنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ قويدى. ئۇلار قۇمالتاغ يولى بىلەن مېڭىش ئۈچۈن سۇنتاغقا كەلگەندە يول بويىدا تۇرغان پاشاخاننى كۆرۈپ، سابىت ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇنىڭغا دەرت- ئەلەم ئارتقان ئۆگەي

ئانا- دە! لېكىن كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئايال ئۇنىڭغا نورمال سالام قىلىپ، ئۇنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشمەكچى بولغاندەك ئۇرۇنۇشلاردا بولۇپ يۈرەتتى. بىراق سابىت گۇمانخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ يەنە بىرەر شۇم غەرىزى بارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرەتتى.

— ئەسسالام، سابىت، ياخشىمۇ سىز، ئۇكام؟ — دەپ سالام قىلدى ئايال قايغۇلۇق بىر تۇستە، — شەگە ماڭدىڭىزما؟ يولدا قاراپ تۇرىمەن، ئايال خەقلەردىنمۇ باردىغانلار چىقىپ قالسا قوشۇلىۋالاي دەپ، ھېلىغىچە خوتۇن كىشى ئۆتمىدى، ئا ئەدەم نۇرۇللا بىلەن جابدۇۋاتىتى، مەن ئالدىرتاي، جىندەك تەخىر قىلسىڭىز ھەمرا بولارسىلە، — ئايال سابىتنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ سەپەرگە چىققان ئادەمنى ئاۋارە قىلماي دەپ ئىككىلىنىپ، تېزلا ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

— قېنى سىلە، — ھويلىدىن ئۇنىڭ سەمەدكە سۆزلىگىنى ئېنىق ئاڭلىناتتى، — نېمانداق لۆمشۈيدىغاندۇ، چاققانراق بولۇڭلا، سابىت ئىشكتە ساقلاپ تۇرىدۇ، بىللە مېڭىڭلا، ھەمرا بولۇشۇپ،...

بىر كەمدە سەمەد ئېشەكنى يېتىلەپ ھويلىدىن چىقتى. ئۇلار ئاۋازلىرىمۇ ئانچە ئىشتىلمىگۈدەك پىچىرلىشىپلا سالاملاشتى. ھېچكىم نەگە، نېمىگە ماڭغانلىقلىرىنى سوراپ ئولتۇرمىدى، سوراشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. سەمەد ئېشەككە مىنىۋالغاندىن كېيىن نۇرۇللانىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىشكە ياردەملىشىۋاتقان ئايال:

— بالا ئەگىشىپ خاپا قىلىۋەتتى، تالاشماي ماقۇل دەپ ئاپىرىڭلا دېسەم ما ئەدەم رەج ئۇقماي تالىشىپ،... ئاينا قاراڭلا، سابىتنىڭ ئارقىسىدىمۇ تۇرمامدۇ بۇنىڭدەكتىن بىرسى، — پاشاخان ئۆزىنىڭ ئەمدى ياخشى ئانا بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپات قىلماقچى بولغاندەك نۇرۇللاغا كۆيىنىپ، پەپىلەپ قويدى ئاندىن ئەركەكلەرگە، — خۇدايىمغا ئامانەت، ئەمىسە، — دېدى.

ئىككەيلەن ئېشەكلىرىنى تېقىمى بىلەن نىقتىشى بىلەنلا، ئېشەكلەر يولغا چۇشۇپ يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئىككى چوڭ كىشىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى بالا ئېشەكلەر گاھى- گاھى ياندىشقاندا بىر - بىرىگە ئاللىقانداق ئىشارەتلەرنى قىلىشىپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ قويۇشاتتى.

ئۇلار قۇمالتاغ يولى، ئىت يولىدا پىيادە، ئېشەكلىك بولۇپ قەشقەرگە قاراپ كېتىشىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بەشكىرەمدە ئۇچرىشىپ يوللىرىنى بىللە داۋام قىلىشتى. بۇ يەردە كاتتايلاقتىن كېلىۋاتقان توپتا موھەممەد دامولللا، موللاق چەكەدى ۋە ھەمرالىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. توپلانتىلاردا پات ـ پات بۇچرىشىپ تۇرغاچقا مۇھەممەد داموللا سابىتنى تونۇيتى، ئۇ ھەمرالىرىنى بۇنىڭغا تونۇشتۇردى. سابىت جىمخور بولغاچقا ئانچە بەك پاراڭ قىلىشىپمۇ كەتمەستىن قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتى.

خارابە ئالدىدىكى كىشىلەر توپىدا ئابلەق سابىتنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە مەسۇم ۋە سەبى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ كامىرلار تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىر نەچچىسى كامىر تاملىرىدىكى شېئىرلارنى كۆچۈرۈۋاتاتتى. سابىتنىڭ يېنىغا بىر ئەسكەر قىستالدى. سابىت بۇرۇلۇپ قاراپ نىمتۇللانى تونۇدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا رېھىممۇ بار ئىدى. سابىت نېمە دەپ گەپ باشلاشنىمۇ بىلمەستىن تەمتىرەپ تۇراتتى، نىمتۇللا:

— بايراق ھەممە جەسەتلەرنى تۇمەن بويىغا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتتۇق. ئەپەندىنى تونىيالمىدۇق... بەلكىم شۇلارنىڭ ئارىسىدا باردۇر،... — دېدى.

رېھىمنىڭ كۆزىدىن بىر نەچچە تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. ئۇ ياش بىلەن پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئابلەقكە ئېگىشىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرغان شەھەر پۇقرالىرىدىن بىرى يېنىدىكى كىشىگە:

— مەن ئەپەندى دېگەنلەر بىلەن تونۇشمايمەن، ھەم ئارىلاشمايمەن، شۇنداق بولسىمۇ يۇرىكىمدىن چىقمايدىغان بىرئىش بار. ئەخمەت ئەپەندى دېگەن بىرسى مەن بىلەن تام قوشنا ئىدى. ئۇ كىشى تۈركىيىدە ئوقۇپ كېلىپ ئىككى ئۈچ يىغلىچە مۇئەللىم بولۇپ يۈرگەنىدى. ئۇ چاغلاردا بىز ئۇنىڭ تۈرك خوتۇنى بارىمىش، تۈركىيىدە قاپتىمىش دەپ ئاڭلايتتۇق، دېمىسىمۇ شۇ چاغدا ئۇ بويتاق ئىدى. قارىماملا، بۇ كېلىشمەسلىكنى، ئەجىلى سۆرىگەندەك ئەخمەت ئەپەندى قولغا ئېلىنىشتىن ئىككى ھەپتىچە ئىلگىرى ئۇنىڭ خوتۇنى بىر بالا بىلەن كېلىپ قالدى. ئاڭلىساق، بۇ ئايال ئەخمەت ئەپەندىنى قىچقىرىپ قېشىغا ئاپىرالمىغاندىن كېيىن ئوغلىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئايالى

شۇنداق كېلىشكەن، ئوڭلۇق ئايال ئىكەن (شۇغىنىسى يۈزىنى ياپماپتىكەن)، تۆرت ياشلاردىكى ئوغلىمۇ شۇنداق ئەقىللىق،... ھەي، كۆرمەملا، بۇ ئەخمەت ئەپەندى دېگەن قوشنام يۈسۈپ زىيا، مەمتىلى تەۋپىق، قۇتلۇقھاجىم شەۋقى، مامۇت سىجاڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر كېچىسى قوشنامنى خوتۇن بالىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقان گەپ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بىچارە ئايال ئېرى بىلەن مېڭىشقا رازى ئىكەنلىكىنى، ئەمما كىچىك بالىنى بىرسىگە بېرىپ مېڭىشنى سوراپ شۇنچە يالۋۇرسىمۇ كاساپەتلەر ئۇنىماي ئېلىپ كەتتى، كۆرمەملا، مۇشۇ ئەسكى تاملىقتا ئاشۇ كىچىك بالا ئانىسى بىلەن دادىسى ئارىسىدا كەتكىنىگە يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، دېسىلە، ماڭا بەرگەن بولسا جان دەپ بېقىۋالاتتىم، بەكلا ئوماق بالا ئىكەن،... ئۇچارمەن قۇشتەك پاك بىر ناراسىدىدە نېمە گۇناھ دەيمەن...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغانلاردىن كىمدۇر بىرى ئۆزىنى تۇتالماستىن ئېسەدەپ كەتتى. يەنە بىر كىشى بولسا كېچىسى تۈرمىگە ئوت قويۇلغان چاغدا ئۆيدە يېتىپ ئاڭلىغان نالە- زار ھەققىدە ئېچىنىپ، شۇنداقلا قىزىق قىلىپ سۆزلەيتتى.

— يا، پەناھ، ئادەم دېگەننىڭ ئۈنىمۇ شۇنداق يامان بولىدىكەن، قۇلاق مېيىمنى يەپلا بولدى! ئويلاپ باقماملا، تىرىك تۇرۇپ دوزاقتا كۆيسە كىم ۋارقىرىمايدۇ؟ قاچاي دېسەڭ تۆرت تام! تووۋا دەيمەن، پىتنى تۇتۇۋېلىپ ئوتقا تاشلىسا ”پاڭ“ قىلىپ ئېتىلغاندەك ، ئادەممۇ ئوتتا كۆيسە ھەيۋەت ئېتىلىدىكەن! ئادەملەرنىڭ ”پاڭ“ قىلىپ يېرىلغانلىقلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ئادەملەردىن ئاڭلىدىم. ...ئەمدى مېنىڭ خېلى بىر زامانغىچە ئۇيقۇم كەلمەيدىغان بولدى، دېسەم ئىشەنمەيسىلەر، قىيامەت!.... — سابىت بۇ پاجىئەتنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاشنى خالىماي، ساۋاقداشلىرى، ئەسكەرلەر بىلەن خوشلىشىپ مېڭىشقا باشلىۋېدى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يەكەن تەلەپپۇزى بىلەن سالام قىلدى، ئۇنىڭ قېشىدا ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغول بالىمۇ بار ئىدى.

— بالام،— دېدى سابىتلارغا قاراپ،— سىلىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن - يا؟ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىلا، بىر ئىشنى سوراي دېگەنتىم...

— قېنى سوراڭ،تاغا،— دېدى سابىت تەمكىنلىك بىلەن.

— مەمتىلى ئەپەندى تەۋپىق دەيدىغان بىر تۇنۇشۇم بار ئىدى. ئۆزى ئاتۇشتىن ، ماۋۇ خەق، شۇ ئادەمنى مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ قالدى دەيدۇ ـ يا؟ ئۇنداق ئەمەستۇ؟

سابىت ھەيران قالغان بولسىمۇ راستىنى ئېيتتى:

— راست،تاغا، دۈشمەنلەر ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاڭلىساق ئەسكەرلەر تۇمەن بويىغا كۆمۈپتىمىش... دېھقاننىڭ ئۇنىڭسىزمۇ تىترەپ تۇرغان، كۆكۈرۈپ كەتكەن لەۋلىرى تېخىمۇ ئۆمچىيىپ، بالىسىغا قاراپ يىغلىۋەتتى:

— مۇساپىر بولۇپ قالدۇق، بالام! ئەمدى سېنى كىمگە تاپشۇرامەن، بالام! ئەپەندى داداڭ تۇگەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، ئەجەپ ئالدىڭ قۇرۇق، تەلىيىڭ يوقكەن سېنىڭ ... — سابىتلار بوۋايغا تەسەللىي ئېيتىپ، ئۇنى تەستە توختاتتى. سابىت ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟بۇ بالىچۇ؟ ئەپەندىنى قانداق تونۇيسىز؟

— ۋاي نېمىسىنى ئېيتىلا، ئىنىم،— دېدى دېھقان،— بىر يىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھەمراللىرى بىلەن ئەخمەت ئەپەندى دېگەنلەر بىلەن تۇركىيىدىن كېلىۋاتىمەن دەپ كېلىۋاتقانىكەن، مەن قېيىقچىدىم، يەكەن دەرياسىدىن ئۇلارنى ئۆتكۈزۈپ قويغاچ تونۇشۇپ قالغان. شۇ چاغدا ئۇلار بىزنىڭ ئۆيدە خېلى ئولتۇرۇشقاندى. شۇندىن بېرى ئانىسى قۇرغۇر مۇشۇ بالىنى — بۇ مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم سۇلايمان— ئەپەندىگە ئاپىرىپ بەر، شۇ ئادەم ئۆزى ئوقۇتسۇن دەپ تىنچىتمىدى. ئۆزۈمنىڭمۇ ئەكەلگىم بار ئىدى. ئەمما بالا كىچىكرەك، ئەپەندىنى ئاۋارە قىلىپ قويمىسۇن دەپ، باشتا ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ بازىرىدا ئىمىن بەگنىڭ ھويلىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقانىدىم. قالغىنىنى مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇتۇپ، ئۆزىدەك ئادەم قىلسۇن دەپ ئېلىپ كەلسەم، بۇ نېمە خاپىلىق؟ بۇ نەس كۇندە كېلىپ قېلىشىمنى كىم بىلىدۇ؟ نەچچە كۈن نوۋېشىدا يۈسۈپ زىيا ئەپەندىنى ئىزدەپتىمەن؛ نەچچە كۈن دارىلمۇئەللىمىنگە قاتراپ ئەخمەت ئەپەندىنى ئىزدىدىم، ھېچقايسى يوق، خەقتىن سورىسام ئالىيىپ قارايدۇ. كېيىن سوقۇش بولۇپ كېتىپ يۈرىكىمنى ئالدى. مانا ئەمدى بۇ كۆرگۈلۈك بوپتۇ...

سابىتنىڭ دېھقانغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا سۇلايمانىنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ئۇكام، سەن ئەپەندى داداڭنى ياخشى كۆرەتتىڭمۇ؟— دەپ سورىدى.

— مەن دېگەن ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشقان،— دېدى سۇلايمان بالىلارچە سەبىيلىك بىلەن.

— ئوھ، — دېدى سابىتنىڭ يېنىدىكى ئابلەق،— ئەپەندى مېنىڭمۇ دوستۇمتى، مەن بىلەنمۇ دوست بولغان!

— مەنمۇ... — دەپ ئۇن قاتتى نۇرۇللا، — ئەپەندى دادام ماڭا يامان ئامراقتى...

سابىت بالىلارنىڭ ساددىلىقىدىن ئۆزىنى ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ يىغىغا باشلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنى تەستە باستى - دە:

— تاغا، بىزمۇ شۇ كىشىنىڭ شاگىرتلىرى، بولمىسا سۇلايماننى بىزگە بېرىڭ، ئەگەر ئىشەنسىڭىز،...- دېدى سابىت قولى يانچۇقىدا ھامان غاڭزىنى سىقىمداقلىق ھالدا.

— ئەمدى، ...ئەمدى، ئانىسى مەمتىلى ئەپەندىگە بەر دېگەنىدى،...- دېدى بۇ خىيالچان بولۇپ، بىر تەرەپتىن كۆزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مەن كېتەي، ئۇكام سىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتىكەنلا- دە!؟ شۇڭىمۇ ماڭا تونۇشتەك كۆرۈنۈپتىكەنلا ...ئادەمنىڭ باغرى تونۇيدۇ دېگىنى راستكەن... ياكى سىلىنى نوۋېشى مەكتەپتە كۆرۈپمىدىمكى؟ بۇلتۇر ئەتىيازدا بىر قېتىم كەلگەنتىم، شۇڭا دەيمىنا...

بوۋاي ئەمدى بۇ يەردە تۇرغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، كېتىپ قالدى.

سابىتلارمۇ مۇھەممەد داموللا ۋە ھەمرالىرى بىلەن خوشلىشىپ، تۈرمە خارابىسىدىن ئايرىلىپ، ئېشەكلىرىنى تېپىشقا ئالدىرى. پەقەت ئابلەق بىلەن نۇرۇللالا ”دوستىنىڭ دوستى“ كېتىپ قالغان تەرەپكە قىيالماسلىق تۇيغۇسىدا پات- پات قاراپ قويۇشاتتى.

# 3

شۇ كۈنى كېچىسى نىزامىدىنلار بويامەتكە كەلدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن زورىخانىنىمۇ، بالىلارنىمۇ ئويغاتمىدى. بوياقخانىدا ئىشلەيدىغان ئىمكارلاردىن تاشمەت، ئىگەمبەردىلەرنى ئاچيارغا يېقىن جايدىكى قەبرىستانلىقتىن— ئاتا ئانىسىنىڭ قەبرىسى تۇۋىگە مەرھۇم ئۈچۈن يەرلىك كولاشقا بۇيرىدى.

ئۆزى قالغانلار بىلەن مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تېز پۈتتۈردى.

تاشمەت بىلەن ئىگەمبەردى يەرلىك پۈتكەنلىكنى خەۋەر قىلىپ كىرگەندىن كېيىن سەككىزەيلەن نىزامىددىنىنىڭ ئىماملىقىدا مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مۇردىنى ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلدى. باشقىلار گۇمان قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قەبرە ئۈستىگە بىر تالمۇ كېسەك تىزماي، پەقەت كىچىكرەك بىر دۆۋە توپا دۆۋىلەش بىلەن بولدى قىلىشتى. بۇ كىچىك توپا دۆۋىسىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتى، مەشھۇر پېداگوك، شائىر، كومپوزىتور، ناتىق ۋە جامائەت ئەربابىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئۇلار بۇ ئۇن- تىنسىز دەپنە مۇراسىمىنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كىرىشتى. نىزامىددىن شۇندىلا دوستلىرىغا:

— ئىنىم ھۆكۈمەتنىڭ دۈشمىنى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئابدىنىيازلار شەھەرنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈت تېرەپ تۇرۇشىغا ئىشەنچ يوق. شۇڭا ئىنىمنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كەلگىنىمىز مۇشۇ سەككىزەيلەن ئىچىدە قالىدىغان مەخپىيەتلىك بولسۇن. مەرھۇمنىڭ ھەققى- ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ سىرنى ساقلاشقا ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلايلى... — دېدى. ئۇلار بۇ سىرنى مەڭگۈ ئېيتماسلىققا قەسەم قىلىشتى.

نىزامىددىن غېنىغا تاپىلاپ:

— ئەگەر بىر كۈنلىرى بىزنىڭ زامانىمىز كېلىپ قالسا، سەن شۇ كۈنلەرگە ئۈلگۈرسەڭ، شۇ چاغدا بۇ سىرنى ئاشكارىلىساڭ بولىدۇ، بۇ ساڭا

ئامانەت... — دېدى.

بۇ ئىش شۇ كېچىسى جىمجىتلا تۈگىدى. ھەممە كىشىلەر ”مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلارنى ياۋاغ تۈرمىسىدە كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، تۇمەن دەريا بويىغا چامغۇر ئورىسىغا ئوخشاشلا قىلىپ، ئۇزۇن بىر قېرىمچە كولاپ، ھەممە جەسەتنى شۇ يەرگە كۆمۈۋېتىپتۇ“ دەپ بىلىشتى.

*

**

ئەتىسى (31- ماي) نىزامىددىنىنىڭ يۈركى قايغۇ-ھەسرەتتىن ئېزىلىپ، زادىلا چىدالمىغاچقا، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئاتا- ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىماقچى بولغاندەك قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى. يېڭى قەبرە ئاتا- ئانىسىنىڭ قەبرىسى تۈۋىدە بىلىنمەس دەرىجىدە تۇراتتى. ئىيۇن ئېيى كىرىپ قىلىۋاتقاچقا ھاۋا قىزىپ كەتكەنىدى. شۇڭا يېڭىلا قېزىپ چىقىرىلغان بولۇشىغا قارىماي قەبرە ئۈستىدىكى كىچىك توپا دۆۋىسى بىردەمدىلا ئاقىرىپ، ئۆزىنىڭ يېڭىلىقىنى يوقاتقان، ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھىدىكى بارلىق چوڭ- كىچىك توپا دۆۋىلىرى ئىچىدە بىلىنمەس بولۇپ قالغانىدى.

يىراقتىن ئاشۇ ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بوزاڭ توپىلىق قەبرىستانلىق كۆرۈنۈشى بىلەنلا نىزامىددىنىنىڭ يۈركى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جۇشقۇن، روھلۇق مەمتىلى ئەپەندىنى ئاشۇ جىمجىتلىق باسقان، قاغجىراپ ياتقان، ئاپتاپ تەپتىدە ئۈستىدە ئالۇۇن لىپىلداپ تۇرغان جايغا كۆمۈۋەتكەنلىكىگە ئىشەنگىسى كەلمەيتى. ئاخشامقى رېئاللىقنى ئويلىغىنىدا بولسا يۈركى پىچاق تىققاندەك بولۇپ كەتتى.

ئۇ قەبرىگە يېقىنلاشقاندا يېڭى قەبرە ئۈستىگە قونۇپ ئولتۇرغان سانى كۆرۈپ قېلىپ يۈركى نامەلۇم شۇملۇقنى سەزگەندەك دۈپۈلدەپ كەتتى ھەم قاتتىق غەزىپى كەلدى. ئۇ يەردىن بىر تال قاق چالمىنى ئېلىپ غەزەپ ۋە نەپرىتىنى قوشۇۋەتكەندەك كۈچەپ ئېتىۋېدى، سا لىككىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ،

لەرزان قانات يايغىنىچە ئاچيار تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى.

نەزمە:

يەر پوستىنى كۆتەردى نەچچە،
ئەمما يېرىپ چىقمىدى ۋولقان.
يا ماگمىنىڭ هارارىتى پەس،
يەر پەردىسى قېلىن يا چەندان.
ئەمما تېنچسىز يەنە بۇ زېمىن،
چۈنكى باردۇر قوينىدا ماگما.
ماگما، ماگما، قايناپدۇ بىر كۈن،
زېمىن يېرىپ ئاتىدۇ لاۋا!...

1987- يىلى نويابىردا بىرىنچى
ئارگىنال پۈتتى، ئاتۇش - شورۇق.

# تۈگىدى

# رومانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز سۆز

بۇ رومان ھەققىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇر 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا يانۋارنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە — ئۇزاق كېچىلەردە تۈن يېرىمىغىچە داۋام قىلىدىغان ئوچاق تۈۋى سۆھبەتلىرى بىلەن تۇغۇلغان ئىدى.

ئالدىنقى بىر ئەۋلادنىڭ كەچمىش ھېكايىلىرىدىن بىر رومان يېزىش ئارزۇسى بىلەن باشلانغان گەپ كوچىلاشنىڭ نەتىجىسى ھامان بىر نۇقتىدا توپلىنىۋەردى: ھەر پىشقەدەم ئۆتمۈش ھېكايىلىرىنى تىلغا ئالغان ھامان مەمتىلى ئەپەندى دېگەن ئىسىمگە كەلگەندىلا سۆھبەتتى قىزىيتتى؛ كۆزىگە ياش ئالاتتى؛ ھاياجانلىناتتى؛ كۈلەتتى؛ جانلىنىپ، شوخلىشىپ كېتەتتى؛...

ئەجەبا بۇنچە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئادەم كىم ئىدى؟ بۇ سوئال بىلەن يولغا چىقىپ، مەخسۇس ئۇ توغرۇلۇق ئېنىقلاشقا كىرىشكەندىم. ئۇنىڭ ھاياتىنكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن مەن كۆرۈشمىگەنلەر يوق دېسەممۇ لاپ بولمىغۇدەك يۇرت كەزدىم. تارتىنچاقلىقىمغا قارىماي، بۇ ئىش ئۈچۈن ناتونۇش ئىشكلەرنى قېقىۋەردىم. ھېكايىلارنىڭ ھەممىسى تۈگىدى دەپ، ئۇنى رەتلەشكە، ئاچىماق تەپسىلاتلارنىڭ بىرسىنى راست قىلىپ بېكىتىشكە باشلىغان ھامان يېڭى ۋە تېخىمۇ جەلپكار سوئاللار تۇغۇلۇپ، دۆۋە-دۆۋە ماتېرىياللارنى تاشلاپ، يەنە يۇرت كېزىشكە، كىتاپ كۆرۈشكە، ئارخىپلارنى ۋاراقلاشقا باشلايتىم.

خەيرىيەت، 1985- يىلى ياز ئاخىرلىرىدا مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن كەزگەن قەشقەر ئەتراپىنى كېزىشكە قارار قىلدىم. سەپەر پەسلىمىز ئوخشاش ئىدى. كۆرگەن مەنزىرىلىرىمىزمۇ ئوخشاش بولىشى تەبىئىي ئىدى. سەپەر لېنىيىمىزمۇ ئوخشاش ئىدى. مەن ھېكايىلارگە ئاساسەن سىزىپ چىققان سەپەر خەرىتىسى بىلەن يۈرۈشكە ئاتلانغان ئىدىم. (ئەپسۇسكى، بۇ خەرىتە كىتاپقا بېرىلمەپتۇ).

يەنە يېڭىلىقلار تۇغۇلۇپ، يەنە پىلانلىرىمدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلاتتى.

ھەتتا تەييارلىقلىرىم ئىچىدە شۇمۇ بارىدىكى، ئەللىك يىللىق ھىجىرىيە مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلىنى ئىشلىدىم. بۇ بەزى ھىجىرىيە ھىسابىدا بېرىلگەن كۈنلەرنى مىلادىيىگە سېلىشتۇرۇپ روبىرو قىلىش، بەزى تارىخىي كۈنلەرنىڭ ھەپتە كۈنلىرىنى ئېنىقلاش قاتارلىقلارغا كېرەك ئىدى. ھېچنەرسىنى «رومان بولغاندىكىن» دەپلا «يوتىغا ئۇرۇپ» تېپىش مېتودى بىلەن قىلغۇم كەلمىدى. چۈنكى بۇ مەن قايتىدىن ياراتماقچى بولىۋاتقان ئوبرازنىڭ روھىيىتىگە خىلاپ بولاتتى. مەمتىلى ئەپەندى، دېگەن ھامان مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ياش كېلىدىغان دەرىجىدە بىر مۆھەببەت قەلبىمدە باش كۆتەرگەن ئىدى. ئۇ گويا مېنىمۇ ئوقۇۋتقان ئىدى. تارىخىي ئەسلىملەردىكى يىل، كۈنلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن، شاھىدلارنىڭ ھېكايىلىرىغا سېلىشتۇرۇشنى يېتەرلىك دەپ قارىماي، يەرلىك ئارخىپلارنى تەكشۈردۈم. بىر چىسلا ھەققىدە ئايلارچە ئىزدەنگەن چاغلىرىم بولدى. ھەتتا شۇنىڭدىنمۇ قورقۇشقا باشلىدىمكى، خۇددى ھەممە يەردە مىكروپ بولىشىنىلا ئويلايدىغان ئەستايىدىل توختۇر تاماقلاردىن شەكلىنىپ ئاچ قالغاندەك، ھەددىدىن تاشقىرى ئەستايىدىللىق تۈپەيلى كىرىپ قالغان بۇ ماتېرىيال جاڭگىلى ئىچىدە ئېزىقىپ، بۇ قەدەر كۆپ خىل، ھەم ھەجىمىمۇ ئون مىڭلارچە بەت كېلىدىغان نەرسىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي، يازماقچى بولغان كىتاپنى يازالمايلا كېرەكتىن چىقىدىغاندەكلا ئىدىم.

1987 - يىلى باھاردا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كىتاپنى يېزىشنى قولۇمغا ئالدىم. باشقا ئۆزگىرىشلەرنى يېزىش جەريانىدا تولۇقلارمەن دېدىم. باشلىمىسام ماتېرىيال بىلەنلا ئۆمرۈم ئۆتكىدەك. ھەر سۆھبەتدىشىم كوچىلاردا ئۇچراشسىلا، «قېنى كىتاپ؟ تېخى پۈتمىدىما؟» دەپ سوراپ خىجالەت قىلاتتى. ئۇلار يېقىندىلا چىقىدىغاندەك كۈتىۋاتقان كىتاپقا تېخى قەلەم تەۋرىتىلمىگەنلىكىنى ئۇقسا، مېنى مۇتلەق تۈردە مەسخىرە قىلماي قالمايتى. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەرھال باشلىماي بولمايتى.

بۇ كىتاپ تارىخىي چىنلىققا قانچىلىك ئۇيغۇن؟

ئاساسىي قەھرىمانلار تۇگۇل، تاسادىپەن ئىسمى يولۇقۇپ قالىدىغانلارغىچە ھەممىسى دېگۇدەك تارىخىي شەخسلەر دېسەم ئىشىنەمسىز؟ مەسىلەن:

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى بىلەن سەپەردە ئۇچراشقان ئۇزاق يېزا-سەھرالاردىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئىسمى، ئىش- ھەركىتى توقۇپ چىقىرىلمىدى. ئاشۇلارمۇ رېئال شەخسلەر ئىدى. پەيزىۋاتتا ۋە پەيزىۋاتقا قاراشلىق يېزا-كەنتلەردە ئۇچراشقان، كۆتىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئىسمى بىلەن رېئال كىشىلەر بولۇش بىلەنلا قالماي، نۇرغۇن ئۇششاق ئىش-ھەركەتلەر؛ مەسىلەن: بۇلاقسۇ (بۆرىختاي) ئەتراپىدا بوراندىكى ئېزىپ كېتىش، ئاقتۇ ئۇۋمىنىڭ قونىسىق دېگەن يېرىدە كۆجە بىلەن مېھمان بولغانلىقى، ئوپالدا سۇلايمان قازىھاجىمنىڭ ھويلىسىدىكى گۈللەر، گۈل ئۈرۈقى ئېلىۋېلىش، پىشايۋاننىڭ ياغىچىغا ئويۇلغان خەتلەرگىچە؛ تۈز قۇيىۋېتىلگەن چايدىن، يۇمران قاپاقتا قورۇلغان جاركوپىقچە، چەتئەلگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىش چېيى كۈنى سەيپىددىننىڭ بېشىغا چۈشكىلى تاس قالغان كېسەككىچە چىنلىق ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنغان كۈنىدىكى سىم- سىم يامغۇرلۇق ھاۋارايىغا ئوخشاش، نۇرغۇن جايدا بېرىلگەن شۇ كۈن شۇ سائەتتىكى ھاۋارايى ئەھۋالىمۇ تارىخىي چىنلىقنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئاساسىي قەھرىمانلار ئىچىدە بىرگىنە سابىت توقۇلما بولۇشتىن باشقا، ھەممىسى تارىخىي شەخسلەردۇر. سابىتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ۋەقەلەر ۋە بەزى ئادەملەر شۇ ئېھتىياجغا كۆرە توقۇلما قىلىندى. خالاس.

ئاساسىي قەھرىمانلار ئىچىگە نېمە ئۈچۈن بىر توقۇلما شەخسنى قىستۇرغانلىقىمغا كەلسەك، ئىلگىرى بىر مەشق رومان يازغانىدىم. بۇ مەشقتىن مەخسەت، مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى يېزىش ئۈچۈن ئىدى. ئاشۇ مەشق روماننىڭ ۋاقەلىكى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، 1937- يىلى كۈزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق (ئابدىنىياز) كۆتۈرۈلۈشنى باستۇرۇش مەزگىلىدىن باشلانغان ئىدى. دېمىسىمۇ شۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېقىن شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسىلا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. سابىتنىڭ ھاياتى ئارقىلىق كېيىنكى ئەللىك يىلدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى يورۇتۇپ بېرىش نىيىتىم بولغاچقا، بۇنى ئاشۇ يەرگە قىستۇرۇپ، كەلگۈسىدە ھېلىقى مەشق روماننى گويا

بۇ رومانىنىڭ داۋامىدەك، دەۋر ئېتىۋارى بىلەنلا ئەمەس، قەھرىمانلار جەھەتىدىنمۇ ئالدىنقى دەۋرگە باغلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدىم.

مەمتىلى ئەپەندىگە ھەمرا بولۇپ چەتئەلدىن كەلگەن ئەخمەد ئەپەندى ھېلىغىچە ئېنىق ئەمەس؛ مۇشۇ ئىسىمدە بىرسى بولغانلىقى ھەققىدە غىل-پال بايانلار ئاڭلىدىم؛ بەزىلەر ئۇنى چەتئەلدىن بىللە كەلگەن ھەمراھى ئەمەس، قەشقەردە تۇرۇشلۇق بىرى دەپمۇ قارايدۇ. بۇنى يېرىم رېئال دېيىشكە بولىدۇ.

بەزى تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىقى توغرىسىدا بەت ئاستى ئىزاھلاردا دېيىلگەچكە بۇ يەردە ساناپ ئولتۇرمايمەن. تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇنلىقى نۇقتىسىدىن بۇنى ھەتتا رومان ئەمەس، تارىخىي ھۆججەت دېيىشكە بولغىدەك دەرىجىدە رېئاللىققا سادىق بولغانلىقىم ھەققىدە ئىپتىخار بىلەن ئېيتالايمەن.

بىرىنچى كىتاپتا ئاللىقاچان يېزىلىپ بولغان ۋاقەلەرنىڭ يىپ ئۇچلىرى كېيىنكى كىتاپلاردىكىگە باغلىشىدىغان ئەھۋاللارنى تۇغدۇرىدىغان يېڭى بايقاشلارمۇ بولدى. شۇ سەۋەپتىن ئۈچىنچى كىتاپ ئەڭ ئاز ئەمگەك بىلەن پۈتتى ۋە بىرىنچى ئارگىنال پېتى ھېچ قەلەم تەككۈزۈلمىدى. ئالدىنقى كىتاپلاردىكى ئاللىقاچان يېزىلىپ بولغان، ئەمما كېيىن تېپىلغان پاكىتلار تۈپەيلى ئۆزگەرتىشنى تەقەززا قىلغان سەۋەپلەر بىلەن بىرىنچى كىتاپ ئەڭ كۆپ ئەمگەك تەلەپ قىلغان، ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ماڭا ئەڭ خام تۇيۇلدى؛ ئىككىنچى كىتاپتا ئۆزگىرىش ئازراق بولدى.

1988- يىلىدىكى سەيپىددىن ئەزىزى بىلەن كۆرۈشۈشىمۇ كىتاپقا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئاتا قىلدى. بۇنىڭ بەزىلىرى ماھىيىتى نۇقتىسىدىن ئاجايىپ موھىم ئىدى.

1986- يىلىدىكى غۇلجا سەپىرىم خاسىيىتىدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تاتار ئايالى سەرۋەردىن تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇرەئۇپ مەسئۇم ئائىلىسى بىلەن تونۇشۇشقا مۇشەررەپ بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئائىلە رەسىملىرىنىمۇ تارتىۋالغانىدىم. ئاندىن ئەدىبە ئائىلىسى بىلەنمۇ شۇ يەردە كۆرۈشكەنىدىم. بۇ ئۇچرىششلارنى مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللا (تارىخىي مەشھۇر زاتلىرىمىزدىن ئابدۇلقادىر داموللانىڭ قوساقتا قالغان ئوغلى) نىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن روياپقا چىقتى دەيمەن. داموللا مېنىڭ مۇشۇنداق بىر كىتاپ يېزىۋاتقانلىقىمنى ئاڭلىغان

ئىكەن، كىتاپ يېزىلماستىنلا ئەنە شۇنداق داۋرىڭى تاراپ كېتىش بىلەنمۇ ماڭا غايەت زور بېسىم تەشكىل قىلغانىدى.

ئابدۇرەئۇپ ئائىلىسى بىلەن تونۇشۇشۇم شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ خاسىيەتلىك بولدىكى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋاقتى ھەققىدىكى ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان يازمىلاردىكى يىلنىڭ خاتالىقىنى بىلىۋېلىشىمغا ئىمكان بەرگەنىدى: ئاندۇرەئۇپ (ئابدۇسەمەت دەپ قويۇلغان ئىسىم، كېيىن مىللىي ئارمىيىگە ئەسكەر بولغان زامانلىرىدا ئابدۇرەئۇپقا ئۆزگىرىپ كېتىپتىكەن) توشقان يىلىدا تۇغۇلغانلىقىنى، يېرىم ياشقا كىرگەن چېغىدا دادىسىنىڭ ئائىلىدىن ئايرىلىپ، ئوقۇش ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. توشقان يىلى 1928- يىلى ئىدى. بۇ ۋاقىت بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يۇرتقا قايتقان ۋاقتى بەك يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ موسكۋادا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىشى، قىرىم يېرىم ئارىلىدا تاتار ئاشپەزنىڭ قولىدا ئىشلىشى، ئاندىن تۈركىيەگە كېلىپ ئوقۇشى، بىرئاز ئىشلىشى،.... قاتارلىقلارغا يېتىشكىدەك ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىكى بەزى يېزىلمىلاردا ئۇنى 1926- يىلىدا موسكۋاغا بارغان دېگەندەك گەپلەر بولسىمۇ، ئابدىرەئۇپتىن ئىبارەت جانلىق بىر پاكىت بۇلارنى رەت قىلدى.

يەنە ئاللىقاچان ئېلان قىلىنغان يازمىلاردا ۋاپاتىنى 1936 - دېگەن تەخمىنىي سانمۇ ئاسانلا پاكىتلار تەرىپىدىن رەت قىلىندى: يوقارقى يىل سانى «يېشىم ئوتتۇز ئالتە ياش» دېگەن مىسرالارغىلا تايانغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 1901 ـ يىلى تۇغۇلغان كىشىنىڭ 1936 دە ئەمەس، 1937دە ئاندىن 36 ئالتە ياشقا كىرىشى ئاددىي ھېساپ ئەمىلى ئىدى. چۈنكى ھېچكىم تۇغۇلغان يىلىلا بىر ياشقا كىرمەيتى. تېخىمۇ موھىمى، ياۋاغ تۇرمىسىنىڭ كۆيدۈرىۋېتىلىشىدەك موھىم بىر تارىخىي ۋاقە ھەققىدە نۇرغۇن يازما ماتىرىياللار تېپىلاتتى. ۋە بۇ ۋاقە 1937- يىلى 29ـ30- ماي ئارىسىدىكى كېچە ئىدى.

ماتىياللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ زىتلىكلەرنى يېشىپ، توغرىنى شاللىغىلى بولاتتى. مانا شۇنداق قىلىپ، بۇ تارىخىي ھۆججەتلەرگە 98% لىك ساپلىق بىلەن ئەمەل قىلىنغان تارىخىي رومان ۋۇجۇتقا چىققان ئىدى.

كىتاپ بولۇپ بېسىلغان نۇسقىسىدا مەنتىقىسىز تەھرىرلەشلەر بىلەن بۇزۇۋېتىلگەن نۇرغۇن جايلىرى كىتاپنىڭ سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋەتكەن. ئېپىگرافلار پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلانغان (بۇ نېمىگە پۈتلاشتى، بىلىپ بولمايدۇ)، كېيىنكى ۋاقەلەرگە ئالدىن تاشلانغان يىپ ئۇچلىرى قىرقىۋېتىلگەن، نەتىجىدە رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەقەللىي شەرتلىرىگە خىلاپ، تادىپىي ئۇتتۇرىغا چىقىشلار كۆرۈلگەن. مەسىلەن: ئەخمەد ئەپەندىنىڭ ئايالى سارماشىقنىڭ كەچ بازاردا تۇركىيەدىن كېلىپ، بالاقازاغا ئۇلگۇرگەنلىكى ھەققىدىكى يىپ ئۇچى خېلى كۆپ ئالدىن — شەۋقى بىلەن تەۋپىقنىڭ قىزىل دۆۋىدىكى جىددىي ئۇچرىشىشىدا شەۋقىينىڭ پارىڭىدىن بېرىلگەن ئىدى، ئەمما «تەھرىر» بۇنى نېمىشكىدۇر چىقىرىپ تاشلىۋەتكەچكە، بۇ تۇرك ئايال بالىسى بىلەن بىردىنلا تۇرمىدە پەيدا بولىدۇ!

سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز نورمىلىرىمۇ بۇزۇۋېتىلگەن ئىشلار نۇرغۇن.

بۇ يەردە ئەسلى ئارگىنالى بېرىلىۋاتىدۇ. كىتاپنى ئوقۇغانلار بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ كۆرسە ئارىدىكى جىددىي ۋە پىرىنسىپال ئېغىشلارنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.